
پەرھات جىلان
ئاق ئېتىم
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

پەرھات جىلان


ئاق ئىتىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-11673-7

9 787228 116737 >

定价:34.00 元



پەرھات جىلان

# ئاق ئېتىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我的白马：维吾尔文/帕尔哈提·吉兰著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 5
(帕尔哈提·吉兰作品集)
ISBN 978—7—228—11673—7

Ⅰ.我… Ⅱ.帕… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 074737 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 帕尔哈提·吉兰 |
| 责任编辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 特约校对 | 阿不力孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 12.375 |
| 版　　次 | 2008 年 5 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 5 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 34.00 元 |

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1961 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «سول»چىللىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاشچىلىق ۋە ھەرىكەشلىككە ئوخشاش ياللانما ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋاقىتلىق تەرجىمە تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان، كېيىنچە تەرجىمە ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 2006 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

پەرھات جىلاننىڭ نۇرغۇن ھېكايە ـ پوۋېستلىرى، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «ئورخۇن شەجەرىسى»، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»

قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى نەشىردىن چىقىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ن .ئا .باسكاـ كوۋنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق ئەسىرىنى ، «گراف مونتې ـ كرىستو» ناملىق مەشھۇر رومانىنى ، تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان .

پەرھات جىلان ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ چەت ئەل تىللىرى تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


پۇل ........................................ 3
باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە .............................. 15
ئابدۇغەلىتىنىڭ غەلىتە سەرگۈزەشتىلىرى .................. 24
«ئالتۇن قان» دىكى توي ................................ 34
يېڭى دوست ۋە كونا دوست ................................ 64
تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى .............................. 69
«ئېنىتايىن كەمتەر» .................................... 87
ئاھ، ئايگۈل... ........................................ 89
قاردا ياتقان چوكان .................................... 110
بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ................................ 118
تەلەي دېگەن نەدىكىن .................................. 123
خىيالىممۇ، چۈشۈممۇ .................................... 138
بىزنىڭ پولكوۋنىك ...................................... 144
بىر مۇخبىرنىڭ زىيارىتى ................................ 149
يول ئۈستىدە .......................................... 152


## پوۋېستلار


گۋاڭجۇ شاملى .......................................... 161
ئاجايىپ سەپەردىكى ئاجايىپ ئىشلار ........................ 227
ئاق ئېتىم ............................................ 321

# ھېكايىلەر

# پۇل[1]

قولۇمدا بىر بولاق پۇل . قايتا ـ قايتا ساناپ چىقتىم ، قىلچە خاتالىقى يوق ، توپتوغرا بەش مىڭ بەش يۈز قەغەز ! ئەي پۇل ، كىشىلەرنى ئەزىزمۇ قىلىدىغان ، خارمۇ قىلىدىغان ، بىرىنى چوڭ سۆزلىتىپ ، بىرىنى يەرگە قارىتىدىغان پۇل سەنمىدىڭ؟ سېنى دېسە «مەرد» ئەركەكلەر جېنىنى ئايىمايدۇ ، سەتەڭ خوتۇنلار نومۇسىنى ئايىمايدۇ . سېنى دېسە ئادەم بالىسى ۋىجدانىنى ساتىدۇ . پۇل ! سەن ھېكمەتلىك ، سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ئەمەسمۇ ! سېنى چاڭگىلىغا ئالغان بەندە تۈرلۈك ـ تۈمەن كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ ، سېنى چاڭگىلىغا ئالغان بەندىنىڭ قولى شۇنچىلىك ئۇزۇنرايدۇكى ، ئەنقەرەنى مەركەز قىلىپ بۇ قولنى قەيەرگە سوزساڭ شۇ يەرگە يېتىدۇ . پۇلۇڭ بولسا پۇل بېرىپ نان ئالىسەن ، پۇلۇڭ بولسا پۇل بېرىپ جان ئالىسەن ، پۇلۇڭ بولسا پۇل بېرىپ خوتۇن ئالىسەن ۋە يەنە شۇ پۇلنى بېرىپ ئىمان ئالىسەن . . . ئەي خالايىق ، ئېيتىڭلارچۇ ، زادى خۇدا چوڭمۇ ياكى پۇل ؟

ئەي پۇل ، مانا سەن ئەمدى مېنىڭ قولۇمغىمۇ چۈشتۈڭ . تۇرغان تۇرقۇڭ بىر پارچە رەڭلىك قەغەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

---

[1] بۇ ھېكايە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دەۋردە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۆز نامىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە ھېكايە ۋەقەلىكىنى تۈركىيە تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «تۈركىيە يازغۇچىسى نىھات ئەلى» دېگەن مەخپىي نام بىلەن بۇ ھېكايىنى قولىيازما ھالىتىدە كىشىلەر ئارىسىغا تارقاتقان .

سەن ئۆزۈڭنىڭ شۇنچە زور قۇۋۋىتىڭنى نەگىمۇ سىغدۇرغانسەن ؟ ئېسىڭدىمۇ ، سەن تېخى يېقىندىلا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن بىر مۇھەببەتنى ۋەيران قىلغان ئەمەسمىدىڭ ؟ مەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ چەكسىز ئەجەبلەندىم . دېمەك ، جاھاندا مۇھەببەتتىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسىلەر مەۋجۇت ئىكەن ـ دە ! ھۆرمەتلىك بۇرادەرلەر ، قۇلاق سېلىڭلارچۇ ، بۇ بىر ھېكايە بولىدىغان ئوخشايدۇ .

* * *

گۈزەل كېچىلەر ، ئەنقەرەنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى . بۇ كېچىلەر قانچىلىگەن شېرىن ئارزۇ ، قانچىلىگەن يالقۇنلۇق لىرىكىلارنىڭ ياراتقۇچىسى ـ ھە ! ياز كېچىلىرىنىڭ كۈمۈش نۇرى تۆكۈلگەن ئەنقەرەنىڭ خىلۋەت باغچىلىرى ئۆزىنىڭ ھەربىر غۇنچىسى ، ھەربىر يوپۇرمىقىغا قانچىلىگەن ياشلارنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرىنى سىڭدۈرگەندۇ ، ياپپېشىل چىمەنزارلار ئارىسىدا نازۇك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار قانچىلىگەن يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئاستا پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغاندۇ .

— ئېيتقىنا ، سەن مېنى چىن قەلبىڭدىن ياخشى كۆرەمسەن ؟ — دەپ سورىدى مەستۇرە .

ئۇلار ئىككىسى بۈككىدە ئۆسۈپ كەتكەن پاكار دەرەخلەرنىڭ قويۇق شاخلىرى ئاستىدا يوشۇرۇنغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى . مەستۇرە ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بولمىغان بۇ سوئالىغا ئەنۋەرنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىسىمۇ ، كۆڭۈل خاتىرىسىگە ئالللىقاچان يېزىلىپ بولغان شۇ جاۋابنى كۈتۈپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى . يىگىتنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تۇردە مەستۇرەنىڭ مۈرىلىرىنى چىڭ قىسقان ھالدا ئۇنى ئۆزىگە تارتتى . ئاھ ئەنقەرەنىڭ گۈزەل كېچىسى ! قەيەردىندۇر يىراقتىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاسمانىنىڭ پايانسىز كۆك

شايىسىگە چىچىلغان مەرۋايىتتەك يۇلتۇزلارنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ قىبلىگاھى بولغان تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا مەستۇرەنىڭ بىلەكلىرى ئاقىرىپ تۇراتتى . ئەنۋەر قىزنىڭ يۇمران كۆكسىنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە شۇنچە يېقىن جايدا سەزگەندە ، بىر مىنۇتچە سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ تاتلىق سۆزلەرنى يىغىشقا تىرىشىپ ھاياجانلىق پىچىرلاش بىلەن سۆيۈملۈك قىزنىڭ مەڭزىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى :

— سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . لېكىن ، ھېچقانداق يىگىت ھېچقانداق قىزنى مەن سېنى سۆيگەندەك سۆيمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن . بىز ھازىرقى زاماننىڭ لەيلى ـ مەجنۇنلىرى .

مەستۇرەنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .

— لەيلى بىلەن مەجنۇنمۇ بىزگە يەتمەسمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن .

شۇ تەقلىدتە قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئۇلارنىڭ يادىدىن كەچسۇنمۇ ! قىزغىن تىلەكلەرنىڭ ئىزھار قىلىنىشى ، ئوتلۇق ۋەدىلەر ۋە ھەرخىل ئۇششاق گەپلەرنىڭ داۋامى ئۈزۈلمەيتتى . مەستۇرە ئەنۋەرنىڭ كۆكرىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى .

— توڭلاۋاتامسەن ؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر ئۇنىڭ يۈزىگە ئېڭىشىپ .

مەستۇرە كۈلۈپ قويدى ۋە «ھەئە» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى . ئەنۋەر ئۆزىنىڭ يېنىك يازلىق كاستۇمىنى ئۇنىڭغا يېپىنچاقلىتىپ قويدى .

— ئۆيگە قايتقۇڭ كېلەمدۇ ؟— دەپ يەنە سورىدى ئۇ .

مەستۇرە يەنە كۈلۈپ قويدى ۋە «ياق» دېگەننى قىلىپ بېشىنى چايقىدى .

ئەتراپتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقتا پەقەت ئاندا ـ ساندا كوكاتلار ئارىسىدىكى شىلدىرلىغان تاۋۇشلارلا قۇلاققا كىرىپ

قالاتتى . بارچە كائىنات خۇددى بۇلار ئىككىسى ئۇچۇن خاتىرجەم شارائىت يارىتىپ بېرىشۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

ئەنۋەرنىڭ ئاتىسى ئەنقەرەدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىدە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى . مەستۇرەنىڭ ئاتىسى باشقا بىر مەھكىمىدە ئادەتتىكى خىزمەتچى ئىدى . ئىككى ياشنىڭ ئۆزلىرى بولسا ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ تاكى ئۇلار ھازىر ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپكىچە ساۋاقداش بولۇپ كەلمەكتە ئىدى .

ئەنۋەر يۆتىلىپ قويۇپ تۇيۇقسىزدىن گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى .

— بەزىدە كاللامغا مۇنداق بىر خىيال كىرىپ قالىدۇ . مۇبادا مەن بىر يوقسۇل ئادەم بولغان بولسام ياكى تەقدىر مېنى تاسادىپىتىن يامان كۇنلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويغان بولسا . . . سەن شۇ چاغدا قانداق قىلاتتىڭكىن . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مەستۇرە بېشىنى شۇنداق كەسكىنلىك بىلەن كۆتۈردىكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنداق چاقناپ كەتتىكى ، ئەنۋەر ئويلاشماي سۆزلەپ قويغىنىغا پۇشايمان يەپ قالدى .

— سەن مېنى شۇنچە ۋىجدانسىز دەپ ئويلامسەن ؟— قىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن نارازىلىق ئارىلاش رەنجىش ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ، — مەن سېنىڭ داداڭنىڭ مەنسىپىگە قاراپ سەن بىلەن يۇرۇپتىمەن - دە ، ماڭا قارىغىنا ، مەن ئۆزۈمنى پۇلغا ساتىدىغان قىزمۇ ؟ سەن مېنى مۇنچىلىك پەس چاغلىما . ئاھ ، قانداق قىلسام مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنەرسەن !

ئەنۋەر ئۆزىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا ھېس قىلدى ۋە :

— بولدى ، بولدى ، خاپا بولما . . . مەن بۇنى مۇنداقلا دەپ قويغانىدىم . . . — دېدى ئۇ بەجايىكى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەك دۇدۇقلاپ .

لېكىن ، مەستۇرە بولدى قىلمىدى .

— ئەنۋەر ، سەن كېيىنچە بەرىبىر مېنى چۈشىنىسەن . شۇ

چاغدا مۇشۇ ئىشەنمەسلىكىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇپ قالارسەن . سەن دېگەندەك يامان كۈنلەر راستىنلا كەلسىدى ، شۇ چاغدا بىلەتتىڭ مېنى .

گەپنىڭ ئايىغى چۈشمەستىنلا تەسىرلەنگەن يىگىت مەستۈرەنىڭ جىنەستە لەۋلىرىگە ئىشتىياق بىلەن لەۋلىرىنى باستى .

يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . ئەنۋەر مەستۈرەنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى . مەستۈرەنىڭ گەۋدىسى دەرۋازا كەينىدە غايىب بولغاندىن كېيىنمۇ ئەنۋەر يەنە بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى . «كىشىلەر ئارىسىدىن مۇنداق بىر قىزنى ئىزدەپ تېپىش ئاسان ئەمەس ، — دەپ ئويلىدى ئەنۋەر ، — ئۇ مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى ئۆمۈرلۈك يولدىشىم بولۇپ قالىدۇ» .

2

قولۇمدا بىر بولاق پۇل . بۇنىڭغا قاراپ بىر ئەسناغىچە ئويلىنىپ تۇردۇم ـ دە ، كېيىن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم . ياق ، بۇ بىر بولاق قەغەزنىڭ قانداقتۇر ئەپسانىۋى يوشۇرۇن سىرىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى . شۇ مەھەلدە مەن قولۇمدىكى رەڭلىك قەغەزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم مۇنداق دېمەكچى ئىدىم : «ئەي پۇل ، سېنىڭ ئېزىتقۇلۇق ھۈنىرىڭ چەكلىك ، ئەمما مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى چەكسىزدۇر . ئەنۋەر بىلەن مەستۈرەنى كۆردۈڭمۇ ؟ سەن ئۇلارنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىپ يولدىن ئازدۇرالمايسەن» . مەن بۇ گەپلەرنى دېمەكچى ئىدىم ، بىراق دېمىدىم ، چۈنكى ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق پىكىرنىڭ تەرەپدارى بولۇش گۆدەكلىك ياكى ساددىلىق بولۇپ قالماسمىكىن دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم .

* * *

مەن ياز پەسلىنىڭ كەچكى سەيلىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرمەن . شۇڭا ، بۇ قېتىممۇ ئاتايىن ئاپتوبۇسقا چۈشمەستىن كوچا بويلاپ پىيادە ماڭدىم . ئىسسىق ياز كۈنى ئاستا ـ ئاستا رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى تۈس ئالماقتا ئىدى ، ئۇياتچان قىزدەك قىزىرىپ كەتكەن قۇياش يۈزىنىڭ يېرىمىنى تاغنىڭ كەينىگە يوشۇرۇۋالغان بولۇپ ، پەلەكنىڭ غەربىي قىسمىغا بىر غۇلاچ كەڭلىكتە قىزىل نۇر چېچىلدى . هاۋا سالقىن هەم راھەتبەخش . ئادەم قانچە ماڭسا شۇنچە ماڭغۇسى كېلىدۇ . بۇنداق سائەتلەردە روھنىڭ شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇكى ، هاياتلىق دۇنياسىدىكى بارلىق غەم ـ قايغۇلار نەلەرگە يوقالغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەي قالىسەن . هەتتا ئالدىڭغا ئۇچرىغان هەربىر يولۇچى سېنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئادىمىڭدەك تۇيۇلىدۇ . ئاھ ، نەقەدەر ياخشى ! هەممىسى پاك دىل ، هەممىسى مېھرىبان . ئەنە ئاۋۇ تۆت ـ بەش ياشلاردىكى ئوغلىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان سىمىز خانىممۇ ، مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىۋاتقان بۇ ياشانغان ئەپەندىمۇ ، ئاۋۇ ياش يىگىتمۇ . . . توختا ، بۇ ئەنۋەرغۇ . ئەنۋەر يولنىڭ چېتىدە ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىن هېچقانداق شادلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى . بۇ هالەت ماڭا ياقمىدى . يېقىندا ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى قىز بىلەن تويى بولىدۇغۇ . مەيلى كۈلمىسۇن ، هېچبولمىغاندا قاپىقىنى تۈرمەي ماڭسىچۇ .

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئۇ مەن بىلەن خۇشياقمايلا سالاملاشتى . ئېھتىمال ، مەن ئۇنىڭ قانداقتۇر مۇھىم خىيالىنى بۆلۈۋەتكەن بولسام كېرەك . بىللە ماڭدۇق . بىر ـ ئىككى ئېغىز تىنچ ـ ئامانلىق سوئال ـ جاۋابلىرىدىن كېيىن ئەنۋەر سۆزگە كىرىشتى . ئۇ ماڭا ئۆز ئاتىسىنىڭ هۆكۈمەتكە گۇمانلىق ئۇنسۇرلار قاتارىدا بۈگۈن ئەتىگەن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ

بەردى . تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىشتە ئەنۋەر توختىدى .

— مەن بۇ يەردە كۈتۈشۈم كېرەك ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ، — مەستۇرەگە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلغانىدىم . ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلمەكچى .

ئاندىن ئۇ سائەتكە قاراپ قويدى ـ دە ، «كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى» دەپ قويدى . دەرۋەقە ، كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۇنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ بىز بىلەن ھەر دائىمقىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ كۆرۈشتى . مەستۇرەنىڭ ئۇچىسىدىكى ياۋروپانىڭ ئەڭ يېڭى مودىسى بويىچە تىكىلگەن ئاچ كۆك رەڭلىك يەڭسىز كۆڭلىكى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىگە ۋە تولۇقچىنا كەلگەن بەدىنىگە زەپمۇ ياراشقانىدى . ئەنۋەر گەپنى ئەگىتمەيلا ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسى مۇپتىلا بولغان بەختسىزلىكنى بايان قىلدى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، — دېدى ئۇ ، — بىزنى ئائىلىمىز بىلەن بىرلىكتە پايتەختتىن يىراق بىرەر كەنتكە ياكى چەت ناھىيىگە سۈرگۈن قىلىشى مۇمكىن .

ئارىدا قۇلايسىز جىمجىتلىق پەيدا بولدى . مەستۇرەنىڭ رۇخسارى سۇرۇنلەشتى . مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . ئەنۋەر مەستۇرەنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى .

— ئەمدى سەن قانداق قىلىسەن ؟

مەن تەسىرلىك بىر مەنزىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشقا تەييارلاندىم . مانا ھازىر مەستۇرە «ئېغىر كۈنلەردە سېنى يالغۇز تاشلىمايمەن ، سەن قەيەردە بولساڭ مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن» دەيدۇ دەپ ئويلىدىم . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ مەستۇرەنىڭ :

— مەن ئەنقەرەدە قالىمەن ، ھېيت ـ بايراملاردا سېنى يوقلاپ چىقىپ تۇرارمەن ، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆز قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم .

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن مەستۇرەنىڭ چۈشكۈنلەشكەن

ئاۋازى ئارانلا ئاڭلاندى :
— داداڭنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلەتمىگەندۇ ؟
مائاش ، پۇل . . . بۇ پۇل ئەمدى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن دىرەك بىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم . مەن جىنىمغا تەگكەن «پۇل» ئاتالغۇسىنى بۇ بىر جۈپ پەزىلەتلىك ياشلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئالدىراش خوشلىشىپ كېتىپ قالدىم . ئەنۋەرنىڭ ئاتىسىنىڭ مائاشى توغرۇلۇق نىمە دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىدىم ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق سۆھبەت بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن . مەن پەقەت شۇنى تەسەۋۋۇر قىلدىمكى ، خۇددى شەھەرنى ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئوراشقا باشلىغان كېچىلىك قاراڭغۇغا ئوخشاش ئەنۋەر بىلەن مەستۇرەنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ خىرەلىشىشكە باشلىغاندۇ .
مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار ئاخىر تۇرمۇش قۇردى . ئەنۋەرلەر سۇرگۇنگە ھەيدەلمىدى ، ئاتىسىنىڭ مائاشىمۇ ئۆز پېتىچە قالدى . ئەنۋەر ئۆزى ئوقۇشنى تاشلاپ يەرلىك زاۋۇتلارنىڭ بىرىگە ئىشقا ئورۇنلاشتى . بارا ـ بارا مەن ئۇلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدىم . تىلغا ئالغۇدەك بىرەر يېڭىلىقمۇ يۈز بەرمىدى . ئاڭلىشىمچە ، ئۇلار ئادەتتىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ ئۆتۈۋېتىپتۇ .

3

قولۇمدىكى بىر بولاق پۇلغا كۆزۈمنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدىم . ئۇنداق دېسەممۇ بولمايدۇ ، بۇنداق دېسەممۇ بولمايدۇ . ئۇنداق دەي دېسەم ، مەستۇرەدە كۆرۈلگەن كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش بار ، بۇنداق دەي دېسەم ، ھەرقانچە ئۆزگىرىش بولسىمۇ ئۇ باشقا بىرىگە ئەمەس يەنىلا ئەنۋەرگە ياتلىق بولدىغۇ . ياق ، ھەر ھالدا مەن ئەمدى پۇلغا چاقچاق قىلالمايمەن ، مۇھەببەت ھەققىدىمۇ چوڭ سۆزلىيەلمەيمەن . قېنى ، كېيىنچە بىر گەپ بولار .

*   *   *

ئاردىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى . شۇ ئاردا ئەنۋەر بىلەن مەستۇرە قايتىدىن مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى .

— مەستۇرە ، تاماكا قۇتام نەدە قالدى ؟ تاپالمايۋاتىمەن ، — دېدى ئەنۋەر .

— تاماكا قۇتاڭنى مەن نېمە قىلاتتىم ، — دېدى مەستۇرە ۋە يېڭى دەزماللانغان كىيىم - كېچەكلىرىنى زەردە بىلەن چامادانغا تىقىشقا باشلىدى .

— مەن ساڭا تۇز گەپ قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئەنۋەر ئورۇندۇقتىن دەس تۇرۇپ .

مەستۇرە زەھەرلىك كۈلۈپ قويدى :

— مېنى قورقۇتماقچىمۇسەن ؟ سەكرەپ كەتتىڭغۇ ؟

بۇ خىل باھانە - سەۋەبسىز جېدەل - تالاشلار ئاخىرقى ۋاقىتلاردا پات - پات سادىر بولۇپ تۇراتتى . بۇ جەرياندا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى . ئەنۋەرنىڭ ئاتىسىنىڭ مائاشى توختىتىلىپ ، ئازغىنە تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى . ئەنۋەرنىڭ ئۆزى زاۋۇتتىن بوشاپ ئىشسىز قالغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقاندى . ئەنۋەر مەستۇرەنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا مەلۇم بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ : «بۇنداق شارائىتتا بىرەر ئايالنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلايتتى . ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە رەنجىشلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى . مانا بۇ قېتىممۇ گەپ تەگىشىش راسا ئەۋجىگە يەتكەندە ھەر ئىككىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئەسەبىيلەشتى . مەستۇرە ئۆكچىلىرىنى قاتتىق تاقىلدىتىپ كېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇردى ھەمدە مىختەك قادالغان كۆزلىرىنى ئۆرە تۇرغان ئەنۋەردىن ئۈزمەي ، تامامەن ئۆزگەرگەن ئاھاڭدا گەپ قىلدى :

— سېنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان راھىتىڭ چاغلىق بولغاندىن

كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك .

ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە نەپرەتكە تولۇپ قىزىرىپ كەتتى .

— ياخشى ئەرنىڭ بالىسى غېرىب بولار ، قۇل بولماس ، — دېدى ئۇ ئاستا ، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن .

مەستۇرەنىڭ نۆۋەتتىكى سۆزلىرى ئۇنىڭسىزمۇ تەۋرەپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ تەقدىرىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى . بۇ ھەل قىلغۇچى سۆزلەر مۇنداق جاراڭلىدى :

— ئايال كىشىگە قۇرۇق گەپ ، قۇرۇق سۆلەتنىڭ كېرىكى يوق . ئايال كىشىگە شاراقلىتىپ سانايدىغان پۇل كېرەك !

شۇنداق قىلىپ ، مەنمۇ خۇددى ئەنۋەرگە ئوخشاشلا ، دىللارغا ئىلھام بېغىشلىغۇچى بۇ پۇراقلىق ئاق ئەتىرگۈلنى ئۆز خاتىرەمدىن يۇلۇپ تاشلىدىم . بۇ گۈل مەن ئويلىغاندەك نەۋباھار قۇچىقىدا ئېچىلغان تەبىئەتنىڭ سولماس يادىكارلىقى بولماستىن ، بەلكى تۇركىيىنىڭ بازارلىرىدا ساندۇقلاپ سېتىۋېلىشقا بولىدىغان قەغەز ۋە يىپەكتىن گۈلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئەرزان باھالىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ چىقتى .

مەن ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان دوستلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتىمەن . مەن ئىككى نەپەر بۇرادىرىم بىلەن پايتەختتىكى رېستورانلارنىڭ بىرىدە غىزالىنىۋاتاتتىم . ئېغىر دۇخاۋا پەردىلەر بىلەن نىقابلانغان كەڭ دېرىزىلەردىن كەچ كۈزنىڭ زېرىكەرلىك مەنزىرىسى كۆرۈنەتتى . دەرەخلەرنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىدە ساقلىنىپ قالغان قىزغۇچ - سېرىق يوپۇرماقلار گوياكى : «تۈگىدى ، ھەممىسى تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ شېخىدىن ئۈزۈلەتتى ۋە شامالدا كېلەڭسىز چايقىلىپ ئاسفالت يولغا چۈشەتتى .

كۈتۈلمىگەندە كىمدۇر بىرىنىڭ «مەستۈرە» دېگىنى مېنىڭ ئاڭ - سېزىمىمگە نەدىندۇر يىراقتىن كېلىپ يەتكەندەك بولدى .

ئىككى بۇرادىرىم كۆزلىرى بىلەن چەتتىكى بىر ئۇستەلنى ئىشارەت قىلىشىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى . مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ شۇ تەرەپكە قارىدىم . چەتتىكى ئۇستەلدە مەستۇرە بىلەن بىللە ئىپسىل كىيىنگەن بىر جاناب ئولتۇراتتى . ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپى خۇش . ھىلىقى جاناب نەپىس ئىشلەنگەن بىر جۇپ رومكىنى كۆۋۈكلىنىپ تۇرغان شامپان ۋىنوسى بىلەن تولدۇردى . ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، ھەربىر سۆزىگە مەستۇرە ئۆزىنىڭ كۈلكىسىنى تەقدىم قىلاتتى .

مەن بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندىم . بۇ جانابنى مەن تونۇيمەن ، ئۇنىڭ پۇلى بار !

*　　*　　*

قولۇمدا بىر بولاق پۇل . قايتا - قايتا ساناپ چىقتىم . قىلچە خاتالىقى يوق ، توپتوغرا بەش مىڭ بەش يۈز قەغەز ! مەن بۇ پۇلنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ ئەتە ئاخشامقىقا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرىمەن . زىياپەتكە مەستۇرەنىمۇ تەكلىپ قىلىمەن . بەش يۈز ۋاراق قەغەز پۇلنى شۇنداق مەردانىلىك بىلەن چاچىمەنكى ، ئەرلەرنىڭ ھەسەت ئارىلاش نەزەرلىرى ، خوتۇنلارنىڭ قىزىقىش نەزەرلىرى ماڭا قادىلىدۇ .

تەنتەنىلىك كۆتۈرۈلگەن قەدەھلەردىكى قىممەت باھالىق شارابلار ، سازەندىلەر قىزىشىپ ياڭرىتىۋاتقان جاز مۇزىكىلىرىغا تولغىنىپ پىرقىراشلار ، ساقاللىق ھەم ساقالسىز ، ئورۇق ھەم سېمىز چىرايلارنى قىزارتىۋېتىدۇ . شۇ چاغدا مەن مەستۇرەنىڭ يېنىغا كېلىپ : «سىزگە زېرىكىشلىك ئەمەستۇ ؟ » دەپ سوراش بىلەن پاراڭنى باشلايمەن . «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، — دەيدۇ مەستۇرە ، — ناھايىتى كۆڭۈللۈك » . مەن مەستۇرەنىڭ بىر ئۆزىگە ئاڭلىتىپ گەپ قىلىمەن : «بۇ زىياپەت پەقەت سىز ئۈچۈنلا بولۇۋاتىدۇ . سىز ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس بەش يۈز قەغەز ئەمەس ،

يېنىمدىكى بەش مىڭ قەغەزنىمۇ بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە چېچىۋېتىشكە تەييارمەن» .

بەش يۈز ، بەش مىڭ ، مىڭ . . . بۇ رەقەملەر مەستۇرەنىڭ ئىرادىسىنى ماڭا بويسۇندۇردى . بەش يۈز قەغەزنى تۈگىتىپ يەنە بەش مىڭ قەغەزنى بىر ئايالغا ھەدىيە قىلىشقا تەييار تۇرغان مەردنىڭ دۆلەت بانكىسىدا بۇنداق مىڭلاردىن نەچچە باراۋەر سوممىسى ساقلىنىۋاتقىنىدىن گۇمانلىنىشقا بولامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى ، بۇ مىڭلارنىڭ كېلىش مەنبەسى خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى مەستۇرە دەرھال ھېس قىلدى . مەن مېھمانلارنى تاشلاپ ئۆز بۆلۈمۈمگە كىرىمەن ۋە بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ زىياپەتنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىپ قالغان بەش مىڭ قەغەزنى قولۇمغا ئېلىپ ، مەستۇرەنى ئىشارەت بىلەن چاقىرىمەن . «مانا بۇنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىشلىتىڭ ، — دەيمەن ئۇنىڭغا ، — ماڭا پەقەت سىزنىڭ قەلبىڭىز لازىم» . مەستۇرە خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلگەن ھالدا يالىڭاچ كۆكسىنى تىترىتىپ مەن تەرەپكە تەمشىلىدۇ . ئۇنىڭ لەۋلىرى مۇھەببەت ۋە ساداقەتلىك ھەققىدە چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى پىچىرلايدۇ . دەل شۇ چاغدا مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىمەن ـ دە ، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋېتىمەن ۋە بارلىق مەستۇرە ـ پەستۇرەلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ياڭراق ئاۋازدا مۇنۇ ھەقىقەتنى جاكارلايمەن :

— ئەي ئازغۇن ھەۋەسنىڭ رەزىل قۇللىرى ، كۆرمەيۋاتامسىلەر ، ھازىر تۈن نىسپى . پۇلنىڭ كۈنى ھامان تۈگەيدۇ ، ئەتىلىككە مۇھەببەتنىڭ تېڭى ئاتىدۇ !

1969 ـ يىل نويابىر

# باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە

ھاۋا تېخى تامامەن ئىسسىپ كەتمىگەن باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن يەكشەنبىلىك بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. مەن ماڭغان كوچا ئۈرۈمچىنىڭ راسا ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، يولۇچىلار ھەددى ـ ھېسابسىز بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغانىدى. رادىئو كانايلىرىدىن ياڭراۋاتقان ئىنقىلابىي جىڭجۈي ناخشىلىرى، توختاۋسىز ئۆتۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بېرىۋاتقان سىگناللىرى، كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرى، كۈلۈشلىرى، ۋارقىراشلىرى، ۋېلىسىپىت قوڭغۇراقلىرىنىڭ جىرىڭلاشلىرى، ساقچىلارنىڭ قاتتىق تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا توۋلاشلىرى... ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر تۈتاش ئۈزۈلمەس قالايمىقان ئاھاڭلار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلاتتى. ئەنە شۇنداق نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئاۋازلار ئىچىدە تۇيۇقسىزدىن مېنىڭ يېنىمدىلا يۇمشاق ئاۋازدا ئېيتىلغان ئىككى ئېغىز سۆز ماڭا قارىتىلغانىدى:

— ياخشىمۇسىز، ئەخمەت.

قارىسام، كەينىمدىن يېتىشىۋالغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ياخشى كىيىنگەن بىر ئايال مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلگەن ھالدا ماڭا ياندىشىپ مېڭىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمگە ناتونۇش بولغان بۇ ئايالنىڭ باشقا بىرىگە ئەمەس، دەل ماڭا مۇراجىئەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدىم. ئايالمۇ توختىدى ۋە ئاپئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى يالىڭاچلاپ كۈلدى.

— بەلكىم سىز مېنى تونۇمايدىغانسىز، لېكىن مەن سىزنى

تونۇيمەن ، — دېدى ئۇ .

مەن كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتا ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشۇمنى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى بىلەلمەي ، پەقەت مەنىسىزلا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم . ھالبۇكى ، بو ناتونۇش سۆھبەتدىشىم ئىككىنچى شەخسنىڭ جاۋابىغا ئانچە موھتاج ئەمەستەك كۆرۈنەتتى .

— مەن سىزنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى سىرتىڭىزدىن تونۇيمەن ، — دېدى ئۇ ، — مەن سىز توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغان .

مەن ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن بىرنېمە دېيىشىمنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدىم .

— مەن توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەر بولۇشى مۇمكىن ، سىز قانداق گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىزكىن ؟

— ياخشى گېپىڭىزنى ئاڭلىدىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ، — يۈرۈك ، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى .

ئىككىمىز بازار كوچىسىدىن چىقىپ ، چوڭ يولنى بويلاپ ياندىشىپ ماڭدۇق . مەلۇم بولدىكى ، ئۇ مەن توغرۇلۇق مېنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچۇمدىن ئاڭلىغانىكەن . مەن ئۇنىڭ ماڭا ئۆزىنى تونۇشتۇرمىغانلىقىنى ئەسلىتىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇ ئىسمىنىڭ مەريەم ئىكەنلىكىنى ، ئۆزى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى .

ھە ، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە ! كۆڭلۈمنىڭ ناتونۇشلۇق ، چۈشەنمەسلىك قاراڭغۇلۇقى گويا بىر ئاز يورۇپ قالغاندەك بولدى . ئوتتۇرا مەكتەپتىكى شۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئاغزىدىن مەنمۇ بۇ ئايال ھەققىدە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم . ئاڭلىشىمچە ، مەريەم ئىسىملىك بۇ ئايال ئەنە شۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بىلەن ئىنتايىن تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاخىر توي قىلىشقان ، ئىككى پەرزەنتلىك بولغان . مەريەم تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىنمۇ ۋاپادار ئايال ، كۆيۈمچان ئانا بولۇپ كىشىلەرنىڭ زوقىنى

كەلتۈرگۈدەك ياخشى تەسىر قالدۇرغانىكەن . ئەمما ، ئۇنىڭ ئېرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئازغۇن ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئايالىنىڭ كۆز ياشلىرىغا ، «ئىككى بالاڭنى يېتىم قىلما» دەپ يېلىنىشلىرىغا قارىماي ئاخىر نىكاھتىن ئاجراشقانىكەن . مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئۇ ئايالغا غايىبتىن ھېسداشلىقىم قوزغالغانىدى . مانا ئەمدى مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن شارائىتتا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان .

— ئەخمەت ، — دېدى مەريەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، — سىز ماڭا كىچىككىنە بىر ئىشتا ياردەم قىلالامسىز ؟

— نېمە ئىش ؟ — دەپ سورىدىم مەن ، — قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ، ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن .

— قولىڭىزدىن كېلىدۇ ، — دېدى ئۇ ۋە بىرئاز ئەيمەنگەندەك جىمىپ قالدى .

ئۇنىڭ يۇمشاق ئاۋازىدىن قانداقتۇر كىشىنى تەسىرلەندۇرگۈدەك مۇلايىملىق ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ قاپقارا ، چىرايلىق كۆزلىرى غەمكىنلىك بىلەن يەرگە تىكىلگەنىدى . مەن ئۇنىڭ مەندىن قانداق ياردەم سورايدىغانلىقىنى كۈتمەكتە ئىدىم . لېكىن ، مەريەمنىڭ يۈزىدە ئۇشتۇمتۇت قايتىدىن بۇرۇنقى تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە ئۇ گويا ھېلىلا ھېچقانداق بىر ئىشتا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلمىغاندەك ، ھازىرقى ھاۋارايى ھەققىدە ، باھارنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى . كېيىن ئۇ گەپنى ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا يۆتكىدى . ئۇ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى ۋە ئىككى بالىنى ئۆزى ئېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ ، ئېرىنىڭ ھازىر قايسىبىر «قېرى قىز» بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى . گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئۇ ئېرىنىمۇ ، ئاشۇ «قېرى قىز»نىمۇ زەردە بىلەن تىللاپ قويدى . ئاجرىشىش ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

شۇ ئەسنادا بىز يولۇچىلار شالاڭراق بولغان ئازادە بىر كوچىغا

كىلىپ قالغاندۇق ، مەريەم توختىدى ۋە كۆلۈپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ :

— بولدى ، بۇ گەپنى قويايلى . شۇنداق قىلىپ ، ماڭا ياردەم قىلامسىز ؟ — دەپ قايتا سورىدى ۋە ئارقىدىنلا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دېدى ، — سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئېغىر ئەمەس ، بىردەملىككە ئۆز ئىختىيارىڭىزنى ماڭا تاپشۇرىسىز . مەن سىزنى بىر يەرگە باشلاپ بارىمەن . شۇ يەرگە مەن بىلەن بىللە بارسىڭىزلا بولىدۇ .

بۇ غەلىتە گەپنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالغىنىمنى كۆرگەن مەريەم بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ۋە يەنە بايىقى غەمكىنلىكى بىلەن :

— ئەخمەت ، مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ . مەن سىزنى ئۆز ئىنىمدەك كۆرۈپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن ، — دېدى .

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ تېخى ياشلىق ھۆسنىنى يوقاتمىغان بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى خۇددى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئاجىزلىق ۋە چارىسىزلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ يان تەرەپتىكى دەرەخنىڭ يېڭىدىن بىخ چىقىرىۋاتقان ئىنچىكە نوتىسىنى سۇندۇرۇۋالدى ـ دە ، قولىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇرۇپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن نېرى تاشلىۋەتتى ۋە زەڭگەر سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن ئەتىر سېپىلگەن كىچىككىنە قولياغلىقىنى ئېلىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى سۈرتتى . ئۇ بەكمۇ روھى چۈشكۈن قىياپەتتە ئىدى . بۇ ھال ماڭا تەسىر قىلماي قالمىدى . «ئېھتىمال ، قانداقتۇر قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ۋە بۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتىم .

— قېنى ماڭا نېمە ھاجىتىڭىز بار ؟ ئېيتىڭ ، مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار ، — دېدىم مەن .

بىردەمدىلا مەريەمنىڭ پەرىشانلىق كۆرۈنۈشىدىن ئەسەر قالمىدى .

— دېمەك، ئۆزىڭىزنى ماڭا ئارىيەتكە بېرىپ تۇرامسىز؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن شوخلۇق ھەم شەيتانلىق چىقىپ تۇراتتى. مەرىيەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا كۆرۈلۈۋاتقان مۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ خاراكتېرى مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ كۈتۈلمىگەن تونۇشۇش ۋەقەسىنىڭ تەرەققىياتى ماڭا گوياكى ھېكايە - چۆچەكلەردىكى خىيالىي سەرگۈزەشتىلەرگە ئوخشاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. قىزىق ئىش! تۇيۇقسىزدىن بىر ناتونۇش ئايال ئالدىڭغا كېلىپ سەندىن ياردەم سورىسۇن، يەنە كېلىپ قانداق ياردەم؟ ئۇ ئايال ئاللىقەيەرگە بارغۇدەك، سەن پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ بەرسەڭلا بولغۇدەكمىش. بۇ راستتىنلا قىزىقارلىق ئىش ئەمەسمۇ! قېنى، قانداق يەرگە باشلاپ بارىدىكىن.

— ھە، نەگە بارىمىز؟ باشلاڭ، — دېدىم مەن نېرى - بېرىسىنى ئويلاشمايلا ياشلىقىمنىڭ بەڭباشلىقىغا ئېلىپ.

پۈتۈن ۋۇجۇدى شادلىققا تولغان مەرىيەم شەيتانلىق كۈلكىسى بىلەن يەنە كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئەمىسە يۈرۈڭ، — دېدى - دە، مېنى قولتۇقلاپ باشلاپ ماڭدى.

ئىككىمىز خېلى ئۇزاق ماڭدۇق، بىرنەچچە كوچىلاردىن ئۆتتۇق، بىرنەچچە ماگىزىنلارغا كىردۇق. مەرىيەمنىڭ كۈلكىسى بىلەن گېپى تۈگىمەيتتى، سۆزلەۋېرىپ ئۇ مېنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. تۆت كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدىكى دوقمۇشقا كەلگەندە مەرىيەم توختىدى - دە، ھېچنېمە دېمەستىن ماڭا قاراپ يەنە كۈلۈپ كەتتى. ئاخىر مەن تېرىكىشكە باشلىدىم.

— نېمىگە كۈلۈۋېرىسىز؟ — دېدىم مەن چىرايىمنى ئاچماي، — چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئايالكەنسىز. نەگە بارىمىز، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ئېيتمامسىز.

مەرىيەم مېنىڭ تېرىكىشىمگە ئانچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ

كۇلكىسى توختىدىيۇ ، ئەمما ياشلىق ھۆسنىنى يوقاتمىغان بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە يارىشىپ تۇرغان تەبەسسۇمى توختىمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ شوخلۇق ۋە شەيتانلىق بىلەن چاقناپ تۇرغان قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرىنى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ئۈزمەي تۇرۇپ :

— سىز ماڭا ياردەم قىلىپ بولدىڭىز ، — دېدى .

— نېمە ؟ — دەپ خىتاب قىلدىم مەن ئۇنىڭ چىن گەپ قىلىۋاتقان ياكى ئوينىشىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەي ، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

مەريەم سەل خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە كۆزلىرىنى بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىپ جىم بولۇپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ سىياقىدا چۈشىنىكسىز بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان سىرلىق كەيپىيات شەكىللەنمەكتە ئىدى . مېنىڭ تېرىكىشىم ئاچچىقلىنىش دەرىجىسىگە يەتتى . بۇ چاغدا مەريەم خىيالچان كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ ، يۇمشاق ۋە مۇلايىم ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى :

— مېنىڭ يولدىشىم شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئىككى بالىسىغىمۇ قارىماي ۋاپاسىزلىق قىلدى . . . ئۆتكەن ھەپتە ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەنىدىم . . .

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە مەريەم يەنە توختاپ قالدى ، چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەن ئۇنىڭغا : «ھازىر بىر ياش يىگىت بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن . ئىشەنمىسەڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ئالدىڭدىن ئۆتىمەن» دېگەنىدىم . . . شۇڭا بۈگۈن سىز بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈۋالدىم . . . خاپا بولماسسىز ؟

شۇ گەپلەرنى قىلىپ مەريەم يەنە جىمىپ قالدى . مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدىم . ئەمدى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قونغان شوخ تەبەسسۇم غايىب بولۇپ ، ئۇزايىدا خىجالەتچىلىك ۋە مىسكىنلىك

ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ جۇمۇ ، ئەخمەت ، سىزنى ئىنىمدەك كۆرۈپ شۇنداق قىلدىم ، — دېدى ئۇ .

«بەللى ، ئىنىسىدەك كۆرگىنى نېمىسىدۇ ، يەنە كېلىپ ئېرىگە كۆز - كۆز قىلغىنى نېمىسى ؟ بۇنداقمۇ تەۋەككۇلچىلىك بولامدۇ ! » دېدىم ئىچىمدە . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە شۇ ھامان قايتىدىن پەيدا بولغان مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى ئۇنىڭ ئاپئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى يالىڭاچلىدى . ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ ، ساراڭ قىلىپ تاشلايدىغان بۇنداق ئاجايىپ خاراكتېر ، ئېھتىمال ، ئادەمزات ئىچىدە يالغۇز مۇشۇ مەريەمدىلا بولسا كېرەك . مەن ھەيرانلىقتىن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغۇچە مەريەمنىڭ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن چاقچاق ئارىلاش قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ قۇلىقىمغا يەتتى .

— ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ، ئاخىر ماڭا ئەسقاتتىڭىز . رەھمەت سىزگە ، ئەمدى سىز ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەپ بولدىڭىز .

مەريەم سەل تىنىۋېلىپ كۈلۈشتىن توختىدى ۋە ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ ، مىسكىن ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى :

— بىز ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش ھەققىدە سۆزلىشىۋېتىپ گەپ تەگىشىپ قالغاندا ، ئۇ : «سېنى ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجراشقىلى ئۇنىمايۋاتىسەن » دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانىدى ، ماڭا شۇ گېپى ھەممىدىن بەك ئار كەلدى . لېكىن مەنمۇ چاندۇرماستىن ، «سەن چالما دەپ تاشلىۋەتسەڭ ، باشقىلار ئالما دەپ تېرىۋالىدۇ » دېگەنىدىم . . . ئاھ ، ئەخمەت ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇ گەپلەرنى قىلىش ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟

مەريەمنىڭ مەڭزى قىزىل ئالمىدەك قىزىرىپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى . ۋەھالەنكى ، بۇ ئاجايىپ ئايال دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، يەنە كۈلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى كۈلكىسى

روھسىز ، جانسىز ئىدى . مەن ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن گوياكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ يىغىسىنى ، ئەقىدىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تۇل قالغان بەختسىز ئايالنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم .

شۇ ئەسنادا مەريەمنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى ، بايىقى قىياپىتى تولۇق ئەسلىگە كەلدى . ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسى يەنە جاراڭلاپ كەتتى .

— دېگەنىبىلەن ، ماڭا چوڭ ياردەم قىلدىڭىز ، — دېدى ئۇ ، — سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت . خاپا بولماڭ جۇمۇ . خوش ئەمىسە !

شۇ گەپ بىلەن ئۇ خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ ، قولىدىكى كىچىككىنە قىزىل سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى ـ دە ، يېنىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى .

مەن ئېغىز ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆز جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم . شۇ تاپتا گەرچە زۇۋان سۈرمەي تۇرغان بولسامىمۇ ، كۆڭلۈمدە مەريەمنىڭ ئېرىگە خىتاب قىلدىم : «كۆردۈڭمۇ بۇ ئىشنى ! ئىككى بالاڭنىڭ ئانىسىنى نېمە كويغا سېلىپ قويدۇڭ !»

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەريەمنى كوچىدا يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم .

— ياخشىمۇسىز ، ئەخمەت .

ئۇنىڭ شادىيانە ئاۋازى ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر باشقىچە يېقىملىق تۇيۇلدى . ئىقرار قىلىمەنكى ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ ماڭا باشقىچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى .

— ئۆتكەندە سىز ماڭا بەك چوڭ ياردەم قىلدىڭىز ، چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلدىڭىز . يولدىشىم بىلەن يېنىشىۋالدۇق ، بەش كۈن بولدى . . .

— ھە . . . — دېدىم مەن ئاۋازىمنى سوزۇپ ۋە باشقا سۆز تاپالماي قالدىم .

— هېلىقى كۈنى ئۇ ئىككىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن چىدىيالماي ئارقىمىزدىن ماراپ يۈرۈپتۇ . شۇ كۈنىلا ئۆيۈمگە كېلىپ يېنىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ، خاتالىقىنى بوينىغا ئالدى . «مەنمۇ هېلىقى قىز بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزەي ، سەنمۇ هېلىقى ئەخمەت دېگەننى تاشلا» دەيدۇ .

مەريەم شۇ گەپلەرنى قىلىپ ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ كەتتى .

— هە ، نېمە؟ ئۇ راستتىنلا مېنى شۇنداق دەپ ئىشىنىپ قالدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن خاتىرجەمسىزلىنىپ .

— باشتا شۇنداق دەپ ئۇنى قورقۇتتىم ، كېيىن راستىنى ئېيتتىم . قانداق ـ هە ؟ بوپتىمۇ ؟ ئەمدى سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن . خوش ئەمىسە ! — ئۇ بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى ـ دە ، قوشۇپ قويدى ، — بۇ ياخشىلىقىڭىزنى هەرگىز ئۇنتۇمايمەن !

ئۇ كەتتى .

مەريەمنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ ، كۆڭلۈمدە يەنە ئۇنىڭ ئېرىگە مۇراجىئەت قىلدىم : «ئەمدى يېنىكلىك قىلمىغىن ، ئاغىنە ! ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلغىن» .

ئاندىن ، ئۆزۈم بىلمەي قىلىپ قويغان بۇ «ساۋابلىق» ئىشىمدىن ئۆزۈمنىڭمۇ كۈلگۈم كەلدى . نېمە دېگۈلۈك ! جاهاندا قىزىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ .

1971 ـ يىل ئاپرېل

# ئابدۇغەلىتىنىڭ غەلىتە سەرگۈزەشتىلىرى

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادى ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلار ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزىنىڭ غەلىتىلىكىگە قاراپ، ئۇنى «ئابدۇغەلىتە» دېگەن لەقەمسىمان ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ئۇ دەسلەپتە بۇ ئىسىمغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ يۈردى، كېيىن پەرۋا قىلمايدىغان بولدى.

گەپنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن چاغلاردىن باشلايلى. ساۋاقداشلار ئىچىدە ئابدۇغەلىتە تەرتىپلىك ۋە ئۈلگىلىك يىگىت ئىدى. باشقا ساۋاقداشلار شەخسىي تۇرمۇش، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ماۋزۇلاردا گەپ قىلسا ياكى كەچلىرى ياتاقتا يىغىلىپ ساز - پاز چېلىپ، ئانچە مۇنچە لىرىكىلىق ناخشىلارنى ئېيتىشىپ قويسا، ئۇ بەك بىئارام بولاتتى ۋە: «بۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىش توغرىمۇ، خاتامۇ؟ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرسە ياخشى بولامدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش چىگىش خىياللار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ قاچانكى ياتاقتا ئويۇن - كۈلكە، ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلىنىپ قالسىلا، ئاستىلا سىرتقا چىقىپ كېتەتتى.

«شۇمۇ ئىشمۇ! — دەيتتى ئۇ، — كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىشىدۇ، بەزىلەر يەنە چەت ئەل رومانلىرىنى ئوقۇيدۇ. بۇغۇ يامان ئىش ئەمەستۇ. لېكىن، ھازىرغىچە تېخى چەت ئەل رومانلىرىنى ئوقۇش توغرىسىدا ئاممىۋى ھەرىكەت قانات

يايدۇرۇلمىغان ، ھېچقانداق بىر رەھبىرىي كادىرمۇ چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش كېرەك ، دەپ تەشۋىق قىلمىغان . بىز بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق بەڭباشلىق قىلساق بولامدۇ ؟ ئوڭچىللار نېمە ئۈچۈن خاتالاشقان ؟ ئۇلار ئەنە شۇنداق قالايمىقان كىتابلارنى ئوقۇپ ، ئوقۇغانلىرىنى قالايمىقان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن قالپاق كىيگەن ئەمەسمۇ .»

ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق دېلىغۇل بولۇپ ، ھېچقانداق ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيتتى ، ساۋاقداشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دېگۈدەك يېقىنچىلىق قىلمايتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئابدۇغەلىتىنىڭ ساۋاقداشىمىز پاشا بىلەن ئادەتتىكىدىن باشقىچەرەك مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى . بۇ يېڭىلىقتىن ھەممىمىز ھەيران قالدۇق . دەرۋەقە ، ئابدۇغەلىتىدەك دائىم ئىككىلىنىپ يۈرىدىغان ، ھېچنېمىنى ۋە ھېچكىمنى ياراتمايدىغان گۇمانخور ئادەمنىڭ بىرەر قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى ھېچقايسىمىزنىڭمۇ ئەقلىمىزگە سىغمايتتى . قارىغۇدەك بولساق ، ئابدۇغەلىتە بىلەن پاشا ئىككىسى بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ قالىدۇ ياكى ئىككىسى بىرلىكتە دەرسلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ياكى بەزى چاغلاردا پاشانىڭ ئابدۇغەلىتىگە قاراپ كۈلۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز . بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولاركىن ، دېگەن قىزىقىش بىلەن ھەممىمىز جانلىنىپ كەتتۇق . ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلىدە ئابدۇغەلىتە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرئاز ئۆزگىرىپ قالسا ، ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرى ۋە چېقىمچىلىقلىرىدىن ئارام تېپىپ قالارمىز ، دېگەن بىر يوشۇرۇن ئۈمىد پەيدا بولغانىدى .

ھالبۇكى ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ بۇ ئۈمىدىمىز يوققا چىقتى . ئابدۇغەلىتە بىلەن پاشانىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ئۈشتۈمتۇت باشلانغان بولسا ، خۇددى شۇنداقلا تېزلىكتە ئۈزۈلۈپ قالدى . ئەمدى قارىساق ، ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىماي ، ماي تارتىشىپ يۈرۈشىدۇ . بولۇپمۇ ، پاشانىڭ كەيپىياتى بەك غەزەپلىك

تۇس ئالدى . ئۇ ئابدۇغەلىتىنى كۆرگەندە شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قارايتتىكى ، خۇددى جاھاندىكى ھەممە لەنەتلەرنى ئۇنىڭغا ياغدۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئابدۇغەلىتە بولسا ، پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قېلىپ ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر ھېچكىمگە ئارىلاشماس بولۇپ كەتتى .

بىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەي ئىچىمىز پۇشۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ماڭا بۇ ئاجايىپ ساۋاقدىشىم بىلەن سىرداشىپ ئولتۇرۇشقا نېسىپ بولدى . ياتاق بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دەرەخزارلىقتا ئولتۇرۇپ ، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتىم . ئۇ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە پاشا بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى :

— ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم ، — دېدى ئۇ سۆزىنى باشلاپ ، — مەن پاشانى ياخشى قىز دەپ ئويلايتتىم . بىر كۈنى باشقا قىزلار ئۇنى ماڭا چاپلاپ چاقچاق قىلىشتى . مەن بۇ گەپلەرگە ھەيران بولدۇم . قىزلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ؟ ئويلاپ ، ئويلاپ ، بۇ گەپنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدىم . ئاخىر ، بۇنىڭ مەنىسىنى پاشانىڭ يېقىن دوستى غۇنچەمدىن سوراپ بېقىشنى قارار قىلدىم . سورىسام ، غۇنچەم : «پاشا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دەيدۇ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم . ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بېشىم قېتىپ كەتتى ۋە بۇنى پاشانىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈشنى لايىق تاپتىم . ئۇنى خالىي بىر جايدا توختىتىۋېلىپ : «پاشا ، مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ غۇنچەم شۇنداق دەيدىغۇ» دېدىم . پاشا كۈلۈپ قويۇپلا گەپ قىلمىدى . مەن يەنە سورىدىم : «نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ شۇ گەپ راستمۇ؟» دېدىم . پاشا يەرگە قاراپ تۇرۇپ : «راست» دېدى ـ دە ، يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن مەن كېچىچە خىيال سۈرۈپ ئۇخلىيالمىدىم . ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇنىڭ

سەۋەبى نېمە؟ بۇنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىشىم كېرەك! بىراق، ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ھەممىنى ئۇنتۇپ بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلغان بولساممۇ، ھېچقانداق خۇلاسە چىقىرالمىدىم. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى.

ئاخىر بىر كۈنى پاشانى ياتاققا چاقىرىپ كىردىم ـ دە، يەنە بىر قېتىم ئۇدۇللا سورىدىم: «پاشا، سەن مېنى راستتىن ياخشى كۆرەمسەن؟» پاشا كارىۋاتنىڭ قىرىدا قولياغلىقىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ: «ھەئە» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ـ دە، ئۇنچىقماستىن چىقىپ كەتتىم. ئۇ مېنى زادى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

مەن يەنە بىر ھەپتىگىچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. بېشىم ئايلىنىپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. ياق، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىماي قويمايمەن!

مەن قەتئىي قارارغا كېلىپ يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردىم. ياتاقتا پاشا بىلەن بەش ـ ئالتە قىز بازارغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقانىكەن. مەن، بېشىم قېتىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا كەسكىن ئاۋاز بىلەن: «پاشا، سەن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دەپ سورىدىم. بىراق، كۈتۈلمىگەندە پاشا خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك، ئولتۇرغان يېرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە غەزەپتىن مەڭزىلىرى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ياتاقنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ كەتتى: «چىق ياتاقتىن، يۈزى قېلىن پەس! چىق! كىمنىڭ ئەخمەق قىلىمەن دەيسەن؟ سېنىڭدەك مازنى ياخشى كۆرگۈچە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى. يوقال، يوقال كۆزۈمدىن...»

ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق قورقۇپ كەتتىمكى، ياتاقتىن ئۇچقاندەك قېچىپ چىقتىم. ئەس ـ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمدىمۇ ئۇنىڭ تېخىچىلا

ۋارقىراپ مېنى تىللاۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز گەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. مەن ئەمدى پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالدىم. بىر تۇرۇپ مېنى ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، يەنە بىر تۇرۇپ مېنى تىللايدۇ. بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئابدۇغەلىتە بۇ تېپىشماققا جاۋاب كۈتكەن نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى. ھالبۇكى، بۇ غەلىتە سەرگۈزەشتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم.

شۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. ھەرىكەتنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇغەلىتىنىڭ خۇلق - مىجەزى تېز ئۆزگەرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىككىلىنىشلىرى، مۇجمەللىكلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىسيانچى، سولچىل دەپ ئاتايتتى. ئەمدى ئۇ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان، سولچىللارنىڭ شوئارلىرىنى تولۇلمايدىغان كىشىلەرنى «بۇزۇق ئۇنسۇرلار»، چەت ئەل رومانلىرىنى ئوقۇيدىغانلارنى «ئىدىيىسى چىرىكلەشكەن» دەپ قىلچە ئىككىلەنمەي ھۆكۈم قىلىدىغان بولدى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ھەقىقىي سولچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئوڭچىل ئۇنسۇرلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك، ئەدەپلىك بولۇش قائىدە - يوسۇنلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل خالىي بولدى. گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە قوللىرىنى شىلتىپ، ۋارقىراپ، ھاقارەت ياغدۇرۇپ، ھەيۋە قىلىپ سۆزلەيدۇ. نە ئۇدۇل كەلسە شۇ يەردە توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ تامامەن باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

ئاخىر، ئابدۇغەلىتە ئىسيانچىلارنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش سولچىللارنى ئەگەشتۇرۇپ، نەلەرگىدۇر كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنى ئۇزاققىچە كۆرمىدۇق. بىز پەقەت ئۇنىڭ ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، كالتەك - چوماق ۋە مىلتىق - نەيزە كۆتۈرۈپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ

ئەينەكلىرىنى چىقىپ، كىشىلەرنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى يىرىپ
بوراندەك ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇردۇق. بىز يەنە مۇنداق
بىر ۋەقەنىمۇ ئاڭلىدۇق.
ئابدۇغەلىتىنىڭ تەرەپدارلىرى ئىچىدە زەينەپ ئىسىملىك بىر
قىز بار ئىدى. ئۇمۇ ھەقىقىي سولچىل بولغاچقا، ئابدۇغەلىتىنىڭ
ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.
— زەينەپ ياخشى قىز، — دەيتتى ئابدۇغەلىتە، — ئۇ
ھەرگىزمۇ پاشاغا ئوخشاشمايدۇ. زەينەپ ھەقىقىي ئىسيانچى.
ئابدۇغەلىتە بۇ ئىسيانچى قىز بىلەن تولا ۋاقىتلاردا بىللە
بولاتتى. زەينەپمۇ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى. بىر كۈنى كەچتە
ئۇلار ئىككىسى دەرەخلەر ئارىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.
ئەتراپ جىمجىت. ھېچكىم يوق.
— ئۆستەڭگە قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە! — دېدى
زەينەپ.
سەل نېرىدا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئۆستەڭ چىمەنزارنى
كېسىپ ئۆتەتتى. كۆكتىكى تولۇن ئاينىڭ كۈمۈشتەك شولىسى سۇ
يۈزىدە چايقىلىپ جەۋلان قىلاتتى. ئۆستەڭنىڭ لېۋىدىكى بىر تۈپ
مەجنۇنتال ئېگىلىپ، قايرىلىپ، كۈمۈش رەڭدە بېزەلگەن سۇ
يۈزىنى ئىشقى بىلەن سۆيەتتى.
— بولدى، قايتايلى.
زەينەپ بۇ گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئىچى
پۇشقان ھالدا كېرىلىپ ئەسنەۋاتقان ئابدۇغەلىتىنى كۆردى.
— يەنە بىردەم ئولتۇرايلىچۇ، — دېدى قىز چوڭقۇر
ئەپسۇسلانغان ھالدا.
ئۇلار يەنە جىممىدە ئولتۇرۇشتى. بىر ئەسنادىن كېيىن
ئابدۇغەلىتە يەنە ئورنىدىن قوزغالدى.
— بولدى، قايتايلى.
— يەنە بىرئاز ئولتۇرايلى، — دەپ ئۆتۈندى زەينەپ.
ئۇلار يەنە ئولتۇرۇشتى. ئابدۇغەلىتە زېرىكىپ ئۇياق ـ بۇياققا

قارايتتى . زەينەپ ئەكسىچە خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى . ئاخىر ، ئابدۇغەلىتە ئورنىدىن قەتئىيلىك بىلەن تۇردى .

— مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىماسەن ؟ — دەپ سورىدى زەينەپ ۋە ئالاھىدە مەنىلىك تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .

— كەچ كىرىپ كەتتىغۇ ، يەنە ئولتۇرۇپ نىمە قىلىمىز ؟ — دىدى ئابدۇغەلىتە ۋە خۇشياقمىغان ھالدا قايتا ئولتۇردى .

زەينەپ ئۇنىڭ بىلىكىگە يېپىشىپ ، مۈرىسىگە بېشىنى قويدى . ئابدۇغەلىتە دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ۋارقىراپ كەتتى :

— نىمە قىلىۋاتىسەن ـ ھە ! مېنى نىمدەپ ئويلاۋاتىسەن ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زەينەپكە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى . «ھەي ، دىمەك ، سەنمۇ ياخشى قىز ئەمەس ئىكەنسەن ! سەنمۇ پاشاغا ئوخشاش چەت ئەللەرنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇپ ، كىنولىرىنى كۆرۈپ چىرىكلەشكەن قىز ئىكەنسەن » .

كۈنلەر ، يىللار ئۆتتى . پەلەك چاقى ئايلىنىپ ، شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلدىكى ، خەلق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »غا خاتىمە بېرىپ ، زامانىۋىلىشىش يولىغا قەدەم قويدى . ئەمدى قارىغۇدەك بولساق ، ئابدۇغەلىتىمۇ بىزلەر بىلەن ئوچۇق چىراي سالاملىشىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇمۇ باشقا كونا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش چوڭ ئادەم بولۇپ ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى .

بۇ چاغقا كېلىپ ، دوستلار ئىچىدە يالغۇز ئابدۇغەلىتىلا بويتاق يۈرەتتى . بۇ ھال ھەممەيلەننىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قايتىدىن ئابدۇغەلىتىگە مەركەزلەشتۈردى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن شاكىر بىلەن غالىپنىڭ ئۇنىڭغا ھەممىدىن تولىراق ئىچى پۇشاتتى . «ھە ، ئابدۇغەلىتە ، تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز ؟ » دەپ قويىدۇ شاكىر . «نەدىكى توي ، تۇزۇكرەك قىز

تېپىلمايۋاتسا» دەپ قاپاقلىرىنى تۈرىدۇ ئابدۇغەلىتە . «ھە ، ئابدۇغەلىتە ، بىرەر لايىق چىقىدىغاندەكمۇ ؟» دەپ قويىدۇ غالىپ . «نەدىكىنى !» دەيدۇ ئابدۇغەلىتە ۋە پەرىشانلىق بىلەن بېشىنى چايقايدۇ .

بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا دوستلار مەخسۇس ئابدۇغەلىتىگە بۇ جەھەتتە ئۇنۇملۇك ياردەم كۆرسىتىش مەقسىتى بىلەن شاكىرنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى .

قەدىناس دوستلار جەم بولۇپ ئۆي ئىچى شادلىققا تولدى . كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا ئابدۇغەلىتىمۇ ئالاھىدە جانلىنىپ كەتتى . ئۇ ئەنگلىيىلىكلەر قانداق خۇش پۇراقلىق ھاراقلارنى ئىچىدىغانلىقى ، فرانسىيىلىكلەر قانداق ئېسىل كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقى ، ئىتالىيىدە قانداق كۆڭۈللۈك بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەمدە چەت ئەل مۇزىكىلىرىغا تانسا ئوينىسا قانداق ھۇزۇر بولىدىغانلىقى ھەققىدە زوقمەنلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى .

«ھەي ، چەت ئەللىكلەر ھاياتىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ ! — دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇ ياكى بولمىسا ، — ھەي ، بىز يەنە مىڭ يىلدىمۇ ئۇلارغا يېتەلمەيمىز» دەپ قوياتتى .

بىز ھەممىمىز چەكسىز تەئەججۈپ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتۇق . تېخى يېقىندىلا «سولچىل» بولۇۋېلىپ ، چەت ئەللەرنىڭ كىتاب ۋە كىنولىرىدىن تارتىپ كىيىم - كېچەكلىرىگىچە ھەممە نېمىسىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش كېرەك ، دەپ گۇركىرەپ يۈرگەن ئابدۇغەلىتە شۇمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

ۋەھالەنكى ، ئابدۇغەلىتە ئۆزىنىڭ ھەربىر سۆزىدە ، ھەربىر ھەرىكىتىدە ئۆزىنى ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىتىشقا تىرىشاتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ، ئاخىر ھەممىمىز بىزار بولدۇق . بەزىلەر ئىچى پۇشقانلىقتىن گاھ تورۇسقا ، گاھ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارايتتى ؛ بەزىلەر «نېمانداق تېتىقسىز نېمە بۇ» دېگەنلىكنى روشەن ئىپادىلەپ ، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قوياتتى . بۇ چاغدا شاكىر

ئورنىدىن تۇردى .
— بولدى ، ئابدۇغەلىتە ئاغىنە ، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ، — بۇ گەپلىرىڭنى قويۇپ تۇر . ئەمدى مەقسىتىمىزگە كېلەيلى ، تۇرمۇش مەسىلەڭنى قانداق ئويلىشىۋاتىسەن ؟ باشتا ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باققىنا .
— تۇرمۇش مەسىلىسى دېگىنىمىز ، مۇھەببەت مەسىلىسى دېگەنلىك بولىدۇ ، — ئابدۇغەلىتە چوڭقۇر مەنىلىك كۆزلىرى بىلەن ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ چىقتى ، — شېكسپېردىن تارتىپ تولستويغىچە بولغان ياۋروپانىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ مۇلاھىزە قىلغان . . . مەسىلەن ، ئامېرىكىدا يىگىت ـ قىزلار . . .
— ھەي ئابدۇغەلىتە ، سەن ئۆمرۈڭدە شېكسپېر ، تولستويلارنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ ؟ — دېدى غالىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ .
ئابدۇغەلىتە جاۋاب تاپالماي سەل توختاپ قالدى .
— ھە ، شېكسپېر . . . تولستوي . . . — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ، — مەنغۇ ئوقۇپ باقمىغان . . . . لېكىن . . . مەن . . . ئوقۇمىساممۇ بىلىمەن ! گېرمانىيىدە . . .
— گېرمانىيىنى قويۇپ ، ئۆزۈڭنىڭ گېپىڭنى قىلغىنا ، ئاداش ! — غالىپ ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋەتتى .
— بىر باشتىن سۆزلەش كېرەك ـ دە ، — دېدى ئابدۇغەلىتە ، — قارىسىغىلا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ ـ دە .
تاقىتى تاق بولغان شاكىر ئابدۇغەلىتىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى سوراققا تارتقىلى تۇردى :
— ھەي ، ئادەمنى ئەخمەق تاپماي ، راست گېپىڭنى قىل . زادى توي قىلىدىغان نىيىتىڭ بارمۇ ، يوق ؟
ئابدۇغەلىتە ئۇنىڭغا قاراپ قورقۇپ كەتتى ۋە :
— ھە ، توي قىلاي دېدىمغۇ ، — دەپ غۇدۇڭشىدى .
— ئەمىسە ، ئېيتە ، ساڭا قايسى قىز يارايدۇ ؟

— بىلمەيمەن . . .
— رەنانى ياقتۇرامسەن ؟
— ئۇ بۇرۇن بىرى بىلەن يۈرگەن تۇرسا .
— ئەمسە ماھىرە بولامدۇ ؟
— ياق ، ئۇ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشىمايدۇ .

شۇ تەرىقىدە شاكىر كەم دېگەندە ئەللىك - ئاتمىش قىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چىققان بولسىمۇ ، ئابدۇغەلىتە ھېچقايسىنى ياراتمىدى . بىرىنى ئېگىز دېسە ، بىرىنى پاكار دەيدۇ ، بىرىنى سېمىز دېسە ، بىرىنى ئورۇق دەيدۇ ياكى بىرىنى پۇچۇق دېسە ، يەنە بىرىنى بەك قاڭشارلىق دەيدۇ . ئىشقىلىپ ، بىر يېرىدىن بولمىسا بىر يېرىدىن نۇقسان تاپماي قالمايدۇ .

— ئاغىنىلەر ، ئۆزۈڭلار ئويلاپ باقامسىلەر ، — دەپ خىتاب قىلدى ئابدۇغەلىتە تېرىككەن ھالدا ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ ، — بىز بۇ شەھەردە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر . ئادەتتىكى بىر قىزلارغا يېقىنلاشسام بولمايدۇ - دە ! سىلەر ماڭا كۆرسەتكەن قىزلارنىڭ ھېچقايسىسى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدۇ . سىلەر ئامېرىكا ، ياپونىيىنىڭ كىنو چولپانلىرىنى كۆرگەنمۇ ؟ غەربنىڭ رومانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن قىزلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسىلەر ؟ مانا شۇ قىزلار مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ !

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن شاكىر ئابدۇغەلىتىنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىپ ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ يوغان سالپاڭ قۇلاقلىرىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى - دە :

— ھەي ماز ، ماۋۇ ئەينەككە بىر قاراپ بېقىپ گەپ قىل ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئابدۇغەلىتىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى تىكلىمە ئەينەككە پېشانىسى بىلەن ئۈستۈرۈۋەتتى .

1979 - يىل سېنتەبىر

# «ئالتۇن قان»دىكى توي

مىلادىيىدىن ئۈچ يۈز ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . تىنىق كۆك ئاسماندىن يەرگە قاراپ ئىشقى ئۆرلىگەن قۇياش پايانسىز چۆلگە يارقىن نۇر تۆكۈپ تۇراتتى . كۆك ۋە چۆل ، چۆل ۋە كۆك خۇددى تەڭرى قوشقان بىر جۈپ قوشماقتەك بىر ـ بىرىگە تويماي قارىشىپ تۇراتتى . كۆك ۋە قۇياش بۇ چۆلگە ئەزەلدىن ئەڭ يېقىن ھەمراھ ، ئەڭ يېقىن سىرداش بولۇپ كەلمەكتە . بۇ چۆلدە قانچە ـ قانچىلىگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى يارالدى ؟ قانچە ـ قانچىلىگەن پالۋانلار بۇ چۆلدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئەلنىڭ داڭقىنى چىقاردى ؟ ئەلنىڭ تىنچلىقى ۋە ئېسەنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان قانچە ـ قانچىلىگەن مەردلەرنىڭ مۇقەددەس قانلىرى مۇشۇ چۆلدىكى يۇلغۇنلار ئاستىغا سىڭىپ كەتتى ! . . .

چېكى يوق داستىخاندەك يېيىلغان تۈزلەڭلىكتە ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ قۇلانلار ئۇشتۇمتۇت ئۈركۈپ ، ئۈچقاندەك چاپقان پېتى يىراقتىكى ئېدىرلىقتا غايىب بولدى . قويۇق ئۆسكەن چىغلىقتا ئويناقلاپ يۈرگەن بىرنەچچە توشقان ئۇلارنىڭ تۇياق تىۋىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ قېتىپ قالدى ـ دە ، شۇ ھامان دىكىلداپ سەكرىشىپ قېچىپ كەتتى . نېرىدىكى چاتقاللىق ئىچىدىن يەتتە ـ سەككىز جەرەن دۈپۈرلىشىپ چىقىپ يەنە چۆلنى بويلاپ بەدەر قاچتى . بۇ جانىۋارلار نېمىدىن شۇنچە ئۈركۈپ كەتتىكىن ؟ ھە ، ئوۋچى ! جەرەنلەرنى قوغلاپ بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى . قېنى قىزىپ كەتكەن

ئات خۇددى قاناتلىق دۇلدۇلدەك غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ تېز - تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تېگىۋاتقان - تەگمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى . شوخ چۆل شامىلى ئارغىماقنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىتاتتى . چەۋەنداز يىگىت ئالدىغا ئېگىلىپ ئاتنىڭ بوينىغا يېپىشىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . جەرەنلەرنىڭ ھېرىپ قالغانلىرى بىر - بىرلەپ ئۆز توپىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا باشلىدى . توپ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى . يۈگۈرۈك ئارغىماق ئوق يەتكۈدەك ئارىلىققا بېرىپ قالغاندا جەرەنلەر تاغ باغرىغا يېتىپ قالغانىدى . ئوۋچى ئۇلارنىڭ تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ، سول قولى بىلەن ئوقيانى ، ئوڭ قولى بىلەن ساداقتىن ئوقنى ئالدى - دە ، پۇتلىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە تىرەجەپ ئېگەردىن كۆتۈرۈلدى ۋە ئوق ئۈچىنى ئوۋغا قارىتىپ ، يانىڭ كېرىچىنى تارتتى . دەل شۇ چاغدا جەرەنلەر نېمە ئۈچۈندۇر يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ۋە شىددەت بىلەن ئارقىغا چاپچىپ قاپتالنى بويلاپ قېچىشقا باشلىدى . ئەنە شۇ پەيتتە تاغ تۇمشۇقى تەرەپتە بىر توپ ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى . ئوۋچى يىگىت ئوقنى قايتىدىن ساداققا سېلىپ ، يانى يەلكىسىگە ئارتتى - دە ، بىر قولىدا تىزگىنىنى تارتىپ ، يەنە بىر قولى بىلەن ئېتىنىڭ بويىنىنى سىلاپ ، توختاشقا دەۋەت قىلدى ، ئاندىن تىزگىنىنى يەنىمۇ قاتتىقراق تارتتى . مەغرۇر تۇلپار قەدىمىنى ئاستىلىتىپ بىر چاپچىدى - دە ، ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى ، ئاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى نارازىلىق بىلەن ئالايتىپ توختىدى .

تاغ ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلگەن ئەللىك - ئاتمىش لەشكەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ، ئوۋچى يىگىت تۇرغان تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق قوراللانغان بولۇپ ، قارىماققا ئۇزۇن سەپەردىن ياكى جەڭدىن

قايتقاندەك كۆرۈنەتتى . نەيزە ئۇچلىرى ۋە دۇبۇلغىلاردا كۈن نۇرى غىل ـ پال چاقناپ قالاتتى . ئاتلىقلار يېقىنلاشقانسېرى ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ۋە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن يەككە تۇغنىڭ بەلگىسى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

ئوۋچى يىگىت ئۇلارغا تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە :

«بارس تېگىن ![1]» دەپ قويدى .

دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىپ سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان قامەتلىك ، كېلىشكەن يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قاغاننىڭ[2] چوڭ ئوغلى بارس تېگىن ئىدى . كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ يەككە تۇغ بارس تېگىننىڭ بەلگە تۇغى ، لەشكەرلەر بولسا ، ئۇنىڭ خاس قورۇقچى نۆكەرلىرى ئىدى . ئوۋچى يىگىت ئېتىنى دېۋىتىپ قاغان ئوغلىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ئات ئۈستىدە باش ئېگىپ تەزىم قىلدى ـ دە :

— قاغانىم بەدۆلەت ئوغلانى بارس تېگىنگە قۇت بولسۇن[3] ، — دەپ سالام بەردى .

— قۇت بولسۇن ساڭا ، باتۇر يىگىت ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى بارس تېگىن ، — ئېتىڭ نېمە ؟ بۇ چۆلدە يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرسەن ؟

— ئېتىم ئارسلان ، ئوۋ قىلىپ يۈرمەن ، — دېدى ئوۋچى يىگىت .

بۇ چاغدا نۆكەر بېشى ئارسلانغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى :

— تېگىن ئالدىدا ئاتتىن چۈش !

ئارسلان ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلمىدى .

— قاغان ئوغلانى ئاتتىن چۈشۈپ باش ئۇرغانلارنى باتۇر دېمەيدۇ ، ئەلگە سادىق پىداكارلارنى قەدىرلەيدۇ ، — دېدى ئۇ .

بارس تېگىن ئارسلانغا تىكىلىپ قارىدى .

---

① تېگىن — خانزادە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) .

② قاغان — خاقان ، پادىشاھ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) .

③ خاقانىمنىڭ چوڭ ئوغلى بارس تېگىنگە بەخت يار بولسۇن ! (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) .

— سەن شۇنداق پىداكارمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئون يىل بۇرۇن سىنىڭ ئاتاڭ تەڭرى تۇغمىش[1] تونقا بىلگە قاغان سوغداقلارنىڭ[2] ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ چىققاندا مېنىڭ ئاتام قايىمدۇ شۇ قوشۇندا جەڭچى ئىدى، — دېدى ئارسلان، — ئۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن قاغان ئاتاڭ جەڭدىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا «ئالپ[3] قايىمدۇ» دەپ ئاتىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتىشىنى جاكارلىغان. ئاتام ھازىر تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ، قاغان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياراغ ياسايدۇ. ئۇ مېنى كىچىكىمدىنلا قاغانغا سادىق بولۇشقا ئۆگەتكەن.

— سىلەر نېمە ئۈچۈن قاغانغا شۇنچە سادىق بولىسىلەر؟ — سورىدى بارس تېگىن ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— پۇقرالارنىڭ قاغانغا سادىق بولۇشى ئەلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا پايدىلىق. تونقا بىلگىدەك ئادىل ۋە ئاقىل قاغاننىڭ بولۇشى ئەلنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپ جاۋاب بەردى ئارسلان.

بارس تېگىن بۇ ئاددىي ئۇۋچى يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق مەنىدار سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى. ئارسلاننىڭ شامال ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ بىرئاز قارىدىغان يۈزىگە ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى بەك ياراشقانىدى. كەسكىن تۈرۈلگەن قاشلىرىدىن ۋە چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك ۋە مەردلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چىڭ ھىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن ۋە بولۇپمۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدىغان جەڭگەرلىك ئەر ئىكەنلىكىنى پەملەشكە بولاتتى. كەڭ يەلكىلىرى ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكى ئۇنىڭ كۈچ -

① تەڭرى تۇغمىش — تەڭرىدىن يارالغان (قەدىمكى ئۇيغۇرچە).
② سوغداق ياكى سوغدى — قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن بىرى.
③ ئالپ — قەھرىمان (قەدىمكى ئۇيغۇرچە).

قۇۋۋەتىنى نامايان قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى . چىلان تورۇق ئارغىماق ئېتى بولسا ، بىر ئىزىدا تۇرالماي چاپچىپ ھەدەپ ئالغا ئىنتىلىپ يەرنى تېپەتتى ۋە پۇرقۇپ ، ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ تۇراتتى .

«نېمىدېگەن باتۇرانە كۆرۈنۈش !» دەپ ئويلىدى بارس تېگىن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ ۋە يەنە سورىدى :

— ئوۋغا چىقساڭ نېمە ئۈچۈن بۈركۈت ياكى تايغانلارنى ئېلىپ چىقمىدىڭ ؟

ئارسلان بۇ سوئالغىمۇ تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى :

— مېنىڭ بۈگۈنكى ئوۋغا چىقىشىم ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ، ئېتىمنى جەڭ ئىشلىرىغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولدى .

بارس تېگىننىڭ بۇ چۆل ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەندى . ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن ۋە ھەربىر سۆزىدىن قىلچە خۇشامەت ئارىلاشمىغان سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى .

— يارايسەن ! — دېدى ئاخىر بارس تېگىن ئارسلانغا جىددىي قاراپ ، — ئوغۇل بالا شۇنداق بولۇشى كېرەك . تۇرقۇڭدىن سەنمۇ ئاتاڭغا ئوخشاش ئالپ جەڭچى بولىدىغاندەك كۆرۈنىسەن .

ھالال ۋە ئەركىن ھاياتقا ئادەتلەنگەن ئاق كۆڭۈل چۆل ئوغلى بۇنداق ماختاشلارغا كۆنۈك ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ، ئەمدى تېگىنگە قاراشقا پېتىنالمىدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۆزىنى قاچۇرۇپ ، بۇ سۆھبەتكە قىزىقسىنىپ قارىشىپ تۇرغان نۆكەرلەرگە قارىدى . نۆكەرلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا دىل مايىللىقى قوزغالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ مەردانە يىگىتكە مەدەت بەرگۈسى كەلگەندەك دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ قويۇشتى . بارس تېگىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە :

— ئەمدى سەن نېمىشقا مېنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىمنى ، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى سورىمايسەن ؟ — دەپ كۈتۈلمىگەن بىر

سوئالنى قويدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە جىددىي قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلىپ قوي، باتۇر يىگىت، ئېلىمىزگە بىر كۈچلۈك دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ دۈشمەننىڭ ئېتىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېيىشىدۇ. ئۇ يىراق - يىراق يەرلەردىكى، نۇرغۇن تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئارقىسىدىكى يۇنان دېگەن ئەلنىڭ قاغانى. بۇ قارا كۆڭۈل قاغان كۆپ يىتىشتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ھازىر تۈمەن - تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلار يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ ياقاداقى بودۇنلارنى[1] قىرغىن قىلىۋاتىدۇ.

ئارسلان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس، ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن.

بارس تېگىن بۇ ۋەقەلەرنىڭ ۋە ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ نۆكەرلىرىم بىلەن چېگرىدىكى جايلارغا بېرىپ كۆردۈم. ھازىر شۇ يەردىن كېلىۋاتىمىز. ئۇ يەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئەلچى بىزنىڭ تەسلىم بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا: «جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشەيلى» دەپ جاۋاب بېرىپ قايتىپ كەلدىم.

— مېنى جەڭگە ئېلىپ بار، چوقۇم كۈتكەن يېرىڭدىن چىقىمەن! — دېدى ئارسلان ھاياجان بىلەن.

بارس تېگىن ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتكەنىدى. شۇڭا، دەرھال ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈردى.

— خوپ! — دېدى ئۇ، — قاغاننىڭ جەڭ چاقىرىقى چىققاندا قوشۇنغا بار، سېنى جەڭنىڭ قاينىمىغا باشلاپ كىرىمەن.

---

① ياقاداقى بودۇنلار — چېگرىدىكى خەلقلەر (قەدىمكى ئۇيغۇرچە).

دۈشمەننىڭ قىلىچ ، نەيزىلىرى ئالدىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتىدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئارسلانغىمۇ ، نۆكەرلەرگىمۇ تەڭ قارىتىپ خىتاب قىلدى :

— بىز ئۇلارغا ئۆز كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىز ! ياۋۇز ئىسكەندەر يەتمىش تاغ[①] باتۇرلىرىنى بىر كۆرۈپ باقسۇن ! ئۇلارنى تارمار قىلمىغۇچە جەڭدىن يانمايمىز !

ئەمدى ئارسلان بارس تېگىنگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى . تېگىننىڭ ياش قۇرامى ئارسلاندىن كۆپ بولسا ئۈچ - تۆت ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى . تېگىن كېلىشكەن يىگىت ئىدى . شۇ تاپتىكى ئۇنىڭ غەزەپلىك چىرايى يەنىمۇ ئۈز كۆرۈنەتتى . ئارسلان ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرىغا ، ھېسسىياتلىق قوي كۆزلىرىگە ، يېڭى ئۆسكەن مايسىدەك يۇمشاق قىسقا بۇرۇتىغا قاراپ ھەۋەسلىنەتتى .

بارس تېگىن ئۇشتۇمتۇت ئارسلان تەرەپكە كەسكىن بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى :

— جەڭگە بىللە بارىمىز . باتۇرلۇق كۆرسەتسەڭ ئەڭ يېقىن ئادىشىم بولۇپ قالىسەن . ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ . . . ، — ئۇ سۆزىنى توختىتىۋېلىپ ، ئارسلاننىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ تەكرارلىدى ، — ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ، ئەدىپىڭنى ئۆزۈم بېرىمەن !

بۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۇرلۇك تۇس ئالدىكى ، جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقى بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— كەتتۇق ، يىگىتلەر ! — دېدى بارس تېگىن ۋە ئويناقلاپ تۇرغان ئارغىماق ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى . نۆكەرلەرمۇ

---

① قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئۆز ئېلىدە يەتمىش تاغ بار دەپ ھېسابلايتتى .

نەيزىلىرىنى تىك كۆتۈرۈشكەن هالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى .

ئارسلان يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى بولغاي ، دەرهال ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، تېگىنىدىن باشقا بىر مەنزىلگە يول ئالدى . ئۇ خېلى ئۇزاق يول يۈردى . چۆل ئاياغلاشقاندا ، يىراقتا ياپپېشىل باغلار كۆرۈندى . ئارسلان مەهەللىنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىقتا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى . ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدا ئۆتلاپ يۈرگەن بىر ئاتنى ۋە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى . ئارسلان بىردىنلا ئويناپ كەتكەن يۈرىكىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى ، ئاندىن گوياكى چۈشىدە كۆرۈۋاتقان پەرىزاتنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك ئوت - چۆپلەرنى ئاۋايلاپ بېسىپ بىر چامداپ ، ئىككى چامداپ قىزغا يېقىنلاشتى . قىزنىڭ ۋۇجۇدى يېنىككىنە تىترەپ كەتتى . ئوزايىدىن ئۇنىڭ يىگىتنى ئاللىقاچان كۆرگەنلىكى ۋە قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قارىتىلغان يوغان قارا كۆزلىرى ۋىسال خۇشلۇقىدىن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى . ئارسلان سۇ بويىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن :

— بالقىز ! — دەپ چاقىردى .

قىز بېشىنى كۆتۈرمىدى . ئارسلان ئوقيانى يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېلىپ يەرگە قويدى - دە ، قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى .

— بالقىز ، — دېدى ئۇ قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ ، — مەن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم... كېچىكىپ قالدىم... — قىز ئۈنچىقمىغاندىن كېيىن ئۆز ئەيىبىنى بويىنغا ئالغان تەلەپپۇزدا يەنە قوشۇپ قويدى ، — سېنى ساقلىتىپ قويدۇم .

قىز خۇددى سەكرەپ تۇرۇشقا تەييارلانغان شوخ كېيىكتەك بېشىنى بىراقلا كۆتۈردى - دە ، يىگىتنىڭ هەددىدىن تاشقىرى

مۇلايىملاشقان مۇھەببەتلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. قىز ئۆزىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرسىتىشكە ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، ئۇماق چىرايىنىڭ ئىللىقلىقىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى؛ لەۋلىرىنى كۈلۈشتىن توختىتىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، يادەك ئېگىلىپ چۈشكەن قەلەم قاشلىرىنى ھىمىرىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، بۇلاقتەك ئۇقچۇپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى يوشۇرالمىدى.

— ساقلىتىپ قويىدىغانلىقىڭنى بالدۇرراق ئويلىساڭ بولمايتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئارسلاننى تېخىمۇ تەمتىرىتىپ.

— ماڭا قارا، بالىقىز، مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ئارسلان يالۋۇرغان سىياقتا قىزغا تەلمۈرۈپ ۋە بىر قولىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويدى، — مەن ئۆزىمىز كېلىشكەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق... بىلەمسەن، بۈگۈنكى كۈننى قانچىلىك تەشنالىق بىلەن كۈتتۈم!

— ئەمىسە، نېمىشقا كېچىكتىڭ؟ — يېنىشلاپ سورىدى بالقىز.

ئارسلان سۆيۈملۈك يارىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز توشقۇچە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىققانىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئوقيا مەشقىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئوۋ قوغلىشىپ چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئارسلان قايتىدىن جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ھېلىقى چۆلدىكىدەك چاقناپ كەتتى، — مەن شۇ چۆلدە بارس تېگىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ چېگرىدىكى جايلارغا بېرىپ كەپتۇ. بىلەمسەن، ئىسكەندەر دېگەن بىر يات قاغان قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بۇنى بارس تېگىن ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى.

— مەنمۇ ساڭا شۇنى ئېيتماقچىدىم، — دېدى بالقىز.

— نېمە؟ بۇنى سەنمۇ بىلەمسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئارسلان.

قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاتامدىن ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن ئۆيىمىزگە بىر سەنگۈن[1] كەلگەنىدى. ئاتام بىلەن سەنگۈننىڭ شۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۈگۈن ئەتىگەن بىر نۆكەر قاغاننىڭ يارلىقىنى ئەكېلىپ ئاتامنى ئوردىغا باشلاپ كەتتى.

بالقىزنىڭ ئاتىسى قارا باقشى قاغاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، ياشلىقىدىن تارتىپ جەڭ ئىشلىرىدا تاۋلانغان سەنگۈن ئىدى. ئۇ دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشى بولغانلىقتىن، قاغان تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «قارا باقشى»[2] دېگەن نام بېرىلگەنىدى.

— جەڭ بولسا قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى بالقىز ئارسلاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇپ.

— بارس تېگىن بىلەن جەڭگە بىللە بارىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدۇم، — دېدى ئارسلان.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — دېدى بالقىز، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئەمەس، لەۋلىرىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئارسلاننىڭ شۇ تاپتا بالقىزنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئوينىغۇسى، ئۇنىڭ تاڭ شەپىقىدەك قىزارغان مەڭزلىرىگە سۆيگۈسى، ئەڭ شېرىن سۆيگۈ سۆزلىرىنى قۇلىقىغا پىچىرلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ بۇنىڭغا يول قويمايتتى. يىگىت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى قىزغا ئۇزىتالمايتتى. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا چىن سۆزىنى يۈرەكلىك سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن

---

[1] سەنگۈن — قوماندان، گېنېرال (قەدىمكى ئۇيغۇرچە).
[2] قارا باقشى — چوڭ ئالىم (قەدىمكى ئۇيغۇرچە).

چۆل ئوغلى ئەمدى بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغۇدەك بىر سۆزنىمۇ تاپالمايتتى.

— قارا باقشى ئۆگە① ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىر خورسىنىپ.

بالقىز دەرھال جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قارا باقشى ئۆز قىزىنىڭ بىر ئاددىي ئوۋچى يىگىت بىلەن ۋەدىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن خېلى خاپا بولغانىدى. ئۇ ھەتتا بىر قېتىم بالقىزنىڭ ئانىسىغا: «بالقىز بىر ۋەزىرنىڭ قىزى. ئۇنىڭ لايىقى ئوردا ئىچىدىن بولۇشى كېرەك!» دېگەنىدى. بۇ گەپنى ئۇ ئاتايىن بالقىز ئاڭلىسۇن دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەھدىت تەلەپپۇزىدا ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بالقىز ئاتىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاتام ئارسلاننى يامان كۆرمىسۇن، ئۇ ۋىجدانلىق، ئەقىللىق، باتۇر يىگىت. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئەگەر ئۇ قاغاننىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشسا، چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ» دەپ يالۋۇرغانىدى. ئانىسى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېرىپ كەتتى. ئۇ قىزىنىڭ ھەسرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بالقىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى، قارا باقشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دەپ تەسەللى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بالقىزنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ تېخىچە ئۆز پەيلىدىن يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىئارام بولاتتى.

بۇ گەپلەرنى ئۇ ئارسلانغا قانداقمۇ ئېيتالىسۇن! ئۇ پەرىشانلىققا تولغان مەسۇم كۆزلىرىنى يىگىتتىن قاچۇرۇپ،

---

① ئۆگە — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دانىشمەن، تەجرىبىلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ياشانغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

بىشىنى تۆۋەن سالدى ـ دە ، ئۆز چىرايىغا يەنە بۇرۇنقىدەك خۇش تەبەسسۇم بېرىشكە تىرىشتى ۋە گەپنىڭ ئاخىرىنى ئويۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىش خىيالىدا ئالدىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئۆستەڭگە ئېگىشىپ ، قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئارسلاننىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى . لېكىن ، ئارسلان بۇ چاقچاقنى قوبۇل قىلمىدى . ئۇ بالقىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— ئېيتىقىنا ، بالقىز ، — دەپ ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى ئۇ ، — ئاتاڭ قوشۇلامدۇ ؟ ئېيتقىنا ! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟

— ئەگەر قوشۇلمىسا قانداق قىلىسەن ؟

بوش ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئارسلانغا گوياكى ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى .

— سېنى ئېلىپ قاچىمەن ! — دېدى ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قەتئىيلىك بىلەن .

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتىم ، — دېدى بالقىز ئويچان كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا قاراپ ، ئاندىن ئۇ ئارسلان تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ يېڭىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە كۆزلىرىگە تىكىلىپ ، يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى ، — لېكىن ، سەن ئاتامنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن ، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم . . . ئۇ ئاخىر ماقۇل بولىدۇ . . . ئانام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ . ئاتامنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن يۈرىكى يۇمشاق . ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ . ماڭا قارا ، ئارسلان ، ماڭا قارىغىنا ، سۆزۈمگە ئىشەن ، ئۇ كېيىنچە سېنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ . . . سەن ئاتامدىن خاپا بولما . خاپا بولامسەن ؟

— ياق ، — دېدى ئارسلان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، — مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن . . . سېنىڭ ئاتاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەن .

— ئاھ ئارسلان ، — دېدى بالقىز بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە

قويۇپ ، — سەن نېمىدېگەن ياخشى !

ئۇلار ئوتلۇق سۆيگۈ لەززىتى ئىچىدە گاھ ھاياجانلىنىپ ، گاھ مۇڭلىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلەشتى ، بىر - بىرىگە تۈرلۈك - تۈمەن ۋەدىلەرنى بېرىشتى .

*　　　　*

تونقا بىلگە قاغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىشقا پەرمان چىقارغان كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئوردا ئالدىغا قوشۇن ۋە ئۇلارنى ئۇزاتقۇچى ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلار توپلىنىشقا باشلىدى . ئۇزاتقۇچىلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى قوراللىق ئىدى . ھەممىدىن كېيىن بارس تېگىن ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرى ئوردا ئىچىدىن تىزىلىپ چىقتى . ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ كېلىۋاتقان بارس تېگىنگە خالايىق ھۆرمەت بىلەن يول بوشىتىپ بېرەتتى .

نۆكەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان ئارسلان ھەدەپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان چىلان تورۇق ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ - تارتىپ قويۇپ ، ئىنتىزارلىق كۆزلىرى بىلەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۆز ئاتىسىنى كۆردى . چاچ - ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان پېشقەدەم جەڭچى ئالپ قايىمدۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ئوغلىغا قاراپ تۇراتتى ۋە : «كۆردۈڭلارمۇ ، مېنىڭ ئوغلۇمنى !» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ قوياتتى . ئارسلان ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى .

قاغاننىڭ بۇيرۇقلىرى جاكارلىنىدىغان نەقىشلىك ئازادە راۋاق ئەتراپىدا قوراللانغان ئاتلىق تارخانلاردىن تەشكىل تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى تىزىلىپ تۇراتتى . بارس تېگىن نۆكەرلىرىنى باشلاپ ، شۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ، قوراللىق ئاتلىق ئاياللار سېپىگە قاتارلاشتى . ئارسلان ئاياللار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى رىتىدە بارس

تېگىنىنىڭ ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچلىق گۈزەل خوتۇنى كۈمۈش تۈزۈن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەلەم قاشلىق ئوماق بالقىزنىڭ تۈرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، قول ئىشارىسى بىلەن تېگىن ۋە نۆكەرلەرنى قارشى ئالدى.

— بالقىز، سەنمۇ چىقتىڭمۇ؟ — دەۋەتتى ئارسلان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە.

— بىزنى جەڭدىن قورقىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ كېرەك بولغاندا كەينىڭلاردىن بىزمۇ بارىمىز، — دېدى بالقىز نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

بارس تېگىن نۆكەرلىرى بىلەن كېلىپ تارخانلارنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى.

دەل شۇ چاغدا كاناي ۋە دۇمباقلارنىڭ جاراڭلىق ساداسى ياڭرىدى. تونقا بىلگە قاغان ۋەزىر ۋە سەنگۈنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاققا چىقتى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا ئۇنىڭ خانىشى ئاي بىلگە قاتۇن[1] يەنە بىر يېنىدا ئەقىلدار قارا باقشى ھازىر بولدى. بارلىق كىشىلەر چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قاغاننىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممە كۆزلەر قاغاننىڭ قاۋۇل قەددىگە تىكىلگەنىدى. قاغان ئۈچىسىغا تاۋار تون كىيگەن، بېشىغا تاۋار ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قويۇق ئۆسكەن سارغۇچ ساقال - بۇرۇتىغا ئەمدىلا ئاق سانجىغان؛ ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ نۇرى سىڭگەن كۆكۈچ كۆزلىرى ئۆسكىلەك قاشلىرى تېگىدىن كىشىلەر توپىغا ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن قارايتتى. قاغان قوشۇن ۋە خەلققە قىسقىچە سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلاندى.

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — مەن كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئېسەنلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ياۋۇزلارغا قارشى

① قاتۇن — خانىش (قەدىمكى تۈركىي تىلدا).

مۇقەددەس جەڭ ئېلان قىلدىم . ئۇلار بىزنى يېڭەلمەيدۇ ، بىز چوقۇم يېڭىمىز . تۆپىمىزدە كۆك تەڭرى : «تۈركىي خەلقلەر يوقالمىسۇن ، مەڭگۈ خەلق بولۇپ ياشىسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلغان . دېمەك ، كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق . تاغ بىزنىڭ ئاتىمىز ، يەر بىزنىڭ ئانىمىز① . تاغ ئاتا بىزگە يۆلەك بولىدۇ ، يەر ئانا بىزگە كۈچ بېرىدۇ .

تونقا بىلگە قاغان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە ، ئۆز سۆزىنى جەڭگە چاقىرىش شوئارى بىلەن ئاياغلاشتۇردى :

— كۆكتە تەڭرى ، يەردە بىز !

مىڭلىغان تىغلار ئېگىز كۆتۈرۈلدى ، مىڭلىغان كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان شوئار كۆك ۋە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى :

— كۆكتە تەڭرى ، يەردە بىز !

شۇنىڭدىن كېيىن تونقا بىلگە قاغان قوشۇننى باشلاپ يۈرۈشكە ئاتلاندى . ئۇزاتقۇچىلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باردى ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئارقىدا قالدى .

— يولۇڭلار قۇتلۇق بولسۇن ! — ئۇزاتقۇچىلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى .

ئارسلان بارس تېگىننىڭ نۆكەرلىرى قاتارىدا ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، پىكىر ـ خىيالى ئاتىسى بىلەن بالقىزدا ئىدى . بالقىز بىلەن ئايرىلىش ئالدىدا ئايرىم خوشلىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى . ئۇشتۇمتۇت بالقىزنىڭ ئۇنى چاقىرغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ گويا يۈرىكىگە يەتكەندەك بولدى . ئۇ دەرھال سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئېتىنى توختاتتى ۋە قوشۇننىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بالقىزنى كۆردى . بالقىزنىڭ ئېتى

① قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە ئاشۇنداق ئەقىدە بار ئىدى .

ئۆچقاندەك چېپىپ كېلىپ ئارسلاننىڭ ئېتىغا ياندىشىپ توختىدى . قىزنىڭ كۆكسى نېپىز يىپەك كۆڭلەكنىڭ تېگىدە بەجايىكى تىنچسىز دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسلەپ تۇراتتى . ياشقا تولغان يوغان كۆزلىرى يىگىتنىڭ مەردانىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى . ئۇ ئۇنچىقماستىن قويندىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن شايى ياغلىقنى چىقاردى ـ دە ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئارسلاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە بوش ئاۋاز بىلەن :

— تەڭرى سېنى ئېسەن قىلسۇن ، سۆيگۈمىزنى ئۇماي[①] ساقلىسۇن ! — دېدى ـ دە ، يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى ۋە يەنە ئۆچقاندەك چېپىپ كېتىپ قالدى .

ئارسلان خۇددى سېھىرلەنگەندەك قىمىر قىلماي ۋە بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەي قىزنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇردى . ئاندىن قوشۇننى قوغلاپ يېتىپ ، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان نۆكەرلەر ئارىسىدىن ئۆز ئورنىنى ئىگىلىدى .

قوشۇن مېۋىزارلىق باغلارنى ، ئېتىزلارنى ، يىلقا ، قوي ۋە كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرگەن يېشىل مەخمەلدەك يايلاقلارنى كېزىپ ئۆتۈپ ، كەڭ يېيىلغان پايانسىز چۆلگە چىقتى .

ئۆز يولىدىكى ھەرقانداق قەبىلە ۋە تائىپىلەرنى باستۇرۇپ ۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك دۈشمەن بىلەن بولىدىغان ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشماقتا ئىدى . تۆت ئەتراپقا داڭقى كەتكەن چۆل تۇلپارلىرىنىڭ تۇياقلىرى ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەيتتى . تونقا بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ قاۋۇل ۋە چىرايلىق ئاق ئېتى ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ھامان ئالغا قارايتتى . قاغاننىڭ شۇ

---

① ئۇماي — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى ئانىلىق ۋە سۆيگۈ ئىلاھى .

تاپتا نىمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلۇغۋار، مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىگە ۋە قوشۇنىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى پەملەشكە بولاتتى.

قاغانغا بىردەم ياندىشىپ، بىردەم سەل ئارقىدا قىلىپ كېتىۋاتقان قارا باقشى چەكسىز ئۇپۇققا كۆز تىكىپ خىيالغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ بارس تېگىنگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئارسلانغا بىرنەچچە قېتىم كۆز تاشلاپ قويدى. بالقىز بىلەن بۇ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى قارا باقشى مۇۋاپىق تاپمايتتى. «بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئارسلان بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن يالتايتىش كېرەكمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلماي بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ». ئەمما، قارا باقشى ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلنى قوغداش ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتكە مۇنداق غەيرىي دوستانە مۇئامىلىدە بولۇشتىن بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۆز ئىچىدە: «قېنى، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ قويدى-دە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇق ئويلىماسلىققا تىرىشتى.

ئارسلانمۇ قارا باقشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقچى بولغاندەك، ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قويااتتى. «ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە بارس تېگىنگە سۆز ئاچىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭ قارا باقشى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشىنى ئۆتۈنىمەن. قاچانكى رەت قىلسا، بالقىزنى ئېلىپ قاچىمەن». شۇ قارارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغاندىن كېيىن، ئارسلانمۇ بۇ ھەقتە ئارتۇق ئويلىماسلىققا تىرىشتى. ئۇ پات-پاتلا قولىنى قوينىغا تىقىپ بالقىز يادنامە قىلغان ھېلىقى قولياغلىقنى يۈرىكىگە چىڭ بېسىپ قوياتتى.

قوشۇن بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر كەڭرى تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى. تونقا بىلگە قاغان شۇ يەردە بارگاھ قۇرۇشنى بۇيرۇدى.

* *

ئۈچ يۈز كىشىلىك چارلىغۇچىلار ئەترىتى ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قايتىپ كەلدى ۋە زۇلقەرنەيننىڭ زەربىدار قىسمى يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى . تۇنقا بىلگە قاغان سەنگۈن ، يابغۇ ، تارخانلارنى چاقىرتىپ جىددىي يىغىن ئاچتى . يىغىندا بىر بۆلۈك قىسىمنى ئەۋەتىپ ، زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش قارار قىلىندى . قاغان توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى بارس تېگىن باشچىلىقىدىكى تۆت مىڭ كىشىلىك ياشلار قوشۇنىغا تاپشۇردى . بۇ چاغدا ۋەزىر قارا باقشى سۆز ئالدى .

— تەڭرى تۇغمىش تونقا بىلگە قاغان ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ ، — سىز زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى .

— بىرەر ئۆگەنى قوشۇپ ئەۋەتسەك دېمەكچىمۇسىز ؟ — دەپ سورىدى قاغان .

— شۇنداق ، — دېدى قارا باقشى بېشىنى لىڭشىتىپ .

قاغان بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن :

— سىز ئۆزىڭىز بارسىڭىز قانداق ، قارا باقشى ئۆگە ؟ — دەپ سورىدى .

قارا باقشى بۇ پىكىرنى بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، قارا باقشىنىڭ ئىسمىغا «ئۆگە» دېگەن ئاتاقمۇ قوشۇلۇپ ۋە بۇ ئاتاق كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئۇنۋان سۈپىتىدە ئۆزلىشىپ قالدى .

يىغىندىن كېيىن قارا باقشى ئۆگە بارس تېگىنگە مەسلىھەتچى بولۇپ ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .

يول بويى بارس تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ، پات - پات

ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى . ئۇ كۆزەتكەنسېرى ئەسكەرلەنىڭ روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى . ئۇ ئېتىنى سەل ئاستىلىتىپ ، ئارقىدا كېلىۋاتقان ئارسلانغا يانداشتى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سورىدى :

— قانداق يىگىت ، زۇلقەرنەيىننىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك[1] ئەسكەرلىرىنى جەرەن ئاتقاندەك ئاتالامسەن ؟

ئارسلان بۇ سوئالدىن رەنجىگەندەك بىر خىل قىياپەتتە بارس تېگىنگە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— بىز ئىككىمىز چۆلدە ئۇچراشقان ھېلىقى كۈنى مېنىڭ جەرەننى قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى كۆرمىگەنىدىڭ . ئەمدى قوش مۈڭگۈزلۈك قىئاتلارنى[2] قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى ، قانداق چاپىدىغانلىقىمنى جەڭ بولغاندا كۆرىسەن !

بۇ سۆزلەردىن بارس تېگىننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئۆستى . ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئارسلانغا قاراپ قويدى .

دەل شۇ چاغدا بىر چارلىغۇچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ئالدى تەرەپتىكى قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ چوڭ تاغنىڭ نېرىقى چېتىدە قونالغۇغا توختىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . بارس تېگىن قوشۇننى توختاپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى . قاش قارىيىشقا باشلىغانىدى . تېگىن قارا باقشى ئۆگەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى . بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەسكەرلەر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى قوي تېرىلىرى بىلەن مەھكەم تېڭىپ ، ھېچقانداق تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ، دۈشمەن لاگېرىغا قاراپ يول ئالدى .

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى . مەخپىي

① زۇلقەرنەيىن — ئەرەبچە «قوش مۈڭگۈزلۈك» دېمەكتۇر . يۇنان (قەدىمكى گرېتسىيە ) پادىشاھى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي ئەرەب ئەللىرىنى ئىشغال قىلغاندا ، ئەرەبلەر ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسىغا قاراپ ، ئۇنى «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» ، يەنى «قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» دەپ ئاتىشىۋالغان .

② قىئات — قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەپسانىۋى يىرتقۇچ مەخلۇق .

چارلىغۇچىلار دۈشمەن لاگېرىدا ھېچقانداق شەپە يوق ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈشتى.

بارس تېگىنىنىڭ جەڭچىلىرى نىشانلانغان تاغ باغرىغا يېتىشىۋالغاندىن كېيىن ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىغا تېڭىلغان قوي تېرىلىرىنى يېشىپ تاشلىشىۋېتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى ـ دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. دۈشمەن جېسەكچىلىرى بۇ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئاللىنېمىلەرنى توۋلىشىپ كېتىشتى. زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئۇرۇش ھالىتىدە يېشىنمەي قورال ـ ياراغلىرىنى تەق قىلىپ قويۇپ ياتقانىكەن. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپ ئوپۇل ـ توپۇل ئاتلىنىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا تېگىن ئەسكەرلىرى گوياكى قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇر ـ يىقىت باشلىنىپ كەتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا گۈلخانلار چېچىلىپ، قىپقىزىل ئۇچقۇنلار كۆتۈرۈلەتتى. تۇياقلارنىڭ دۈپۈر ـ دۈپۈرلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ «جاڭ ـ جۇڭ» قىلغان سادالىرى ۋە يارىدارلارنىڭ داد ـ پەريادلىرى پەلەكنى قاپلاپ كەتتى. بۇ چېپىشماق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز لاگېرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. تېگىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قەدەممۇقەدەم قاراڭغۇ چۆلگە قىستاپ چىقارماقتا ئىدى. ئاخىر، دۈشمەنلەر بۇنداق ئۈمىدسىز جەڭدىن ۋاز كېچىپ، چۆلگە قاراپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى.

جەڭ ئوتىدا قىزىپ كەتكەن ئارسلان ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ پۈتۈن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئۆلەر ـ تىرىلىشگە باقماي قېچىپ كېتىۋاتقان بىر يۇنانلىققا يېتىشىۋېلىپ، قىلىچىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، بار كۈچى بىلەن بىرنى چاپتى. ئەگرى قىلىچ يۇنانلىقنى يەلكىسىدىن كىندىكىگىچە بۆلۈۋەتتى. يۇنانلىق ئېگەردىن يەرگە ئۇچۇپ

چۈشتى. ئۇنىڭ بېلىگە تېڭىۋېلىنغان يوغان كۆن قاپچۇقمۇ كېسىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇلاپ - تالاپ يىغقان ئالتۇن - تىللالىرى قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلدى.

بۇ چاغدا قارا باقشى ئۆگە دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەسكەرلەرنى قوغلاشتىن توختاشقا بۇيرۇق بەردى. دۈشمەننىڭ قالدۇق قىسمى قاچقان پېتى ئېدىرلىقلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى تۈن پەردىسىنى يىرتىپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلىدى. يىگىتلەر دۈشمەننى سۈرۈشتىن توختاپ ئارقىغا ياندى. ئارسلان ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچىدىكى قان داغلىرىنى ئۆزى چېپىپ تاشلىغان ھېلىقى يۇنانلىقنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈپ تازىلاپ قىنىغا سالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئەسكەر قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئالتۇن - تىللالارنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

— ئالتۇن قان، — دېدى ئارسلان ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ يىغىلىش ئورنىغا مېڭىپ كەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قېتىمقى كېچىلىك جەڭ بولغان يەردىكى چوڭ تاغ «ئالتۇن قان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالدى①. جەڭدىن كېيىن بارس تېگىن قارا باقشى ئۆگە بىلەن باش قوشۇپ نۆۋەتتىكى ھەرىكەت يۆنىلىشىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۆچ ئېلىش جېڭى باشلايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى. شۇڭا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئوچۇق چۆلگە چىقماي، «ئالتۇن قان»دا قاغاننى كۈتۈشكە كېلىشتى.

دېگەندەك ئەتىسى تاڭ سەھەردە «ئالتۇن قان» تېغىدىكىلەر ئۇپۇقتا زور قوشۇننىڭ قارىسىنى كۆردى. مىڭلىغان ئاتلىق سەپ تارتىپ «ئالتۇن قان» تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - توم 122 - بەتكە قاراڭ.

تېگىن بىلەن ئۆگە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى «ئالتۇن قان»نىڭ بىر خالىي جىراسىغا يوشۇرۇپ قويدى، يەنە بىر قىسمىغا ئارسلاننى باش قىلىپ دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقاردى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەزىرلىرى ۋە قورۇقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇ يەردىن ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كەڭ تۈزلەڭلىك ئالىقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا «ئالتۇن قان» تېغى ئۇپۇقنى توسۇپ ياتاتتى. بۇلۇتسىز، تىنىق ئاسماندا بىرنەچچە سار ۋە بىر توپ قاغا - قۇزغۇنلار بولغۇسى جەڭدىن ئۆزلىرىگە ئولجا كۈتۈپ ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن توختاۋسىز ئالغا بېسىپ كېلىۋاتقان بىر يېرىم مىڭچە ئاتلىققا قاراپ: «بۇ ئازغىنە بىر توپ ئادەم نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ئويلايتتى، — ئۇلار بۇ زور قوشۇننى يېڭىمىز دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ باشقا بىر ھىيلىسى بارمۇ؟» يۇنان پادىشاھىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. چۆل تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈشكە ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ بويلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭلەر داۋامىدا ئۇ پەقەت يېڭىشكىلا ئادەتلىنىپ قالغانىدى، باشقىچە بولۇشنى ئۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ھالبۇكى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ جەڭ مەيدانىغا جىددىيلىشىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈلمىگەن غەلىتە ئىشلار بولۇۋاتاتتى.

ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى دالىغا كەڭ يېيىلىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى ئالدىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى.

يۇنان ئەسكەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشى ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى ، يەنە بىرنەچچە ئات چاپقان پېتى موللاققا چۈشۈپ يېتىپ قالدى . ئاتسىز قالغان ئەسكەرلەر باشقا ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدىن ئۆمىلەپ قوپۇشۇپ جەڭ مەيدانىدىن قاچقىلى تۇردى . ئوقلار كەينى ــ كەينىدىن ئۇچۇپ كەلمەكتە ، يۇنانلىقلار كەينى ــ كەينىدىن يىقىلماقتا . ئاخىر ، زۇلقەرنەين ئەسكەلىرى قىستاپ كېلىپ ، ئەمدى ئوقيا ئېتىشقا مۇمكىن بولمىغاندا ئۇيغۇرلار چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى . يۇنانلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشكە ھەرقانچە كۆچەپ باقسىمۇ زادىلا يېتەلمىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى گويا قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك قوغلىغۇچىلارنى بارغانسېرى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . قاچقۇچىلار تۇساتتىن ئارقىسىغا قارىتىپ يەنە ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى . قوغلىغۇچىلار كەينى ــ كەينىدىن يىقىلغىلى تۇردى .

زۇلقەرنەين ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق ئاجايىپ ماھارىتىگە ھەيران بولدى ۋە ئۆز يېنىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى :

— بۇ كىشىلەر ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن . بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ[1] .

ئارسلان باشلىق يىگىتلەر ۋە ئۇلارنى قوغلىغۇچىلار «ئالتۇن قان» تېغىغا يېتىپ بارغاندا ، بىر جىرا ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت بارس تېگىن ۋە قارا باقشى ئۆگە باشلىق ئەسكەرلەر چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ چىقىپ ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى . قېچىۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ دۈشمەن ئۈستىگە يەنە بىر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلدى . ئىككى تەرەپ

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ــ توم 151 ــ بەت .

گىرەلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق باشلاندى. ئوھوي! بۇ شۇنداق بىر جەڭ بولدىكى، زۇلقەرنەيىن ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغانىدى! ھەر ئىككى تەرەپ مىسلىسىز قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشاتتى، بىر ـ بىرىنى قىلىچ بىلەن چاپاتتى، نەيزىلەر بىلەن سانجىيتتى، بەزىلىرى ئات ئۈستىدە بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، چاچ ـ ساقاللىرىدىن تارتىشاتتى، گاللىرىنى بوغۇشاتتى، بىر ـ بىرىنى ئېگەردىن يۇلۇپ يەرگە ئىرغىتىپ تاشلىشاتتى...

— چىڭ تۇرۇڭلار، ئوغلانلىرىم! بىز يېڭىمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى قارا باقشى ئۆگە يىگىتلەرگە مەدەت بېرىپ ۋە تالاي جەڭلەردە چېنىققان كۈچلۈك قولى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، دۈشمەننى قىرىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

— ئۇر! — دەپ ۋارقىرايتتى بارس تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ ۋە ئەڭ كەسكىن ئېلىشىش بولۇۋاتقان جايلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى.

يىگىتلەرگە بۇنداق چاقىرىقلار ئارتۇقچە ئىدى. مانا، قارا قاشلىق، قارا بۇرۇتلۇق كېلىشكەن يىگىت بۇغرا توڭا دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ قىلىچىنى چاقپەلەكتەك ئويناتقىلى تۇردى. زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرى چېكىسىگە قىلىچ يەپ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرى يېرىلغان قورسىقىنى تۇتۇۋالغىنىچە قارا يەردە يۇمىلاپ ۋە چىرقىراپ جان تالاشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا بىر توپ يۇنانلىق بۇغرا توڭاغا يان تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. ئېتىلىپ كەلدىيۇ، ئۇلگۇرەلمىدى. قاپلاندەك قورقۇمسىز، لاچىندەك چاققان يىگىت ئىلچى بۇ بىر توپ يۇنانلىقنىڭ ئۈستىگە بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ ئىككىسىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويدى، ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتىنى يىقىتتى ـ دە، قالغانلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاكا ـ ئۇكا قۇتلۇغ تەمۇر ۋە ئىلتەمۇرلەرمۇ شىددەتلىك جەڭ قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ

چوڭى قۇتلۇغ تەمۇر بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن، پىشقان جەڭچى ئىدى. ئۇ قىلىچۋازلىق قىلغاندا قارشى تەرەپنى ئىمكانقەدەر ھالسىرىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېجەپ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ پەم بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى ۋە ھەر قېتىملىق قىلىچۋازلىقتا يېڭىپ چىقاتتى. ئىنىسى ئىلتەمۇر ئەمدىلا ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشقا ئۇلاشقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تېخى تۇنجى قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىشى ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قىلىچ ئۇراتتى ھەمدە ھېلىغىچە بىرەر دۈشمەننى يىقىتالمىغىنىدىن تىت ـ تىت بولۇپ يەنىمۇ جىددىيلىشەتتى ۋە ھەدەپ ئالغا ئىنتىلىپ، دۈشمەن سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئۇرۇناتتى.

— ئىلتەمۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئاكىسى، — ئالغا بارما، مېنىڭ كەينىمدىن يۈر!

لېكىن، بۇ ۋارقىراش قېنى قىزىق ياش بالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئاخىر بىر دۈشمەننى يىقىتتى ـ دە، تېخىمۇ قىزىپ كەتتى ۋە ئاكىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر توپ دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ بارغان پېتى قىلىچ ئۇردى. ئۇزۇن ساقاللىق، بەستلىك يۇنان ئەسكىرى بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ قىلىچىنى ياندۇرۇۋەتتى. ئىلتەمۇرنىڭ تېخى كۈچكە تولمىغان نازۇك بىلىكى كەينىگە سىلكىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بېقىنىغا بىراقلا ئىككى نەيزە سانجىلدى، مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇلدى ۋە ئۇ خۇددى تۈۋىدىن چېپىپ تاشلانغان كۆچەتتەك ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئىلتەمۇر! — دەپ ۋارقىرىدى قۇتلۇغ تەمۇر ۋە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى جان ئاچچىقى بىلەن قىرىشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ ئىنىسى يىقىلغان يەرگە يېتىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ دۈشمەنلەر قورشىۋالغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، قاپان، ئازاق، ئاتىش قاتارلىق بىر توپ يىگىت ئۇلگۈرۈپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. چاپە ـ چاپ، ئۇرە ـ ئۇر بولۇپ كەتتى. قاپان باتۇر ئىككى يۇنانلىقنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاپ

ئاخىر ئۆزىمۇ ھەر ياندىن ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ زەربىسىدە باش - كۆزى قانغا بويىلىپ، كۆك تەڭرىنى ياد ئېتىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي جان ئۇزدى. ئازاق پالۋان بىر يۇنانلىقنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يەنە بىرىنىڭ قارنىنى ياردى، ئۇچىنچىسىگە قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئارقىسىدىن بىر نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلدى - دە، دۈمبىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ مەيدىسىدىن چىقىپ قالدى. ئاتىش مەرگەن تېخى يىراقتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقاندىلا ئوقيا بىلەن ئىككى يۇنانلىقنى يىقىتقانىدى، يېقىن كەلگەندىن كېيىن قىلىچ بىلەن يەنە بىرىنى جايلىدى. ئەمما، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ، نەچچە يېرىدىن قىلىچ يېدى ۋە ئانا يەرنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ياش جەڭچىلەر ئانا يەر ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولدى. لېكىن، قاپان ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىغا قاتمىش يېتىپ كەلدى. ئازاق يىقىلسا، بارمان ئىز بېسىپ كەلدى. جەڭ ئوتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

جەڭ داۋامىدا ئارسلانمۇ ئۆزىنىڭ ئارسلانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ - كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ قىلىچ ئۇرغىلى تۇردى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن دۈشمەنلەرنىڭ بىرى ئات ئۈستىدىن خۇددى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەندەك چۈشۈپ كەتتى؛ يەنە بىرى يارىلانغان قولىدىكى قىلىچىنى تاشلىۋېتىپ جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قاچتى؛ ئۈچىنچىسىنىڭ كاللىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدا دومىلاپ كەتتى.

— يارايسەن، ئارسلان! — دەپ ۋارقىرىدى بارس تېگىن ۋە ئۆزىمۇ زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئۇجۇقتۇرۇپ، ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. بارس تېگىنمۇ ئۆزىنىڭ بارسلىقىنى[①] كۆرسەتتى.

---

① بارس — يولۋاس (قەدىمكى تۈركىي تىللاردا).

زۇلقەرنەيىن قوشۇنى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە باشلىدى .

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھېلىقى تۆپىلىكتە تۇراتتى . ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر قىزىل ساقاللىق سەركەردىگە يېڭىدىن قوشۇن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا بۇيرۇدى . قىزىل ساقاللىق سەركەردە زاپاستا تۇرغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى .

بارس تېگىن بىلەن ئارسلان يېڭىش بىلەن قاناتلانغان يىگىتلەرنى باشلاپ ، ئۇلارغا ئۇدۇلدىن توسۇپ قاقشاتقۇچ زەربە بەردى . ئايھاي ! باتۇرلارنىڭ باتۇرلىرىنى ئەمدى كۆرۈڭلار !

— ئۇرە !

— ئۇر ! — دەپ ۋارقىرىشاتتى يىگىتلەر . ئۇلار خۇددى توختاتقىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك ئۆز يولىدا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ، يىقىتىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ۋە بىردەمدىلا دۈشمەننى تىرپىرەن قىلىۋەتتى .

يۇنان قوشۇنىنىڭ ھېلىقى قىزىل ساقاللىق سەركەردىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېيتقۇسىز ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى .

— ئادەممۇ بۇلار ، دىۋىمۇ ؟ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ توزۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قېچىشقا يۈزلەندى . بۇ ئارىدا ئارسلان ئۇنىڭ ئىككى قورۇقچىسىنى چېپىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىۋالدى ۋە گەجگىسىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە ، بىرلا سىلكىپ ئېگەردىن يەرگە تاشلىۋەتتى . قىزىل ساقاللىق سەركەردە ئورنىدىن تۇراي دېگۈچە ئارسلان ئۇنىڭ گېلىغا نەيزە ئۇرۇپ يەرگە مىخلاپ قويدى .

قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماستىن :

— ياشا ، ئوغلۇم ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

شۇ تاپتا ئۇ ئارسلاننىڭ بالقىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىگە نارازى بولغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى . «ھېلىمۇ ياخشى ، ئارسلانغا بۇ ھەقتە بىرەر قوپال گەپ قىلىپ قويماپتىمەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئۇ ھەقىقەتەن تارخان① بولۇشقا لايىق يىگىت ئىكەن» .

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە ۋەھىمە بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى خۇددى ئېگىز ئاسماندىن ئوۋ ئۇستىگە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتلەرگە ئوخشايتتى . ئەمدى ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى .

ئاخىر ، زۇلقەرنەين ئالدىراش ئاتلىنىپ ، مەغلۇبىيەتتىن روھى چۈشكەن قوشۇننى باشلاپ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى .

*　　　　*

تونقا بىلگە قاغان غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى «ئالتۇن قان» دېگەن بارگاھتا قىزغىن قارشى ئالدى ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن جەڭچىلەرنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا تەقدىرلىدى . قارا باقشى ئۆگە بىلەن بارس تېگىننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە جەڭگە قاتناشقان بارلىق جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن تەستىقلىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە تارخان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ ، بىر بۆلۈك قوشۇنغا قوماندان بولدى .

شۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين يەنە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يالتىيىپ ، تونقا بىلگە قاغان بىلەن

① تارخان — بىر خىل ھەربىي ئۇنۋان .

سۈلھى تۈزدى .

سۈلھى ئاياغلىشىپ تۈرۈشىغا ، ئاستانىدىن ئەزىز مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى . بارس تېگىن دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئۆز ئانىسى ئاي بىلگە قاتۇن ، ئايالى كۈمۈش تۈزۈن ۋە قارا باقشى ئۆگەنىڭ قىزى بالقىز تارىم باشچىلىقىدىكى مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى . كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئارسلاننىڭ ئاتىسى پېشقەدەم جەڭچى ئالىپ قايىمدۇمۇ بار ئىدى . ئۇلار «ئالتۇن قان» دىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆز قوشۇنىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى .

شۇ كۈنىلا بارس تېگىن ئانىسى ۋە ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، ئالىپ قايىمدۇ بىلەن بىرلىكتە ئارسلاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ قارا باقشى ئۆگەنىڭ ئالدىغا كىردى . قارا باقشى ئۆگە دوستانە كەيپىيات ئىچىدە رازىلىق بىلدۈرۈپ ، قۇدا ۋە ئەلچىگە بىردىن شايى تون تارتۇق قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە تەڭرى تۇغمىش تونقا بىلگە قاغان ۋە ئاي بىلگە قاتۇن ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . قاغان بىلەن قاتۇنمۇ بۇنداق قۇدىلىششقا رازى بولدى . بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقتى . قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ شۇ قەدەر مەرد ، جەسۇرلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە قايىل بولغانىدى . تونقا بىلگە قاغان ئەل ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بۇنداق باتۇرنىڭ ئوردىغا يېقىن بولۇشىنى خوپ كۆردى . بارس تېگىن ئارسلان بىلەن بىر قاچىدىن قىمىز ئىچىشىپ ئۆمۈرلۈك ئاداش[1] بولدى . باتۇرلارنىڭ قەدرىنى باتۇرلار بىلىدۇ ! ئۇلار توي مۇراسىمىنى غالىبىيەت مەيدانى بولۇپ قالغان مۇشۇ «ئالتۇن قان» دا ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى .

شۇنداق قىلىپ ، داغدۇغا ئىچىدە توي بولدى . يىگىتلەر

---

[1] ئاداش — دوست (قەدىمكى تۈركىي تىلدا) .

ئارسلانغا زەرباپ تون كىيگۈزۈشتى ، قىزلار بالقىزغا ئالتۇن ۋە ئۈنچىدىن ياسالغان گۈلتاج كىيگۈزۈشتى . مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەن يىگىت بىلەن قىز چەكسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە چىملىق ئۈستىگە هازىرلانغان سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . بارس تېگىن بىلەن كۈمۈش تۇزۇن ئۇلارغا هەمراھ بولدى . توي سورۇنىدا جەم بولغانلارنىڭ هەممىسى يىگىت ـ قىزنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەشتى .

— باتۇر ئارسلان تارخانغا قۇت بولسۇن !

— گۈزەل بالقىز تارىمغا قۇت بولسۇن !

جەڭچىلەر ئاياقلارغا[1] مەي تولدۇرۇپ ئىچىشتى ۋە پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ جەڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىشتى . بىر توپ يىگىت ـ قىزلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ، ئۆملۈك ئۇسسۇلىنى ئويناشتى .

چوڭ ـ چوڭ چېدىرلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرغان ئاقساقاللار قىمىز ئىچىشىپ يىگىتلەرنى ماختىشاتتى ۋە ئۆزلىرى ياش چاغلىرىدا قاتناشقان شانلىق جەڭلەرنى ئەسلىشەتتى .

1983 ـ يىل ماي

① ئاياق — مەي ئىچىلىدىغان قاچا ، قەدەھ .

# يېڭى دوست ۋە كونا دوست

ئىشتىن قايتىپ بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاسىم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇچراشقاندىن كېيىن سالاملاشمىسا بولمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا سالام بەرسەم دىلىمغا ئازار يېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىز مۇشۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن قاسىم دېگەن بۇ سالاپەتلىك كادىر بىلەن قوشنا بولۇپ قالدۇق. ئۇلار تۆتىنچى قەۋەتتە، بىز بەشىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىمىز. قوشنا بولغاندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ قالىدىكەنمىز. ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن سالام بېرىمەن. توغرا، بۇنداق چاغلاردا ئۇمۇ سالام قايتۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ سالاملىرىنى سالام دېيىشكە بولامدۇ، بولمامدۇ؟ مەسىلە ئەنە شۇنىڭدا، مەن ئوچۇق چىراي بىلەن سالام بېرىمەن. ئۇ بولسا، گوياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىغاندەك «ئۇلۇغۋار» قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ ياكى بولمىسا، غۇدۇڭشىغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا «ياخشىمۇسىز» دەپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر قېتىم كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇ ھەتتا مېنى پۈتۈنلەي كۆرمىگەنگە سېلىۋالدى. ئاخىر مەنمۇ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە چىراي ئاچمايدىغان بولدۇم. ناۋادا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئۆز لايىقىدا كۆرۈشۈپ قويىمەن؛ ئارىلىقىمىز سەل يىراقراق بولسا، مەنمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

مانا ھازىر قېرىشقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىنانىڭ ئالدىدىلا

ئۇچرىشىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان ! مەن قەدەملىرىمنى ئاستىلاتمايلا :

— ياخشىمۇسىز ، — دەپ قويدۇم .

ھالبۇكى ، شۇئان ئەجەبلەنگەن ھالدا توختاپ قالدىم . مەن ئۇنىڭ بۇنداق كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئۇنىڭ بۇنداق خۇش پېئىل ، بۇنداق دوستانە كەيپىياتتا سۆزلىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم !

— ياخشىمۇسىز ، ئەركىن ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ ئىشتىن قايتىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ خۇشخۇي ھالدا ، — بىر بىنادا تۇرۇپ زادىلا كۆرۈشەلمەيمىزغۇ ؟ ئارىلىشىپ ئۆتەيلى ، ئۆيلەرگە كىرىڭ . بىزمۇ سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرەيلى دەپ نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلدۇق ، ھېچ ئېپى بولماي كەتتى ، ئەمدى كىرىمىز . مۇناسىۋەتنى باشلىۋالايلى . . .

ئۇ يەنە بىرمۇنچە سۆزلىدى . ئۆزىنىڭ مېھماندوست ئىكەنلىكىنى ، ئۇلپەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى ، «پۇلۇڭ مىڭغا يەتكۈچە ، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دېگەن ماقالنى ئەسلىتىپ ئۆتتى . . .

مەن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ ، نېمە دېيىشىمنى ، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم . ئاخىر ئۇنىڭ گەپلىرىگە يارىشا مەنمۇ ئانچە - مۇنچە جاۋاب قايتۇرغان بولدۇم .

«ئۇنىڭ مۇئامىلىسى نېمە ئۇچۇن توساتتىنلا بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغاندۇ ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ . مەن پەقەت ئۆز ئۆيۈمگە كىرگەندىن كېيىنلا بۇ سىرنىڭ تېگى - تەكتىگە چۈشىنىپ يەتتىم . ئىچكىرىكى ئۆيدە قاسىمنىڭ ئايالى مېنىڭ ئايالىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەجەبا ، ئۇلار بۇگۈنگە قەدەر تېخى سۆزلىشىپ باقمىغانىدى ! ئۇ ئايال مېنىڭ كىرگىنىمنى تۇيماي ، زوق - شوخ بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەۋاتاتتى :

— . . . «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن گەپ بار . قولۇم ـ قوشنا ياخشى بولسا كۆڭلەرمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ . . . سىلەر كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەجەب ياخشى كىشىلەر بىلەن قوشنا بولىدىكەنمىز دەپ خۇشال بولدۇق . بىراق ، نېمە ئىشتۇ بۇ ؟ تېخىچىلا تونۇشۇپ ئارىلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدىمىزغۇ تاڭ !

بۇ ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىكى بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى گويا بۇلۇتلار ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىققان ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك روشەنلەشتى :

— ئەركىننى باشقارما باشلىقى بولدى دەپ ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇق . بىز بۇ گەپنى تېخى ئاخشاملا ئاڭلىدۇق . . .

ئۇ قىزغىن كەيپىياتتا سۆزلىمەكتە . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىزنى كۆرمىدى ، ئىنساننى كۆرمىدى ، پەقەت ئاتىلىشى جاراڭلىق ئاڭلىنىدىغان «باشقارما باشلىقى» دېگەن قالپاقنىڭ ئەكس تەسۋىرىنى كۆردى !

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئايالىم بۇ قوشنىلارنىڭ يېڭىچە ئۆزگىرىشىدىن ھەيران بولۇپ سۆزلەشكە باشلىغانىدى ، مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم :

— قويغىنا ، بۇ گەپنى . يۈر ، ئىسمايىللارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېلەيلى .

ئىسمايىل مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستۇم . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام روھىم كۆتۈرۈلۈپ ، كىشىلىك دۇنياسىدىكى تۈرلۈك غەملەرنى ئۇنتۇپ يايراپ كېتىمەن . شۇڭا ، بىرەر مۇشكۈل مەسىلە ياكى كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسام ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېلىشنى ياخشى كۆرىمەن . ئىسمايىل ئۆزى خۇش چاقچاق ، پاراڭچى ، كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان غەمگۈزار .

بىراق ، ئۇنىڭغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايىدا ۋە ئومۇمەن ئۆزىنى تۇتۇشىدا باشقىچە ئالامەتنى سەزدىم . ئۇ بىزنى كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدىيۇ ، ئەمما كەيپى بۇرۇنقىدەك تەبىئىي ئەمەس ؛ ئەدەپ - قائىدە بويىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردىيۇ ، ئەمما مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدەك ئەركىن ۋە قىزغىن ئەمەس .

— بالىلىرىڭ ياخشى تۇردىمۇ ؟ — سوراپ قويدى ئىسمايىل بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن .

— ياخشى ، سىلەرنىڭ ئادىلجانمۇ ياخشى تۇرغاندۇ ؟ — سورىدىم مەن .

— ياخشى . بايا ئۇخلاپ قالغانىدى .

شۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىمىز جىمىپ قالدۇق . گەپ - سۆزلىرىمىز تازا باغلاشمايۋاتاتتى . ئەجەبا ، بۇنداق ئەھۋال ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەسلا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس !

— ئىشلەۋاتامسەن ؟ — يەنە سوراپ قويدى ئۇ .

— ئىشلەۋاتىمەن . سەنمۇ ئىشقا چىقىۋاتقانسەن ؟

— ھەئە .

ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى . مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدىم . «ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇممۇ ؟ رەنجىتىپ قويدۇممۇ ؟ » دەپ ئويلاشقا باشلىدىم .

شۇ ئەسنادا نېرىقى ئۆيدە داستىخان تەييارلاۋاتقاچ سۆزلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .

— ئەركىن باشقارما باشلىقى بوپتۇ - ھە ؟ — سورىدى ئىسمايىلنىڭ ئايالى قانداقتۇر بىر سەھنە ئەسىرىنى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان ئارتىسنىڭ سۆزىنى ئەسلىتىدىغان ئاھاڭدا .

— ھەئە ، — جاۋاب بەردى ئايالىم .

«يائاللا ، باشقارما باشلىقى بولۇپ بالاغا قالدىممۇ نېمە ؟ — دەپ ئويلىدىم مەن ، — خىزمەت ئورنۇمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن

تونۇشقاندىن بېرى تۆت ئېغىز پاراڭ سېلىشىپ باقمىغان قوشنام دوستلۇق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلـــلدى ، ئەمدى بۇ قەدىناس دوستۇم بولسا ، ئەكسىچە . . . »

ھالبۇكى ، بۇ تېپىشماقنىڭ ئاخىرى يېشىلدى . ئىسمايىلنىڭ ئايالى ئەمدى رەسمىي سەھنىدە بىر تىياتىر قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئويناۋاتقان ئارتىستەك ئاۋازىنى ئالاھىدە بىر خىل چىقىرىپ مۇنداق دېدى :

— بىزنىڭ ئىسمايىل ئىدارە باشلىقى بولدى !

ئىدارە باشلىقى ! . . . ھە ، ئەمدى بىلدىم ، ئەمدى چۈشەندىم ! ئىجتىمائىي ئورنىمىزنىڭ بىر ئۆزگىرىشى بىلەنلا يېڭى قوشنام دوست بولدى ، كونا دوستۇم يات بولدى !

1984 - يىل ئاۋغۇست

# تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى

مەن بۇ ھېكايىنى 1972 ـ يىلى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ناسىر ئۇستام بىلەن شېرىكلىشىپ تاشچىلىق قىلاتتىم.

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە، تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇلانباي تاشچىلىق مەيدانى بەئەينى تونۇرغا ئوخشايدۇ. قىزىپ كەتكەن ئۇيۇلتاشنىڭ چوغدەك ھارارىتى ئادەمنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈپ، نەپەسنى بوغىدۇ. قاقاس تاغ باغرىدا ئاپتاپتىن پاناھ بولغۇدەك ئالىقانچىلىكمۇ سايىۋەن تېپىلمايدۇ.

ئاپتاپ ۋە شامالدا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن يېرىم يالىڭاچ بەدىنىمدىن تەر شۇرقىراپ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قولۇمدىكى يىگىرمە قاداقلىق بازغاننى چىڭ تۇتۇپ، ساندۇقتەك چوڭلۇقتىكى گرانىت تاشنى ئۇرۇپ پارچىلاشنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. مەن ناسىر ئۇستامنىڭ مېنى بوشاڭ ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن خىجىل بولاتتىم.

— بولدى، قوي؟ قورساقتا كىچىككىنە بىرنېمە يەۋالايلى.

بۇ ئاشۇ ناسىر ئۇستامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ھەمىشە مېنىڭ چارچىغانلىقىمنى بايقىغاندا شۇنداق دەيتتى. مەن بازغاننى يەرگە قويۇپ، تېلىپ كەتكەن بېلىمنى تەستە تۈزلەپ، ئېغىرلاشقان قەدەملىرىم بىلەن ئىرغاڭلاپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردۇم.

— يەپ تۇر، بەك تۇر، دېگەن گەپ بار، — دېدى ناسىر ئۇستام بوغچىسىدىن سۇدان ۋە زاغرا نانلارنى چىقىرىپ.

مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز تۇردە زوقۇم كېلەتتى. ئۇ ئوتتۇرا بوي بولۇپ، قۇيۇپ قويغاندەك تولۇق ۋە چىڭ ئىدى. گەرچە قويۇق ئۆسكەن بومبا ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ،

ساغلاملىقىدىن قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزلىرىدە كۆزگە چېلىققۇدەك قورۇق يوق ئىدى. نۇرلۇق قوي كۆزلىرىدە قىلچە قېرىلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەرقانچە ئېغىر ئەمگەك قىلسىمۇ، ھارغان - ھارمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

—ناسىر ئاكا، سىلى ياش ۋاقىتلىرىدا تازا نوچى بولغىيتىلە - ھە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

قېرى تاشچى خۇددى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك، بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن قىياپەتتە بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ قالدى، ئاندىن ھەر دائىمقىدەك ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— بىزلەر ياش چاغلىرىمىزدا تازىمۇ قارام لۈكچەكلەردىن ئىدۇق، جۇمۇ. مەنمەن دېگەن نوچىلار بىلەن مۇشتلىشىپ تۇرىدىغان، مۇشتلاشقاندىمۇ ھېچقاندىقىغا بوش كەلمەيدىغان... لېكىن، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا چىقتى؟

ئۇ يەنە بىرئاز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دوپپىسىنى بېشىغا كىيىۋېلىپ يانپاشلىدى.

— لۈكچەكلىكتىن پايدا يوق، — دېدى ئۇ ۋە يەنە بىرئاز جىم بولغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئادەم بولسا بىزنىڭ ئۇرايىمئاخۇندەك بولسا بولىدۇ.

ئۇ «ئىبراھىم» دېگەن ئىسمنى «ئۇرايىم» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى.

— ئۇرايىمئاخۇن دېگەنلىرى كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ناسىر ئۇستام چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى - دە، قايتىدىن چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر باشقىچە ھاياجانلىنىش سېزىلدى.

— بىزنىڭ تۇرپاندا ئۇرايىمئاخۇن دېگەن بىر يىگىت بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — يىگىت بولغاندىمۇ ئاجايىپ يىگىت ئىدى جۇمۇ!

بۇ كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق قېرى تاشچىنىڭ شۇنچە زوق

بىلەن بېرىلىپ سۆزلىشىنى مەن تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم . ئۇ سۆزلىگەنسېرى جانلىنىپ تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى :

بىز ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدە يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى بىر مەھەللىدە بىللە ئۆسكەنىدۇق . ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئاددىي دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى . ئۇرايىمئاخۇننىڭ ئاتىسى رەھمەتلىك گايىت ئاكام ئۆزى دېھقان بولسىمۇ ، كىتاب كۆرىدىغان موللا ئادەم ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئوغلىنى تېخىمۇ چوڭراق موللا بولسۇن دەپ ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى . شۇ كەتكەنچە ئۇرايىماخۇن ئۇزۇن يىللارغىچە تۇرپانغا كەلمىدى . كېيىن ئۇقساق ، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى كاتتا مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئەپەندى بولۇپ ، قايسىدۇر بىر ئىدارىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپتۇ .

1947 - يىلى ياز كىرىشى بىلەن ئۇ يالقۇنتاغقا قايتىپ كەلدى . بىز ھەممىمىز بۇ كاستۇم كىيىپ ، چاچ قويۇۋالغان سالاپەتلىك ئەپەندىنى كۆرۈپ ، بىز بىلەن بىللە يايداق ئاتقا مىنىپ ، پادا بېقىپ يۈرگەن ھېلىقى يالاڭ ئاياغ ئۇرايىمنى تونۇيالمايلا قالدۇق . ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ ، زىيادە گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق . ئەمما ، ئۇ باشقا ئەپەندىلەردەك ئۇنداق ھاكاۋۇر ئەمەس ئىدى . بىزلەر بىلەن ئوچۇق - يورۇق سالاملىشىپ ، ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ، بۆلەكچىلا قىزىق پاراڭلارنى سىلىپ بېرەتتى . بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىشىپ ، بۇرۇنقىدەكلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشۇپ كەتتۇق .

بۇ چاغدا تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرىدە تازا مالىمانچىلىق بولۇۋاتاتتى . بىر توپ قوراللىق ئادەم سىڭگىم تاغلىرىغا چىقىۋېلىپ ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ . ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەردە گومىنداڭچىلارغا تېگىش قىلىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر چىقتى . يالقۇنتاغ ۋە سىڭگىم ئەتراپىدىكى جايلارغا ھەربىيلەر تولۇپ كەتتى . ساقچىلار ھە دېسىلا «سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئوغرىلار بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ ئادەم تۇتقىلى تۇردى . پۇقرالار يىراق - يېقىنغا بارالمايدىغان ، ئەتىسى - ئاخشىمى تالا - تۈزگە چىقالمايدىغان

بولۇپ كەتتى .

بۇ ئىشلارغا قاراپ ئىچىم قايناپ ، ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ يۈرەتتىم . بىر كۈنى گۆگۈم چۈشكەن مەھەللىدە ئۇرايىمئاخۇن ئىككىمىز ئىشىك ئالدىدا تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتۇق . ئۇشتۇمتۇت نېرىقى كوچىدىن مىلتىق ئاسقان بىر ئەسكەر چىقىپ كېلىپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم سېلىپ كەتتى . ئولتۇرغان يېرىمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن .

— ھە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇرايىمئاخۇن .

— كۆردۈڭمۇ ، ئاۋۇ بىر نېمە ئۈستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ ، — دېدىم مەن ھېلىقى ئەسكەرنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىپ .

— ئۈستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتسا نېمە بوپتۇ ؟ — دېدى ئۇرايىمئاخۇن ۋە پەيلىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بىلىكىمدىن چىڭ تۇتۇۋالدى .

— شۇ يەرگە بارغاندا ئۇ گۈيتۇزىنىڭ گېلىنى بوغۇپلا ئۈستەڭگە تاشلىۋېتىپ ، مىلتىقىنى ئېلىپ قاچىمەن ، سىڭگىم ئېغىزىغا كېتىمەن ، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ .

— ساراڭلىق قىلما ، ناسىر ، — دېدى ئۇرايىمئاخۇن ۋە بوينۇمدىن قامال‌لىۋېلىپ ، مېنى سۆرەشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇرايىمئاخۇن ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى . ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئىنقىلاب ، مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ ماناسقا كەلگەنلىكى ، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە يەنە كۆپ ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىپ بەردى .

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىزمۇ ئاز - تولا قورال تېپىشنىڭ كويىغا چۈشمەيمىزمۇ ؟ — دېدىم مەن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ .

— بۇ ئۆيىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ، — دېدى ئۇرايىمئاخۇن ۋە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى ، — سىنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىشقا بولمايدۇ .

— ئەمىسە قانداق قىلساق بولۇر ؟

— مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىش كېرەك ، — دېدى ئۇ ۋە ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى .

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدىم .

— پەيتى كەلگەندە ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدى ئۇ ۋە ئارتۇق سۆز قىلمىدى .

مەن ئۇنى ھەرقانچە قىستاپ باقساممۇ ئۇ زادىلا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى . ئۇ ئاخشام شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى . ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇرايىمئاخۇن بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى . تام تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتۇق .

— يادىڭدا بارمۇ ؟ مەن «پەيتى كەلگەندە ساڭا دەيدىغان گېپىم بار » دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ .

— يادىمدا بولمايچۇ ، — دېدىم مەن ، — ھە ، قانداق گەپ ئۇ ؟

— ئىشەنچلىك ئادەملەر بىلەن قىلىدىغان بىر ئىش بار ، — ئۇرايىماخۇن شۇنداق دەپ قويۇپلا يەنە جىمىپ قالدى .

— قانداق ئىشىڭ بولسىمۇ پوسكاللىسىنى ئېيتامسەن .

ئۇرايىمئاخۇن گەپىنى قانداق باشلىسام بولار دېگەندەك قىلىپ بىرئاز ئويلىنىپ قالدى ، ئاندىن مېنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ ، يەنە بوش ئاۋازدا :

— بىر يەردىن ئېلىپ چىقىدىغان مال بار ، — دېدى .

— مال ؟ — سورىدىم مەن ئۇنى چۈشىنەلمەي ، — قانداق مال ئۇ ؟

«ئۇنى ئاڭلىق ، ياخشى ئادەم دەپ ھۆرمەتلەپ يۈرسەم ، ھارام مالنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىنى قارىغىنا !» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە

ئۇنىڭدىن رەنجىپ .
— قانداق ؟ قورقامسەن ؟ — دېدى ئۇ يەنە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ .
مەن گەپ قىلماستىن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدىم ، ئۇرايىمئاخۇن قولۇمدىن قوپاللىق بىلەن تارتىپ يەنە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە :
— ئۇ مالنى كۆرسەڭ چوقۇم خۇش بولىسەن . . . — دەپ قايتا سۆز باشلىغانىدى ، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم :
— خاپا بولمىغىن ، ئۇرايىمئاخۇن ، ئۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن . لۇكچەكلىكىمگە قاراپلا مېنى كانتولۇق قىلدۇ دەپ ئويلىمىغىن . كەمبەغەل بولسامۇ ، بىر پارچە نېنىمنى ھالاللاپ يەپ كېلىۋاتىمەن . ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىنمۇ كانتو چىقمىغان .
— ئەمىسە ، ئۈستەڭ بويىغا كېتىۋاتقان ئەسكەرنىڭ گېلىنى بوغۇپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دېدى ئۇرايىمئاخۇن يەلكەمگە شاپىلاقلاپ قويۇپ .
مەن ئۇنىڭ تەنە قىلىۋاتقان ياكى چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي :
— ئۇ دېگەن . . . — دېدىم - دە ، ئۇشتۇمتۇت كۆڭلۇمدىن بىر نەرسە كەچكەندەك بولۇپ ، دەرھال سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم ۋە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇرايىمئاخۇنغا تىك بېقىپ قارىدىم .
— سەن ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ قاچماقچى ئەمەسمىدىڭ ، — دېدى ئۇ يەنە سىرلىق ئاھاڭدا .
— ئۇرايىمئاخۇن ، سېنىڭ مال دېگىنىڭ مىلتىقمىدى ؟ — مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىپ سورىدىم .
— توغرا ، مىلتىق ، قورال !
ئۇرايىمئاخۇن ئەمدى ماڭا كۈلۈپ قارىدى .
— باشتىلا شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ . ئۇنداق ئىشىڭ بولسا مانا مەن تەييار ، جېنىمنى تىكىپ قويدۇم ، — دېدىم مەن مەيدەمگە

ئۆرۈپ ، — ھە ، قېنى ئېيتقىنا ، قورالنى قەيەردىن ئالىمىز ؟ قاچان ؟

— بۈگۈن چۈشتە . قەيەردىن ئالىدىغانلىقىمىزنى شۇ چاغدا كۆرسەن .

— ئاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز ؟

— ئاندىن كېيىن سىڭگىم ئېغىزىغا كېتىمىز .

شۇنداق قىلىپ ، پېشىن ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى . يولغا چىقىش ئالدىدا ئۈرايىمئاخۇنلارنىڭ ئۆيىدە ئوبدان غىزالىنىــــۋالدۇق . ئۈرايىمئاخۇننىڭ ئاتىسى گايىت ئاكام قاتتىــــق ھەسرەتلەنگەن بولسىمۇ زارلانمىدى . ئەكسىچە ، ئۇ بىزنى ئالدىرىتاتتى .

— چاپسان بولۇڭلار ، بالىلىرىم ، تېزرەك كېتىۋېلىڭلار . ئەمدى بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى . بۇ قانخورلار ھامان سىلەرنى تۇتقىلى كېلىدۇ ، تېزرەك كېتىۋېلىڭلار . تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا نېرىقى مەھەللىدىكى ياسىنقارىنىڭ ئىككى ئوغلىنـــى بىراقلا تۇتۇپ كېتىشتى ، — ئاندىن گايــت ئاكام مېنىـــڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ تاپىلىدى ، — ئوغلۇم ناسىر ، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان ، ئۆزىمىزنىڭ بالىمىزغا ئوخشاش . ئۈرايىم بىلەن ئىككىڭلارمۇ خۇددى ئاغا ـ ئىنىدەك بىللە ئويناپ ئۆسكەن . بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار . ئۈرايىم شەھەردە كۆپ تۇردى . قاتتىق ـ قۇرۇق ، مۇشكۇللۇكلەرگە كۆنەلمەي قالسا ، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولۇرسەن .

— غەم قىلمىغىن ، گايىت ئاكا ، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — مەن ناسىرنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ . ئۈرايىمئاخۇن مەن بىلەن بىللە بولسا ھېچقانداق جاپا تارتمايدۇ دېسىنا . مەن ئۇنىڭ سايىسىدەك نەگە بارسا يېنىدىلا بولىمەن .

ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن ئاتا ـ بالىغا قاراپ ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى . بولۇپمۇ ، ئۈرايىمئاخۇننىڭ ئانىسى سەيدىخان ئايالمىنىڭ يىغىسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى . شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ يېتىملىكىمگە ئىچىمدە شۈكۈر قىلدىم . ئاتا ـ ئانام ھايات بولسا ،

ماڭمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىش قانچىلىك مۇشكۇل بولۇردى !

— سەۋر قىل ئانىسى ، يىغلاۋەرمە . باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن . يىغلىما ، ئۇلارغا ئامانلىق تىلىگىن ، دۇئا قىلغىن ، — دەيتتى گايىت ئاكام بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن سەيدىخان ئايلامغا تەسەللى بېرىپ .

— ماقۇل . . . ماقۇل . . . — دەيتتى سەيدىخان ئايلام ۋە ئۆزىنى باسالماي يەنە يىغلاپ كېتەتتى ، — ماقۇل ، ئاق يول بولسۇن ، جېنىم بالىلىرىم ، قادىر ئاللاغا تاپشۇردۇم . . . يۈرىكىم بالام ئۇرايىم . . . خۇدايىمغا تاپشۇردۇم . . .

بىز خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئۇزاققىچە گايىت ئاكام بىلەن سەيدىخان ئايلامنىڭ چىرايلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى . كېتىۋېتىپ ئۇرايىمئاخۇنغا قارىسام ، ئۇنىڭمۇ بېشى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ . كىم بىلسۇن ، ئاتىسىنىڭ قۇچاقلاشلىرى ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتكەندۇ ، ئانىسىنىڭ سۆيۈشلىرى ئۇنىڭ ماڭلىيىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندۇ . ئاھ خۇدا ، بىز خەققە نېمە تارتقۇلۇق بۇ !

شۇ خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ، نەگە كېتىۋاتقىنىمىزغا دىققەت قىلماپتىمەن . بىر چاغدا قارىسام ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇق .

— ئۇرايىمئاخۇن ، ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇققۇ ، — دېدىم مەن ھەيرانلىقتا .

ئۇرايىمئاخۇن جاۋاب بەرگۈچە ، يالقۇنتاغدىكى ھەممە ئادەم تونۇيدىغان تۇرسۇن ساقچى ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى ـ دە ، بىزنى ئالدىراتقىلى تۇردى :

— بولۇڭلار ، بولۇڭلار ! مەن سىلەرنى ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاخ . باشقا ساقچىلار چۈشلۈك تاماققا چىقىپ كېتىشتى ، تېز بولايلى .

— قوراللارنى تەييارلاپ قويدۇڭمۇ ؟ — سورىدى ئۇرايىمئاـ خۇن ساقچى ئىدارىسى ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن .

— ھەممىنى تەخلەپ قويدۇم ، — دېدى تۇرسۇن ساقچى ۋە بىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى .

— ئاتلارچۇ ؟ — يەنە سورىدى ئۇرايىمئاخۇن .

— ئاتلارمۇ تەييار ، ئېگەرلەپ قويدۇم .

بىز ئىككى تاغارغا تىقىپ ، تېڭىپ قويۇلغان ئىككى ئاپتومات ، سەككىز مىلتىق ۋە بىر خۇرجۇن ئوقنى كۆتۈرۈپ چىقتۇق ـ دە ، ھويلىنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى ئاتخانىغا كىردۇق . قۇراللار بىلەن ئوقلارنى ئۈچ ئاتقا بۆلۈپ تاڭدۇق ۋە شۇ ئۈچ ئاتقا مىنىپ تىكىۋەتتۇق . ئىشىمىزنىڭ مۇنداق ئوڭۇشلۇق باشلانغىنىدىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ كەتتىم .

— ھەي ، دوستۇم تۇرسۇن ، دېگەنىبىلەن ئوغۇل بالا ئىكەنسەن جۇمۇ ! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن چۆلدە ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ .

تۇرسۇن ساقچى گەپلىرىمنى ئاڭلىدىمۇ ، ئاڭلىمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ماڭا قاراپ قويۇپلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋەردى .

شۇنداق قىلىپ ، سىڭگىمگىمۇ يېتىپ كەلدۇق . تاغ ئۈستىگە چىقىپ پارتىزانلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق . ئابدۇراخمان مۇھىدى ئەپەندى بىزنى قارشى ئېلىپ ، ئۈچىمىز بىلەن قول ئېلىشتى . بىز ئېلىپ كەلگەن قوراللىرىمىزنى ئابدۇراخمان ئەپەندىگە تاپشۇردۇق . ئۇ ، ئىككى ئاپتوماتنى ئۇرايىمئاخۇن بىلەن تۇرسۇن ساقچىغا ، بىر مىلتىقنى ماڭا تۇتقۇزدى . قالغان مىلتىقلارنى باشقا پارتىزانلارغا تارقىتىپ بەردى .

— ھە ، ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇرايىمئاخۇن ، قولۇمدىكى مىلتىققا ھەۋەسلىنىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ .

— مەقسەتكە يەتتىم دېسىنا ، ئۇرايىمئاخۇن ، — دېدىم مەن ، — ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن ـ دە ! بۇ ئىشنى تازىمۇ بەلەن توغرىلاپسەن جۇمۇ . ھەي ، بۇ مىلتىقنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرمەمسەن !

ئۆپچۆرەمگە قارىسام ، پارتىزانلار ئىچىدە مەن تونۇيدىغانلارمۇ

ئاز ئەمەس ئىكەن . سالاملاشتۇق ، ئەھۋاللاشتۇق . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپمۇ داۋۇت ئاكامنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇش بولدۇم . بۇ ئاقساقال پالگان بىز تېخى كىچىك چاغلىرىمىزدا تۇمۇر سىلىڭغا ئەسكەر بولۇپ ئاقسۇ ، قەشقەرلەرگە بارغان ؛ كېيىن يارىدار بولۇپ ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن ؛ يېقىندا قولغا ئېلىنىپ ، يەنە قېچىپ كەتكەنىدى . مانا ئەمدى سىڭگىمگە كېلىپ ئۇنى يەنە كۆردۇم .

— ھە ناسىر ، سەنمۇ ئۆيدە ئولتۇرالماي قاپسەن ـ دە ، — دېدى ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ .

— ھەي داۋۇت ئاكا ، جاھاندا مەنلا گاڭگۇڭ دەپ ئويلىغانمىدىڭ ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سۆز ياندۇرۇپ ، — ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئادەم بۇ كۇنلەردە قانداقمۇ ئۆيدە ئولتۇرالىسۇن .

— بولدى ، زىيادە پاراڭ سالما . جەڭ بولغاندا مۇشۇ گېپىڭدە تۇرالىساڭ ھېساب ، — دېدى داۋۇت پالگان ۋە يوغان مۇشتى بىلەن مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدى .

بۇ يەرگە توپلانغان پارتىزانلار خېلى كۆپ ئىدى . ئالاھازەل مىڭدىن ئاشاتتى . لېكىن ، قورالنىڭ ئىشى چاتاق ئىكەن . قورال تۇتقانلار ئاران ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك بولۇپ ، ئۇلارنىڭمۇ بىرمۇنچىلىرى كونا ئوۋ مىلتىقلىرىنى ۋە بەدەۋلەتنىڭ دەۋرىدىن قالغان قارا مىلتىقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشەتتى .

— كېرەك يوق ، قېرىنداشلار ، قورالنى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىۋالىمىز ، — دەيتتى ئابدۇراخمان مۇھىدى پارتىزانلارنى رىغبەتلەندۇرۇپ .

بىزمۇ ، ئەلۋەتتە ، شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدۇق . ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي مەشىق قىلدۇق ، مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەندۇق . پات ئارىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۇتۇپ تەييارلىق كۆردۇق .

دېگەندەك ، بىز كېلىپ ئۈچ كۇن ئۆتكەندە گومىنداڭچىلار ھۇجۇم قوزغىدى .

— قورال تۇتقانلار ئالدىغا ئۆتۈپ ، جەڭگە تەييارلىنىڭلار !

قورالى يوقلار ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار ! — ئابدۇراخمان مۇھىدى بۇيرۇق بەردى .

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پىلىموت ۋە ئاپتوماتلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ ، «سا ! سا !» دەپ سۈرەن سېلىپ ، بىز تۇرغان تۆپىلىككە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى .

— ئېتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇاخمان مۇھىدى .

پارتىزانلار قوراللىرىنى ئىشقا سالدى . راستىنى ئېيتسام ، دەسلەپىدە سەل قورققاندەك بولدۇم . تومۇز ئاپتىپىدا قىزىپ كەتكەن قۇمغا مەيدەمنى يېقىپ ، چوقچىيىپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ تۈۋىدە ياتاتتىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپرەك قاراپ باقسام ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭچىلارنىڭ سانى يوق . ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى باشلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى ، ئەتراپىمىزدىكى قۇم ۋە تاش پارچىلىرىنى چاچرىتىپ ئۇچۇرتاتتى . يېنىمغا قاراپ باقسام ، ئۇرايىمئاخۇن بىلەن تۇرسۇن ساقچى ئاپتوماتلىرىنى تاراسلىتىپ ئېتىشىۋاتىدۇ . ئەنە ، ئاقساقال داۋۇت پالگانمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن مىلتىقىنى بەتلەپ ، ئالدىرىماي قارىغا ئېلىپ ئېتىۋاتىدۇ . «ھەي ناسىر ، مۇشۇنداق شۇمشىيىپ ياتقىنىڭنى ئۇلار كۆرسە نومۇس ئەمەسمۇ ! قېنى ، سېنىڭ ئەركەك بولۇپ قالغىنىڭ !» دەپ ئىچىمدە ئۆزۈمگە كايىدىم ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن مىلتىقىمنى توغرىلاپ ئاتتىم ، ئاندىن يەنە ئاتتىم ، يەنە ئاتتىم . . . قوللىرىمنىڭ تىترىشى ۋە يۈرىكىمنىڭ سېلىشى ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى .

ئېتىشماق راسا قىزىپ كەتتى . ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەردىن بىرنەچچىسى يىقىلغىنىچە قىمىر قىلماي يېتىپ قالدى . بىز تەرەپتىنمۇ بىرنەچچە كىشىگە ئوق تەگدى . ئارقىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان كىشىلىرىمىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ، قۇربان بولغان ۋە يارىلانغانلارنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ جەڭگە چۈشتى .

دۈشمەنلەر گاھ يېتىۋېلىپ ، گاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ خېلى

كۆچەپ باقتىيۇ ، ئامال قىلالمىدى . بىزلەر قىلچە تەۋرەنمەستىن شۇنداق بابلاپ ئاتقىلى تۇردۇقكى ، ئاخىر ئۇلار بىر تالاي ئادىمىدىن ئايرىلىپ ، چېكىنىپ كېتىشتى . تۆۋەنگە قارىسام ، سوزۇلۇپ ، تۈگۈلۈپ ، ئوڭدا ـ دۈمدە ياتقان ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

لېكىن ، ئىش بۇنىڭ بىلەن پۈتمىدى .

— قاراڭلار ، يەنە باشقا ئەسكەرلەر كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى بىر ياش پارتىزان قولى بىلەن يىراقتىكى تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ .

دەرۋەقە ، كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتىكى شۇ تۆپىلىككە قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئەسكەرلەر كۆرۈندى .

— ئاران بىرنەچچىلا ئادەمغۇ ، — دېدى يەنە بىر پارتىزان .

ئاشۇ بىرنەچچە ئەسكەر نوكەشتەك بىرنېمىنى تىكلەپ قويۇشتى .

— قانداق بىرنېمە ئۇ ، ئۇرايىمئاخۇن ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— مىناميوت ، — دېدى ئۇرايىمئاخۇن شۇ ياققا كۆز تىكىپ ، — ئەمدى مىناميوتچىلارنى يۆتكەپ كېلىشىپتۇ ـ دە .

مىناميوت دېگەننى مەن تېخى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ، كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم . «قېنى ، قانداق قىلۇركىن بۇ بىرنېمىسىنى» دەپ قاراپ تۇرسام ، بىر ئەسكەر ھېلىقى مىناميوت دېگەن نوكەشنىڭ ئاغزىغا ھاراق بوتۇلكىسىدەكلا بىرنېمىنى سالاۋېرىۋىدى ، بىر تۇرغان تۆپىلىككە بىر مىنا چۈشۈپ شۇنداق پارتلاپ كەتتىكى ، قۇم ۋە تاشلارنى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ئۇچۇرۇپ كەتتى .

— يېتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇرايىمئاخۇن . پارتىزانلار ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ ، دالدا بولغۇدەك جايلارغا يېتىۋېلىشتى .

ئەسلىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تىكلەپ قويۇلغان مىناميوتلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىكەن . ئەتراپىمىزغا مىنالار كەينى ـ كەينىدىن چۈشۈشكە باشلىدى . قۇلاقنى يارغۇدەك پارتلاشلار ھەممە يەرنى

قاپلاپ كەتتى . شۇ مىنامىيوت دېگەن نېمىلەر بىزنى بەك ۋەيران قىلىۋەتتى . ئەسلىي قورالنىڭ كاتتىسى شۇ ئىكەن جۇمۇ ! قولىمىزدىكى ئازغىنە ئاپتومات ، مىلتىقلار بىلەن ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولسۇن !

دەھشەتلىك پارتلاشلار ئىچىدىن يارىدار بولغان پارتىزانلارنىڭ ئىڭراشلىرى ، قالايمىقان ۋارقىراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى . بىرمۇنچە ئادەملىرىمىز قازا تاپتى . مىنالار توختىماي چۈشۈۋەردى .

يېقىن جايلاردا پارتلىغان مىنالار ئۈستىبېشىمنى قۇمغا كۆمۈۋەتتى . مەن يەرگە يېپىشىۋېلىپ ، ئىمان ئېيتىپ ئەجىلىمنى كۈتۈپ ياتاتتىم . ئۇشتۇمتۇت پارتلاشلار توختاپ قالدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەنە بىز تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنى ئاز دەپ ، سىڭگىم بازىرى تەرەپتىن ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار قىلىچلىرىنى ئاپتاپتا پارقىرىتىپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ . ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىرىمىزگە قارىسام ، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز مىناميوتلارنىڭ زەربىسىدىن قۇربان بولغان ، ساق قالغانلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىرمۇنچىلىرى يارىدار بولۇپ ياتاتتى .

— ئات ! — كۈچلۈك ئاۋازدا بىرىلگەن بۇيرۇق قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا ياڭرىدى .

بۇ ئۇرايىمئاخۇن ئىدى . ئۇ ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى . باشقا پارتىزانلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوق ئېتىشقا كىرىشتى . ئېتىشماق يەنە باشلىنىپ كەتتى .

دۈشمەنلەرنىڭ پىيادىلىرى بىر ياقتىن ، ئاتلىقلىرى بىر ياقتىن قىستاپ ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . مەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى ئۇنتۇغانىدىم . «ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمەسلىك كېرەك» دېگەن ئويدىن باشقا ھېچ نەرسە كاللامغا كىرمەيتتى . پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ چەنلەپ ئاتاتتىم . ھەربىر دۈشمەننىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگىنىمدە تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتىم .

— ئاتلىقلار يېقىن كېلىپ قالدى ! — دەپ ۋارقىرىدى

تۇرسۇن ساقچى ئۇرايىمئاخۇنغا نېرىقى بىر چەتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

— تۇرسۇن ، داۋۇت ئاكا ، ئىككىڭلار بۇ يەردىكىلەرگە مەسئۇل بولۇڭلار ! — دېدى ئۇرايىمئاخۇن ۋە بىرنەچچە پارتىزاننى ئەگەشتۇرۇپ ، ئاتلىق ئەسكەرلەر يېقىنلاپ قالغان تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى .

— ئات ! — دەپ ۋارقىرايتتى تۇرسۇن ساقچى .

— ئات ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇرايىمئاخۇن .

هايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيتتە مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ، باتۇرلۇق ۋە پاراسەتنى بىرلەشتۇرەلىگەن ئادەم جەڭچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ ، غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئەڭ ياخشى باشلامچى بولۇپ قالىدۇ . شۇ تاپتا ئۇرايىمئاخۇن بىلەن تۇرسۇندىن ئىبارەت ئىككى قەيسەر يىگىت ئۆزلۈكىدىنلا پارتىزانلارنىڭ ئىشەنچلىك كوماندىرلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى .

ئۇرايىمئاخۇن قولىدىكى ئاپتوماتنى ئاتاتتى ، بۇيرۇق بېرەتتى ، بىردەم ئۇيەردە ، بىردەم بۇيەردە پەيدا بولاتتى ، قەيەر خەتەرلىك بولسا شۇيەرگە ئۆزىنى ئاتاتتى ، ئۇ ، گوياكى يالقۇنلاپ ئېتىلىپ تۇرغان ۋولقانغا ئوخشايتتى .

— ئاتلىقلار ! ئەنە . . .

— كېلىپ قالدى . . .

— كەلدى !

بىرنەچچە پارتىزان سەكرەپ تۇرۇشۇپ قاچتى . ئۇرايىمئاخۇن ئارسلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى .

— توختا ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاپتوماتنى تەڭلەپ ، — قايسىڭ قاچساڭ ، ئاتىمەن !

قاچقۇنلار يەنە يۈگۈرۈشۈپ قايتىپ كېلىشتى .

— ئات ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇرايىمئاخۇن ۋە ئۆزىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ، يېقىنلاپ قالغان دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتتى .

دۈشمەننىڭ بىرمۇنچە ئادەم ۋە ئاتلىرى موللاق ئېتىپ

چۈشتى ، قالغانلىرى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قاچتى .

— ئوق ئاز قالدى !

— مېنىڭ ئوقۇم تۈگىدى !

پارتىزانلارنىڭ تەشۋىشلىك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

— قېرىنداشلار ! — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىدى ھەممىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ، — ئەمدى چېكىنەيلى . ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ ، مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلىمىز . ئاتلىنىڭلار ، قېرىنداشلار !

پارتىزانلار ئارقا تەرەپتىكى جىـــــراغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئاتلارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .

بىز بىرنەچچەيلەن تېخىچە ئوق ئېتىشىۋاتاتتۇق . بىر پارچە زور تاشنىڭ كەينىدە تىزلىنىپ تۇرۇپ ئاپتومات ئېتىــــۋاتقان تۇرسۇن ساقچى ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا يىقىلدى . ئۇنىڭغا قاراي دەپ تۇرغۇچە ، داۋۇت پالگاننىڭ سول بىلىكى قىپقىزىل قانغا بويالغانلىقىنى كۆردۇم .

— داۋۇت ئاكا ! — مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كەلدىم .

— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، ناسىر ، چېكىنىڭلار ! — دېدى داۋۇت پالگان ۋە مىلتىقىنى ئوقلىدى .

— داۋۇت ئاكا . . .

لېكىن ، ئۇ مېنىڭ قايتا ئېغىز ئېچىشىمغا يول قويمىدى .

— كەت دېدىمغۇ ساڭا ، چاپسان كەت ! ماڭا قارىما ، بەرىبىر ئۇزاققا ماڭالمايمەن . قېرىغىنىمدا مۇشۇ يەردە ئىمانىم بىلەن كۆز يۇماي .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ يەنە مىلتىقىنى ئېتىشقا باشلىدى .

گومىنداڭچىلارنىڭ «سا ! سا !» دەپ سۈرەن سېلىشلىرى يېقىنلا يەردىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— ئۇرايىمئاخۇن . . .

تەرلىشىپ كەتكەن چاچلىرى ماڭلىيىغا چاپلىشىپ ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۇرۇپ ، ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن ئۇرايىمئاخۇن ھېلى ئۇياققا ، ھېلـــى بۇياققا

قارىتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزەتتى .
— ئۈرايىمئاخۇن ، بولدى ! ئەمدى كېتەيلى ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ .
ئەمما ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى . ئاپتوماتنىڭ ئوقى تۆگىگەندە قۇربان بولغان بىر پارتىزاننىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ يەنە ئاتتى . ئۇنىڭمۇ ئوقى تۈگىگەندە يۈگۈرۈپ بېرىپ ، تاشلىنىپ قالغان بىر گراناتنى ئېلىپ ئاتتى . ئاندىن دۈشمەنگە ئاتقۇدەك يەنە نېمە بار ئىكەن دېگەندەك قىلىپ ، ئەتراپتا ياتقان پارتىزانلارنىڭ جەسەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ توختاپ قالدى .
— ئەمدى چېكىنەيلى . . . ناسىر ، — دېدى ئۇ بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن :
ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام ، داۋۇت پالگانمۇ جان ئۈزۈپتۇ . ئۇ خۇددى نەپسى توختىغاندىن كېيىنمۇ دۈشمەننى توسۇپ قالماقچى بولغاندەك ، تېخىچە مىلتىقىنى تۇتۇپ دۈم ياتاتتى .
يۈرىكىم ئېچىشىپ ، ئۆرتىنىپ كەتتىم . ھەي ، ئالۋاستىلار ، يەڭدۈق دەپ خۇشال بولۇشما ! بۇ ، ماختانغۇدەك ئۇتۇق ئەمەس . ياق ! سەنلەر نامەردلىك قىلىشتىڭ . سەنلەردىكى قوراللار بىزدىمۇ بولسا ئىدى ، ئاز بولساقمۇ تۇرپانلىقنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ قوياتتۇق ! ھېلىقى مىناميوت دېگەندىن بىزدە بىــــرى بولغان بولسىمۇ . . .
— ماڭ ، تېز بول ! — ئۈرايىمئاخۇن بىلىكىمدىن كۈچ بىلەن تارتتى ، ئاندىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېرىدا ياتقان ئاپتوماتنى ئېلىپ بوينىغا ئاستى . ئىككىمىز ئارقا تەرەپتىكى جىراغا چۈشۈپ ، ئۈركۈپ ، تېنەپ يۈرگەن ئىككى ئاتنى توسۇۋېلىپ مىندۇق ۋە ئابدۇراخمان مۇھىدى باشچىلىقىدا چېكىنىپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە يۈز پارتىزاننىڭ كەينىدىن ئات سالدۇق .
بىراق ، جىرادىن چىقىشىمىز بىلەنلا مېنىڭ ئېتىمغا ئوق تەگدى . ئات يىقىلدى . مەن ئاتنىڭ بوينىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ نەچچە دومىلاپ كەتتىم ، ئاندىن دەرھال قوپۇپ ، ئۇدۇلدىكى بىر

تۆپىلىككە چىقىپ يېتىۋالدىم . بۇ جايدىن چېكىنىپ كېتىۋاتقان پارتىزانلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشەي دەپ قالغان ئۇرايىمئاخۇن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن گومىنداڭنىڭ بىر تۈەن ئاتلىق ئەسكىرى چۇقان سېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ياتاتتىم . شۇ ئەسنادا ئۇرايىمئاخۇن ئېتىدىن تاقلاپ چۈشۈۋالدى ـ دە ، ئاپتوماتىنى قولىغا ئېلىپ ، جەينەكتەك چىقىپ تۇرغان تاغ تۇمشۇقىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈنۈپ تۇردى . ئاتلىق گومىنداڭچىلار تاغ كەينىدىن چىقىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇرايىمئاخۇن ئاپتوماتىنى ئۇلارغا توغرىلاپ شىددەتلىك ئوت ئاچتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئون نەچچىسى كەينى ـ كەينىدىن موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتى ، يەنە تۆت ـ بەش ئاتمۇ يېتىپ قالدى .

ئۇرايىمئاخۇن پارتىزانلارنىڭ ئوڭۇشلۇق چېكىنىشى ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ ، ئۆزى يالغۇز جەڭگە چۈشكەندى . مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بۇ تەڭسىز جەڭگە يۇقىرىدىن قاراپ ياتاتتىم . يېنىمدىكى ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان ئېتىپ تۈگەتكەنىدىم . قولۇمدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق . قۇرۇق قول بىلەن نېمە قىلالايمەن ؟

مەن ھوشۇمنى يىغىۋالغۇچە ، نېرىقى تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتكەن بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلەر يان تەرەپتىن كېلىپ ، ئۇرايىمئاخۇنغا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى . ئۇرايىمئاخۇن ئاپتوماتىنى چىڭ تۇتقىنىچە يىقىلدى .

— ئۇرايىمئاخۇن ! ! ! — دەپ ياتقان جايىمدا بېشىمنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتىم ، — ئۇرايىمئاخۇن ، باتۇر قېرىندىشىم ! شۇنچە ياش تۇرۇپ زەپمۇ ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭغۇ ! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ گايىت ئاكامغا نېمە دەيمەن ؟ سەيدىخان ئايلامغا نېمە دەيمەن ؟ ھەي ، ئىسىت ، ئىسىت . . .

قاقشىغان بىلەن ئامال قانچە ؟ ئۇرايىمئاخۇن ئەنە شۇنداق

قىلىپ ، پارتىزانلارنىڭ ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى . . .

ناسىر ئۇستام ھېكايىسىنى تاماملىدى ۋە بىر ئاز شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى :

— ئۇرايىمئاخۇن ئەنە شۇنداق يىگىت ئىدى . ئۇ شېھىت بولدى . مەن تۇرپاندىن قېچىپ چىقىپ ، جىمسار ، گۇچۇڭ تەرەپلەردە يېتىمچىلىك قىلىپ يۇردۇم . كېيىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . ئابدۇراخمان مۇھىدى بىلەن چېكىنگەن پارتىزانلار كېيىن ئۇقسام ، شۇ كەتكىنىچە ئىلى تەرەپكە ئۆتۇپ كېتىپتۇ .

ناسىر ئۇستام يەنە شۈك بولدى .

— شۇنداق ، — دېدىم مەن ، — ئۇلار غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشتى . ئابدۇراخمان مۇھىدى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . يۈزگە يېقىن ياش پارتىزان تاللىنىپ ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىبىدىكى بىر روتا قىلىپ تەشكىللەندى . قالغانلىرى ئىلى تەۋەسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

مەن گوياكى ناسىر ئۇستامنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ، يېڭىدىن تونۇۋاتقاندەك ھەيرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆز تىكتىم . خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمان سەپدىشىنى سېغىنىپ ئەسلەۋاتقان تاشچى ئۇستامغا قارىسام ، كۆز ئالدىمدا گوياكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى گىگانت پالۋاننىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەندەك بولدى . ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلمىغان بولساممۇ ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇ پېشقەدەم پارتىزانغا قارىتا بۈيۈك ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى .

1986 - يىل ئۆكتەبىر

# «ئىنتايىن كەمتەر»

دوستلار ئۆلپىتى بىر سورۇنغا جەم بولدى. پاراڭ يېڭى، يېڭى تېمىلارغا يۆتكەلمەكتە ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. ئوتتۇرىدىكى سۆھبەت مەلۇم بىر پروفېسسورنىڭ قايسىدۇر بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسى ئۈستىگە كەلگەندە، ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي گەپنى تارتىۋېلىپ ھەممەيلەننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى:

— شۇنىمۇ ئىلمىي ماقالە دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ، — پۈتۈنلەي ھەممە ئادەم بىلىدىغان گەپلەرنى تەكرارلاپتۇ. ئۇنىڭ نېمە ئىلمىيلىقى بولسۇن؟

سۆھبەت تېمىسى يېڭىلىنىپ، يېقىندىن بۇيان داڭق چىقىرىۋاتقان بىر شائىرغا مەركەزلەشكەندە، ھېلىقى زىيالىي يەنە ناتىقلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى:

— ئۇنداق ئۆزىنى شائىر دەپ ئاتىۋالغانلارنى كۆپ كۆرگەنمەن. قاپىيىداش مىسرالارنى تىزىپ قويسىلا شائىر بولۇپ قالامدۇ؟!

سۆھبەت يەنە داۋاملىشىۋەردى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى بىر يازغۇچىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يازغان ھېكايىلىرىنى ماختىدى.

— قويە ئۇنداق گېپىڭنى! — ھېلىقى بىلەرمەن زىيالىي يەنە گەپنىڭ بېلىگە تەپتى، — يازغۇچىمىش تېخى! ئۇ ھېكايە يازىمەن دېگۈچە پادىسىنى باقسۇن. ساپلا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈۋالغان.

سۆھبەتداشلاردىن بىرى بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشقا قىزىقتى:

— قايسى يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىن كۆچۈرۈۋالغان؟ — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

بىلەرمەن زىيالىي بۇ سوئالغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ قالدى، خۇددى ھەلەپ يېگەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ جىم بولدى. لېكىن، قىلچىمۇ ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمىدى ۋە بىر دەقىقىدىن كېيىن يەنە سۆز ھۇجۇمىغا ئۆتتى.

— ئىشقىلىپ كۆچۈرگەن، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، — ئۇنداق ھېكايە يازالايدىغان ئادەم ئەمەس ئۇ، ساۋاتسىز نېمە ئۇ!

شۇ تەرىقىدە ئۇ كۆپ سۆزلىدى، جاھاندا بار گەپنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، كەڭ تۇردە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئاجايىپ باھالارنى بەردى، ئالىملارنى بىلىمسىزگە چىقاردى، قەلەمكەشلەرنى «كۆچۈرمىچى، شوئارۋاز» دەپ ئاتىدى.

ئاخىر ئۇلپەتداشلاردىن بىرى تاقەت قىلالماي، بۇ قالتىس زىيالىيغا ئۇدۇللا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاداش، بۇنداق مۇناسىۋەتسىز سورۇنلاردا خەقنى سۆكۈپ يۈرگۈچە، ئۆزۈڭمۇ ياخشى ئەسەردىن بىرنى يېزىپ باقساڭ بولمامدۇ.

ھېلىقى بىلەرمەن زىيالىي قىلچە تەمتىرىمەستىن، ئۇنىڭغا تازا «داھىيانە» جاۋاب بەردى:

— يازاي دېسەم، «ئەسەر دېگەن مۇنداق بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ قويغۇدەك يېزىۋېتىمەن. لېكىن يازمايمەن، چۈنكى مەن ئىنتايىن كەمتەر، نام - ئابرۇينى قوغلاشمايمەن.

1987 - يىل ماي

# ئاھ ، ئايگۈل . . .

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىم ھەققىدە سۆز ئاچسام يۈرەك ـ باغرىم پۇچىلىنىپ كېتىدۇ ، چۈنكى مېنىڭ قەلبىمنىڭ تۈنجى چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغان گۈزەل ئايگۈلنىڭ سائادەتلىك خاتىرىسى مەندەك بىر بەختسىز يىگىتكە مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالغان . ئاھ ، ئايگۈل ، ئايگۈل ! ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەم ئاي ، ھەم گۈل ئىدى .

ئالدىمدىكى ئايگۈلنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن ، قانچە كۆرسەممۇ يەنە كۆرگۈم كېلىدۇ . بۇ سۈرەت گويا ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . ھەتتا بۇ سۈرەتكە قارىمىساممۇ ئايگۈلنىڭ سۆيۈملۈك رۇخسارى كۆزلىرىم ئالدىدىن كەتمەيدۇ . ئاھ ، ئايگۈل ، ئايگۈل . . .

ئۇنىڭ سۈرىتى مېنىڭ ئالدىمدا ، شىرە ئۈستىدە . تىكلىمە رامكا ئىچىگە ئېلىنغان رەڭسىز سۈرەت . بۇ ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا ، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان مالىمانچىلىق دەۋردە تارتىلغان سۈرەت ئىدى . ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ، كونىراپ ، گىرۋەكلىرى سارغىيىپ قالغان . ھالبۇكى ، سۈرەتتىكى ئايگۈلنىڭ ئوبرازى ئۆتكەنكى ئىشلارنى خۇددى ھازىر بولۇۋاتقاندەك ئەسلىتىپ تۇرماقتا . خۇددى ماڭا قاراپ : «مېنى ئۇنتۇماڭ ، مەن دائىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا» دەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە .

ئۇشتۇمتۇت خىياللىرىم بۆلۈنۈپ ، تام سائىتىگە قارىدىم . سائەت ئوندىن ئاشقانىدى . دېرىزىگە قارىدىم ، قاپقاراڭغۇ كېچە . قەلبىمنى غەم ۋە خاپىلىقنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى تاتىلاشقا باشلىدى .

«قەيسەر تېخىچە كەلمەيۋاتىدىغۇ . ھەي . . . پەرزەنتىنىڭ غېمى ، پەرزەنتىنىڭ خاپىلىقى !»
تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقى ئاڭلاندى . دەرھال قوپۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم . قەيسەرنىڭ گىتارنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا ئۆز ھۇجرىسىغا دەلدەڭلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم . «ھەي ، بۇ بالىنى ! يەنە ئىچىپتۇ .» كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ ، ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم - دە ، ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم . سۈرەتتىكى ئايگۈل ماڭا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . «ئاھ ، ئايگۈل ، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم ، قەيسەرنى ياخشى ئوقۇتالمىدىم ، ئاھ خۇدا ، بۇ بالىنى قانداق قىلسام بولىدۇ ؟»
تولا ئويلاپ ، بېشىم گاراڭ بولدى . يېشىنمەستىنلا كارىۋاتقا ياتتىم . كۆزلىرىمنى گويا بىر ئاق تۇمان قاپلىدى . شۇ ئاق تۇمان ئىچىدىن بىر نۇرلۇق چىراي ، بىر گۈل بەدەن سۈزۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى . بۇ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئايگۈل ، ئاشۇ قاباھەتلىك ، بەختسىز كۈنلەردىكى مېنىڭ بەختىم . شۇ كۈنلەر خاتىرەمدىن ئەبەدىي كۆتۈرۈلمەيدۇ .

1970 - يىلى تومۇز پەسلى ئىدى . ھاياتىمنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغان ياش ئىدىم . زاۋۇتنىڭ قۇيمىچىلىق سېخىدا شاگىرت ئىشچى بولغان . مانا ئەمدى «ئىشچىلار قوغدىنىش ئەترىتى»نىڭ جەڭچىسى بولۇپ ، سول بىلىكىمگە قىزىل يەڭلىك تاقاپ ، بىر كونا ئاپتوماتنى كۆتۈرۈپ ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» ۋە ھەر خىل «ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپاقلىرى كىيدۈرۈلگەن تەلەيسىز ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان بولغانىدىم .
مەن بىلەن بىرگە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ساۋۇر موللاق ھەر دائىمقىدەك يىراقتىنلا سۈرەن سېلىپ :

— ھەي توختى ، توختى ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر تېپىك بىلەن ياتىقىمىنىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى .

— نېمە بولدۇڭ ؟ ئالتۇن خوراز تېپىۋالغاندەك ئاغزىڭ قۇلاقلىرىڭغا يېتەي دەپ قاپتىغۇ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقىمنى يوشۇرمىغان ھالدا .

ئۇنىڭ جېدەلخور ، شاللاق تەبىئىتىدىن زاۋۇتىمىزدىكى كۆپچىلىك ئىشچىلار بىزار ئىدى . تۆت ئادەم يىغىلغان يەرگە «ساۋۇر موللاق كەلدى» دېسە ھەممەيلەننىڭ بېشى ئاغرىيتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆكتەملىكىنى بىلگەچكە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى .

— ھەي توختى ئۇكاڭىزا ، بىر ئويۇن كېلىپ قالدىغۇ ، ئويۇن ! — دېدى ساۋۇر موللاق قاتتىق ۋارقىراپ كۈلگەن ھالدا مۈرەمگە شاپىلاقلاپ .

ئۇ قىز ـ چوكانلارنى «ئويۇن» دەپ ئاتايتتى ۋە ھەمىشە ئاشۇنداق ساراڭلارچە ۋارقىراپ كۈلۈپ سۆزلەيتتى .

— ماڭە ، ئاۋۇ ئويۇننى كۆرۈپ باقمامسەن ، — دېدى ئۇ يەنە ۋە قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى دۈمبەمدىن قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىپ زاۋۇت قورۇسىغا ئېلىپ چىقتى .

دەرۋەقە ، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىرقىما چاچلىق بىر ياش قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى . ئۇچىسىدا ئۈڭۈپ كەتكەن كۆك خادانى ئىشتان ـ چاپان ، بوينىغا ئېسىلغان كارتون تاختىغا قارا سىياھ بىلەن قىڭغىر ـ سىڭغىر قىلىپ : «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر ئايگۈل» دەپ يېزىلغانىدى . مەن ھەيرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم . بۇ يەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلار ئىچىدە ئاياللار يوق ئىدى . بۇنداق ياشلارمۇ يوق ئىدى .

— ھە ، قانداق ؟ خېلى پەيزى بار ئويۇنكەن جۇمۇ ، — ساۋۇر موللاق مېنىڭ بىقىنىمغا نوقۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

ئايگۈل ئىسىملىك ئۇ قىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، بىر

قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ كەتتى ۋە بېشىنى تېخــمۇ تۆۋەنرەك ئېگىۋالدى .
— باش ئىدارىدىن بىزنىڭ زاۋۇتقا ئەمگەك قىلىشقا چۇشۇرۇپ بېرىپتۇ . هە ، قانداق ئىــكەن؟ — دېدى ساۋۇر موللاق يەنە بېقىنىمغا نوقۇپ .
— بولدى ، ئىشىڭنى قىلە ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ۋە ئىتتىك مېڭىپ ياتىقىمغا كىرىپ كەتتىم .
بىر دەمدىن كېيــــن دېرىزىدىن قارىسام ، ساۋۇر موللاق ئايگۇلنى باشقا «ئۇنسۇرلار» قاتارىغا تىـــزىلدۇرۇپ ، ئەمگەككە سېلىش ئۇچۇن هەيدەپ كېتىۋېتىپتۇ . ئايگۇلنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان تاختا ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇ گۇرجەك كۆتۇرۇۋالغانىدى .
ئەتىسى كۇنى نەزەربەند قىلىنغان ئۇنسۇرلارنـــى ئەمگەك قىلدۇرۇش نۆۋىتى ماڭا كەلدى . ئۇنسۇرلار قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئادەم بويى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەتنى توشۇپ تازىلىماقتا ئىدى . ئايگۇل هەر دائىمقىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، گۇرجەك بىلەن ئەخلەتنى زەمبىللەرگە سالاتتى . ئەخلەت توشۇۋاتقانلار قۇرۇقدالغان زەمبىللەرنى ئەكېلىپ قويغۇچە ئۇ يەنىلا بېشىنى كۆتۇرمەي ئەخلەت دۆۋىسىگە تىكىلگىنىچە جىم تۇراتتى . مەن ئۇنىڭغا ئۇدۇلدىن قاراشقا پېتىنالمايتتىم . «ئۇ مېنــى ساۋۇر موللاققا ئوخشاش هاقارەتلەش نەزىرى بىلەن قاراۋاتىدۇ دەپ قالمىـــسۇن» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە ، ئاستىرتىن قاراپ قوياتتىم . ئۇنىڭ شۇنچە غەمكىن ، هەسرەتلىك ۋە قانداقتۇر چۇشەنگىلــــى بولمايدىغان غېرىبلىق قىياپىتى مەندە خۇددى شۇنداقلا چۇشەنگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ تەسىراتلارنى قوزغايتتى . «بۇ قانداق تەســرات؟» دېگەن سوئالغا ئۆزۇممۇ دەرهال جاۋاب تاپالمايتتىم . لېكىــن ، هامان ئۇنىڭغا قارىۋالغۇم كېلەتتى .
كۇنلەر ئۆتكەنسېرى مېنىڭ هېلىقىدەك چۇشەنگىــــــلى بولمايدىغان تەسىراتلىرىم تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكىلــــى تۇردى . تۇيۇقسىز ئۆزۇمچە چۆچۇپ كەتكەندەك بولاتتىم . «مېنىڭمۇ ئانام

بار ، ھەدەم بار ، سىڭلىم بار ، ئەگەر ئۇلارمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە » دەپ ئويلاپ قالاتتىم. دەل مۇشۇ خىيال مېنىڭ ھېلىقى مۇرەككەپ تەسىراتىمنىڭ جاۋابىنى ۋە مەنىسىنى ئايان قىلدى . بۇ — ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قوغداش تۇيغۇسىنىڭ دەسلەپكى نازۇك ئىپادىسى ئىدى . «بۇ ئايگۈل نېمە گۇناھ قىلغاندۇ ؟» دەپ ئويلىدىم مەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىن بۇنى سوراپ بېقىشنى لايىق تاپتىم . ئۇنىڭغا يېقىنراق كەلدىم . ئۇ تېخى ھېلىلا بىر زەمبىلگە ئەخلەتنى سېلىپ بولۇپ ، گۈرجەكنىڭ تايىنىپ جىم تۇراتتى .

— سىزنى . . . — دېدىم مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ ، — سىزنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتىشتى ؟

ئايگۈل گەپ قىلمىدى ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى ، پەقەت بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەنرەك ئىگىۋالدى .

مەنمۇ قايتا ئېغىز ئاچمىدىم . «ئۇ مېنىمۇ ساۋۇر موللاققا ئوخشاش دەپ ئويلاۋاتىدۇ» دېدىم ئۆز ئىچىمدە . شۇ تاپتا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۆزۈمنىڭ ساۋۇرغا ئوخشاش قىلىقسىز ئەمەسلىكىمنى ، يامان نىيىتىمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئايگۈلگە چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئارزۇسى پىلىلداپ يانغاندەك بولدى . شۇنداقتىمۇ ، يەنىلا ئۇنچىقماستىن چەتكىرەك ئۆتۈپ تۇردۇم . «ئۇ مېنى بەرىبىر چۈشەنمەيدۇ . يەنە ئېغىز ئاچسام ، يامان نىيەت بىلەن قەستەن گەپكە سېلىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ» .

تەنھالىقتىكى خىياللىرىم شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ ياماشتى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن : «ئاھ ، ئايگۈل . . .» دېگەن ئوتلۇق نىدا چارچىغان مېڭەمدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى . ئۇخلاپ قاپتىمەن .

كۆزلىرىمنى ئاچسام ئاللىقاچان تاڭ يورۇپتۇ . ئورنۇمدىن تۇردۇم ، سۇرەتتىكى ئايگۈل ماڭا قاراپ تۇراتتى . تەقدىرنىڭ ئېغىر سىناقلىرى ۋە ھاياتنىڭ چوڭقۇر سىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن

كۆزلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ياش قۇرامىغا ماس كەلمەيدىغان غەمكىن، مەيۇس كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم ـ دە، سۇرەتنىڭ جازىسىنى، ئەينىكىنى ئاۋايلاپ سۈرتتۇم، ئاندىن ياندىكى ئۆيگە چىقتىم.

— قەيسەر، تۇرغىن بالام، ناشتا قىلايلى.

ناشتىدىن كېيىن قەيسەرگە گەپ قىلدىم:

— يازلىق تەتىلمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ئوقۇشۇڭنى قانداق قىلاي دەيسەن؟

قەيسەر نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ بوينىنى تولغىدى، ھەتتا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئالىيىپ قويدى.

— ماڭا قارا، قەيسەر، — دېدىم مەن يەنە، — مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەنغۇ. سەن زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟

— دادا، ئوقۇغۇم يوق، — دېدى قەيسەر باتىنىغان ئاۋازدا، — مەن ئىشلەيمەن.

— ئوقۇماي تۇرۇپ نېمە ئىش قىلالايسەن؟

— دادا، مۇئەللىم بىزگە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر ئىشلىسىمۇ بولىدۇ دېگەنىدىغۇ، ئوقۇيالمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرلاپ ئوقۇتۇشمۇ ياخشى ئەمەس دېگەنىدىغۇ، — قەيسەر تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى.

— ئوقۇيالايسەن، سەن ئەقىللىق، لېكىن ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتىڭ، ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دېگەن گەپ كاللاڭغا كىرىۋالدى. شۇڭا تىرىشمىدىڭ، شۇڭا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالدىڭ...

— نېمىشقا مېنى: «ئوقۇ، ئوقۇ»لا دەيسىز؟ — قەيسەر سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى، — ماڭا بىر ئىش تېپىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، سەن ئوقۇيسەن! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن شىرەنى غەزەپ بىلەن مۇشتلاپ، كېيىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ۋە

ئەينەكلىك ئىشكاپ ئىچىگە تىكلەپ قويۇلغان ئايگۈلنىڭ سۈرىتىنى قولۇم بىلەن كۆرسىتىپ داۋاملاشتۇردۇم ، — ئاپاڭ سېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى . ئاپاڭنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنگىن ، مېنى چۈشەنگىن ، بالام . يەنە بىر يىل ئوقۇپ ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقىن .

قەيسەر قېيداپ جىم بولۇۋالدى . مەن ئۆز ھۇجرامغا چىقتىم . شىرە ئۈستىدىكى ئۈزۈن يىللاردىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئايگۈلنىڭ ئاشۇ كونىرىغان رەڭسىز سۈرىتىگە ھەسرەتلىك كۆزلىرىمنى تىكتىم . ئاھ ، ئايگۈل ، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم . بۇ قەيسەرنى قانداق قىلسام بولار ! مەن روھسىزلىنىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم . كۆزلىرىمنى گويا تۇمان قاپلىدى . مەن يەنە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ياشلىق دەۋرىمگە ، گۈزەل ئايگۈل بىلەن تونۇشقان ئاشۇ بەختلىك ھەم بەختسىز كۈنلەرگە كىرىپ كەتتىم .

بىزنىڭ زاۋۇتىمىز . ياتاق ئۆيۈم ، كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي . ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى . ساۋۇر موللاق يوغان ئورالغان موخۇركىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن پېتى گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەلدى ـ دە ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى يالىڭاچلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ھەي توختى ئۇكاڭزا ، — دېدى ئۇ ھەر دائىمقىدەك قاتتىق ۋارقىراپ ، — ھېلىقى ئايگۈل دېگەن ئويۇننى قولغا چۈشۈرۈشكە ئاز قالدىم جۇمۇ .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى ، ئاندىن موخۇركىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئايگۈل ئويۇننىڭ ياتىقىغا شۇنداق كىرسەم . . . ئىشىكنىڭ قاغىتۇمشۇقى يوق ئەمەسمۇ . . . كىرسەم بېشىنى يۇيۇۋېتىپتىكەندۇق . . . شۇنداق كېلىپلا ساغرىسىنى تۇتۇپ باقسام . . . (ئۇ يەنە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نومۇسسىزلارچە كۈلۈپ

كەتتى ) كاچىتىمغا شاپىلاق بىلەن بىرنى قويۇپ ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى . ھا . . . ھا . . . ھا . . . ھەي ، بەك پەيزىكەن جۇمۇ ، ئۇكاڭزا ! بۇگۇن كەچتە يېرىپ بىر ئوينىۋالمىسام . . . مەڭزلىرىمنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزۈمگە بىلىندى .

— ھەي ساۋۇر ئاكا ، — دېدىم ئۇنىڭغا كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — يېشىڭ ئوتتۇزدىن ئاشتى ، ئىككى بالاڭ بار . خۇدايا توۋا دېگىنە . ئۇنىڭغا چېقىلساڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىسەن ، بىلەمسەن شۇنى ؟

— قويە ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭنى ، — دېدى ساۋۇر موللاق ، ئاندىن شىرە بىلەن ئورۇندۇقلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ، گۇلدۇرلىگەن پېتى ئىشكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى .

مەن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم . «بۇ ساراڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ » دەپ ئويلىدىم مەن . شۇ تاپتا ئايگۈلنى قوغداش ئىستىكى گويا مېنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمدەك ئاڭ - سېزىمىمدە قارار تاپقانىدى .

بىرقانچە ماگىزىنلارنى ئارىلاپ ، ئاخىر ئۆزۈم ئەڭ مۇستەھكەم دەپ ھېسابلىغان بىر قاغىتومشۇقنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم . زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . ئالدىراپ كەتكىنىمدىن ئايگۈلنىڭ ئىشكىنىمۇ چەكمەيلا ئۇسۇپ كىرىپتىمەن .

— چىق ئۆيدىن ، چىق ! — بۇ ئايگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە قورقۇنچتىن يوغان ئېچىلىپ كەتكەنىدى .

— چىق ، پەس لۈكچەك ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن ۋە قېچىپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى .

— نېمانداق ۋارقىراۋېرىسىز ، ئىشىكىڭىزگە قاغىتومشۇق بېكىتىپ بېرەي دەۋاتىمەن ، — دېدىم مەنمۇ قاپىقىمنى تۈرۈپ ۋە ئۆزۈم ئەكىرگەن بولقا ، ئەتۋېركىلەرنى ئىشقا سېلىپ ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىلىدىغان قىلىپ ياسىدىم .

— ئەمدى كېچىدە ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇڭ ، — دېدىم مەن

ۋە شۇ ھامان چىقىپ كەتتىم .

ئايگۈلنىڭ شۇ چاغدىكى ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ قالغان كۆرۈنۈشى خېلى ئۇزاققىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى . يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدىم . بىردەم - بىردەم تالاغا چىقىپ ، ئايگۈلنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ قوياتتىم . ئەلياتار ۋاقتى بولغاندا ساۋۇر موللاقنىڭ غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭ كەينىدىن باردىم . ساۋۇر ئايگۈلنىڭ ئىشكىنى تارتتى . ئېچىلمىدى ، يەنە تارتتى . ئايگۈلنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ھاي ، ساۋۇر ئاكا ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ .

— ئىشكنى قانداق تاقىۋالغاندۇ ؟ قاغىتۇمشۇقى يوق ئىدىغۇ ، — دېدى ساۋۇر ، مېنىڭ گېپىمگە پىسەنت قىلماستىن .

— بولدى ، قايتىپ كەت ، ساۋۇر ئاكا ، ئۆيۈڭگە بېرىۋال ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ .

ساۋۇر مېنى سىلكىۋەتتى :

— ئىشكنى قىلەۋاي سويما . سېنى كىم تاكتاكچىلىققا قويدى ؟

ئىككىمىز تەگىشىپ قالدۇق .

— قاغىتۇمشۇقنى مانا مەن بېكىتىپ قويدۇم ، قانداق قىلاتتىڭ ، — دېدىم ئۇنىڭغا يېنىپ .

ساۋۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى . ياقا سىقىشىپ ، تۇتۇشۇپ قالدۇق . ئالتوپىلاڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىشچىلار ئۆيلىرىدىن چىقىشتى ، ئەتراپىمىزغا ئولاشتى ، سالاچىلىق قىلىپ بىزنى ئايرىشتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە مەن «قالپاق كىيگەن ئۇنسۇرلار» نى تىزىلدۇرۇپ ئەمگەككە ئېلىپ چىقتىم . ئايگۈل تۇرۇپ - تۇرۇپلا ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى . ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ سەل قورۇنغان قىياپەتتە مېنىڭ يېنىمغا كەلدى .

— رەھمەت سىزگە ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا .

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا غەلىتە ئاڭلاندى . چۈنكى ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن بۇيان كىشىلەر تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى . سىلىق مۇئامىلە ۋە ئەدەپلىك مۇناسىۋەتلەر «بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختا ئەخلاقى» دەپ ھېسابلىناتتى . لېكىن ، مەن ئەجەبلىنىشىمنى چاندۇرماي چۈشەنمىگەندەك سورىدىم :

— رەھمەت دېگۈدەك نېمە ئىش بولدى ؟

ئايگۈل چوڭقۇر تىنىۋېلىپ ، خىيالچان كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى .

— ئىشىكىمگە قاغىتۇمىشۇق بېكىتىپ بەردىڭىز ، — دېدى ئۇ ، — مەن سىزنى خاتا ئەيىبلەپتىمەن ، خاپا بولماڭ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى . ئىككىمىز ئاز - تولا پۇرسەت بولسىلا سالاملىشىدىغان ۋە پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق . قەلبىمدە ئايگۈلگە قارىتا ئېچىنىش ، كۆيۈنۈش ، قوغداش تۇيغۇسىنىڭ ۋە يەنە قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق ھېسسىياتنىڭ بىخلىنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم . بۇ مۇھەببەتمۇ ؟ شۇنداق ، بۇ مۇھەببەت ، لەززەتلىك ، ئازابلىق يوشۇرۇن مۇھەببەت ئىدى .

خىياللىرىم شۇ يەرگە كەلگەندە ئىچىم ئۆرتىنىپ ، يەنە ئايگۈلنىڭ سۈرىتىگە قارىدىم . ئاھ ، ئايگۈل ، مېنىڭ ئايگۈلۈم . . . كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز تۆردە ئىسسىق ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى .

شۇ تەرىقىدە سۈرەتتىكى ئايگۈلگە قاراپ قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن . ئوغلۇم قەيسەرنىڭ قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن .

— نېمە بولدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى قەيسەر ئەجەبلەنگەن ھالدا . ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىكى ياش يۇقىنى كۆرگەنىدى .

— ئاپاڭ ئېسىمگە كېلىپ قالدى ، — دېدىم مەن قولۇم بىلەن ئايگۈلنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ .
قەيسەر سۈرەتكە قاراپ قويدى ـ دە ، دېلىغۇل بولغاندەك بىر خىل ھالەتتە جىم تۇرۇپ قالدى . قارىغاندا ، ماڭا دەيدىغان گېپى باردەك كۆرۈنەتتى .
— ئولتۇر ، — دېدىم مەن ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلىپ ۋە سوئال نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم .
قەيسەر ئولتۇرمىدى . بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ تەستە ئېغىز ئاچتى :
— دادا . . . — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئاھاڭدا دۇدۇقلاپ ، — دادا . . . كىشىلەر مېنى سىزنىڭ . . . . سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس دەيدىغۇ . . .
مېنىڭ قەلبىم لەرزىگە كەلدى ، لام ـ مىم دېيەلمەي قالدىم . بىردەملىك ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن روھىم چۈشكەن ھالدا قەيسەرگە قارىدىم .
— مانا بۇ ئايگۈل سېنىڭ ئاپاڭ ، ئوغلۇم ، مەن سېنىڭ داداڭ . . . — دېدىم مەن ۋە ئاۋازىم تىترەپ كېتىپ توختاپ قالدىم .
— ئەمىسە نېمىشقا كىشىلەر ئۇنداق دەيدۇ ؟ — قەيسەر يېنىشلاپ سورىدى .
— خەق بىلەن كارىڭ بولمىسۇن . مەن سېنىڭ داداڭ ، ئوغلۇم ، — دېدىم مەن ئەمدى قەتئىيلەشكەن ئاۋازدا .
قەيسەر يەنە كوچىلاپ سوراپ باقتى ، لېكىن مەن ئاخىر ئۇنى قايىل قىلدىم . كىم بىلىدۇ ، بەلكىم تولۇق قايىل بولمىغاندۇ ، شۇنداقتىمۇ ئارتۇق سۆز قىلماي ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە يېنىمدىن چىقىپ كەتتى .
يۈرىكىم گوياكى قارا بوران مەزگىلىدىكى دېڭىزدەك شىددەتلىك دولقۇنلاپ ، كۈچلۈك ھاياجانغا تولدى . كۆزلىرىم ئالدىدىن يەنە شۇ خۇشاللىق ۋە ھەسرەتلىك مەنزىرىلەر ، مەڭگۈ

ئۇنتۇلماس ئۇتلۇق دەقىقىلەر ، ئايگۇلنىڭ سۆيۈملۈك رۇخسارى سۇرەتلىنىشكە باشلىدى . ئۇ ماڭا ھەربىر قېتىم كۈلۈپ قارىغاندا گوياكى پۈتۈن كائىنات شادلىققا تولاتتى ، ئۇ ھەرقېتىم ماڭا يېقىن تۇرۇپ سۆزلىگەندە گوياكى مىسلىسىز يېقىملىق ھارارەت ئىچىگە چۆمۈلۈپ ، تەنلىرىم جۇغۇلداپ كېتەتتى . ئۇنىڭ نېمىسى مېنى شۇنچە مەھلىيا قىلىۋالدى؟ ئېھتىمال ، ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر - ئىككى ئېغىز سۆزىمۇ ماڭا ناھايىتى مەزمۇنلۇق بىلىنەتتى . ئۇ كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايتتى .

«بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، — دەيتتى ئۇ ، — ھامان بىر كۈنى ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ . ھازىر پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ، كىتاب ئوقۇش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن ، بۇ ئىشلار بۇنداقلا كېتىۋەرمەيدۇ . بۇنداق بولىۋەرسە دۆلەت ۋەيران بولىدۇ ، خەلق جاھالەت ئىچىدە قالىدۇ .»

ئۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا ، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ قورققۇم كېلەتتى . ئەمما ، كۆڭلۈمدە : «راست دەيدۇ» دەپ ئويلايتتىم . ئۇنىڭ بىلىملىك ، ئەقىللىق قىز ئىكەنلىكىگە قايىل بولاتتىم . مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم . «مەن كىم؟ ئۇ كىم؟ — دەيتتىم ئۆزۈمگە ، — ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوقۇپ چىققان چوڭ زىيالىي . مەنچۇ؟ مەن ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپلا توختاپ قالغان» .

مەن ئۇنىڭغا ۋە ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق باھا بېرەتتىم . ۋەھالەنكى ، قانداق بولدى ، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم . بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئايگۈل بىلەن خىلۋەت جايدا ئۇچرىشىپ سۆزلىشىپ تۇرغاندۇق ، مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇۋالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن .

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدىم مەن ۋە شۇ ھامان

قورقۇپ كەتتىم . «ئۇ خاپا بولارمۇ ؟ ئەخمىقانە گەپ قىلىپ قويدۇممۇ ؟ باشقىچىرەك ، تېخىمۇ ياخشىراق بىرەر گەپ قىلىش كېرەكمىدى ؟ »

ئايگۈل خاپا بولمىدى . ھەر دائىمقىدەك مىسكىن ، غەمكىن قىياپەتتە بەلگىسىز بىر نىشانغا كۆز تىكىپ جىم تۇردى ، ئاندىن ئاستا بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ ، توختى ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ، — سىز بىلمەيسىز ، مەن سىزدىن چوڭ ، يىگىرمە بەشكە كىرىپ قالدىم . . . مەن توي قىلغان ، بىر بالام بار ، ئىككى ياشقا كىرەي دەپ قالدى . ئۇ ھازىر خوتەندە ، ئاپامنىڭ يېنىدا .

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم . لېكىن ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، ھېچقانچە ھەيران بولمىغاندەك :

— ھە ، مەن بۇنى ئاڭلىماپتىكەنمەن ، — دەپ قويدۇم .

سۆھبىتىمىز شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ، يوشۇرۇن مۇناسىۋىتىمىز داۋاملاشتى .

بىز پۇرسەت بولسىلا كوچىلاردا ، باغچىلاردا كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق . (ئايگۈلنىڭ ياشلىقى ۋە ئايال ئىكەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىپ بەزىدە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىناتتى ) .

ئۇ ماڭا ئۆزى توغرۇلۇق ھەممىنى سۆزلەپ بەردى .

— يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز باش ئىدارە پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ئىدۇق ، — دېدى ئۇ ، — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يولدىشىم «جىن - شەيتان» دەپ كۈرەش قىلىندى ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى . بىر كۈنى نازارەتچىلەر يولدىشىمنى بىكاردىن - بىكارلا ئۇرۇپ كەتتى . مەن چىداپ تۇرالماي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئاجرىتىۋالماقچى بولدۇم . ئۇلارغا ئېسىلدىم ، يالۋۇردۇم ، تىللىدىم . «ئۇ سىلەرگە نېمە قىلدى ؟ — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ، — باللىرىڭلارغا تەلىم بېرىپ ئوقۇتۇپ قويغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلامسىلەر ؟ »

قىلغان گېپىم شۇ بولدى. ئىسيانچىلار مېنىمۇ ئۇرۇپ، سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى. كۈرەش قىلىندىم. ئۇلار مېنى: «ئەكسىلئىنقىلابچى ئېرىدىن چەك - چېگرىسىنى ئاجراتماي، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، ئىنقىلابقا قارشى چىقتى» دەپ ئەيىبلەشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» بولۇپ قالدىم.

ئايگۈل سۆزلەشتىن توختاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى. بىز باغچە ئىچىدىكى بىر بەندىگىدە يانمۇيان ئولتۇراتتۇق. قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن پاكار غوللۇق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىزنى چوڭ يولدىن توسۇپ تۇراتتى.

— يولدىشىڭىز هازىر نەدە؟ — دەپ سورىدىم ئۇلارغا هېسداشلىق قىلىپ.

— ئۆلتۈر تۈگەپ كەتكەن، — دېدى ئايگۈل.

مەن چۆچۈپ، ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدىم. ئۇ ھەسرەت - نادامەتتىن دالالەت بېرىپ تۇرىدىغان ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنى ئامىۋى تەشكىلاتنىڭ تۈرمىسىگە سولاپ قويۇشقانىدى. ئىككى ئاي بولغاندا ئۇنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىدىم.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ئايگۈلنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە ياش ئەگىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولاتتىم. لېكىن، مۇۋاپىق سۆز تاپالماي جىم تۇردۇم، ئاندىن چوڭقۇر تىنىۋېلىپ:

— بەزى ئادەملەر بەك قارا كۆڭۈل بولۇپ كەتتى، — دەپ قويدۇم.

ئايگۈلمۇ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئىچى قاينىغان هالدا سۆزلىدى:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نادانلىقىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ئاشۇ ساۋۇردەك تەربىيە كۆرمىگەن ساۋاتسىز ئادەملەر ئۆزى بىلگەنچە مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرگە

ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش بەك تەس .

— راست دەيسىز ، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ .

— مېنىڭ يولدىشىم نېمە گۇناھ قىلغان ؟ — ئايگۈل سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى ، — ئۇ چەت ئەللەردىكى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ، چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان» دەپ ئەيىبلەندى .

شۇ كۈنى ئۇ ناھايىتى كۆپ سۆزلىدى .

«بىز بۇنداق نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باللىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇشىمىز كېرەك ، — دەيتتى ئۇ ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ، مەن ئوغلۇم قەيسەرنى ياخشى ئوقۇتۇپ ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىمەن .»

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلايتتىم . ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشاتتى .

شۇ تەرىقىدە يەنە بىر يىل ئۆتتى . ئاخىر ، شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى ، ئايگۈلگە چىن مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلدىم . شۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەم ، جۇدالىقتا ئۆتكەن ھەر كۈن گوياكى مىڭ يىللىق ئازابتەك تۇيۇلۇپ ، يۈرەك - باغرىم ئۆرتىلىپ كېتىدۇ . سۆيۈملۈك ئايگۈلۈم بىلەن بىللە بولغان شۇ كۈنلەردىن ئېغىز ئاچسام ، ئوتلۇق نىدا بىلەن شۇنداق دەيمەنكى ، مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ بەختسىز ئادەممەن !

باغچىدىكى ئاشۇ خاسىيەتلىك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئايگۈلگە يېقىن ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قانداق تاتلىق سۆزلەرنى پىچىرلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم . ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا بۇلاقتەك ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مۇھەببەتلىك ۋە ھەسرەتلىك سۆزلىرىمىزنى ئەسىرلەر داۋامىدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس ئىدى .

خىياللىرىم يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك تىزىلىپ

كېلىۋەردى . ئەسلىمىلەر دۇنياسىدىن يېنىپ رېئاللىققا كۆز تىكتىم . ئوغلۇم قەيسەرنى ئويلىدىم . ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرى دىل ئارامىمنى بۇزغانىدى . «قانداق قىلىش كېرەك ؟» دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويىتتىم ۋە يەنە ئۆزۈمگە ئۆزۈم جاۋاب بېرەتتىم : «ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان بىر سۆزلىشەي» .

— قەيسەر ! — دەپ چاقىردىم ئۇنى .

قەيسەر قاپىقىنى سالغان ھالدا كىرىپ ماڭا قارىدى .

— كېلە ، بالام ، ئولتۇرغىنا ، — دېدىم مەن ، — ساڭا ئاپاڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي .

قەيسەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئىلتىجا ، ئىنتىلىش ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى . سۆزۈمنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي بىردەم سۈكۈت قىلدىم .

كۆزلىرىم ئالدىدا يەنە شۇ قاباھەتلىك قارا يىللارنىڭ ئەسلىمىلىرى تەسۋىرلىنىشكە باشلىدى . گوياكى قويۇق تۇمانلارنىڭ ئىچىدىن ئايگۈلنىڭ غەمكىن تەبەسسۇم ئەيلىگەن نۇرلۇق ئوبرازى سۇزۇلۇپ چىقتى . شۇ ھامان يەنە ھېلىقى ساۋۇر موللاقىنىڭ مۇتتەھەملىك يېغىپ تۇرغان سوغۇق تەلەتى ئالدىمنى توسۇدى .

— ھەي ئۇكاڭزا ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ ماڭا ھەر دائىمقىدەك ۋارقىراپ ، — ئايگۈل دېگەن جىن - شەيتاننى دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرىدىغان بولدۇق .

ئىنچىكە كۈمۈش ئورغاقتەك يېڭى ئاي ۋە چىمىرلاپ تۇرغان سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلار ئۆزلىرىنىڭ سۈتتەك ئاق نۇرىنى كۆز يېشى قىلىپ تۆكمەكتە ئىدى . ئايگۈل بىلەن ئىككىمىز باغچىنىڭ خىلۋەت جايىنى تاللاپ ، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق .

دىمىق ياز تۈنى ئاياغلىشىپ ، تاڭ شولىسى بىلەن ئاسماننىڭ شەرقىي قىسمى ئاستا - ئاستا سۇزۇلۇشقا باشلىدى . سۈبھىدەم

سالقىندا تېنىمىزنىڭ ھارارىتى بىر - بىرىمىزگە ئۆتەتتى ، ئايگۈلنىڭ بېشى يەلكەمگە قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى بويىنۇمنى غىدىقلايتتى .

تاڭ يورۇغاندا بېشىم گاراڭلاشقان ھالدا ئېغىرلاشقان قەدەملىرىم بىلەن ئايگۈلنى ئۇزىتىپ ماڭدىم . مانا بۇ كوچىدا بىز ئايرىلىشىمىز كېرەك .

— مېنى ئەسلەپ تۇرۇڭ . . . — دېدى ئايگۈل ۋە مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى . گوياكى سۈبھىدە گۈل بەرگىگە قونغان شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان مونچاقلار ئۇنىڭ بوستان كىرپىكلىرىدە بىر دەقىقە ئېسىلىپ قېلىپ ، شۇ ھامان تاتارغان مەڭزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى .

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئېچىنىشلىق ۋە سۆيۈملۈك تۇرقى - سىياقى مېنىڭ قەلبىمگە مەڭگۈ ئۆچمەس نەقىش بولۇپ ئورناشتى .

— خەيرخوش ، مېنىڭ پەرىشتەم . . .

شۇ كۈنى كەچكىچە بەئەينى ئەقلىنى يوقاتقان مەجنۇندەك بولۇپ قالدىم . ياتسام ياتقۇم كەلمەيدۇ ، تۇرسام تۇرغۇم كەلمەيدۇ ، يا گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ ، يا كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ . كېچىچە كىرپىك قاقماي ، تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن .

چۆچۈپ ئويغاندىم - دە ، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتىم . ئاللىقاچان تاڭ ئاتقان بولۇپ ، زاۋۇت مەيدانىغا بىرنەچچە «جىن - شەيتانلار » تىزىپ تۇرغۇزۇلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايگۈلمۇ بار بولۇپ ، تېڭىلغان يوتقان - كۆرپىسى يېنىغا قويۇلغانىدى . ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى ، لېكىن ئۇ دەرھال يەرگە قارىۋالدى . يۈرىكىم ئۆرتىنىپ كەتتى . قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم .

شۇ ئەسنادا ساۋۇر موللاق بىرنەچچە ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنى باشلاپ كەلدى .

— مېڭىشە ، ماشىنىغا چىقىش ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مەيداننىڭ يېنىغا توختىتىپ قويۇلغان قارا ماشىنىنى قولى بىلەن

كۆرسىتىپ .

نەزەربەند قىلىنغانلار يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا تەرەپكە مېڭىشتى . بىلىگە تاپانچا ئېسىۋالغان ساۋۇر ھوقۇقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ، ئۇلارغا توختىماي ۋارقىرايتتى :

— مېڭىشە ! تېز بول ! ماشىنىغا چىقىش !

ئۇ ئايگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— تېز ماڭ ! — دەپ ۋارقىراپ قەستەن ئۇنىڭ تومپىيىپ تۇرغان كۆكسىنى ئالىقىنى بىلەن ئىتتەردى .

ئايگۈلنىڭ مەڭزىلىرى غەزەپ ۋە نومۇستىن خۇددى يالقۇنلاپ كۆيۈپ كېتىدىغاندەك قىزىرىپ كەتتى .

— قولۇڭنى تارت ، ھۇ پەس لۈكچەك ! — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن ۋە ساۋۇرنىڭ قولىنى زەردى بىلەن چەتكە قېقىۋەتتى .

ساۋۇر موللاق تەلۋىلىكــى تۇتۇپ ، قۇترىغان يىــرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئۆزىلا بولدى . ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئايگۈلنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت سالدى . غالجىرلاشقان ساۋۇرنىڭ ئاغزىدىن ئەڭ سەت ، پاسكىنا گەپلەر قار ـ يامغۇردەك يېغىپ كەتتى .

ئەمدى مەنمۇ بەجايىكى قەپەستىن چىققان ئارسلاننىڭ ئۆزى بولغانىدىم . بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ ، ساۋۇر موللاقنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئۇردۇم . بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ساۋۇر ئوڭدىسىغا يىقىلدى ۋە سەكرەپ قوپۇپ ماڭا خۇددى قاۋاندەك ئېتىلدى . قورسىقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتىم ، يەنە يىقىلدى ، ئۇنىــڭغا «موللاق» دېگەن لەقەمنىڭ نېمە ئۈچۈن قويۇلغانلىقىنى مەن شۇ چاغدا ھەقىقىي چۈشەندىم . بۇرۇن ئاڭلىغىنىمدەك ، ئۇ موللاقلاپ يىقىلاتتىيۇ ، يەنە موللاقلاپ سەكرەپ تۇرۇپ ئېتىلاتتى ، قانداق ئۇرساڭمۇ ، تەپسەڭمۇ ئۇنىڭغا تاياق ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

ئەتراپتىكى ئىشچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ بىزنى ئاجراتتــى . ساۋۇر موللاق ئاجراتقۇچىلارنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ :

— مېنى قويۇۋېتىش ! جېنىڭنى ئالىمەن ، ئېتىپ تاشلايمەن ! — دەپ ۋارقىرايتتى .

مەنمۇ ئاجراتقۇچىلارنى ئىتتىرىپ ، ئۇنىڭغا ئېتىلاتتىم ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ ، ئۇنى تىللايتتىم .

شۇ ئارىدا نازارەتچىلەرنىڭ ئىتتىرىپ ھەيدىشى بىلەن ئايگۈل ماشىنىغا چىقىپ بولدى . ماشىنا يۈرۈپ كەتتى .

— ئايگۈل ! — دەپ خىتاب قىلدىم يىغا ئارىلاش ئاۋازىم بىلەن .

ئەتراپتىكىلەر چۇقان كۆتۈرۈشتى :

— قارا ، بۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى !

— يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابچى بىلەن بىرلىشىۋالغىنىنى قاراڭلار !

— ئۇرە ، بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىنى !

ئۇستىبېشىمغا تەرەپ - تەرەپتىن بىرنەچچە مۇشت تەگدى . ماڭا ھەممىدىن ئار كەلگىنى — ساۋۇر موللاق قوللىرىمنى كەينىمگە قايرىپ ، بېشىمنى بېسىپ ، مېنى ئېگىشتۈردى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېنى سۆرەپ ، ئىتتىرىپ ، دىكتاتورا گۇرۇپپىسىنىڭ سولاقخانىسىغا سولاپ قويۇشتى .

شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» بولۇپ قالدىم . تۈرمىدە ياتتىم ، سۈرگۈن بولدۇم .

ئايلار ، يىللار ئۆتتى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى . زاۋۇتقا قايتىپ كەلدىم .

— ئايگۈل قويۇپ بېرىلدىمۇ ؟ ئايگۈل ھازىر نەدە ؟ — مەن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنى سۈرۈشتۈردۇم .

— ئايگۈل تۇگەپ كەتتى ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ماڭا ئۇلار ، — ئۇنى بىز دەپنە قىلدۇق . ئېغىر كېسەل بولغانىكەن . بىچارىنىڭ بۇ شەھەردە بىرمۇ تۇغقىنى يوق ئىكەن . ئانىسى خوتەندە ئىكەن . . .

ئاھ ، ئايگۈل . . . ماتەم قايغۇسى قەلبىمنى ئەزدى ؛ خۇشاللىقىم ، ئارزۇلىرىم شىرىن جاندىن ئۈزۈلدى .

*　　　*

خوتەن يولى بەك ئۇزۇن ، خوتەن يېرى بەك يىراق . ھەممە يېرى جالاقلاپ تۇرىدىغان كونا ئاپتوبۇستا چايقىلىپ كېتىۋاتىمەن . بۇ ئۇزۇن يول مېنى شۇ يىراق مەنزىلگە ، ئايگۈلنىڭ يۇرتىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ . ئاشۇ يىراق خوتەنگە بارسام ، تەقەززالىق بىلەن يولۇمغا قاراپ تۇرغان ئايگۈل يۈگۈرۈپ ئالدىمغا چىقىدۇ . . . ياق ، ياق ، بۇ مېنىڭ خىيالىم ، ئارزۇيۇم ، ئارمانىم .

— ئايگۈلنىڭ ئانىسى ئىككى يىل بۇرۇن قازا قىلغان ، — دېيىشتى ماڭا ئايگۈلنىڭ خوتەندىكى تۇغقانلىرى . ئاندىن ئۇلار سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ماڭا كۆرسەتتى .

— بۇ ئايگۈلنىڭ ئوغلى قەيسەر .

مەن ئۇ بالىنى قۇچاقلاپ ، پېشانىسىگە سۆيدۈم .

— قەيسەر ، ئوغلۇم ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ، — مەن سېنىڭ داداڭ .

*　　　*

— مانا بۇ ئاپاڭنىڭ شۇ چاغدىكى سۈرىتى ، — دېدىم مەن شىرە ئۈستىدىكى سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ .

قەيسەر ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

— بولدى ، سۆزلىمەڭ ، — دېدى ئۇ ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ ، — چۈشەندىم ، ئەمدى بىلدىم ، سىز مېنىڭ دادام .

* *

— دادا ، مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن ، — دېدى قەيسەر سەھەردە مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەيرەت ـ شىجائەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى .

— شۇنداق قىلغىن ، ئوغلۇم ، — دېدىم مەن ، — بۇ ئاپاڭنىڭ ئاداققى ئارزۇسى .

قەيسەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ماڭدى . مەن دېرىزىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم . قەيسەر يان كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەن يېنىكلەشكەن هالدا قايتىپ كېلىپ ئايگۈلنىڭ سۈرىتىگە نەزەر سالدىم .

«خاتىرجەم بولۇڭ ، قەدىرلىكىم ، ئاخىر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم .»

* *

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇهەببىتىم هەققىدە سۆز ئاچسام جۇدالىقتا ئۆتكەن بىر كۈن خۇددى مىڭ يىللىق دوزاخ ئازابىدەك تۇيۇلۇپ يۈرەك ـ باغرىم قىسىلىپ كېتىدۇ ، چۈنكى مېنىڭ قەلبىمنىڭ تۈنجى چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغان گۈزەل ئايگۈل ئۆزىنىڭ سائادەتلىك خاتىرىسىنى مەندەك بىر بەختسىزگە مەڭگۈلۈك يادىكار قىلغانىدى . ئاه ، ئايگۈل ، ئايگۈل ! ئۇ هەقىقەتەنمۇ هەم ئاي ، هەم گۈل ئىدى .

1988 ـ يىل دېكابىر

# قاردا ياتقان چوكان

قار ئۈستىدە ياتقان ياش ئايالنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ كىشىلەر ئولاشقانىدى . گۈگۈم چۈشكەن مەزگىل بولۇپ ، قىشنىڭ كۆل رەڭ ئاسمىنى بارغانسىرى قارىداپ كېتىۋاتاتتى . توختىماي قار يېغىۋاتاتتى . ياش ئايال يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخ تۈۋىدە قىمىر قىلماستىن ياتاتتى . بۇ جاي شەھەرنىڭ چەت ئارقا كوچىلىرىدىن بىرى بولغاچقا ، ئادەم شالاڭ ئىدى . قاردا ياتقان چوكان ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارنى كۆرمەيتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى . ئوزايىدىن خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار بىردىن ـ ئىككىدىن بۇ يەرگە كېلىپ توپقا قوشۇلاتتى . ئۇلار خۇددى ئۆز ئۆيىدىكى ئاپئاق كىرلىك تارتىلغان يوتقان ـ كۆرپىلىرىنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت ياتقان چوكانغا قاراپ ، ئۆزئارا ئۇيان ـ بۇياندىن خىتاب قىلىشاتتى :

— نېمە بوپتۇ ؟

— ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتىكەن . . .

— ئېرى ئۇرۇپ قويۇپتىكەن ، ئۇيقۇ دورىسىدىن بىر چاڭگالنى بىراقلا ئىچىۋاپتۇ .

— ئېرى قېنى ؟

— هاراق ئىچىۋاپتىكەن ، خۇدىنى بىلمەيدۇ ، نەگە كەتتىكىن . . .

شۇ ئەسنادا چوكان كىشىلەرنىڭ گەپلىرىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك ئاستا مىدىرلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى ، تەستە ئېچىلغان لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاھ ئۇرغاندەك چۈشىنىكسىز ، بوغۇق سادا

چىقتى ـ دە ، يەنە جىمىپ قالدى .
كىشىلەر يەنە خىتاب قىلىشتى :
— جېنى بار ئىكەن .
— ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىۋالغان بولسا ، ئۇ هازىر ئۇخلاپ قالغاندۇ . . .
— دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك ! ئاشقازىنىنى تازىلىمىسا بولمايدۇ .
— دوختۇرخانىغا قانداق ئاپىرىمىز ؟ خوتۇن كىشىنى بىز كۆتۈرسەك بولمايدۇ ـ دە .
— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ! ھەممىمىز ئەر كىشى ئىكەنمىز . يات ئايالنى كۆتۈرسەك ئەپلەشمەيدۇ . بىرەر ئايال كىشى بولغان بولسىمۇ . . .
— خوتۇن خەق ئۇنى كۆتۈرەلمەيتى .
— راست ، بويلۇق ، سېمىز چوكان ئىكەن .
— بۇنداق يېتىۋەرسە توڭلاپ قالىدۇ . . .
ئىچ ئاغرىتىدىغانلار كۆپ ، لېكىن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئادەم چىقمايۋاتاتتى .
ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى . چوكاننىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ، ئالدى ئېچىلىپ قالغان كۆك سوكنا پەلتوسىنى گويا كى باھارنىڭ ئاق چېچەكلىرىدەك قار باستى . شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى ، پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ يۇمۇلغان كۆزلىرى ھەممىنى كۆرۈۋاتاتتى . مانا ، ئۇ ئېرىنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈۋاتىدۇ . ئېرىنىڭ مەست بولۇپ ، قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان ئاشۇ ئۆنتۈلماس چىرايىنى كۆرۈۋاتىدۇ . ئۇ مۇشۇ يەرگە يىقىلىپ ، كۆزىنى يۇمغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئاشۇ چىرايىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ . شۇنچە تونۇش ، شۇنچە دەھشەتلىك بۇ چىراي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ يېقىنلاپ كەلدى . . . ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت تىل ـ ھاقارەتلەر . . . ئارقىدىنلا مۇشت ! ئېرىنىڭ مۇشتى . . . ئاشۇ مۇشت بارغانسېرى

زورىيىپ ، يوغىناپ چوكاننىڭ كۆزلىرىنى تامدەك توسۇۋالدى . چوكان ئەمدى مۇشتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ، ئۇنىڭ ئەقلى يەنە غۇۋالاشتى . ئۇ پەقەت ئاھانەت ۋە چىدىغۇسىز نومۇستىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى غىل - پال ئەسلىيەلىدى . ئاخىرى . . . . ئاخىرى . . . قانداق بولغانىدى ؟ ھە ، راست ، بىقىنىغا تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن تۇگۇلۇپلا قالدى - دە ، سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ شىرەنىڭ تارتمىسىغا قول ئۇزاتتى . ئاق تابلېتكا دورىلارنى سىقىملاپ ئالدى ، ئاندىن ئاغزىغا سېلىپ تەستە يۇتتى . . . ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى . قانچە تال ئىدىكىن ، ئىشقىلىپ بىرمۇنچە تابلېتكا . . . ئۇنىڭدىن باشقىسى چوكاننىڭ ئېسىدە يوق .

توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر تېخىچە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئېچىناتتى ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئويلايتتى . ئەمما ، بۇنىڭ ئىلاجىسىنى قىلالمايتتى . يات ئايالنى كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ ! خەقنىڭ خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ قويساڭ سورىقى بار ، بالاغا قالىسەن ! ياۋاشلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق . بۇنداق چاغدا يات ئەركەكلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئىچىنى ئاغرىتىش .

— ۋاي بىچارە !

— بۇنداق يېتىۋەرسە ئۆلۈپ قالامدۇ . . .

— توڭلاپ قالىدىغان بولدى . . .

راست ، راست توڭلاپ كېتىۋاتىمەن ، دېگەن ئوي بىلەن چوكاننىڭ زېھنى ئويغىنىشقا باشلىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئىسسىق يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىۋالغان بولسا ، يەنە ئىككى ئوتلام ئىسسىق چاي بولسا . . .

چوكاننىڭ كۆزلىرى يەنە روشەنلەشتى . ئۇ يەنە كۆرەلەيدىغان بولدى . «كىم ئۇ ؟ ياشانغان بىر ئايال كېلىۋاتىدىغۇ ؟» دەپ ئويلىدى چوكان ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق تۇيغۇسىدىن ئىسسىپ قالغاندەك بولدى . ئاھ ، بۇ ئاپامغۇ ! چوكان ئانىسىغا تەلپۈندى ، جىسمى بىلەن ئەمەس جېنى بىلەن تەلپۈندى ، لېكىن

مىدىرلىيالمىدى . ئاپا ، دەپ توۋلىغۇسى كەلدى ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈيۈشۈپ قالغان لەۋلىرى ئېچىلمىدى ، ھېچقانداق زۇۋان چىقمىدى . ئاپىسى ھەر دائىمقىدەك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ، قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى . يۇمشاق قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ چاچلىرىنى ، مەڭزىنى سىلىدى ، ئاندىن يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىزىنى قۇچاقلىدى ، ئۇنى ئىللىق باغرىغا باستى . ئاھ ، نېمىدېگەن راھەت ! ئاپىنىڭ باغرى نېمىدېگەن ئىسسىق ! نېمىدېگەن ئىسسىق ! ئاپا ، ئاپا ، مېنى قويۇۋەتمىگىن ، تېخىمۇ چىڭ ، تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىغىن . شۇ قۇچىقىڭدا يېتىپ بىر ئۇخلىۋالاي ، خۇددى كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك . . .

بىراق ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ ئاپىسىنىڭ خۇش چىرايى خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان يېنىك ئاق بۇلۇتقا ئوخشاش ئاستا - ئاستا يېيىلىپ ، تارقىلىپ ، يىراقلاشقىلى تۇردى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئىللىق باغرى بەئەينى پىلىلداپ ئۆچۈپ قالغان ئوت شولىسىدەك بىردەمدىلا غايىب بولدى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇ ؟ چوكان بۇنى ئويلىيالمىدى ، ئەپسۇسلانمىدى ، قايغۇرمىدى . ئۇنىڭ مۇزلىغان دەرمانسىز قەلبى قاراڭغۇ بوشلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايتتى ، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى . پەقەت بىرلا ئارزۇلۇق خىيال ئۇنىڭ ئاشۇ قەلبىدىكى بوشلۇقتا ئەكس سادا پەيدا قىلدى : ئاپامنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسام بولاتتى . توغرا ، ئەمدى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى . ئۇ ھېلىقى دورىلارنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ، قېچىپ چىقتى ، مانا مۇشۇ يول بويىدىكى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلگەندە يىقىلدى . . . ئۇ . . . ھە راست ، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ، ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن ، دېگەنىدى . راست ، راست ، كېتىمەن . . . ئەمما بىر دەقىقە ئىچىدە بۇ خىياللارمۇ يوق بولدى . ئۇ يەنە قار ئۈستىدە ئۇخلاپ يېتىۋەردى .

ئۇ ئۇخلىغان بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەر ئويغاق ئىدى . ئۇلار تېخىچىلا بۇ چوكاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي ئاۋارە ئىدى . شۇ ئارىدا كىشىلەر توپىغا يېگىدىن

كېلىپ قوشۇلغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ھەممىدىن بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتتى . ئۇ ئىڭىشىپ ، چوكاننىڭ يۈزىگە قارىدى .

— ۋاي ئىست ، بىر چىرايلىق چوكان ئىكەن ، — دېدى ئۇ ئىچىنغان ئاھاڭدا ، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ ، سۇكۇت ئىچىدە تۇرغان ئەر كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى ، — ئۇنىڭ ئېرىنى چاقىرىپ كەلسەك بولمامدۇ ؟

قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بەستلىك ئەر كىشى خۇشياقمىغان ھالدا جاۋاب بەردى :

— ئۇ مەست بولۇپ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ ياتىدۇ . شۇ يېتىشى بىلەن ئەتە چۈشكىچە قوپالمايدۇ . ئۇ دائىم شۇنداق . ئۇلار بىزنىڭ قوشنىمىز ، بىز بىلىمىز . . .

— قوشنىسى بولغاندىن كېيىن بىرنەچچىڭلار بىرلىشىپ بۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويساڭلار بولمامدۇ ؟ !

— ئەر كىشى بولسىغۇ شۇنداق قىلساق بولاتتى ، بىراق بۇ ئايال تۇرسا . . .

— ئەممىسە شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۇ ئۆلۈپ قالسا مەيلىمۇ ؟ ئۇنداق قىلماڭلار ، بۇنداق قىلساڭلار خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ! . . .

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال نېمە قىلارىنى بىلمەي ، ئۇنىڭغا ، بۇنىڭغا قاراپ چىقتى ۋە ھېچكىمدىن جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن يەنە ئەنسىزلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— ۋاي خۇدايىم ، يا بۇ ئارقا كوچىغا ماشىنىمۇ كىرمەيدىكەن ! بۇنداق يېتىۋەرسە بولمايدۇ… مۇشۇنداق ئەرگىمۇ تېگەمدىغان… ۋاي خۇدايىم… مەن بىر ماشىنا تېپىپ كېلەي .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ تېيىلغاق يەردە ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكلىرى بىلەن ئىمكانقەدەر يۈگۈرۈشكە تىرىشىپ يان كوچىغا كىرىپ كەتتى . توپلىشىپ تۇرغان ئەرلەرمۇ گويا ئەمدى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇشتى . بىرنەچچە كىشى چوڭ كوچىغا چىقىپ ماشىنا توسۇپ باقماقچى بولۇشتى .

چوكان ئاۋۋالقىدەكلا كۆزلىرىنى ئاچماي ھەرىكەتسىز ياتاتتى . ئۇ كۆزلىرىنى ئاچماقچى بولدى ، لېكىن ئاچالمىدى . ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان قاتتىق ئۇيقۇنىڭ سېھىرلىك تورلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ ، ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ مىدىرلىتالمىدى ، پەقەت يۈرىكىلا ئاجىز تېپىرلاپ تۇراتتى ، بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان زېھنى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە گويا ئاجايىپ ئىسسىق ئېقىم بولۇپ تارقىلىۋاتقان ئۇيقۇنىڭ راھەتبەخش قۇچىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ يەنىلا بوي بەرمەيۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ھېلىقى سىقىملاپ ئېلىنغان ئاق تابلېتكا دورىلار پەيدا بولاتتى . كىملەرنىڭدۇ : «توڭلاپ قالىدىغان بولدى···» ، «ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى···» دېگەندەك سۆزلىرى يىراق يەرلەردىن لەرزان ئۇچۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىۋاتقاندەك بولاتتى . بۇ كىشىلەر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ؟ مەن توڭلاپ قالامدىم ؟ ئۆلۈپ قالامدىم ؟ شۇنچە ياش تۇرۇپ . . . ياق ، ياق ، ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايدۇ ، ھەرگىز خالىمايدۇ ! ھېلىقى ئاق تابلېتكىلارنى ئۇ قانداق قىلىپ ئىچىپ سالغاندۇ ؟ ئۇ ئىچىشنى خالىمايتتى ! ئاپىسىنىڭ ئۆيدە ئۇنىڭ ئەمدىلەتىن تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان قىزى بار ئەمەسمۇ ! شۇنداق ، ئۇنىڭ ئوماققىنا قىزى بار ، مېھرىبان ئاپىسى بار ، شۇلارنى تاشلاپ ئۇ قانداق كېتەلىسۇن ؟ ئاھ خۇدايىم ، خۇدايىم ، خۇدايىم . . . ئۇ ئەمدى پەقەت شۇ بىر سۆزنىلا ئويلىيالىدى .

ئۇشتۇمتۇت ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ : «ۋاي بىچارە . . . ۋاي ئىسىت . . . ئۇۋۋال ئەمەسمۇ . . .» دېگەندەك ئىچىنىش خىتابلىرى قاردا ياتقان چوكاننىڭ قۇلاقلىرىغا خۇددى پىچىرلاۋاتقاندەك ئاران ئاڭلانغانىدى . لېكىن ، تەنھا قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدەك بۇنداق خىتابلار ھالسىرىغان جانغا دەرمان بولمايتتى . چوكان بارلىق زېھنىي كۈچىنى يىغىپ : «بىر ئەر كىشى ، بىر ئاق كۆڭۈل ئەر كىشى چىقماسمۇ» دېگەن ئۈمىدنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەلىدى .

شۇنداق ، ئۇ هازىر ئاجىز ئايال كىشىنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازىغا ئەمەس ، كۈچلۈك ئەر كىشىنىڭ ياردىمىگە موهتاج ئىدى . ئۇ ئەر كىشىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىغا ئىنتىزار ئىدى . شۇ قوللار ئۇنى بۇ سوغۇق يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ ، خۇدا ھەققىدە بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويسا نېمە بولار ! دوختۇرخانا بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس . جېنى بار بىر ئەركەك بۇ چوكاننى هاپاش قىلىپ ماڭسا ئون مىنۇتقا قالماي يېتىپ بارغىلى بولىدۇ . بىر ئەر كىشى… بۇ ئۈمىد مۇزلاپ كېتىۋاتقان يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇچقۇنلاپ چىقىپ ، شۇ هامان ئۆچۈپ قالدى ، چۈنكى دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ : «يات ئايالنى كۆتۈرسە بولمايدۇ» دېگىنى ئاڭلاندى .

چوكان ئەمدى هېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى . ئۇ ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى . قاراڭلار ! ئۇ نېمە ؟ ئۇ بىر ئادەمغۇ ، ئۇ مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتىدىغۇ . مانا ، يېقىنلا كېلىپ قالدى . بۇ بىر ئەر كىشى ئىكەنغۇ . توغرا ، ئەر كىشى ! شۇ ئەر كىشى سالماقلىق قەدەم بېسىپ دەل چوكاننىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى شۇنچە سىلىق ، شۇنچە يېنىك ئىدىكى ، يەردە مېڭىۋاتقاندەك ئەمەس ، بەلكى خۇددى هاۋادا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . «بۇ كىم ؟ — دەپ ئويلايتتى چوكان ، — شۇنچە تونۇش ، شۇنچە ئىللىق ، شۇنچە نۇرلۇق چىراي !» ئاشۇ نۇرلۇق چىراي ئۇنىڭغا ئاستا ئېگىلىپ قارىدى .

— جېنىم بالام ، ئەجەبمۇ قىينىلىپ كېتىپسەن ، — دېدى ئۇ ، چوكاننىڭ ماڭلىيىنى سىلاپ ، — تۇرغىن ، قىزىم ، كېتەيلى .

چوكان ئاجايىپ بىر ئىنتىزارلىق تەلمۈرۈش ۋە ئىنتىلىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، قادىلىپ قارىدى ۋە «دادا !» دەپ ۋارقىرىدى . «دادا ! بۇ دادامغۇ !» ئۇ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى ، ئاۋازى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس ، يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ئېتىلىپ چىقتى . لېكىن ، بۇ ئاۋازنى هېچكىم

ئاڭلىمىدى . «يات ئايالنى كۆتۈرسە بولامدۇ ، بولمامدۇ ؟» دېگەن قىيىن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالماي تېڭىرقاپ تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىدى . بۇ ئاۋاز كېچىلىك قاراڭغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئاسماننىڭ ئەڭ يۇكسەك ، ئەڭ يارقىن پەللىسىگە ئۇچۇپ كەتتى .

دادىسى چوكاننى قار ئۇستىدىن بەجايىكى ماھۇقنى كۆتۈرگەندەك يېنىككىنە كۆتۈرۈپلا تۇرغۇزدى ۋە قولىدىن يېتىلەپ ئەكەتتى .

توغرا ، بۇ ئەر كىشى قاردا ياتقان شۇ چوكاننىڭ دادىسى ئىدى ، ئىككى يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ئىدى .

1990 ـ يىلى يانۋار

# بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى

ئاق ساقاللىق بوۋاي ئۆي ئىچىدە تەنها ئۆزى مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەكلا قېرىپ كەتكەنىدى، ئولتۇرسىمۇ، قوپسىمۇ قەددىنى رۇسلاپ تىكرەك تۇرالمايتتى. ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىملانغان هاسا تايىقىنى يەرگە تىرەپ تۇرمىسا يىقىلىپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن تاقىر بېشى ۋە ئۇزۇن ئاق ساقىلى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. نۇرسىز كۆزلىرى خۇددى ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە قاراشتىن بىزار بولغاندەك ئۇدۇلدىكى بەلگىسىز بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ هەممە نەرسىگە پەرۋاسىز ئىدى، بۇ دۇنيادىكى هېچنېمىگە قىزىقمايتتى، هەۋەس قىلمايتتى.

«قىزىقىش، قىزغىنلىق، هەۋەس دېگەنلەر ياشلىقنىڭ ئىپادىسى...» دېدى بوۋاي ئۆز ئىچىدە ۋە يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىران چاغلىرى بىر ـ بىرلەپ سۈرەتلىنىشكە باشلىدى.

بىر چاغلاردا ئۇمۇ ياش ئىدى، ئەتراپتىكى هەممە نەرسىگە قىزىقاتتى، كۆپ ئىشلارغا هەۋەس قىلاتتى، هەمىشە تېتىك هەم قىزغىن ئىدى. ئايغا، قۇياشقا زوقلىنىپ قارايتتى، ياخشى ئۆيگە، ياخشى كىيىمگە ۋە هەتتا ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىقتا، بۇلاق بېشىدىكى يالپۇزلارغىمۇ قىزىقاتتى. ئۇ ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا، قىز ـ چوكانلار بىلەن سۆزلىشىشكە، ئوينىشىشقا

ھەۋەس قىلاتتى ؛ ئۆيئىچىدىكىلەرگىمۇ ، ياتلارغىمۇ مۇئامىلىسى قىزغىن ئىدى .

«ھەۋەسلىرىم شۇنچە كۆپ ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم تېخىمۇ كۆپ ئىدى» دەپ ئويلىدى يەنە بوۋاي .

ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى ، ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشنى ئارمان قىلاتتى ؛ نورۇز بايراملىرىدا چېلىشىش مەيدانىغا چۈشۈپ ، يېزىدىكى ھەممە پالۋانلارنى يېڭىشكە تىرىشاتتى ؛ ئات بەيگىسىگە چۈشۈپ ، ئاخىرقى پەللىگە ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشنى كۆزلەپ ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇراتتى...

ھالبۇكى ، ئۇ ھەممىدىن دۇتارنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ دۇتارنى چېلىش بىلەنلا قالماي ، بەلكى ئۇنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى .

بوۋاينىڭ بۇ ھەۋىسى ناھايىتى بالدۇر ، يەنى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا باشلانغانىدى . ئۇ دۇتارنىڭ ئىككى تارىنى بارماق ئۇچى بىلەن تىرىڭلىتىپ قويۇپ ئويلىنىپ قالاتتى ، ئاندىن قولىقىنى دۇتارنىڭ قورساق قىسمىغا يېقىپ تارنى يەنە چېكىپ باقاتتى .

«ئەجەب ئىش ! — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — تارنى چەكسە نېمە ئۈچۈن ئاۋاز چىقىدۇ ؟ ئەگەر بۇ ئىككى تارنى شىرە يۈزىگە تارتىپ قويۇپ چەكسە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاۋاز چىقمايدۇ ؟»

ئۇ ئويلايتتى ، باش قاتۇراتتى ، دۇتارنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىنى تۇتۇپ باقاتتى ، سىلاپ باقاتتى .

ئاق ساقاللىق بوۋاي ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە گوياكى ئۆسمۈر باللاردا بولىدىغان شوخلۇقنىڭ يارقىن ئۇچقۇنلىرى غىل ـ پال چاقناپ قالغاندەك بولدى . بوۋاي نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئۆزىنى كۆرمەكتە ئىدى . ئۇ ئاشۇ چاغدا تويتوغرا ئون ياشتا ئىدى . ئون ياش . . . كىچىك بالا . . . بۇ كىچىك بالا ھەر كۈنى ئالتە ـ يەتتە قوينى يېزىنىڭ سىرتىغا ھەيدەپ چىقىپ ئوتلىتاتتى . ئۇ قولىدا تاياق تۇتقان ھالدا

قوي بېقىپ يۈرسىمۇ ، خىيالى يەنە شۇ دۇتاردا ئىدى . ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى ، قويلىرىنى بالدۇرلا قايتۇرۇپ كېلىپ قوتانغا سولىۋەتتى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە بوراندەك ئۇچۇپ كىردى ، قوي باققاندا ئىشلىتىدىغان تايىقنى بىر بۇلۇڭغا چۆرۈپ تاشلىۋەتتى ھەمدە تامدا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ كىگىز ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى ، ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان پىچاقنى قولىغا ئالدى ۋە خېلى ئۇزاققىچە ھەپىلىشىپ ، ئاخىر دۇتارنىڭ قورساق قىسمىنى بۇزۇپ ئاچتى ، ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى ، قولىنى تىقىپ سىلاپ باقتى .

«ھېچنېمە يوققۇ ؟ — ئۇ ھەيران بولدى ، — ئەمىسە دۇتارنىڭ ئاۋازى زادى قانداق چىقىدۇ ؟ »

بالا بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشنى ئويلايتتى ، بۇنى بىلمەكچى بولاتتى . لېكىن ، ئۇشتۇمتۇت ئاتىسى كىرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، بەڭۋاش ! دۇتارنى بۇزۇۋېتىپسەنغۇ !

ھاسا تاياققا تايىنىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ئاق ساقاللىق بوۋاي يىراق ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن شۇ ئىشنى ئويلىغاندا ئىختىيارسىز تۈردە سەل كۈلۈمسىرەپ قويدى .

«ئۇ چاغدا بىر دۇتارنى بۇزغىنىم بىلەن كېيىن ساناقسىز دۇتارلارنى ياسىدىم ـ دە ! » دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە مەغرۇرلانغان قىياپەتتە .

شۇنداق ، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساش ئۇستىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى . دۇتارنىلا ئەمەس ، بەلكى راۋاب ، تەمبۇر ، داپ ، چاڭلارنىمۇ ياسايدىغان بولدى . ھەممە ئادەم ئۇنى داڭلىق ئۇستا دەپ ھۆرمەتلەيدىغان بولدى .

ئاق ساقاللىق بوۋاي ، پېشقەدەم ئۇستا شۇ تاپتا ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ كەتكەنىدى .

«ھەي ، ئەمدى قېرىدىم . . . قېرىدىم . . .» دېدى بوۋاي ئەسلىملەر ئىلكىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ .

ئۇ دائىم مۇشۇنداق ئويلاشقا ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى . ئەمما ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق ئۇستا بولۇپ تونۇلغان ۋاقىتلىرىنى ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ ئون ياشلىق ئۆسمۈر چېغىدا دۇتارنى بۇزغان ۋاقىتتىكى ھالەتنى قايتا ـ قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . شۇ ئىشنى ئەسلىگەنسېرى زەئىپلەشكەن قەلبى ئىلىلىپ قالغاندەك ، خىرەلەشكەن خاتىرىسىدە يىراقتىكى بىر يۇلتۇز چاقنىغاندەك ھېس قىلاتتى .

«شۇ كۈنى راسا تەرسالىقىم تۇتقانىدى ـ دە ! — دەپ ئويلايتتى بوۋاي ، — دۇتارنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ دەپلا يۈرەتتىم ـ دە ! دۇتارنى چوقۇم بۇزاي دېگەن نىيەتتە كۆڭلۈمگە پۈككەندىن كېيىن ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆيگە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرگەنىدىم... ياق ، بوراندەك ئۇچۇپ كىرگەنىدىم... ئون ياشلىق ۋاقتىم ئىدى ـ ھە . . .»

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ تاشقىرىقى ئىشىكنى جالاقلاپ ئېچىلدى ـ دە ، بوۋاينىڭ ئون ياشلىق ئوغۇل نەۋرىسى خۇددى قارا بوراندەك ئۇچۇپ كىردى . ئۇنىڭ مەڭزلىرى قىزىرىپ ، قاپقارا مونچاقتەك كۆزلىرى شوخ چاقناپ تۇراتتى .

— بوۋا ، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ھاياجانلىنىپ ، — بۈگۈن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى بولۇپ قالدىم . بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى مەشىق قىلىپ ، كېلەر يىلى چوقۇم بىرىنچىلىكنى ئالىمەن !

بوۋاي بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ، لېكىن گەپ قىلمىدى . ئۇ پەقەت : «خۇددى مەن دۇتارنى بۇزغان چېغىمدىكىگە ئوخشاش بوراندەك ئۇچۇپ كىردى» دېگەننىلا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ئون ياشلىق نەۋرىسى بولسا، قولىدىكى پۈتبولنى بىر بۇلۇڭغا چۆرۈپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئىتتىك كېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە ياتقان ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى قولىغا ئالدى.

— بۇ شاپىلاقتەك كىچىككىنە ھېسابلىغۇچ قانداق قىلىپ شۇنچە مۇرەككەپ ۋە قىيىن ھېسابلارنى شۇنچە تېز ھېسابلاپ چىقىرالايدۇ؟ — دېدى ئۇ بېشى قاتقان قىياپەتتە، — مەن بۇ ھېسابلىغۇچنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ شىرەنىڭ تارتمىسىدىن ئەتۋېركە، ئامبۇرلارنى ئالدى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى چۇۋۇپ نەچچە پارچە قىلىۋەتتى.

1993 ـ يىل ئۆكتەبىر

# تەلەي دېگەن نەدىكىن

هاموٛت بەگٛگى تام توٛۋدە ئەتىياز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ناھىيە بازىرىدا بۇنداق ئەسكى تاملىقلار خېلى بار. ئۆي سوغۇق، تام توٛۋى ئىسسىق. هاموٛت بەگٛگى ئۆتكەن - كەچكەننى كۆزەتكەچ، گېزىت قەغىزىگە يوغان قىلىپ ئورالغان ئاچچىق موخوركىسىنى كەينى - كەينىدىن ئۈچ - تۆت قېتىم شورىۋالدى - دە، مەيدىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ باقتى:

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تارتىپ...

ئۇنىڭ ئاۋازى خوٛددى مايسىراپ كەتكەن هارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشىدەك ئېگىز - پەس چىقىپ كەتتى - دە، ئۈزۈلۈپ قالدى. هاموٛت بەگٛگى بۇ ناخشىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئاخىرىنى بىلمەيتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا كېرەكلىكىمۇ ئەنە شۇ «ئۆستەڭ» ۋە «خام تاماكا» ھەققىدىكى ئىككى مىسرا ئىدى.

ئۇ تاماكىسىنى يەنە قاتتىق شورىدى. «تەلەي دېگەن نەدىكىن؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مېنىڭمۇ بىر تەلىيىم كېلىپ باقسا نېمە بولار! خەقلەر پۇل تاپىدىكەن، باي بولىدىكەن، خوتۇن ئالىدىكەن، مەندە نېمىشقا ھېچنېمە يوق؟ ھەممىسى تەلەيگە باغلىق. تەلىيىڭ كەلسە ھەممە نېمەڭ بار بولىدۇ، تەلىيىڭ كەلمىسە مانا مۇشۇنداق ھېچنېمەڭ يوق بولىدىكەن. خەپ،

مېنىڭمۇ بىر كۈنى تەلىيىم كېلىپ قالار . . . »
شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ يەنە مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ناخشىسىنى غىڭشىپ تەكرار - تەكرار ئېيتتى .

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ . . .
خام تاماكىنى تارتىپ . . .

— هوي هامۇتباي ، مۇشۇنداق تامنى يۆلەپ بىكار ئولتۇرۇۋېرەمسەن ؟
ئۇشتۇمتۇت يېنىدىلا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى .
هامۇت بەڭگى ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى دەرهال كۆتۈرۈپ قارىغاندى ، موللاخۇن ئاقساقالنى كۆردى .
— تىنچ تۇردىلىمۇ ، موللاخۇن ئاكا ، — دېدى هامۇت بەڭگى ئورنىدىن قوزغىلىپ قويماستىن .
موللاخۇن ئاقساقال مۇشۇ مەهەللىدە تۆتنىڭ بىرى هېسابلىنىدىغان ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن ئەل - جامائەتنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ۋە قول ئىلكىدە بار مويسىپىت ئىدى .
— ماڭا ئوخشاش كەمبەغەلگىمۇ بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي دەپ ئويلىغان ئوخشىمامىلا ، موللاخۇن ئاكا ؟ — هامۇت بەڭگى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يوشۇرۇن تەمە بىلەن يەنە گەپ قىلدى .
موللاخۇن ئاقساقال ئۇنىڭغا ئېچىنغان هالدا بېشىنى چايقاپ تىلىنى چېكىلداتتى .
— هەي ، هەي ، هەي ! ئادەم بولمايدىغان نېمىكەنسەن . كىم سېنى كەمبەغەل قىلىپ قويىدى ؟ سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ۋەيران قىلىۋاتىسەن ! «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار . بەش ئەزايىڭ پۈتۈن ، ساپساق بىر ئەركەك تۇرۇپ ، ئىش ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتماي ، مۇشۇنداق لاغايلاپ يۈرسەڭ ئۆزۈڭگە ياخشىمۇ ؟ ئىشلىسەڭ بولمامدۇ ؟

— ئىش بولمىسا، — دېدى ھامۇت بەگگى مۇرىلىرىنى قىسىپ.

موللاخۇن ئاقساقال ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ كەتتى:

— ئاۋۇت مايماقنىڭ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام، ئىككى ئاي ئىشلەپلا چىقىۋالدىڭ. كۆمۈرچىلىك قىل دەپ قاسىم داڭگالغا قوشۇپ قويسام، تۆت كۈندە ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ كېلىۋالدىڭ. قول ھارۋىسى بىلەن يۈك توشۇپ ھامالچىلىق قىل دېسەم ئۇنىڭغىمۇ چىدىمىدىڭ. . . ساڭا يەنە قانداق ئىش بولسا بولىدۇ؟

ھامۇت بەگگى گەپ قىلالماي بويىنىنى تولغاپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى. . . — دېدى موللاخۇن ئاقساقال، — يېشىڭ قىرىققا كېلىپ قالدى، تېخىچە تۇتقان ئۆي ـ ماكانىڭنىڭ تايىنى يوق. ئەمدى بولسىمۇ بىرەر ئىش ـ ئەمگەكنىڭ يولىنى تۇتۇپ، خوتۇن ئېلىپ، بالا بېقىپ، ئەل قاتارى تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكىن.

ھامۇت بەگگىنىڭ سولغۇن چىرايى بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

— خوتۇن. . . — دېدى ئۇ ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئاقساقالغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكتى.

— ھەي ھامۇت، ھامۇت، — دېدى ئاقساقال ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن بېشىنى چايقاپ، — جامائەت مەسلىھەت قىلىشىپ، سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشاپ قويايلىمىكىن دېيىشتۇق. بىر ئۆي بېشىڭغا كىيىلسە بەگگىلىكىڭنى تاشلاپ، جامائەتكە قېتىلىپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس.

ھامۇت ھېجىيىپ تۇرۇپ گەجگىسىنى تاتىلىدى.

— شۇنداق بولامدىغان، موللاخۇن ئاكا، بۇ بەگگىلىك دېگەنمۇ شۇ بويتاقچىلىقتىن بولىدىكەن دېسىلە. . . بىراقزە. قايسى قىز ماڭا ماقۇل دەيدىغاندۇ؟

— مەھەللىمىزگە يېزىدىن چىققان بىر يېتىمچى ئايال كېلىپ قالدى . ئۇنى كۆرگەن بولغىيدىڭ ؟ — سورىدى ئاقساقال .

— ھېلىقى مايسىخان دومباقما ؟ — دېدى ھامۇت بەڭگى تېخىمۇ بەكرەك ھېجىيىپ ، — خەقنىڭ بالىسىنى بېقىپ يۈرۈۋاتىدىغۇ .

— ھە ، شۇ . بىلىدىكەنسەنغۇ ؟ — دېدى ئاقساقال .

— بىلمەمدىكەن . تازا بوردىغان پاقلاندەك سېمىز بولغاچقا بىز ئۇنى «دومباق» دەۋالغان .

— ھە ، قانداق ؟ شۇ ئايال بولامدۇ ؟

— بولۇشىنىغۇ بولىدۇ . . .

— ئەمىسە يەنە نېمە گەپ ؟

— بىراقىزە ، ئۇ ئۇنامدۇ ؟

— ئۇ يېقىنى ماڭا قويۇۋەت . ئاخشاملىقىقا ساڭا خەۋەر يەتكۈزىمەن .

شۇنداق قىلىپ ، جامائەت ھە ـ ھۇ دېيىشىپ ، ھامۇت بەڭگى بىلەن مايسىخان دومباقنى نىكاھلاپ قويۇشتى .

ئاللانىڭ بارلىق جانلىقلارنى جۈپى بىلەن ياراتقىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ! بۇ نىكاھلىنىشنىڭ نەتىجىسى خۇددى موللاخۇن ئاقساقالنىڭ كۈتكىنىدەك بولدى . ھامۇت بەڭگى ئۆزگىرىپ ، باشقىلا ئادەم بولۇپ قالدى . ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەر سىرتىدىكى كۆمۈر كانىغا كېتەتتى ، ئۇ يەردىن ھارۋىسىغا كۆمۈر قاچىلاپ بازارغا ئەكىرەتتى ، كۆمۈرنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن يۈز ـ كۆزى قاپقارا ھالدا خۇشاللىق بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى . كۆكسىلىرى تومپىيىپ تۇرغان مايسىخان دومباق ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىپ ، باش ، بويۇنلىرىنى يۇيۇپ قوياتتى ، ئاندىن ئىككىيلەن سۇپىغا چىقىپ ، كونا كىگىزنىڭ ئۇستىدە چازانى قۇرۇپ ئولتۇراتتى ـ دە ، بىر كۈنلۈك تاپاۋەتتىن كىرگەن پۇللىرىنى ساناتتى . شۇنىڭدىن كېيىن مايسىخان داستىخان سېلىپ ، غىزا كەلتۈرەتتى . ئەر ـ

خوتۇن بىللە ئولتۇرۇپ ، گۇڭۇر - مۇڭۇر مۇڭداشقاچ كەچكى تاماققا ئېغىز تېگەتتى .
شۇنداق قىلىپ ، هامۇت بەڭگى ئەمدى تام تۇۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى . ئۇنىڭ «خام تاماكا» توغرىسىدىكى چالا ناخشىسىنىمۇ ئەمدى هېچكىم ئاڭلىمايدىغان بولدى . بارا - بارا ئۇنىڭ «بەڭگى» دېگەن لەقىمىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنتۇلۇپ كەتتى .
هامۇت هەققىدە گەپ تېشىلىپ قالسا مويسىپىتلار رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ :
— خۇدايىم ئىنساپىنى بېرىپتۇ ، — دېيىشەتتى .
هامۇتنىڭ تەڭ دېمەتلىكلىرى بولسا :
— «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ، هامۇتۇمۇزە ، ئەمدى هېلىقى دومباقنىڭ قويىنىدىن چىقالمايدىغانلا بولۇپ كېتىپتۇ - دە ، — دېيىشىپ تۈز كۆڭلى بىلەن چاقچاق قىلىشاتتى .
دەرۋەقە ، هامۇت بىلەن مايسىخان بىر - بىرىگە قانمايدىغان ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ كېتىۋاتاتتى . بوش ۋاقتى چىقسىلا ئۇلار بىر - بىرىگە يېپىشىپ - چىرمىشىپ سۇپا ئۇستىدە خۇددى گۆدەك بالىلاردەك پومىداقلىشىپ ئوينىشىپ كېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا قوشنىلار ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن «گۇلدۇر - گۇپپاڭ» قىلغان ئاۋازلار بىلەن شوخ هەم خۇشال كۈلكە ساداسىنى ئاڭلاپ تۇراتتى .
ئەنە شۇنداق بەختلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە هامۇت خوتۇنىنىڭ قولىنى مېهرى بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— ئاز - تولا پۇلىمىزمۇ بار بولۇپ قالدى ، خوتۇن . بۇ بىر ئېغىز قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرىۋەرمەيلى . ئەتىدىن باشلاپ ئۆزۈم كېسەك قۇياي . يەنە بىر ئېغىز چوڭراق ئۆينى يانداشتۇرۇپ سېلىۋالايلى .
— شۇنداق قىلايلى ، مەنمۇ ئىشلىيەلەيمەن ، — دېدى مايسىخان .

ئۇلار ئىككىسى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن بىر - بىرىگە يېنىپ - يېنىپ قارايتتى . ئەر - خوتۇن قىزغىن كەيپىياتتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .

— يەنە ئازراق پۇل يىغىپ بىر دۇكان ئېچىۋالايلى ، — دەيتتى هامۇت .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ، — دەيتتى مايسىخان ، — مەن دۇكاندا ئولتۇرسام ، سىز مال توشۇيسىز .

— كېيىن ئوبدانراق بىر ئاشپۇزۇل قىلىۋالساق . . .

— بىزمۇ خەقلەردەك مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرۈپ باقساق…

ئۇلار ئەنە شۇنداق شېرىن ئارزۇلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تولۇق غەيرەتكە كەلدى . ئەتىسىدىن باشلاپ ئەر - خوتۇن بىرلىكتە كېسەك قۇيۇشقا تۇتۇش قىلدى . ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭگە يېقىن يەردە بولغاچقا ، كېسەكچىلىك قىلىشقا بەك ئەپلىك ئىدى . تۆت - بەش كۈندىلا بىرمۇنچە كېسەك تەييار بولدى .

هامۇت ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قىرلاپ تىزىۋېتىلگەن كېسەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئىش ئورنىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە لايغا سۇ قۇيۇۋاتقان مايسىخانغا قاراپ :

— يەنە بەش - ئالتە كۈن مۇشۇنداق ئىشلىسەك كېسەكمۇ توشۇپ قالغۇدەك ، — دەپ قويدى .

— تېزرەك تۇتۇش قىلىپ ، كۆز كىرگۈچە ئۆينى پۈتتۈرۈۋالايلى ، — دېدى مايسىخان ئېرىگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ .

— ھە ، بولدى ئەمدى ، — دېدى هامۇتمۇ خوتۇنىغا كۈلۈمسىرەپ ، — سەن كىرىپ تاماق ئەتكىن ، مەن يەنە ئازراق توپا چاناپ قوياي .

— ماقۇل ئەمىسە ، كۈنمۇ كەچ بولاي دەپ قاپتۇ ، — مايسىخان شۇ گەپ بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

هامۇت قولىغا كەتمەننى ئېلىپ ، سېرىق توپىلىق دۆڭدىن توپا

چاناشقا كىرىشتى، تولا چانىلىپ تىك قىياغا ئوخشاپ قالغان يۇمشاق توپا بىر كەتمەن، بىر كەتمەندىن تۆۋەنگە چۈشۈپ دۆۋىلىنىشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىزدىن كەتمەننىڭ بىسى قانداقتۇر بىر قاتتىق نەرسىگە ئۇرۇلدى. قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ توپا تېگىدە تۇتۇق جاراڭلاپ سۇنغانلىقى بىلىندى. ھامۇت كەتمەننى يەرگە قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولى بىلەن توپىنى تارتىپ ئاختۇردى. توپا ئاستىدىن بىر پارچە ساپال سۇنۇقى يالىڭاچلىنىپ چىقتى. ھامۇت يەنە ئاختۇردى. ئۇنىڭ بارماقلىرى قانداقتۇر قاتتىق ۋە سىلىق نەرسىگە تەگدى. ھامۇت جىددىيلىشىپ قالدى ۋە توپىنى تېز - تېز كولاپ قارىغانىدى، بۇ بىر ساپال كوزا ئىكەن.

بىردىنلا ھامۇتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ چەكچىيىپ قالدى. كوزىنىڭ كەتمەن تېگىپ پۇچۇلۇپ كەتكەن يېرىدىن ئالتۇن، مەرۋايىتلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھامۇتنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، نەپىسى بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇچۇق كوزىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كېسەك قۇيۇش ئۈچۈن تۈزلەپ قويۇلغان يەرگە قويدى؛ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ دەپ بېشىنى چايقاپ باقتى. مەڭزىنى چىمدىپ باقتى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە ئېچىپ باقتى. ياق، بۇ چۈش ئەمەس! ئۇ كوزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قولىغا ئالدى. قارىسا، راست ئالتۇن، راست مەرۋايىت! ھامۇتنىڭ بېشى ئايلىنىپ كېتىپ، «جاققىدە» قىلىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنچە كۆپ ئالتۇن - ھە! بىر كوزا ئالتۇن!

ھامۇت يەنە بۇرۇنقىدەك بەڭگىلىك ھالىتىگە كېلىپ قالدى. ئۇ بېشى گاراڭ بولغان، ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئاستا قوپتى.

— ئالتۇن . . . — دەپ پىچىرلىدى ئۇ كالۋالاشقان تىلى بىلەن، ئاندىن خۇددى بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك تېپىرلاپ، چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي خوتۇن ! مايسخان ! — دەپ خۇددى جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋارقىراپ كەتتى ئۇ .
مايسخان بۇنداق غەلىتە ۋارقىراشتىن ئەنسىرىگەن هالدا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى .
— ۋاي نېمە بولدى ؟
— ۋاي خوتۇن ، چاققان بول ، چېلەكنى ئاچىق !
— نېمە بولدى ؟ قايسى چېلەكنى ؟
— يېڭى چېلەكنى . چاققان بول دەيمەن !
نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي هەيران بولغان مايسخان يېڭى چېلەكنى كۆتۈرۈپ ، هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، كوزىدىكى كارامەتنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى .
— ۋاي خۇدايىم ، بۇ نېمە گەپ ؟
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . . . توپىنىڭ تېگىدىن چىقىپ قالدى .
— خۇدايىم بېرىپتۇ ، خۇدايىم بېرىپتۇ !
شۇنىڭ بىلەن ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى دەرهال تۇتۇش قىلىپ كوزىدىكى دۇنيانى چېلەككە قاچىلىغىلى تۇردى .
— چاققان بولايلى ، خوتۇن ، خەق كۆرۈپ قالمىسۇن .
— نەگە تىقارمىز بۇلارنى ؟
كوزىدىكى زىخچا ئالتۇن ، قۇيما ئالتۇن ، ئالتۇندىن ياسالغان ئۈزۈك ، هالقا ، بىلەزۈك ، قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار ، مەرۋايىت ، ياقۇت ، زۇمرەت . . . هەممىسى بولۇپ يېرىم چېلەك چىقتى .
ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن چېلەكنىڭ ئۈستىنى ئەسكى چاپان بىلەن ياپتى ۋە ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈپ ، دوڭغاقلاپ ماڭغىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى .
— كۆمۈۋېتەيلى ، — دەپ پىچىرلىدى هامۇت خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا .
— هەئە ، كۆمەيلى ، — دېدى مايسخانمۇ هاياجاندىن نەپىسى بوغۇلۇپ .

ئۇلار مىتىن ، گۆرجەكلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۆيىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى كولىدى . چېلەكتىكى دۇنيانى سۇلياۋ خالتىلارغا ۋە ھەر خىل قاچا ـ قۇتىلارغا بۆلۈپ سېلىشتى ـ دە ، كولانغان يەرلەرگە تىقىپ كۆمۈۋېتىشتى ، پەقەت ئازراقلا بىر قىسمىنى ساندۇققا سېلىپ قويۇشتى .

ئەر ـ خوتۇن كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى . ئاشۇ سېرىق ئالتۇن ، قىزىل ياقۇت ، يېشىل زۇمرەت ۋە سۇزۇك قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا گوياكى رەڭدار ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىناتتى .

ئەتىسى ئىككىيلەن تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى .

— خوتۇن ، بىر تال ئۈزۈكنى بازارغا ئەكىرىپ باقاي جۇمۇ ، — ھامۇتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپلا خوتۇنغا ئېيتقان بىرىنچى گېپى شۇ بولدى .

تېخىچە ھاياجانلىنىشنى بېسىۋالالمايۋاتقان مايسىخان دەررۇ بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق ئېرىنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلىدىغان-لىقىنى ئىپادىلىدى . ھامۇت چالا ـ بۇلا ناشتا قىلدى ـ دە ، بىر دانە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى قولياغلىقىقا مەھكەم تۈگۈپ يانچۇقىغا سالدى ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە قويۇن يانچۇقىدىن بىر دەستە پۇلنى چىقاردى .

— مانا ، ساتتىم ، — دېدى ئۇ گوياكى ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن خوتۇنغا قاراپ .

مايسىخان پۇلنى ئېلىپ ساناپ باقتى .

— باي بولدۇق ! — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي .

ئىككىسى ئىختىيارسىز تۇردە كۈلۈپ كەتتى .

— بىراق ، بۇ نەرسىلەرنى يەنە سېتىۋەرسەك خەق گۇمانلىنىپ قالىدۇ ، — دېدى مايسىخان ئېسىنى يىغىۋېلىپ .

— ئەمدى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ ساتىمەن ، — دېدى هامۇت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، — چوڭ شەھەردە دېگەن نى ـ نى سودىلار بولۇپ تۇرىدۇ ، ھېچكىم ھېچكىمدىن گۇمانلانمايدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، هامۇت ئالتۇننىڭ ئوتتىدا كۆيۈپ يەنە بىر ئۇيقۇسىز تۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەتىسى كۈنى ئۇرۇمچىگە ماڭدى .

ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىر ئارقا كوچىدىكى يەككە تىجارەتچى ئىگىدارچىلىقىدىكى ياتاققا ئورۇنلىشىپ ، قوش قەۋەتلىك كونا كارىۋاتنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە يېتىپ قېنىپ ئۇخلىۋالدى . ئاندىن كوچا ئارىلاپ ، قىممەتلىك بۇيۇملارنى نەدە ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆزەتتى . ئاخىر بىر زەرگەرچىلىك دۇكىنىغا كىرىپ ، زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكتىن بىرنى ساتتى . قايتىپ كېلىپ ھېلىقى پاسكىنا ، قاراڭغۇ ياتاقتا ياتقۇسى كەلمىدى . باشقا بىر جايدىن خېلى پاكىز ۋە ئازادە بولغان ئىككى كىشىلىك ياتاقتىن بىرنى تاپتى . ئىككى كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر دۇكاندارغا بىر دانە ئالتۇن بىلەزۈكنى ساتتى . ماگىزىنلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ بىر يۇرۇش ياۋروپاچە كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، كۆڭلەك ، گالستۇك ، خۇرۇم شىبلىت قاتارلىق كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ ، ئۇستىبېشىنى يېڭىلىدى . كېيىن يەنە بىر دانە چوكا ئالتۇن ۋە ئۇچ ـ تۆت پارچە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر خەنزۇغا ساتتى . ئەمدى ئۇ پۇللىرىنى جىمىقتۇرالماي ، قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . پۇل سالغان خۇرۇم سومكىسىنى نەگە بارسىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەتتى .

«ئەمدى ئۆيگە قايتساممۇ بولار» دەپ ئويلىدى ئۇ ، لېكىن شۇ ھامان يەنە يېڭى ـ يېڭى ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلاشقا باشلىدى . «چوڭ سودىگەرلەر ئالىي مېھمانخانىلاردا ياتىدىكەن ، مېنىڭمۇ پۇلۇم بارغۇ ، ئۇرۇمچى دېگەن شەھەردە راسا يوخادىن چىققۇدەك ئوينىۋالمامدىم» .

ئەمدى هامۇت پۈتۈنلەي باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى .

ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلاردا يېتىپ، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ، ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا غىزالىنىپ، ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشلىرىمۇ، ھەتتا چىراي تۇرقىمۇ ھېلىقى توپا چاناپ، كېسەك قويۇپ، ئېشەك ھارۋىسىدا كۆمۈر توشۇپ يۈرگەن ھامۇتقا زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى گويا باشقا ئادەملەردىن بىر بالداق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەرنى ئۆز ئىچىدە مەنسىتمەيتتى. غادىيىپ يۈرگىنىنىڭ بىلەن يانچۇقۇڭدا تۆت تەڭگىنىڭ تايىنى يوق دەپ ئويلايتتى ئۇ سالاپەتلىك ئەر كىشىلەرگە قاراپ.

ھالبۇكى، ئۇ خوتۇن - قىزلارغا ئەمدى ئالاھىدە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. ھەرقانچە ئېسىلزادە خېنىم بولغىنىنىڭ بىلەنمۇ، سېنى پۇل بىلەن ئۇرۇپ يىقىتالايمەن دەپ ئويلايتتى ئۇ تۈرلۈك - تۈرلۈك مودا كىيىملەرنى كىيىشىپ مەغرۇر قىياپەتتە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان گۈزەل چوكانلارغا قاراپ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق خىياللىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى. قىسقا يوپكا كىيگەن بىر قىرقىما چاچلىق قىزغا گەپ قىلغانىدى، ئۇ قىز غەزەپ بىلەن ئالىيىپ دەككىسىنى بېرىپ قويدى. كېيىن يەنە تار شىم كىيگەن بىر بۇدۇر چاچلىق خېنىمغا يېقىنچىلىق قىلىپ باققانىدى، بۇ خېنىم ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى - دە، ھاقارەتلىك سۆكۈت بىلەن كېتىپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ، چوڭ شەھەر دېگەننىڭ چوڭ شەھەرلىكى بار ئىكەن، ئاخىر شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى، ھامۇتنىڭ پۇلىغا كۆزى قىزارغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالدىن بىرى چىقىپ قالدى. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ھامۇت كېيىن يەنە قونچاقتەك ياسىنىۋالغان بىر چىرايلىق ياش قىزنىمۇ ئىندەككە كەلتۈردى. «تەلەي دېگەن قانداق ئادەملەرگە كېلىدىكىن دەپ يۈرسەم مانا ماڭىمۇ كەلدى» دەپ ئويلايتتى ھامۇت. ئۇنىڭ ئەمدى ئۆز ئۆيىگە كەتكۈسى كەلمەي قالدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى . ھامۇت يۇرتداشلىرىدىن بىرنەچچەيلەننى تاپتى ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن تونۇشتى . تاماشا قىلىپ ، كوچا چىڭداپ يۈرۈپ بىر قىمارخانىغا كىرىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، نەچچە كۈنگىچە تاۋكادىن قوپماي قىمار ئويناپ ، يېنىدىكى بار ـ يوقىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

— ئەجەبمۇ يوقىلىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ ئالتۇن قېنى ؟ پۇل قېنى ؟ — مايسىخان ھامۇتنى سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى .

— ئوغرى ئالدى ، — دېدى ھامۇت خوتۇنىنىڭ ھال ـ ئەھۋال سورىشىدىن بىزار بولغان ھالدا .

— ئەجەب ھېچنېمە يېمەيسىزغۇ ، بۇنىڭدىن بىر كېسىم يەپ بېقىڭا ، — دەيتتى مايسىخان ئېرىنىڭ ئالدىغا گۆشناننى قويۇپ .

— ھەي ، بولدى قىلغىنا ، يېگۈم يوق .

— ئوغرى ئالدى ، دەپ بۇنچىلىك ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ ، — دەيتتى مايسىخان ئېرىنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆزىچە چۈشىنىپ .

ھامۇت ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمايتتى . ئۇدا نەچچە كۈنگىچە ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ خىيال سۈرۈپ يۈردى . ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ھېلىقى ئازادە ، ئېسىل مېھمانخانىلارنى ئەسلەيتتى . ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر تىزىلغان كەڭ كوچىلاردا يەنە ئايلىنىپ يۈرگۈسى كېلەتتى . بولۇپمۇ ھېلىقى چەت ئەللەرنىڭ كىنولىرىدىكىدەك ياسىنىپ يۈرىدىغان بۇدۇر چاچلىق ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق چوكانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە يۈرەكلىرى پىژىلداپ كۆيگەندەك بولۇپ كېتەتتى . يۈرىكى ئاشۇنداق كۆيگەنسېرى ئۆزىنىڭ يېنىدا ياتقان خوتۇنى مايسىخان ئۇنىڭغا شۇنچە سەت ۋە يېقىمسىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتتى .

«پۇل دېگەن مەندە بار ، ئۈرۈمچىدىكى ھېلىقى قىزلاردىن تاللاپ يۈرۈپ بىرنى ئالالايمەنغۇ» دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ھامۇت . ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلاپ باقسىمۇ ، بۇ مۇلاھىزە ئۆزىگە ناھايىتى

ئورۇنلۇق ۋە ئاقىلانە پىكىر بولۇپ تۇيۇلدى . «شۇنداق قىلىش كېرەك» دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە قەتئىي قارارغا كېلىپ .
ناشتىدىن كېيىن مايسىخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋەتتى .
— ئولتۇرغىنا ، خوتۇن ، كىچىككىنە گەپ بار ئىدى ، — دېدى هامۇت مايسىخانغا قارىماسلىققا تىرىشىپ .
— هە ، نېمە گەپ ؟ — دېدى مايسىخان ۋە ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .
هامۇت گەپنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەي تامىقىنى قىرىپ قويدى .
— هە ، مۇنداق گەپ ، — دېدى هامۇت ئىلاجى بار ئۆزىنى دوستانە قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ، — مەن . . . مەن ساڭا بىر دانە زىخچا ئالتۇن بېرەي . . . هە ، يەنە ئىككى دانە ئۇزۇك ، ئىككى جۇپ هالقا . . . يەنە تۆت تىزىق مەرۋايىتنى بېرەي . . .
مايسىخان بۇ گەپلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي گاڭگىرىغان هالدا ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى . هامۇت بولسا ، چىرايىنى جىددىيلەشتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— هە . . . مەن ساڭا . . . ساڭا يەنە بىر قۇر كىيىم - كېچەك قىلىپ بېرەي . . . هە . . .
مايسىخان ئەمدى بىر نەرسىنى پەملىگەندەك بولدى .
— هە ! قورسىقىڭىزغا قانداق جىن كىرىۋالدى ؟ — دېدى ئۇ تەنە قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن ، ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە ، ئىككى مۇشتىنى بىقىنلىرىغا تىرەپ ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى .
— هۇيت ! نېمانداق كېكەچلەپ ، ئىنجىقلاپ ئولتۇرىسىز ؟ گېپىڭىز بولسىچۇ ، غاچ - غاچ دەڭ .
— هە . . . مۇنداق گەپ ، — دېدى هامۇت گەجگىسىنى تاتىلاپ قويۇپ ، — نەچچە ۋاقىتتىن ئوبدان ئۆتتۇق . ئەمدى مەنمۇ سەندىن رازى ، سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن . چىرايلىقچە

ئاجرىشىپ كېتىلى .

— ھۆ ، نومۇسنى بىلمەيدىغان داپ يۈز ! — مايسىخان قولىنى ھامۇتنىڭ كۆزىگە تىقىۋەتكۈدەك غەزەپ بىلەن شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى ، — گاداي ۋاقتىڭدا خوتۇن قىلىپ ، ئەمدى ھارام بايلىقنى تېپىۋېلىپ ، ئاغزىڭغا ئاش تەگكەندە كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىما ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ! ئۇخلاپ چۈشۈڭ !

ھامۇت مايسىخاننى «ئەرنىڭ سىزىپ قويغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ياۋاش ، مۆمىن ئايال» دەپ ھېسابلايتتى . ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىقىنىڭ بارلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ غەزەپلىك چۇقانلىرى ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى . مايسىخان بەئەينى بىر قۇترىغان چىشى قاپلاننىڭ ئۆزى بولۇپلا قالغانىدى .

— ھۆ پەس ! ھۆ ماز . . . — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ ۋە بىر تالاي ئېغىزغا ئالغۇسىز تىل - ھاقارەتلەرنى قار - يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ھامۇتنىڭ ياقىسىنى سىقىپ تۇتقىنىچە ئۇنى تالاغا سۆرەپ چىقتى .

— يۈرە قېنى ، ئاجرىشىدىغان ئىشىڭ بولسا ماڭە ! نوچىلىقىڭنى مەن بىر كۆرەي !

— بۇنداق قىلمىغىن ، خەلقئالەم ئالدىدا سەت بولىدۇ ، چىرايلىقچە تۈگىشىلى ، — دەپ يالۋۇراتتى ھامۇت كوچىدا كېتىۋېتىپ .

مايسىخاننىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى . ئۇ «كۆرىدىغىنىڭنى كۆرسىتىمەن» ، «ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن» دەپ جاۋىلدىغىنىچە ھامۇتنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا كىردى .

— ماۋۇ كارغا كەلمەيدىغان ماز ئوغرى بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋالدى ! — دەپ جار سالدى ئۇ ئۇدۇل بىر ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىرىپ .

شۇنىڭ بىلەن ، ھەممە ئىش تۈگەشتى . بىرنەچچە ساقچى ۋە

كادىر ئىككى ماشىنا بىلەن كېلىشتى ـ دە ، ھامۇتنىڭ بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ، كولاپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى ۋە كۆمۈپ قويۇلغان بارلىق ئالتۇن ـ گۆھەرلەرنى مۇسادىرە قىلدى . ھامۇت بىلەن مايسىخانمۇ نىكاھتىن ئاجراشتى . مايسىخان ئۆزىنىڭ يېزىسىغا كەتتى . ھامۇت ناھىيىلىك تۈرمىگە قامالدى .

ھامۇت تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى لەقىمى بىلەن «بەڭگى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك تام تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ، يوغان ئورالغان كۆك تاماكىسىنى شورايتتى . ئېرىنچەكلىك بىلەن مەيدىسىنى تاتىلاپ جاراڭسىز ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى :

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ ،
خام تاماكىنى تارتىپ . . .

ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم كەلمەيتتى . «ھېلىقى موللاخۇن ئاقساقال يەنە بىر كەلگەن بولسا ، — دەپ ئويلايتتى ھامۇت ، — مايسىخان بىلەن قايتىدىن نىكاھلاپ قويغان بولسىچۇ . . .» لېكىن موللاخۇن ئاقساقال ئەمدى ئىككىنچىلەپ ھامۇت بەڭگىنى ئىزدەپ كەلمىدى . تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسىمۇ گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇۋالدى .
«ھەي ، تەلەي دېگەن نەدىكىن ؟» دەيتتى ھامۇت بەڭگى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە كۆك تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ، قويۇق تۈتۈن چىقىراتتى .

1996 ـ يىل فېۋرال

# خىيالىمۇ، چۈشۈمۇ

يېنىك لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈچ تۇتۇندەك خىياللىرىم ئىچىدىن يېشىل قارىغايلار، چەكسىز ئورمانلار سۈزۈلۈپ چىقماقتا. ھەيۋەتلىك تاغلار مېنى قوينىغا ئالدى. قارىغايلار، ئارچىلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن. بۇ خىياللىرىمۇ، چۈشۈمۇ؟ بۇ خىيالغا ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ. شېرىن خىياللاردىكىگە ئوخشاش شېرىن ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە ۋۇجۇدۇمنى سەزمىگەن ھالدا قىران ئارچىلارغا، كۆك ئاسمانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىۋاتىمەن. بۇ خىيال ئەمەس، چۈنكى ئاشۇ ئارچىلارنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى قوللىرىمغا، مەڭزلىرىمگە يېقىملىق سۈركىلىپ ئۆتمەكتە. بۇ شېرىن چۈشكە ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ. بەزەن چۈشلەردە بولىدىغاندەك خۇشاللىقنىمۇ، خاپىلىقنىمۇ ئۇنتۇغان ئاجايىپ بىر خىل چۈشىنىكسىز روھىي كەيپىيات ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس. چۈشۈمدە كۆرگەندەك ھاۋادا ئۈچمىدىم. ئاياغلىرىم ئورمانلىقنىڭ يۇمشاق قارا تۇپراقلىرىنى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بېسىپ كېتىۋاتىدۇ.

ياش ئىدىم، يىگىت ئىدىم، ھاياتىمنىڭ قىران پەسلى ئىدى. قەلبىم گويا يېڭى ئۆسكەن مايسىدەك يۇمران ئىدى. خىياللىرىم سېھىرلىك مەنزىرىلەر دۇنياسىنى ئاختۇراتتى.

ئورمانلىقتا كېتىۋاتىمەن، تاغدىن - تاغقا ئۆتۈۋاتىمەن. مانا ھازىر مۇشۇ قارىغايلار ئارىسىدىن ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالايدىغان ئېيىقلار، بۆرىلەر، تۈلكىلەر، توشقانلار چىقىپ كېلىدۇ. مانا ھازىر كۆك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار ئىچىدىن قۇش بەدەنلىك ساھىبجامال بۇلبۇلگويا ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئاغزىدىن ئوت

چاچىدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار، ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن پالۋانلارنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قېنىنى شورايدىغان جادۇگەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ يەنە ئۇشتۇمتۇت غايىب بولىدۇ.

خىياللىرىم، خىياللىرىم، مەن قەيەردە تۇرىمەن، سىلەر قەيەردە ئۇچۇپ يۈرىسىلەر! ياق، بۇ چۆچەك ئەمەس، سېھىرلىك دۇنيا ئەمەس. مەن تاغدا كېتىۋاتىمەن، ئورمانلىقتا مېڭىۋاتىمەن. ساپ ھاۋادا ھۇزۇرلىنىپ نەپەس ئېلىپ لەززەت بېغىشلىغۇچى فانتازىيىلىك خىياللىرىم بىلەن سىردىشىپ كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن. تاغنىڭ ئېگىزلىكىمۇ، يولنىڭ يىراقلىقىمۇ بىلىنمىدى. خۇددى شائىرنىڭ ئىلھامى بىلەن توقۇلغان شېئىرىي مەنزىرىدىن قاڭقىپ چىققان تەسۋىرىي كۆلەڭگىدەك بىردەمدىلا ئورماننىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

قارىسام، تاغ ئېتىكىدە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن چىمەنزار بەجايىكى شاھانە مەخمەل داستىخاندەك كەڭ يېيىلغانىدى. گۈللەر ئۈستىگە ھەر خىل كېپىنەكلەر قونۇپ ۋە ئۇچۇپ ئوينىشاتتى. خىياللىرىم گوياكى كۆكۈچ ئىسقا ئايلىنىپ، مامۇقتەك يېنىك ئاق بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

تاغدىن چۈشتۇم. بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەر ۋە ئاجايىپ چىرايلىق تاغ گۈللىرى مەيىن شامالدا جەۋلان قىلىپ، ئەركىلەپ پۇتلىرىمغا سوقۇلاتتى. بۇ ئوتلاقتىكى يالغۇز ئۆسكەن زىلۋا بويلۇق ئاق قېيىننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدىم. «بىر ئاز ھاردۇق چىقىرىۋالاي» دەپ ئويلىدىم مەن. ئەمدى سەل چارچىغانلىقىم بىلىندى. ئاق قېيىننىڭ تۈۋىگە كېلىپ يانپاشلىدىم.

بۇ يەردە خاتىرجەم ئارام ئېلىشقا بولاتتى. بۇ يەردە ئادەمدەك سۆزلەيدىغان ھايۋانلار يوق، ۋەھشىي ئەجدىھا، يالماۋۇزلار يوق. كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ ياماشتى. گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۈستىگە سوزۇلۇپ يېتىپ، يەنە بىر قېتىم ئورمان بىلەن قاپلانغان ئاشۇ

تاغلارغا، تىنىق كۆك ئاسمانغا، يارقىن پارلاپ تۇرغان ئالتۇن قۇياشقا كۆز يۈگۈرتتۇم.

ئۇشتۇمتۇت ئۇدۇلۇمدىكى ئېگىز ھەم تىك قىيانىڭ ئۇستىگە جايلاشقان بۆركۈت چاڭگىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. چاڭگا ئىچىدە تېخى ئۇچۇرما بولمىغان ئىككى بۆركۈتچاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تېخى پەيلىرى قاتمىغان ئاجىز قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ ئۇچۇشقا تەمشىلەتتى ۋە بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ يىراقلارغا قاراپ قوياتتى. ئېھتىمال، ئانىسىنىڭ ئوزۇق ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارغا قاراپ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ئەمدى ياتقۇم كەلمىدى. قوپۇپ ئولتۇردۇم. قىزىق ئىش! بايا مەن بۇ بۆركۈتچاقلارنى، ھەتتا مۇشۇ ئېگىز ھەم تىك قىيانىمۇ كۆرمىگەنىدىم. «چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن بۇلارغا دىققەت قىلماپتىمەن ـ دە، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ھەي بولدىلا، بىردەم ئۇخلىۋالاي».

قايتىدىن يانپاشلىدىم. كۆزلىرىم يەنە ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. بىراق، شۇ ھامان چۆچۈپ كەتتىم. ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. قارىغۇدەك بولسام، ئېگىز ۋە قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن كوكاتلار ئىچىدىن يوغان ۋە ئۇزۇن بىر چار يىلان تولغىنىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچە يوغان ئىدىكى، ئادەتتىكى يىلانغا ئەمەس، بەلكى بەئەينى بىر ئەپسانىۋى ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. كەينىمگە داجىدىم. ھالبۇكى، بۇ ئەجدىھاسىمان يىلان ماڭا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ تولغىنىپ، ئېگىلىپ ئەگرى ـ بۈگرى يول سىلىپ، ھېلىقى تىك قىيانىڭ تۈۋىگە كەلدى. قاراپ تۇرسام، بۇ قورقۇنچلۇق چار يىلان شۇنچە ئەپچىل ھەرىكەتلىنىپ، قىيا ئۇستىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆرلەپ، ھېلىقى بۆركۈتچاقلار ياتقان چاڭگىغا يېقىنلاشتى. يىلان توختىماي ئۆرلەيتتى. بۆركۈتچاقلار بولسا، ئۇنىڭغا قاراپ قورققىنىدىن قاناتلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن پالاقلىتاتتى ۋە ئېچىنىشلىق ئۈن سېلىپ يىراقتىكى ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىراتتى. يىلان چاڭگىغا يېقىنلاپ قالدى. بۆركۈتچاقلار خۇددى

ئادەم باللىرى يىغلىغاندەك ئۈن سېلىپ چىرقىرىشىپ كەتتى . يىلان ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، چاڭگا تەرەپكە سوزۇلدى .

ئاپلا ، چاتاق بولدى ! بۇ زادى ئەجدىھامۇ ، يىلانمۇ ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، شۇ ئەلپازىدا ئۇ بۈركۈتچاقلارنى ئامان قويمايدۇ . بۈركۈتچاقلارنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك !

يۈگۈرۈپ باردىممۇ ياكى ئۇچۇپ باردىممۇ ؟ بۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، ھەش ـ پەش دېگۈچە يىلاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىۋالدىم . شۇ پەيتتە مەنمۇ گويا چۆچەكلەردىكى پالۋانغا ئايلانغانىدىم . قىيالىق باغرىدىكى خۇددى بوردىغان قوچقاردەك چوڭلۇقتىكى بىر قورام تاشنى قومۇرۇۋالدىم ـ دە ، ئىككى قولۇم بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ بار كۈچۈم بىلەن ھېلىقى ئەجدىھاسىمان يىلاننىڭ بېشىغا ئاتتىم . ئۇ زادى قانداق مەخلۇق ؟ ئەجدىھامۇ ، يىلانمۇ ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن . شۇنى ئېنىق دېيەلەيمەنكى ، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك بېشى مەن ئاتقان تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ يانجىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە توم گەۋدىسى جان ئاچچىقىدا تېپىرلاپ ـ تېپىرلاپ توختاپ قالدى .

پېشانەمدىن ئاققان تەرنى قولياغلىقىم بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم . شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلار ، تۈگىمەس خىياللار ۋە يەنە قانداقتۇر مۇرەككەپ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن تورلاشقان كۆزلىرىمنى بۈركۈت باللىرىغا تىكتىم . بۇ كىچىك جانىۋارلار ئۆز چاڭگىسىدا ماڭا قاراپ خۇشاللىق بىلەن ئۈن سالاتتى ، سەكرىشەتتى . مەنمۇ ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدىم .

ھە ، بولدى ، ئەمدى بىرئاز يېتىپ ئارام ئېلىۋالاي . كەينىمگە ياندىم . بىراق . . . يائاللا ، يەنە نېمە كارامەت بۇ ؟ قىيادىن پەسكە ئەمدىلا چۈشۈشۈمگە ئورمانلىق ئىچىدىن بىر دەھشەتلىك ھايۋان ئالدىمغا ئېتىلىپ چىقتى . بۇ قانداق ھايۋان ؟ بۆرىمۇ ، قاپلانمۇ ۋە ياكى قانداقتۇر ئەپسانىۋى يىرتقۇچمۇ ؟ بۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن . پەقەت شۇنى ئەسلىيەلەيمەنكى ، ئۇ خۇددى ئاچ قالغان چىلبۆرىدەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ، خۇددى قان

تۆكۇشكە خۇمارى تۇتقان چۆل قاپلىنىدەك دەھشەتلىك خىرقىراپ، خۇددى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى ئاپەت ياغدۇرغۇچى ئاللىقانداق ئادەمخور مەخلۇقتەك مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قانداق مەخلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەھۋالىم خەتەرلىك ئىدى. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتىم. بۇ ئاجايىپ مەخلۇق ماڭا خىرىس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا بىرلا ئېتىلىدىغان بولسا، تۆگەشكىنىم شۇ.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۆجىزە يۈز بەردى. مەن قانداق قىلىشىمنى ئاڭقىرىۋالغۇچە تۇيۇقسىزدىن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بىر ئاق بۈركۈت ئېگىز ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشتى - دە، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇققا چاڭگال سالدى. ئۇ مەخلۇق ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق چىشلىرىنى ياۋۇزلارچە ھىڭگايتىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئامال قىلالمىدى. بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئۇنىڭ قېلىن تېرىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇستىخانلىرىنى قامالىدى. مەخلۇق جان تالىشىپ ئۆزىنى ھەر يانغا ئاتاتتى، ھۆركىرەيتتى، تېپىرلايتتى. بۈركۈت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تىرناقلىرى بىلەن ئۇنى بارغانسېرى مەھكەم قامالاپ پۈكلەپ قويدى ۋە شۇنداق كۈچلۈك يۇلقۇنۇپ تارتتىكى، مەخلۇقنىڭ باش ۋە قۇيرۇق قىسىملىرىدىكى تېرىلىرىنى سويۇپ چىقىرىۋەتتى. بۆرىسىمان ۋە قاپلانسىمان بۇ مەخلۇق دەرمانسىز زەردە بىلەن جان ئۈزۈپ يىقىلدى. بۈركۈت ئۇنى قويۇۋەتتى ۋە چىرايلىق ئاق قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى - دە، قىيا ئۇستىدىكى چاڭگىسىغا چىقىپ، ھېلىقى ئىككى بالىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن قاناتلىرى ئاستىغا ئالدى. ئانا - بالا بۈركۈتلەر چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان يۇملاق قارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ شادىيانە ئۈن سالماقتا ئىدى.

مەن كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن دەسلەپتە ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسام، كېيىن ئاستا - ئاستا ئېسىمنى يىغىۋالدىم. ئەمدى قەلبىمدە شادلىق كەلكۈنلىرى شوخ مەۋج

ئۇرماقتا ئىدى. ئەتراپىمدىكى يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغلار، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن بېزەلگەن تۈز يايلاق، ئالتۇن قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان كۆك ئاسمان ماڭا ئەمدى باشقىچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. مەن ئۆزۈمنى گويا شېئىرلار دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ۋە يالقۇنلۇق مىسرالار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، لىرىكا شارابىنى ئىچىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئاھ، ھايات نەقەدەر گۈزەل! مەن تاغلارغا قاراپ ناخشا ئېيتتىم، گۈللەرگە قاراپ ئۇسسۇل ئوينىدىم، ئاشۇ تەنھا تۇرغان زىلۋا بويلۇق قېيىن دەرىخىنىڭ ئاپئاق بەدىنىنى قۇچاقلىدىم.

مەن نېمە بولدۇم، ھە؟ مەست بولدۇممۇ ياكى ئاشىق بولدۇممۇ؟ بۇنى بىلەلمەيمەن. بىر چاغ بولغاندا، «قارا ئۇنىڭغا!» دېگەن غايىبانە بىر ئىندا قۇلاقلىرىم تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. قارىسام بايىقى ئاق بۈركۈت بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن چاڭگىسىدىن ئايرىلىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە چىرايلىق ئاق قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، لەرزان پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك! ئۇ ھەممىدىن ئېگىز ئۇچالايدۇ! ئۇ بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ مەڭگۈ ئېرىمەس قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان چوققىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتتى. مېنىڭ قەلبىم لەرزىگە كەلدى. نازۇك گۈللەرنى، زىلۋا بويلۇق قېيىن دەرىخىنى ئۇنتۇدۇم. بۇ زادى خىيالىممۇ، چۈشۈممۇ؟ بۇنى دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، ھەقىقىي بايانىم شۇكى، ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر غەيرەت ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتىم. كۆزلىرىمنى ئاشۇ ئاق بۈركۈتتىن ئۈزمىگەن ھالدا تاغ باغرىغا يول ئالدىم. ئاشۇ چىرايلىق ئاق بۈركۈتكە ئوخشاش قارلىق چوققىلارنى كۆزلەپ توختىماي ماڭدىم، توختىماي يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. خىياللىرىم شۇ ئاق باشلىق تاغلارنىڭ خىياللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

1996 - يىل فېۋرال

# بىزنىڭ پولكوۋنىك

ياق ، مېنى توسماڭلار ، گېپىمنى دەۋالاي . سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى ؟ ياخشى - ياماننى ئايرىۋالالمايسىلەر . پارىخور ئەمەلدارلارنى : «بىز بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى» دەپ ماختايدىكەنسىلەر ، پارا يېمەيدىغانلىرىنى : «چالا ئاكتىپ ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ» دەپ تىللايدىكەنسىلەر . مەن گەپ قىلسام ، تېخى مېنى : «قېرىدىڭىز ، هازىرقى جەمئىيەتنى چۈشەنمەيسىز» دېيىشىپ يوغانچىلىق قىلىسىلەر . ياق ، مەن جەمئىيەتنى تازا ياخشى چۈشىنىمەن . پارىخور ئەمەلدارلار سىلەرنى يامان يولغا باشلاپ ، خۇشامەتچىلىككە ئۆگىتىدۇ . سىلەرمۇ ئاشۇنداق ئۆپكىسى يوق باشلىقىڭلارغا پارا بېرىپ ئۇلارنى چىرىتىسىلەر !

سىلەر مېنى قېرى دەپ ياراتمىغىنىڭلار بىلەن ، مەن ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامانلىرىنى توغرا ئايرىيالايمەن . نى - نى ئىشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ، كۆپنى كۆرگەن ئادەممەن . مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى بولغان ، قولۇمغا قورال ئېلىپ جەڭلەرگە قاتناشقان ، پۇتۇمغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغان . . . هەي ، سىلەر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇدۇق دەپ چوڭ سۆزلىگىنىڭلار بىلەن ئۇ چاغلاردىكى ئادەملەرنى دورىيالامسىلەر ؟ ئاجايىپ ۋىجدانلىق ئىسىل ئادەملىرىمىز بار ئىدى .

ئىلى ئىنقىلابى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دېگەن گەپلەرنى بىلەمسىلەر ؟ ئەنە شۇ چاغلاردا مەن پولكوۋنىكنىڭ مۇهاپىزەتچىلىرىدىن بىرى ئىدىم . مەن گەرچە مەكتەپلەردە كۆپ ئوقۇمىغان بولساممۇ ، ناهەقچىلىكنى كۆرسەم چىداپ

تۇرالمايدىغان، مۇشتلىشىشتىمۇ، ئات مىنىشتىمۇ ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان بىر پارچە ئوت ئىدىم. پولكوۋنىك شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مۇھاپىزەتچىلىككە تاللىۋالغان ــ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن سەپكە قوشۇلغان پىدائىي ياشلاردىن بىرى ئىدىم.

بىزنىڭ پولكوۋنىك خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، پۇرسەت بولسىلا جايلاردىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. پۇقرالارمۇ ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى.

شۇ بىر ۋەقەنى مەن زادى ئۇنتۇيالمايمەن. 1945 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقىپ كېتىۋاتقانىدۇق. پولكوۋنىك، بىرنەچچە ئوفىتسېر ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بولۇپ، جەمئىي يىگىرمىدەك ئادەم يۈرۈشكە ئاتلانغانىدۇق. ھەممىمىز ئاتقا مىنىپ غۇلجا شەھىرىدىكى گازارما دەرۋازىسىدىن چىقىشىمىزغا، ئېسىل كىيىنگەن بەگ سۈپەت بىر ئادەم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا پولكوۋنىكنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. ئۇ سول قولى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئارغىماق ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇراتتى. بەجايىكى ئەرشتىن چۈشكەن تۇلپارغا ئوخشايدىغان بۇ غاز بويۇن ئاپئاق ئارغىماق ئۆزۈن پۇتلىرىنى جىم تۇتالماي، خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ، تىپىرلاپ تۇراتتى.

— پاھ، ماۋۇ ئاتقا قاراڭلار! — دەپ ئىختىيارسىز تۇردە خىتاب قىلدى مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەردىن بىرى.

— خۇددى ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا سۆز قوشتى يەنە بىر ئەسكەر.

ئارغىماق ئاتنىڭ ئىگىسى بۇ خىتابلارنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بەكرەك كۈلۈمسىرىگەن ۋە ئۆزگە ئىشەنگەن قىياپەتتە بىزنىڭ پولكوۋنىكقا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك پولكوۋنىك جانابلىرى،

هارمىغايسىز ، ئىنشائاللا بىزنىڭ بەختىمىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، مەخسۇم باي ، — بىزنىڭ پولكوۋنىك ئات ئۇستىدە ئىھتىرام بىلەن ئېگىلىپ ئۇنىڭغا سالام ياندۇردى .

بىزنىڭ پولكوۋنىك «مەخسۇم باي» دەپ ئاتىغان بۇ ئادەم ئىلى تەۋەسىدىكى كاتتا بايلاردىن بىرى بولۇپ ، ئەل ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرى ۋە نوپۇزى بار ئىدى . ئەنە شۇ باي ئۆزى يېتىلەپ كەلگەن ئاق تۇلپارنى بىزنىڭ پولكوۋنىكقا كۆرسىتىپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— پولكوۋنىك جانابلىرى ، مۇشۇ ئېتىمنى قولۇن چېغىدىن تارتىپ ئۆز قولۇم بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۇرگەنىدىم . پېقىرنى خۇش قىلىپ قوبۇل قىلىسىڭىزكەن ، ئۆز قولۇم بىلەن سىزگە تۇتتۇم .

پولكوۋنىك مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى . ئۇ چاغلاردا پۈتۈن ئىلى تەۋەسىدىكى ھەممە جايدا ھەر كەسىپ ، ھەر ساھە كىشىلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بەس - بەستە ئىئانە تەقدىم قىلىپ تۇراتتى . شۇڭا ، بىزنىڭ پولكوۋنىك بۇ ئاق ئارغىماقنى ئەنە شۇنداق خالىس ئىئانە دەپ چۈشەندى .

— رەھمەت سىزگە ، مەخسۇم باي ، — دېدى ئۇ يەنە ئىھتىرام بىلەن بېشىنى ئېگىپ ، — ھەربىي سەپكە ئىئانە قىلغان بۇ ئېتىڭىزنى قوبۇل قىلاي .

ئاندىن پولكوۋنىك ئېتىنى دېۋىتىپ ، مېڭىشقا تەمشەلدى .

— ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتىمىز ، مەخسۇم باي ، — دېدى ئۇ ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماي ، — خەيرخوش .

— پولكوۋنىك جانابلىرى ، — دېدى مەخسۇم باي پولكوۋنىكنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ ، — بۇ ئاتنى ھەربىي سەپكە ئەمەس ، شەخسەن ئۆزىڭىزگە تۇتتۇم . . .

— ھىم ، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، — دېدى بىزنىڭ پولكوۋنىك قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان ئاھاڭدا ، — ماڭا تۇتقان بولسىڭىز بۇ ئاتنى ئالالمايمەن ، قايتۇرۇپ كېتىڭ .

— پولكوۋنىك جانابلىرى ، — دېدى مەخسۇم باي ئەمدى يېلىنغان ھالدا پولكوۋنىكقا تەلمۈرۈپ قاراپ ، — پولكوۋنىك جانابلىرى ، ئۆزلىرىگە كىچىككىنە بىر ئەرزىم بار ئىدى .

— ھە ، سۆزلەڭ ، — پولكوۋنىك ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاتتىن چۈشمەيلا باينىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى .

مەخسۇم باي سەل ئېگىلىپرەك قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئاشكارا خۇشامەتچىلىك ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— پولكوۋنىك جانابلىرى ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئالاھىدە سىلىق چىقىرىپ ، — مېنىڭ بىر ئوغلۇمنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىشكەنىدى . . . شۇ بالىنى ئەسكەرلىكتىن بوشىتىپ ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىشكە بىر ياردەم قىلىۋەتكەن بولسىلا . . . سىلى ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا ئۇنى قويۇۋېتىدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ يۈز - ئابرۇيلىرى چوڭ . . .

پولكوۋنىكنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ ، چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالدى .

— ئاغزىڭنى يۇم ، لەنىتى مۇناپىق ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ئۇ مەخسۇم بايغا ۋە قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى .

— ۋاي ! — دەپ چىرقىراپ تاشلىدى مەخسۇم باي ۋە بۇنداق كۈتۈلمىگەن زەربىدىن تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى .

پولكوۋنىك يەنە غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى :

— سەن بىر ئېتىڭنى بېرىپ ئوغلۇڭنى ئېلىپ كەتسەڭ ، پۇلى بارلار پارا بېرىپ خوتۇن كىشىدەك ئۆيدە ئولتۇرسا ، ئىنقىلابنى يالغۇز كەمبەغەللەرلا قىلامدۇ - ھە ؟

شۇ گەپ بىلەن ئۇ مەخسۇم باينى قامچا بىلەن يەنە بىرنى

ئۈردى . مەخسۇم باي : «ۋايجان !» دەپ ئۈن سالغىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچتى . پولكوۋنىك بولسا ، ئات بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قامچا ئۇرۇۋەتتى .

— يوقال ! — دەپ خىتاب قىلدى پولكوۋنىك قامچىسىنى شىلتىپ ، — ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما ! بۇ سېسىق گېپىڭنى يەنە ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام ، ئىتنى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلايمەن !

يىقىلىپ چۈشكەن مەخسۇم باي ئۆزۈن سارجا پەلتوسى توپىغا مىلەنگەن ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا غال - غال تىترەپ ئورنىدىن تۇردى .

— ئېتىڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال ! — پولكوۋنىك يەنە ۋارقىرىدى .

مەخسۇم باي نەسىللىك ئېتىنى تىزگىنىدىن يېتىلەپ ، بېشىنى ساڭگىلاتقان ۋە ئاقساقلىغان ھالدا قايتىپ كەتتى . . .

ھەي ، ھەي ، ھەي ! سىلەر ياشلارزە ، ئۆتمۈشتىكىلەر بىزگە يەتمەيدۇ دەپ بىزنى ياراتمايسىلەر تېخى . قېنى ، دەپ بېقىڭلارچۇ ، سىلەر بىزنىڭ پولكوۋنىكتەك باشلىقلارنى كۆرگەنمۇ - ھە ؟ بىزنىڭ پولكوۋنىكمۇ ماڭا ئوخشاش چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇمىغان ئاددىي بىر ئادەم ئىدى . كىشىلەر ئۇنى : «مىجەزى ئوسال ، بەك قارام» دېيىشەتتى . مەن ھازىر ئەنە شۇنداق مىجەزى ئوسال ، قارام باشلىقلارنى سېغىنىپ قالدىم .

1996 - يىل مارت

# بىر مۇخبىرنىڭ زىيارىتى

ياش مۇخبىر قەلەم، دەپتەرلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ بىر ئەھمىيەتلىك زىيارەتكە بارماقچى بولغانىدى.

ۋەلىزات ئەلىزات ئىسىملىك بىر مەشھۇر زات ۋاپات بولدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە شۆھرەت قازانغان نوپۇزلۇق زاتلاردىن بىرى ئىدى. ياش مۇخبىر شۇ زاتنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن بىر ماقالە يازماقچى بولدى. «كىشىلەردە شۇنچە ياخشى تەسىر قالدۇرغان پەزىلەتلىك پېشقەدەملىرىمىزنى خاتىرىلەپ، تەشۋىق قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ياشلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش زۆرۈر» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

مېيىت چىقىرىلىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا جامائەت يىغىلغانىدى. ياش مۇخبىر ئىشىك ئالدىدىكى قاتار تىزىپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، رەھمەتلىكنى ياد ئېتىپ سۆزلىشىۋاتقان پېشقەدەملەرگە ئېھتىرام بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ھەرقايسىلىرى مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدىكى يېقىن ئۆلپەتلىرى ئىكەنسىلەر. شۇڭا، مەرھۇمنىڭ ھاياتى، ئىش ئىزلىرى، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىزلار، — دېدى ياش مۇخبىر.

مەرھۇم ۋەلىزات ئەلىزاتنىڭ يېقىن ئۆلپەتلىرى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئىپادە بىلدۈردى.

— ياخشى ئويلاپسىز، ئۇكام، — دېدى ئېگىز بويلۇق بىر كىشى مۇخبىرغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، — چوقۇم يېزىش كېرەك! ئوبدان يېزىڭ.

— تازا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلماقچى بوپسىز، ئۇكام، —

دېدى پاكار بويلۇق بىر كىشى سۆھبەتكە ئاۋاز قوشۇپ ، — رەھمەتلىك ۋەلىزات ئەلىزات ئاجايىپ ئېسىل ئادەم ئىدى ، بەك ياخشى ئادەم ئىدى .

— ھەي ، ئۇنداق ياخشى ئادەملەرنى ھازىر ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدۇ ، — دېدى بىر ئاق چاچلىق كىشى چوڭقۇر مەنىلىك تەلەپپۇزدا .

— ھەي ، ھەي ، ھەي ! ئاجايىپ ئادەم ئىدىغۇ ! تېپىلماس گۆھەر ئىدىغۇ ! — دېدى ، تاقىر باش كىشى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ .

ئۇلار شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن بەس - بەستە پىكىر بايان قىلىشتىكى ، مۇخبىرنىڭ قايتا ئېغىز ئېچىشى ھاجەتسىز ئىدى . ئۇ قەلەم ، دەپتەرلىرىنى قولىغا ئالدى - دە ، يېزىشقا تەييارلانغان ھالدا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى .

— مەرھۇمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ، — دېدى ئۇ .

— ئالدىرىماڭ ، مانا سۆزلەۋاتىمىزغۇ ، — دېدى ياشانغان بولسىمۇ ، كۆزلىرى شوخ چاقناپ تۇرىدىغان بىر كىشى .

— رەھمەتلىك ۋەلىزات ئەلىزات ئادەمگەرچىلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەم ئىدى ، داستىخىنى كەڭ ، مېھماندوست ئادەم ئىدى ، — دېدى كۆك كۆزلۈك ئادەم .

— پاراڭچى ، چاقچاقچى ئادەم ئىدى ، — دېدى قارا كۆزلۈك ئادەم .

— ئۇ بولمىسا ھېچقانداق مەشرەپ ، ھېچقانداق توي قىزىمايتتى ، — دېدى قارىموتۇق ئادەم .

— ئۇ زامانلاردا ھەر - ھەر باشلىقلارمۇ ، ھەر - ھەر بايلارمۇ ئۇنى چاقىرماي داستىخان سالمايتتى ، — دېدى ئاقسېرىق ئادەم .

— ناخشا ئېيتىشچۇ ! ئاۋازىنى شۇنداق قويۇۋېتىدىغان بولسا . . . ۋاھ ! ئۇنىڭ ئاۋازى دېگەن ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك چىقاتتى - دە ! ھازىر كىم ئۇنىڭدەك ناخشا ئېيتالايدۇ ، — دېدى ئورۇق ئادەم .

— كارامەت دەۋر سۈرۈپ ياشىغان ئادەم ئىدى - دە ،

رەھمەتلىك، — دېدى بەستلىك ئادەم مەرھۇمنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىدىن زوقلانغان ھالدا.

— ھەي، ھەي! ئۆمۈر بويى ئويناپ، كۈلۈپلا ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم - دە! — دېدى ۋۇجىك ئادەم ھەۋەسلەنگەن ھالدا.

مەرھۇم ۋەلىزات ئەلىزاتنىڭ بۇ يەرگە يىغىلغان ھەممە بۇرادەرلىرى بەس - بەس بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى:

— ھەي، ئۇ زامانلار شۇنداق بىر ئاجايىپ دەۋر بولۇپ قاپتىكەن - دە!

— ھەر كۈنى ئويۇن، ھەر كۈنى تاماشا!

— قوي، كالا دېگەننى سويۇپ تۇراتتۇق! بىر كۈنى ئۆيدە بولساق، بىر كۈنى باغدا، يەنە بىر كۈنى تاغدا، يەنە بىر كۈنى يېزىدا... ئويناپ ھېچ ھالىمىز قالمايتتىغۇ.

— لېكىن رەھمەتلىك ۋەلىزات ئەلىزات ھەممە ئويۇننىڭ گۈلى ئىدى - دە.

— ھەي، سىلەر ياشلار بىز ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ كۆرمەي ئۆتۈۋاتىسىلەر - دە.

— ئاجايىپ يايراپ ياشىۋالغان ئېسىل ئادەملىرىمىز بار ئىدى جۇمۇ، ئۇكام. ھېچقانداق جاپا تارتماي ئويناپ، كۈلۈپلا ئۆتۈپ كەتكەنغۇ. ياشاشنى بىلىدىغان ئادەملەر - دە!

— ۋەلىزات ئەلىزاتتەك بۇنداق ئارمانسىز ياشىۋالغان ئادەملەر ھازىر نەدە بولسۇن!

— شۇڭا، ھازىرقى ياشلار ۋەلىزات ئەلىزاتتەك چوڭ ئۆتكەن ئېسىل ئادەملەرنى چۈشەنمەيدۇ ئەمەسمۇ.

— توغرا، توغرا، چۈشەنمەيدۇ.

«راست چۈشەنمىدىم» دېدى ياش مۇخبىر ئۆز ئىچىدە، لېكىن ئاۋازىنى تېشىغا چىقارمىدى ۋە تېخى بىر قۇرمۇ خەت يېزىلمىغان خاتىرە دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى سومكىسىغا سېلىپ ئاستا قايتىپ كەتتى.

1996 - يىل مارت

# يول ئۈستىدە

قاچانكى بۇ دۇنيادا ئادەم بىنا بولدى ، شۇ چاغدىن باشلاپ يول پەيدا بولدى . بىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاتا - بوۋىلىرىمىز تاش قوراللارنى كۆتۈرۈپ ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ يۈرۈپ ئەڭ دەسلەپكى چىغىر يوللارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى . ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى پىيادە يۈرمەي ئات ، ئېشەك ، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى قاتناش ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، چىغىر يوللار كېڭىيىپ ، شەھەر ، يېزىلاردىكى تاشيوللار ۋە چۆل - جەزىرىلەردىكى كارۋان يوللىرى شەكىللەندى .

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە يوللارنىڭ تۈرلىرى مىسلىسىز كۆپەيدى . مەسىلەن ، ئاسفالت يول ، بېتون يولى ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ، تۆمۈر يول ۋە يەنە ھاۋا يولى ، دېڭىز يولى دېگەندەك يېڭى - يېڭى يول ناملىرى تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتتى . كىشىلەر پويىز ، ئايروپىلان ۋە ھەر خىل ئاپتوموبىللاردا قاتنايدىغان بولدى . ئىنسانلار تۇرمۇشى زامانىۋىلاشتى . ھالبۇكى ، ئەڭ دەسلەپكى چىغىر يوللارنى ياراتقان ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش پىيادە مېڭىش ئادىتى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭمۇ تۇرمۇش ئۇسۇللىرى قاتارىدىن يوقىلىپ كەتكىنى يوق . بەزىدە ئادەملەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز - تولا پىيادە مېڭىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ . پەرقى شۇكى ، ئىپتىدائىي ئادەملەر بەدەنلىرىگە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئارتىۋېلىپ ۋە ياكى قىپيالىڭاچلا بولۇپ كېتىۋېرەتتى . ھازىرقى ئادەملەر بولسا ، پۇختا تىكىلگەن چىرايلىق

كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ يۈرۈشىدۇ.
بولۇپمۇ، ھازىر بىر قىسىم يېزىلىرىمىزدىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يوللاردا ئەنە شۇنداق زامانىۋى ھەم ئىپتىدائىي قاتناش ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپ تۈرلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تۇرۇپلا بىر ماشىنا ياكى تراكتور چاڭ توزۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، تۇرۇپلا ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىلىرى رىتىملىق چايقىلىپ چىقىپ كېلىدۇ، تۇرۇپلا ئات ـ ئېشەك ياكى ۋېلسىپىت مىنگەن بىرەر ـ ئىككى دېھقاننى ئۇچرىتىپ قالىسىز، يەنە تۇرۇپ قارىسىڭىز پىيادە كېتىۋاتقان ئەر ۋە ئاياللار پەيدا بولىدۇ.
شىغىل ئارىلاش سېرىق تۇپىلىق يېزا يولىدا بىر جۈپ ئەر ـ ئايال كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىراي ـ تۇرقى ۋە كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا يېزىلىقلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى. بولۇپمۇ، ئايالنىڭ قىسقا بۇدۇر چاچلىرى ۋە مودا كۆڭلىكى ئۇلارنىڭ شەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى. قارىماققا ئۇلار بەك ياشمۇ ئەمەس، تەخمىنەن ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى. ئەرنىڭ قولىدا چوڭ سومكا، ئايالنىڭ قولىدا كىچىك سومكا.
ئۇلار يېزىلىقلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىنى «ئاتىسى» ياكى «ئانىسى» دەپ ئاتاشمايتتى، ئىسىملىرىنى ئاتاپ سۆزلىشەتتى.
ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن چىغىر يوللاردا كېتىۋاتقىنىدا قانداق گەپلەرنى قىلىشاتتىكىن؟ بۇنى پەرەز قىلىش تەس. لېكىن، ھېلىقى يېزا يولىدا كېتىۋاتقان ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشقىلى تۇردى.
— غەيرەت، ئاستىراق مېڭىڭا، يېتىشەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئايال ئۆزىنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە.
غەيرەت قەدىمىنى ئاستىلاتتى ۋە ئايالى بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغاچ نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ سۆزلىدى:
— ھەي، خوپ بولدىمۇ؟ ۋاي رەيھانگۈل، رەيھانگۈل،

قاتناشنىڭ ئاپتوبۇسىدا ماڭايلى دەپ شۇنچە يالۋۇرسام ئۇنىمىدىڭ . ئەمدى ئىتتىكرەك ماڭمىساق بۇ يولنى قانداق تۈگىتىمىز ؟

— ئوش ، تولا زەھىرىڭنى سانجىماڭا . ئازراق بولسىمۇ پۇلىمىز ئىقتىساد بولۇپ قالسۇن دېدىم . يامان بوپتىمۇ ! — دېدى رەيھانگۈل قېيىدىغان تەلەپپۇز بىلەن .

غەيرەت يەنە بىرنېمە دەپ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرماقچى بولدىيۇ ، « بولدىلا » دېگەندەك قىلىپ ، قولىنى بىر سىلكىپ قويدى ـ دە ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى .

ئاخىر ئېگىز ـ پەس يېزا يولى تاماملىنىپ ، ئۇلار شەھەرگە بارىدىغان كەڭرى ۋە تۈز ئاسفالت يولغا چىقىشتى . يول بويىدا بىر تاشلاندۇق كىچىك ئۆينىڭ خارابىسى چوقچىيىپ تۇراتتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن شۇ خارابىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە سايىداپ بىردەم تۇرۇشتى .

— ئەمدى مۇشۇ يەردە ماشىنا توسۇيلى ، — دېدى رەيھانگۈل ئاسفالت يولدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا ئۈمىد بىلەن كۆز تاشلاپ .

— توسۇغىنىڭ بىلەن بۇ يەردە ماشىنا توختامدۇ ! — دېدى غەيرەت غودۇڭشىپ .

— توختايدۇ ، — دېدى ئايالى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا .

ئۇلار ئىككىيلەن ئاسفالت يولنىڭ چېتىگە كېلىپ سومكىلىرىنى يەرگە قويدى . رەيھانگۈل يىراقتىن تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتقان بىر ئاق مىنىبۇسنى كۆرۈپ ، ئىككى قەدەم ئالدىغىراق چىقتى ـ دە ، قولىنى كۆتۈردى . ئەپسۇسكى ، بۇ ئاق رەڭلىك يېپيېڭى مىنىبۇس سۈرئىتىنى بىرئازمۇ ئاستىلاتماستىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى ، ئايال يەنە بىر قەدەم ئالدىغىراق چىقىپ بىر چوڭ ئاپتوبۇسنى توسۇپ باقتى . بۇ ئاپتوبۇسمۇ ئوخشاشلا توختىماي ئۆتۈپ كەتتى . رەيھانگۈل يەنە بىر يۈك ماشىنىسىنىمۇ توسۇپ باققانىدى ، نەتىجىسى يەنە ئالدىنقىلىرىغا ئوخشاش بولدى ،

توختىمىدى .
ئەمدى ئىرىمۇ ماڭلاي ۋە بويۇنلىرىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان تەرنى سۈرتۈپ ، «جىندەك» دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، شەھەر تەرەپكە كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى . ئەپسۇس ، ئەپسۇس . . . شوپۇرلار بۇ ئىككى ئەر - ئايالغا پەرۋا قىلماستىن ماشىنىلىرىنى بولۇشىغا ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى .

ئەر - خوتۇن جىددىيلىشىپ قالدى ۋە ماشىنا توسۇشقا بەكرەك بېرىلىپ كېتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا دېگۈدەك چىقىۋېلىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشتى . ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان بىر قارا ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ :

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ! ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە يەنە ئاللىقانداق ھاقارەتلىك سۆزلەرنى ياغدۇرغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى .

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن روھى چۈشكەن ھالدا كەينىگە يېنىپ ، يولنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى ئەسكى تاملىقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇردى .

— ھۇ ، بېشىڭنى يەيدىغانلار ! — رەيھانگۈل يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ زەردە بىلەن تىللىدى ، — ئىككى ئادەمنى ماشىنىغا سېلىۋالسا نېمىسى كېتىدۇ ! ھۇ ، پەس مۇناپىقلار !

غەيرەت يەنە تېرىكىپ غودۇڭشىغىلى تۇردى :

— مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي چېچەنلىك قىلىمەن دەپ تاپقان ئەقلىڭ مۇشۇمۇ ؟ مۇشۇ ئىسسىقتا بۇ يەردە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ، ئاخىر يەنە پىيادە مېڭىپ يېزىغا قايتىپ كېتىدىغان بولدۇق .

ئايالى ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئاپاملارنى يوقلاپ يېزىغا چىققىنىمىزغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى . بىرمۇنچە چىقىم تارتتۇق . شۇڭا ، ئازراق بولسىمۇ پۇلىمىز يېنىمىزدا قالسۇن دېدىمغۇ . . .

ئېرى ئۆنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىماي قولىنى بىر سىلكىپ قويدى ـ دە :

— خوتۇن كىشىنىڭ گېپىگە كىرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئەخمەق ! — دېدى ئاچچىقلىنىپ ۋە يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا توسۇشقا كىرىشىپ كەتتى .

ئاپتوموبىللار ئۆتتۇۋەردى ، ئۆتتۇۋەردى ، بىرىمۇ توختايدىغان ئەمەس .

— تۈفى ! — دەپ يەرگە تۈكۈردى غەيرەت غەزىپىنى باسالماي ۋە يەنە ئايالىغا تەنە گەپ قىلىپ كايىپ كەتتى .

رەيھانگۈل يول بويىدىكى ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە خىيال سۈرگەندەك بىر خىل هارغىن قىياپەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى .

بىر هازادىن كېيىن ئۇ پۇل تۆلىمەي ماشىنىغا ئولتۇرۇشنىڭ يېڭى تەدبىرىنى ئويلاپ تاپتى بولغاي ، قايتىدىن جانلىنىپ ئېرىنى چاقىردى :

— غەيرەت ، بۇ ياققا كېلىڭا .

— هە ، يەنە نېمە بولدى ؟ — قاپىقىنى ئاچماي سورىدى غەيرەت خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— سىز ماۋۇ تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭا ، — دېدى رەيھانگۈل قەتئىيلىك بىلەن ۋە ئېرىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزدى ـ دە ، نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا ، — مەن چاقىرمىغۇچە بۇ يەردىن چىقماي تۇرۇڭ ، — دېدى ۋە ئۆزى يەنە يول بويىغا قايتىپ كەلدى .

غەيرەت زىيادە هېرىپ كەتكەنلىكتىن ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، سومكا ئىچىدىن سۇدانىنى ئالدى ۋە ئالدىرىماي سوغۇق چاينى ئوتلاشقا باشلىدى .

بۇ چاغدا يول بويىدا تۇرغان رەيھانگۈلمۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى كىچىككىنە سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ، لېكىن ئۇ سۇدانىنى ئەمەس ، بەلكى ئەينەك ، قاش قەلەم ۋە لەۋ سۇرۇخلىرىنى چىقاردى

ھەمدە تېزلىكتە پەرداز قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇدۇر چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن ئاۋايلاپ تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، خۇددى كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ قالغاندەك مەغرۇر ھالەتتە ئالدىغىراق چىقىپ قولىنى كۆتۈردى.

قوش قاتار ئورۇندۇقلۇق بىر يېڭىلىق يوك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى بەجايىكى يول ئۈستىدە ياتقان بىر دۆۋە گۆھەرنى كۆرۈپ قالغاندەك ئالدىراپ ـ تېنەپ تورمۇزنى باستى. ئىتتىك كېلىۋاتقان ماشىنا «شاپ» قىلىپ رەيھانگۈلنىڭ يېنىدىلا توختىدى.

رەيھانگۈل يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ شوپۇرغا قارىدى.

— ئاكا، ماشىنىڭىزغا سېلىۋالارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇلق چىقىرىپ.

شوپۇر خۇددى ئاپتاپتا قالغان سېرىقمايدەك ئېرىپلا كەتتى.

— بولىدۇ، ئۇكام، بولىدۇ! — دېدى ئۇ ئايالدىنمۇ بەكرەك ھېجىيىپ، — ھە، شەھەرگە بارامسىز؟

— ھەئە.

— ھە، قېنى ماشىنىغا چىقىڭ ئەمىسە.

— دېمەك، شەھەرگە ئاپىرىپ قويامسىز؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى رەيھانگۈل ناز بىلەن.

— ھەئە، ئاپىرىپ قوياي دېدىمغۇ. كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ماڭايلى.

رەيھانگۈل يەنە شۇنداقلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— غەيرەت، تېز بولۇڭ! ماشىنىغا سېلىۋالىدىغان بولدى!

يوغان سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان غەيرەت ئەسكى تامنىڭ كەينىدىن سالپىيىپ چىقىپ كەلدى.

— ۋۇي، ۋۇي، ئۇ كىم؟ — دەپ خىتاب قىلدى شوپۇر ھەيران بولۇپ.

— مېنىڭ ئېرىم! — دېدى رەيھانگۈل خۇددى ھېچ ئىش

بولمىغاندەك ۋە ئەپچىللىك بىلەن ماشىنىغا چىقىۋالدى .
شوپورنىڭ «ئەرۋاھى ئۇچتى» .
— ياق ، ياق . . . بولمايدۇ ، ئادەم سىلىشقا بولمايدۇ ! — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ۋە ئايالنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇندى .
— ۋۇي ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ تېخى هازىرلا ماشىنىڭىزغا سىلىۋالدىغان بولغاندىڭىزغۇ ! — دېدى رەيهانگۇل جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن .
بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى ۋە ئاۋازىدىن ئەجەبلەنگەنلىك ، تەنتەنە قىلغانلىق هەم بۇ شەيئىنى يامان شوپۇرنى مازاق قىلغانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .
ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇنغا چىقىپ مەهكەم ئولتۇرۇۋېلىشتى . چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن شوپۇرنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ زۇۋان سۈرمىدى .
ماشىنا قوزغالدى .

1996 - يىل ئاۋغۇست

# پوۋېستلار

# گۇاڭجۇ شاملى

## بىرىنچى باب

— مەردان، مەردان، ماياققا كېلە!

مەردان بېدىشتىن يېڭى ئۈزۈلگەن ئۈزۈملەرنى دادىسى بىلەن بىرلىكتە قەغەز ساندۇقلارغا قاچىلاۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ باغ تېمىنىڭ ئورنىدىكى جىغان شاخلىرى كەينىدىن چىقىپ تۇرغان ئاغىنىسى ئابدۇغوپۇرنىڭ بېشىنى كۆردى. ئابدۇغوپۇر جىغاننىڭ چىرمىشىپ كەتكەن تىكەنلىك شاخلىرى ئۈستىدىن بويىنىنى سوزۇپ قولىنى جىددىي پۇلاڭلاتتى.

— يەنە شۇ گۇاڭجۇنىڭ گېپىمۇ؟ — دەپ قويدى مەرداننىڭ دادىسى جىغانلىق تەرەپكە كۆز تاشلاپ.

— مەن چىقىپ كېلەي، — دېدى مەردان ۋە قولىدىكى بىر ساپاق ئۈزۈمنى ساندۇققا سېلىپ قويۇپ، قورۇدىن چىقتى.

ئابدۇغوپۇر ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەردان، دادام ئاخىر ماقۇل بولدى، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ قاپقارا دۈگىلەك كۆزلىرى ھاياجاندىن ئويناپ كەتتى.

— ھە، داداڭ راستتىن ئۇنىدىما؟ ئۇ نېمە دېدى؟

— دادام باشتا: «گۇاڭجۇدەك يىراق يەرگە بېرىپ نېمىمۇ قىلارسەن؟ بەك تىجارەت قىلغۇڭ بولسا، مۇشۇ يەردىلا بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلساڭ بولمامدۇ؟» دەپ تارتىشىپ باقتى. لېكىن، مەنمۇ بوش كەلمەي، ئۇنىڭ كۆزگە

كىرىپلىۋالدىم. «ئىچكىرىگە قاتنىغانلار ئاسانلا بېيىپ كېتىۋاتامدۇ... ئاۋۇ تۇرداخۇن ھاجىم گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرگە قاتناپ يۈرۈپ، ئاخىر چەت ئەللەرگىمۇ خۇددى بۇ مەھەللىدىن ئۇ مەھەللىگە بارغاندەكلا چىقىپ - كىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ مەسچىت، مەكتەپلەرگە ئىئانە بېرىپ، نامراتلارغا ياردەم قىلىپ يۈرۈۋاتامدۇ... ئاۋۇ ئابلىز گۇرگۇرنى دېمەمسەن تېخى! ھەممە يەردە گۇركىرەپ، گەپنىڭ يوغىنىنى قىلىپ، ماختىنىپ يۈرىدىغان يېتىم ئىدى. ھەممە خەق ئۇنى قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ ياراتمايتتى. مانا ئۇنىڭمۇ گۇاڭجۇغا كەتكىنىگە ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى، ئۇمۇ باي بوپتۇ، تېخى، ئۆتكەن ھەپتىدىلا ئاتا - ئانىسىغا ئون مىڭ كوي ئەۋەتىپ بېرىپتۇ...» دېۋىدىم، دادام بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئاخىر يۇمشاپ قالدى. «بوپتۇ، بالام، سەنمۇ بېرىپ ھەرىكەت قىلىپ باققىن» دەپ، ئوتتۇز مىڭ كوي پۇل بەردى.

ئابدۇغوپۇر شۇ تەرىقىدە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي سۆزلەپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مەردانىنىڭمۇ ئىچىگە ئوت چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ سېھرىي كۈچنىڭ رىغبىتى بىلەن چاقناپ كەتتى.

— يۈرە، دادامنىڭ يېنىغا كىرەيلى، سەنمۇ ماڭا گەپ قىلىشىپ بەرگىن، — دېدى ئۇ ئابدۇغوپۇرنىڭ قولىنى تارتىپ.

ئۇلار باغقا كىردى. مەردانىنىڭ دادىسى تېخىچە بېدىشتىن ئۈزۈم ئۈزۈۋاتاتتى.

— ھە، ئابدۇغوپۇر، بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان يىگىتلەرگە قاراپ.

— دادا، ئابدۇغوپۇر گۇاڭجۇغا بارىدىغان بوپتۇ، دادىسى ئوتتۇز مىڭ كوي بېرىپتۇ، — دېدى مەردان ھاياجانلانغان ۋە تاقەتسىزلەنگەن قىياپەتتە.

ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ

قويدى .

مەردانىنىڭ دادىسى تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا گەجگىسىنى تاتىلاپ قويدى - دە ، سەل چەتكە ئۆتۈپ زوڭ ئولتۇردى ، كونىراپ ئىسكەتنىى يوقاتقان بادامدوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ ، تاقىر بېشىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم سىلاپ قويدى ، ئاندىن دوپپىسىنى يەنە كىيىۋېلىپ ، ئاق سانجىشقا باشلىغان ساقال - بۇرۇتىنى تۇزەشتۇرگىلى تۇردى .

— مەنمۇ سېنى ئۆيگە سولىۋالاي دېمەيمەن ، بالام ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ ، — ئەسلىدىغۇ ئوغۇل بالا دېگەن سەپەر قىلىپ ، شەھەر كۆرۈپ ، پىشقىنى ياخشى . لېكىننزە ، سەن تېخى چوڭراق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ باقمىدىڭ . ئەمدى بىراقلا گۇاڭجۇدەك ئۇنداق يىراق يەرلەرگە كېتىپ قالساڭ قانداق بولار دەيمىنا . سەن ھېلىغىچە مۇشۇ يېزىمىزدىن چىقماي ، سودا - تىجارەت يولىغا چۇشمەي ، دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك قىلىپ ئۆستۇڭ . ئۇنداق چوڭ شەھەرلەرگە بارساڭ قىينىلىپ قالارسەنمىكىن دەيمىنا . . .

مەردان ئۆزىنى بېسىۋالالماي دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۋەتتى :

— باشقىلارمۇ شەھەرلەرگە كېتىۋاتىدىغۇ . . .

ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى :

— ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىۋاتامدۇ !

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئىككىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى مەردانىنىڭ دادىسى ئاستا بېشىنى لىڭشىتىپ ، — لېكىننزە ، چوڭ شەھەرلەردە ھەر قىسما ئادەملەر بولىدۇ . ياخشىسىمۇ بار ، يامىنىمۇ بار دېگەندەك . . . شەھەرلىكلەر بىزگە ئوخشاش ساددا ئەمەس . «شەھەر كۆرگەن ئېشەكتىنمۇ قورق» دېگەن گەپ بار . . .

مەردان تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى :

— ۋاي دادا ، بىزنىڭ يېزىدىنمۇ تۇرداخۇن ھاجىم ئەنە

گۇاڭجۇ ، شاڭخەي دەمدۇ ، بېيجىڭ ، تيەنجىن دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ، ھەممە يەرگە قاتناپ يۈرۈپ باي بولۇپ كەتتى . ئاندىن مەككە ، مەدىنىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى . ئەنە ئاۋۇ ئابلىز گۇرگۇرمۇ گۇاڭجۇدا تۇرۇۋاتىدۇ . شۇلارنىمۇ شەھەرلىكلەر يەپ كەتمەپتىغۇ .

— ھە ، ماقۇل ، بالام ، ماقۇل ، — دېدى دادىسى ئورنىدىن قوپۇپ ، — تولىمۇ دەپ كەتتىڭ بۇ گەپنى . گۇاڭجۇنىڭ شامىلى تەگدىمۇ ساڭا ، نېمە بولدى؟ ماقۇل ، بارساڭمۇ بېرىپ باق ، ئەمىسە .

— ۋاھ ! — مەردان خۇشاللىقىدا ئابدۇغوپۇرنىڭ يەلكىسىگە بىرنى ئۇردى ، — ماڭىدىغان بولدۇق ، ئاداش !

— كىم ـ كىملەر بارىدىغان بولدۇڭلار ؟ — سورىدى دادىسى .

— ئۆمەرجان بىلەن ئۈچىمىز بارىمىز ، — دېدى ئابدۇغوپۇر .

— ھىم ، ماقۇل ، ماقۇل ، — دېدى يەنە مەرداننىڭ دادىسى بېشىنى لىڭشىتىپ ، — لېكىننزە ، سىلەر تېخى كىچىك . . .

— ۋاي ـ ۋۇي ، يەنە شۇ گەپنى دېگىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى ! — مەردان دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — قانداق كىچىك بولاي؟ يىگىرمە ئىككىگە كىرىپ قالدىم . نەچچە يىلدىن بېرى گۇاڭجۇدا تۇرۇپ پۇل تېپىۋاتقان ئاشۇ ئابلىزمۇ مەندىن ئۈچ ياشلا چوڭغۇ . ئۇ گۇاڭجۇغا كەتكەندە تېخى مەندىنمۇ كىچىكرەك ئىدى .

— ئۆمەرجانمۇ بىزدىن ئىككى ياش چوڭ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارىمىز ئەمەسمۇ ، — دېدى ئابدۇغوپۇرمۇ بوۋاينى قايىل قىلماقچى بولۇپ .

مەرداننىڭ دادىسى تېخىچىلا خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا يەنە بېشىنى لىڭشىتتى .

— ماقۇل ، ماقۇل ، — دېدى ئۇ ، — گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن ئاشۇ ئابلىزنى تېپىڭلار . نەچچە ۋاقتىن ئابلىز گۇرگۇر دەپ خەق ئۇنى ياراتماي يۈرەتتى . مانا ئەمدى چوڭ بولۇپ ، ئەقىل تېپىپ ، گۇاڭجۇدەك چوڭ شەھەردە ئوقەت قىلىۋېتىپتۇ . بىر

يۇرتلۇق بولغاندىكىن ، سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ .
— بىزمۇ بىرىپلا ئابلىزنى تاپايلى دېيىشتۇق ، — دېدى مەردان .
— ئابلىزنىڭ ئانىسىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئېلىۋالدىم ، — دېدى ئابدۇغوپۇر .
— ماقۇل ، ماقۇل ، باللىرىم ، سىلەرنىڭمۇ قانات - قۇيرۇقۇڭلار چىقىپ قالدى . ئوغۇل بالا بولغاندىكىن سىلەرمۇ بىر ئۇچۇپ بېقىڭلار ، قېنى .

*　　　　*

مەردان بىلەن ئابدۇغوپۇر خۇشاللىقىدا دەرھال كوچىغا چىقىشتى ۋە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ ، بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئۆستەڭ بويىدىكى شاپتۇللۇق ھويلىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .
— ئۆمەرجان ، ئۆمەرجان ! — دەپ توۋلاشتى مەردان بىلەن ئابدۇغوپۇر پاكار سوقما تامدىن ھويلا ئىچىگە قاراپ .
دىقماققىنا كەلگەن قارىمۇتۇق ئۆمەرجان سالماق قەدەم تاشلاپ ئالدىرىماي چىقىپ كەلدى ۋە «نېمە گەپ ؟» دېگەندەك قىلىپ ، سوئال نەزىرى بىلەن ئىككىيلەنگە قارىدى .
— مەردانمۇ بارىدىغان بولدى ، — دېدى ئابدۇغوپۇر گەپنى ئۇدۇللا باشلاپ .
ئۆمەرجان ئۆتكۈر قارا كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىۋالدى .
— ھە ، سەنمۇ بارىدىغان بولدۇڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ مەرداننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ، — ھە ، ياخشى بوپتۇ ، سەپەرگە يالغۇز چىققاندىن ئۆز يۇرتلۇقلار بىللە ماڭساق ياخشى ئەمەسمۇ .
— ئەمدى قاچان ماڭىمىز ؟ — سورىدى ئابدۇغوپۇر .
— ھامىنى ماڭىدىغان بولغاندىكىن ئارقىغا سوزماي ، غاچ -

غۇچلا يولغا چىقىلى ، — دېدى مەردان .

ئۇلار خۇددى بەيگىگە چۈشۈشكە ئالدىراپ ، قېنى قىزىپ ، تېپىرلاپ تۇرغان ئۇچقۇر ئارغىماقلاردەك گۇاڭجۇ سەپىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا ئىنتىلمەكتە ئىدى . ئۇلار گويا نامەلۇم بىر سىرلىق دۇنياغا ئاتلانماقچى بولۇۋاتقاندەك هاياجانلىناتتى ؛ ئاجايىپ يورۇق مەنزىللەرنى ، مىسلىسىز بەختلىك پەيتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزلىرىنى گوياكى بىر يۇكسەك پەللىگە ئۆرلەپ چىقىۋاتقاندەك هېس قىلاتتى ، شۇ تاپتا ئۇلارغا بۇ چۆللۈك ئىچىدە يېتىمسىرەپ ياتقان خىلۋەت يېزا بەكمۇ كىچىك ۋە تار بىلىنەتتى ؛ دېهقانلارنىڭ بىر خىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كۇندىلىك تۇرمۇشى تولىمۇ زېرىكىشلىك ۋە مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ، كوچىلىرىدا قەغەز پۇللار چېچىلىپ ياتقان گۇاڭجۇنىڭ هېكمەتلىك شامىلى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قۇشلىرىنى يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇرتۇپ كەتمەكتە ئىدى .

— كېلىڭلار ، بىردەم ئولتۇرايلى ، — دېدى ئۆمەرجان ۋە ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ، ياپيېشىل يۇمران چىملىقتا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى .

ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردانمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يانپاشلىدى . ئۇچ دوست ئوتتۇرىسىدىكى سۆهبەت خۇددى مايغا ئوت كەتكەندەك بىراقلا ئەۋجىگە چىقىپ قىزىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇغوپۇر هەممىدىن شوخ ۋە سۆزمەن ئىدى . يېزىنىڭ توي - تاماشىلىرىدا بارلىق ياش يىگىتلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى . ئۇ كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىپ هەممە خەقنى كۇلدۇرەتتى ، پۇتۇن دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىپ ، چوڭ - كىچىكنى تاڭ قالدۇراتتى . بەزىلەر ئۇنى كەينىدىن مازاق قىلىپ : «خۇددى دۇنيادىكى هەممە ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەيدۇ - دە ، بۇ . . . يالغان گەپنى خۇددى راستتەك قاملاشتۇرۇپ قويۇۋېتىدۇ - دە ، بۇ كاساپەت !» دېيىشەتتى .

لېكىن ، ئۇلارمۇ بوش ۋاقىتلىرىدا يەنىلا ئابدۇغوپۇرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ چىقىۋاتقان قۇرۇق گەپلىرىنى زېرىكمەي تىڭشاپ ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى . ئابدۇغوپۇر ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر شوخ ، ئويۇنچى ئىكەنلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۆتكۈر ھەم چېچەن دەپ ماختىناتتى . شۇڭا ، ئۇ ، مەن بىلگەننى باشقىلار بىلمەيدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ھەممە گەپنى مەن قىلىشىم كېرەك ، دەپ ھېسابلايتتى . مانا بۇ قېتىممۇ ئەنە شۇ ئابدۇغوپۇر ھەممىدىن كۆپرەك سۆزلىدى .

— خەق تاپقان پۇلنى بىز تاپالمايمىزمۇ ؟ بىزنىڭ خەقتىن نەرىمىز كەم ؟ — دەيتتى ئۇ خۇددى ۋەز ئېيتىۋاتقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا ، — «پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار . دەسمايىنى ئوبدان سېلىپ ، جايىدا ئىشلەتسەڭ ، پۇل دېگەن ئۆزىلا كېلىۋېرىدۇ دېگىنە . گەپ ماۋۇ كاللىنى ئىشلىتىشتە . كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم جاپا تارتماي راھەت كۆرىدۇ . كاللىسىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ . . .

ئابدۇغوپۇر شۇ تەرىقىدە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ خېلى ئۇزاق ۋەزخانلىق قىلدى . مەردان ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھەۋەسلىنىپ ئاڭلايتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ جاپا تارتماي راھەت كۆرۈش ھەققىدە ئېيتقانلىرى مەرداننىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشتى . «راستىنلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان نېمە جۇمۇ بۇ ! — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئابدۇغوپۇر توغرىسىدا ، — ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام ھەرقانداق يەردە زىيان تارتمايمەن . ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قاملاشتۇرالايدۇ . مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدەك بولالمايمەن ؟ ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق . مەنچۇ ؟ مەن ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بەك نادان ، كەتمەن چېپىش ، كالا بېقىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن» . مەردان ئەنە شۇ خىلدىكى ئويلارنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدە قىسىلىپ ـ قورۇنۇپ ، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي شۈك ئولتۇراتتى .

ۋەھالەنكى ، ئۆمەرجان مەردانغا ئوخشىمايتتى . ئۇ ھەر دائىم ئۆزگە ئىشەنگەن ، جۇرئەتلىك قىياپەتتە كۆرۈنەتتى ، لېكىن

ئابدۇغوپۇردەك كۆپ سۆزلىمەيتتى . پەقەت ئابدۇغوپۇر بەكرەك ئەزۋەيلەپ كەتكىلى تۇرغاندا مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قوياتتى . بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى .

— بۇ دۇنيادا جاپا تارتماي راھەت كۆرىدىغان ئىش يوق ، غوپۇر ئۇكا ، — دېدى ئۇ تەنە ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن ، — سودىگەرچىلىكنى شۇنداق ئاسان ئىش دەپ ئويلامسەن ؟ جاپا تارتمايمەن دېسەڭ ، ئەڭ ياخشىسى ، تىجارەت يولىغا ماڭما .

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا ، — دېدى ئابدۇغوپۇر دەرھال ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ ، — شۇنداق دېگەنبىلەنمۇ دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسى بىلەن سودىگەرچىلىكنىڭ جاپاسى ئوخشىمايدۇ - دە .

— ۋاي ، بولدى ، قويە بۇ گېپىڭنى ، — دېدى ئۆمەرجان قولىنى سىلكىپ ، — نەق گەپنى قىلە ، قاچان ماڭىمىز ؟

— ھازىر دېسەڭمۇ مانا مەن تەييار ، — دېدى ئابدۇغوپۇر نوچىلارچە مەيدىسىگە ئۇرۇپ .

— ئەمىسە ، ئەتە بىر كۈن تەييارلىق قىلىۋېلىپ ، ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندىلا ئۇرۇمچىگە ماڭامدۇق ، — دېدى ئۆمەرجان قەتئىيلىك بىلەن .

— بولىدىغان گەپ ، — ئابدۇغوپۇر شۇ ھامان ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى مەردانمۇ ئىمكانقەدەر ئاۋازىنى كەسكىن چىقىرىشقا تىرىشىپ .

* *

سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ياز ئاسمىنىدا ئىنچىكە ئورغاقسىمان كۈمۈش ئاي خۇددى قېنىق كۆك شايىگە ئورنىتىلغان ھېكمەتلىك زىننەت بۇيۇمىدەك دىللارنى مەھلىيا قىلىپ نۇرلىنىپ تۇراتتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىپ

قالدىغان ئىزغىرىن شامال ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن قوناق شاخلىرىنى يېنىككىنە شىلدىرلىتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . قوناقلىقتىن باشلىنىپ كەڭ يېيىلغان شېغىللىق دالا كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە غايىب بولاتتى .

قوناقلىقنىڭ قىرىدا تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇقتا غۇۋا كۆرۈنەتتى . بۇلارنىڭ بىرى مەردان ، يەنە بىرى ئۇنىڭ سۆيگىنى گۈلمىرە ئىدى . ئۇلار كىچىككىدىنلا بىر مەھەللىدە ئويناپ ئۆسكەن ، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتتە ئەركىن ۋە قىزغىن ئىدى . لېكىن ، بۈگۈن مۇشۇ يۇلتۇزلۇق ئاخشامدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى نېمە ئۈچۈندۇر خۇددى بىر نەرسىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك ۋە ياكى بىر نەرسىدىن تەشۋىش قىلىۋاتقاندەك ئېھتىياتچان ۋە ياۋاش بولۇپ قالغانىدى ، گەپلىرى قۇلاشماي تۇراتتى .

— شۇنداق قىلىپ ، قاچان يولغا چىقىدىغان بولدۇڭلار ؟ — گۈلمىرە بوش ئاۋازدا سورىدى .

مەردان چوڭقۇر تىنىۋېلىپ ئۇھ تارتتى .

— ئەتە ، — دېدى ئۇ ، — ئەتە ئەتىگەندىلا ماشىنىلى دېيىشىپ قويدۇق .

گۈلمىرە بېشىدىكى ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ، ئۈنچىقماستىن يەرگە قارىدى . مەردان يەنە نېمە دېسەم بولىدىكىن دەپ ، گەپ تاپالماي ئارامسىزلىناتتى .

— سەن . . . سەن شۇ يەرگە بارمىساڭ بولماسمۇ ؟ — دېدى گۈلمىرە ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ مەرداننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

مەردان بېشىنى ساڭگىلىتىپ يەنە ئۇھ تارتتى .

— بارمىسام بولمايدۇ ، گۈلمىرە . سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىشىم كېرەك . خۇدايىم بۇيرۇسا ، كېلەر يىلى كۈزگىچە قايتىپ كېلىپ ، ئاتا ـ ئاناڭ يېزىپ كىرگۈزگەن توي سېلىقىنى ئارتۇقى بىلەن تاپشۇرىمەن . . . ئاندىن تازا چوڭ توي قىلىپ سېنى ئالىمەن .

بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، مەردان بىلەن گۇلمىرە تويى قىلىشقا پۇتۇشكەندىن كېيىن ئۇلارغا چاي ئىچۈرۈلگەندى. بىراق، قىز تەرەپ تويلۇق سېلىقنى بەك ئېغىر سېلىۋەتكەچكە، مەردانىنىڭ دادىسى بولغۇسى توي چىقىمىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ: «ھېلى - بېرىدىن بۇنىڭغا چىقىش قىلالمىغۇدەكمىز» دېگەندى. شۇنىڭ بىلەن، «كېلەر يىلى كۈزدە ھوسۇل يىغىلغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى» دېگەن مەسلىھەت بويىچە توي ئىشى كەينىگە سۈرۈۋېتىلگەندى.

چوڭلار شۇنداق مەسلىھەتكە پۇتۇشكەن بىلەن، ياشلارنىڭ يۈرىكى قان بولدى. مەردان جىمىغۇر، تېرىككەك بولۇپ كەتتى. كېچىلىرى ئۇ يېنىدىن بۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايتتى، كۈندۈزلىرى قاپىقىنى سېلىپ تەنھا يۈرەتتى، كىم گەپ قىلسا شۇنىڭغا توڭ تېگەتتى. بىر كۈنى ئۇ مۇشۇ يېزىدىن گۇاڭجۇغا سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ كەتكەن ئابلىز گورگۇر ئاتا - ئانىسىغا ئون مىڭ يۈەن نەق پۇل ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. مەنمۇ سودىگەرچىلىك قىلىپ باقسام بولمامدۇ، دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

گۇلمىرەمۇ توينىڭ كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ جىمىپ كەتتى. گۇلدەك چىرايى غەمكىنلىشىپ، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن كۈلكە قاچتى. ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ يىگىت تەرەپكە ئاشۇنداق ئېغىر سېلىق سالغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن توينىڭ كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم قىلالمايتتى. مەردانىنىڭ «پۇل تاپىمەن» دەپ يۇرتىدىن كەتمەكچى بولغانلىقىنىڭمۇ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىگىمۇ چۈشىنىكسىز بولغان مۇرەككەپ روھىي ھالەتتە ئىچى پۇشۇپ، مۈگدىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى بەختسىز، تەلەيسىز دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ؟

بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .
مانا ھازىرمۇ ئۇ مۇشۇنداق يۇلتۇزلۇق گۈزەل كېچىدە ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا تۈيۈقسىز كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇ بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى .
— بىر يىل دېگەن ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ ، — دېدى مەردان ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ ، — ئاندىن ئاشۇ تۇرداخۇن ھاجىمدەك باي بولۇپ قايتىپ كېلىمەن دېگىنە !
— چوڭ شەھەرلەردە ھەممە ئادەم ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان دېيىشىدۇ ، — دېدى گۈلمىرە ، — سەن تېخى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇپ باقمىغان . ئۇ يەردىكى خەقلەرگە تەڭ كېلەلمەي قېيىنىلىپ قالارسەنمىكىن .
— ۋاي - ۋۇي ! شۇلارنى ئويلاپ كەتتىڭمۇ ؟ — دېدى مەردان ، — مەنغۇ ھەر نېمە بولسا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن . ئابدۇغوپۇر بىلەن ئۆمەرجان باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپلا توختاپ قالغانغۇ ، ھازىر گۇاڭجۇدا دەۋر سۈرۈپ يۈرۈۋاتقان ئاشۇ ئابلىز گۇرگۇر تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ تولۇق ئوقۇمىغانغۇ . ئەمدى قاراپ باقە ، ئۇنىڭ كاتتا سودىگەر بولۇپ كەتكىنىنى !
— راست ، — دېدى گۈلمىرەمۇ بۇ گەپكە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ .
— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قايسىبىر زىيالىي ئابلىز گۇرگۇردەك پۇل تاپالىدى ؟ — دېدى مەردان ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىزىشىپ ، — ھازىر يەنىلا ماڭا ئوخشاش چالا ساۋاتلىق تىجارەتچىلەر ئاشۇ مەكتەپلەرگە نەچچە مىڭ يۈەنلەپ ئىئانە بېرىۋاتىدۇ . پۇل تېپىشقا كەلگەندە ئۇنداق مەكتەپلىرىڭ كارغا كەلمەيدۇ . . . ئابلىز گۇرگۇرنى مۇشۇ يېزىدا ھېچكىم كۆزگە ئىلمايتتى . ئەمدى قاراپ باققىنا ، بۇرۇن كۆزگە ئىلمىغانلار

ئەمدى ئۇنى ماختايدىغان بولۇپ قالدى . هەي ، بىز ئاشۇ گۇرگۇرچىلىكمۇ بولالامدۇق ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى گۇلمىرە بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە شۇ هامان گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى ، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى ، مەن كېتەي . . . ئانام خاپا بولىدۇ .

— يەنە بىردەم تۇرغىنا ، گۇلمىرە .

— ياق بولمايدۇ . هېلىمۇ بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم .

— يەنە بىردەم ، گۇلمىرە . ئەتە كەتسەم بىر يىلغىچە كەلمەيمەنغۇ .

— ئاھ مەردان ، مېنى خىجىل قىلمىساڭچۇ ، دادامنىڭ مىجەزىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ .

— ماقۇل ئەمىسە ، خەيرخوش ، گۇلمىرە .

— خوش ، مەردان . ساڭا ئاقيول تىلەيمەن !

گۇلمىرە ئېهتىياتچانلىق بىلەن «خەق كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ ئۆپچۆرىسىگە ئوبدان سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئىتتىك قەدەم تاشلاپ مەهەللە تەرەپكە كەتتى ۋە بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى . مەردان قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتلۇق سۆيگۈنىڭ تەپتىدە گوياكى تەشنالىقى قانمىغان ئادەم بۇلاق سۈيىگە تەلمۈرگەندەك ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر هازاغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى .

## ئىككىنچى باب

شۇنداق قىلىپ ، سېھىرلىك گۇاڭجۇ شامىلى سەھرالىق ئۈچ يىگىتنى يېزا قوينىدىن ئۇچۇرتۇپ ، ئۇرۇمچى شەھىرىگە ئەكېلىپ تاشلىدى . ئۇلار بۇ شەھەرگە كېلىپ ، ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدىكى بىر خۇسۇسىي مېهمانخانىغا ئورۇنلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار كوچىمۇكوچا ، دۇكانمۇدۇكان ، ماگىزىنمۇماگىزىن ئارىلاپ ئۇرۇمچىنى تاماشا قىلىشتى .

— ۋاھ ، نېمىدېگەن چوڭ شەھەر بۇ ! — دەپ ھەيران بولاتتى مەردان ، — گۇاڭجۇمۇ مۇشۇنداق چوڭمىدۇ ؟
— ما گېپىڭىنى خەق ئاڭلاپ قالسا زاڭلىق قىلىدۇ جۇمۇ ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ ، — گۇاڭجۇ دېگەن ئۈرۈمچىدەك نەچچە پارچە چىقىدۇ . شۇنىمۇ بىلمەمسەناۋاي !
— خۇددى ئۆزى گۇاڭجۇنى كۆرۈپ باققاندەك گەپ قىلىشىۋاتقىنىنى ! — دەپ غودۇڭشىدى مەردان رەنجىگەن تەلەپپۇزدا .
— بولدى قويۇڭلار ، بۇ قۇرۇق گەپنى ، — دېدى ئۆمەرجان ، — ئۈرۈمچىنىمۇ كۆرۈپ بولدۇق . ئەمدى باشقا ئىشنى قويۇپ ، ئەتىلا گۇاڭجۇغا ماڭىلى .
ئۆز سۆزلۈك ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭغا ياندى :
— نېمانچە ئالدىرايسەناۋاي . يا گۇاڭجۇدا سېنى ساقلاپ تۇرغان ئاشناڭ بارمىدى ؟
— ھەي قاپاق باش ، سودا ئىشىغا تۇتۇش قىلغاندا ئاشنا ـ پاشنا دېگەن گەپنى قەتئىي ئاغزىڭغا ئالما جۇمۇ . ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇپ يۈرمىسەڭ نەس باسىدۇ ، — دېدى ئۆمەرجان خاپا بولۇپ .
— ئۈرۈمچى دېگەن شەدىن كەتسەك يەنە قاچان كېلىمىز ، خۇدايىم بىلىدۇ . يەنە بىر ـ ئىككى كۈن ئوينىۋالايلى دەيمەن ، — دېدى ئابدۇغوپۇر بويىنىنى تولغاپ .
— بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلمىدۇق . . .
— بۈگۈن ئاخشام رېستوران دېگەن يەرلەرگىمۇ بىر كىرىپ باقمامدۇق .
— بۇ يەردە بىر كۈن تۇرساڭ ، بىر كۈنلۈك ئارتۇق چىقىم بولىدۇ .
شۇ يوسۇندا ئۇلار خېلى ئۇزاق تەرگەشتى . مەردان ئىككىلىنىپ قالدى . بىر قارىسا ئۆمەرجاننىڭ ئېيتقىنى توغرا ، يەنە بىر قارىسا ئابدۇغوپۇرنىڭمۇ پىكرى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنەتتى .
— بولدى ، تالاشماڭلارچۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئىككى دوستىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — ئۆمەرجاننىڭمۇ دېگىنى توغرا ،

ئۇرۇمچىنى كۆرۈپ بولدۇق ، بۇ يەردە تۇرىۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق . لېكىن ، بۈگۈن ئاخشام بىرەر رېستورانغا كىرىپ پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئوينىۋالىلى ، ئاندىن ئەتە ئەتىگەندىلا بىسمىللا دەپ يولغا چىقامدۇق .

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ، — دېدى ئابدۇغوپۇر دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلەپ .

ئۆمەرجان مەردانغا سەل ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى . مەردان ئادەتتە ئۆز پىكرىنى بۇنداق دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويمايتتى .

— بوپتۇ ، شۇنداق قىلىلى ئەمىسە ، — دېدى ئۆمەرجانمۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ .

شۇنداق قىلىپ ، كەچكە يېقىن ئۇلار رېستورانغىمۇ كىردى . ئۈچ دوست بۇنداق ھەشەمەتلىك بېزەلگەن سورۇننى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇلار دەسلەپتە سۆز - ھەرىكەتلىرىدە چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ ، ئەتراپتىكىلەرگە دىققەت قىلىپ ، تازا ئەركىن بولالمىدى .

— كۆردۈڭلارمۇ ، باشقا شىرەدىكىلەر ھەممىسى ھاراق ئىچىۋاتىدۇ ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئۆپچۆرىسىگە خۇپىيانە كۆز يۈگۈرتۈپ .

— بۇ يەرگە كىرگەندىكىن بىزمۇ ئىچىلى ، — دېدى ئۆمەرجان .

ئابدۇغوپۇر «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» نى رومكىلارغا تولدۇرۇپ قۇيغىلى تۇردى .

— مەن ئىچمەيمەن ، — دېدى مەردان ئۆزىگە سۇنۇلغان رومكىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇپ ، — مەن ئىچىپ باقمىغان . . .

— خوتۇن كىشىدەك ناز قىلمىغىنا ۋاي ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ۋە رومكىنى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى .

— بوپتۇ ، ئىچىۋېتە ، ھېچنېمە بولمايدۇ ، خەقنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ بۇنداق تارتىنىپ تۇرساڭ ، — دېدى ئۆمەرجانمۇ ئۇنى زورلاپ .

مەردان خىجالەتچىلىكتە قىلىدىغان گەپ تاپالماي ، ئالدىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى . بىرىنچى رومكا تەستە ئۆتتى ، ئىككىنچىسى خېلى ئاسان بولدى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى سىلىقلا كېتىۋەردى . ئۇلار ھەرھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، خېلى قىزىپ قالغان بولسىمۇ مەست بولغۇدەك ئىچىشمىدى .

— بولدى قىلايلى ، — دېدى ئۆمەرجان ، — يېنىمىزدا پۇل بار ، يەنە بالا - قازاغا يولۇقمايلى .

ئۇلار يەيدىغاننى يەپ ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن گويا يېڭىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ قالغاندەك بولۇپ سىرتقا چىقتى . ئۇلار چۈشكەن ياتاق بۇ يەردىن يىراق ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ، ئالدىرىماي پىيادە مېڭىشتى .

پاھ ، ئۈرۈمچى دېگەن ئاجايىپ شەھەركەن ! كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك ، ھەممە يەردە ئېلېكتر چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان . ئاسمانغا ئاللىقاچان ئاي - يۇلتۇزلار نۇرلىنىپ چىقىپ ، خېلى كەچ بولغان ۋاقىت بولسىمۇ ، كوچىلار يوپيورۇق . ئۈچ دوست ئىرغاڭلاپ ، كېرىلىپ ، تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكەچ كېتىۋاتاتتى . گەپنى ئازراق قىلىپ ، ئەتراپقا كۆپرەك قاراپ كېتىۋاتقان مەردان ئۈشتۈمتۈت ئاغىنىلىرىنى توختاتتى .

— قاراڭلار ، ئاۋۇ تۇرداخۇن ھاجىمغۇ !

— راست شۇ ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۆمەرجان خۇشال بولۇپ .

ئۈچ دوستنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن تېتىك ۋە سۆزمەن بولغان ئابدۇغوپۇر سەل نېرىدا كېتىۋاتقان يۇرتدىشى تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى .

پاكار بويلۇق ، دوغىلاقىنا كەلگەن ، ئەتلىك مەڭزىلىرى ياغلىشىپ پارقىراپ تۇرىدىغان ، قىسقا قىرقىما بۇرۇت قويۇپ ، تاقىر بېشىغا بادامدوپپا كىيگەن تۇرداخۇن ھاجى ئۆز ئالدىدا تۇرغان ئابدۇغوپۇرنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈلگۈرۈپ كەلگەن مەردان بىلەن ئۆمەرجاننى كۆرۈپ ، ھېچقانچە ئەجەبلىنىش ياكى باشقىچە

ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتمەيلا سالاملاشتى .
— ھە ، قاچان كەلدىڭلار بۇ يەرگە ؟ — سورىدى تۇرداخۇن ھاجى .
— بۇگۇن بەشىنچى كۇنى بولۇپ قالدى ، — ئۇچ دوستقا ۋاكالىتەن ئابدۇغوپۇر جاۋاب بەردى .
— تىجارەت قىلايلى دەپ كەلدىڭلارمۇ ؟ — سورىدى تۇرداخۇن ھاجى ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى پەملەپ .
— شۇنداق ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ، — گۇاڭجۇغا بارايلى دەيمىز . سىلىنىمۇ گۇاڭجۇدا دەپ ئاڭلىغانىدۇق .
— خېلى بولدى ، ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتىمەن .
— نېمىشقا ئەمدى ؟
— بۇ يەردىمۇ ئوقەت ئوبدان بولۇۋاتىدۇ .
مەردان تاقەت قىلالماي سۆز ئارىلىدى :
— گۇاڭجۇدا ئوقەت ئاسان دەپ ئاڭلىدۇقۇ .
تۇرداخۇن ھاجى سالاپىتىنى بۇزماستىن :
— سودىگەرنىڭ يولى بىر ، رىزقى باشقا . ھەركىمنىڭ رىزقى ھەر يەرگە چېچىلغان ، — دەپ قويدى .
ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلاشتى . ئابدۇغوپۇر بىلەن ئۆمەرجان گۇاڭجۇ توغرىسىدا ، مال ئېلىش ، مال يۆتكەش توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سورايتتى . تۇرداخۇن ھاجى يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئىككى بىسلىق جاۋابلارنى بېرەتتى . مەردان بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ھاجىغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قىزىقسىنىپ قارايتتى . ئۇ ئۆز يېزىسىدىن چىقىپ بېيىپ كەتكەن تۇرداخۇن ھاجىنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان دانىشمەن ئادەم دەپ چۈشىنەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن ئىمكانقەدەر كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى .
— گۇاڭجۇغا بېرىپ ئابلىزنى تاپايلى دەۋاتىمىز ، — دېدى ئۇ ھاجىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ ، — ھېلىقى بىزنىڭ يېزىدىكى ئابلىزچۇ . . . ئابلىز گورگور . . . ئۇنى باي بولۇپ

كەتتى دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟

هاجى بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— ھىم، ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپتى.

— ئۇ نېمىنىڭ سودىسىنى قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەرجان.

— ھىم، ھەركىمنىڭ يولى ئۆزىگە. ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، — دېدى هاجى، — ئۇنى تاپساڭلار بولىدۇ، بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن ياردەم قىلىدۇ.

ئۇلار خوشلاشتى. يىگىتلەر ياتاق تەرەپكە ئەمدىلا ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا تۇرداخۇن هاجى ئۇلارنى توختىتىۋالدى.

— سودىگەر بولىمەن دېسەڭلار، ئاۋۇ هاراق دېگەن هارام سۇنى ئىككىنچى ئاغزىڭلارغا ئالماڭلار، — دېدى ئۇ، — سىلەر سودىگەرلەرنىڭ پۇلىنى قولغا ئاسان كېلىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولساڭلار، قولۇڭلاردا بار - يوقنىڭ ھەممىسىنى شامالغا ئۇچۇرتۇپ، ۋەيران بولۇپ تۈگىشىسىلەر!

ئاخىرقى سۆزلەرنى هاجى چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئېيتىدىغان نەسىھەت سۆزلىرى تەرىقىسىدە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، كۆچلۈك تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدى - دە، ئۆز يولىغا ماڭدى.

— راست دەيدۇ، — دېدى ئۆمەرجان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ.

— هاراق ئىچمەيلى دېسەم ئۇنىمىدىڭلار، — دېدى مەردان ئۆكۈنگەن ئاھاڭدا.

— خوتۇن كىشىدەك مىچىلداپ تۇرماي مېڭىڭلار، مېڭىڭلار! — دېدى ئابدۇغوپۇر خاپا بولۇپ، — ئوغۇل بالا دېگەن بۇ دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىشى كېرەك. كۆردۈڭلىمۇ ئاۋۇ ئابلىز گورگورنى؟ هاراقمۇ ئىچەتتى، نەشىمۇ چېكەتتى، جالاپمۇ ئويناپتتى... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قىلىپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئىشى يوق. ئەنە ئەمدى باي

بولۇپ گۇركىرەپ يۇرۇۋېتىپتىغۇ ! بىزنىڭ يېزىدىكى قايسى موللام ئۇنىڭدەك پۇل تاپالىدى ؟
— تولا كۇپۇرلۇق قىلما ، ھەي غوپۇر ! ھاجىكام توغرا گەپ قىلدى . . . — ئۆمەرجان سەپراسى ئۆرلەپ سۆز باشلىغانىدى ، ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭغا يەنە توك تەگدى :
— گەپ قىلمىسام غوپۇر ـ غوپۇر دەۋېرىسەنغۇ ! دادام ئىتىمنى «ئابدۇغوپۇر » دەپ قويغان جۇمۇ ، ئۇنتۇپ قالما .
— ھەي ، نېمانچە ھۆركىرەيسەن ؟
— ھۆركىرىسەم قانداق قىلاتتىڭ ؟
— ھەي ، تولا كاركىرىما دەيمەن . ھېلى بىكار . . .
— نوچى بولساڭ چىقە قېنى !
ئۇلار مۇشتلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى . مەردان مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇلارغا هاي بېرىپ ، سالاچىلىق قىلىپ ئاجرىتىپ قويدى .
ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەردان كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى . «گۈلمىرە ! گۈلمىرە !» بۇ ئىسىمنى مەردان تىلى بىلەن ئەمەس ، دىلى بىلەن قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى . سۆيۈملۈك قىزنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ ، ئالمىشىپ تۇراتتى . گۈلمىرە بىر تۇرۇپ قىن ـ قىنىغا سىغماي قاقاقلاپ كۈلەتتى ، بىر تۇرۇپ ئۇياتچان كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يەرگە قارايتتى ، يەنە بىر تۇرۇپ : «مەردان ! مەردان !» دەپ چاقىرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى . . .
مەردان سېغىنىش ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزدى . «توۋا ! ئايرىلغىنىمغا تېخى ئون كۈنمۇ بولماي تۇرۇپ سېغىنىۋاتىمەن ـ ھە !» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ھەيران بولۇپ . مەردان ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ باقتى ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ باقتى ، زادىلا ئۇخلىيالمىدى . ئۇ ئويلايتتى ، ئاشۇ گۈل يۈزلۈك قىزنى ئويلايتتى ، ئويلىغانسېرى يۈرىكى سىقىلىپ ئاھ ئۇراتتى . ئۇنى يەنە كۆرگۈسى كېلەتتى ، ئۇنى يەنە قۇچاقلىغۇسى ، ئۇنىڭ

ئىسسىق تىنىقلىرىنى سېزىپ ، بوستان چاچلىرىنى پۇرىغۇسى كېلەتتى . «خەپ ، خەپ ! — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ، — يەتكۇدەك پۇلىمىز بولغان بولسا بۇ چاغقىچە توي قىلىپ بولاتتۇق . خەپ ! گۇاڭجۇدا ئىش - ئوقىتىمىز ئېقىپ قالسا ، پۇل دېگەننى راسا تېپىپ قايتىپ بارىمەنغۇ » .

مەردان ئەنە شۇنداق پاك ئارزۇ ، ئوتلۇق تىلەكلەرىنىڭ لەرزان پەپىلەشلىرى ئاستىدا ئاستا - ئاستا ئۇيقۇنىڭ سېھىرلىك پەردىسىگە چىرماشتى ۋە چۈشىدە يەنە شۇ يىراقتىكى گۈزەل يارنى كۆردى .

تاڭ ئاتتى .

پۇل تېپىش ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققان بۇ ئۈچ نەپەر دېھقان يىگىت ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇپ ، گويا ئېگىز ئاسماندىكى ئۇمىد يۇلتۇزىدەك پارلاپ تۇرغان سىرلىق دىيارغا ، ئاشۇ ئاجايىپ گۇاڭجۇ شەھىرىگە راۋان بولدى .

## ئۈچىنچى باب

سەنيۈەنلى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ چەت مەھەللىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئاساسەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئوقەت قىلىدۇ . بۇنى تېخى گۇاڭجۇنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرمۇ بىلىپ كەتكەن . شۇڭا ، تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمە سېلىپ ، پۇلنىڭ ، بايلىقنىڭ مەڭگۈلۈك مېھىر - مۇھەببىتىنى يۈرىكىگە چىڭ تېگىپ ، بۇ قاينام بازاردەك چوڭ شەھەرگە كەلگەن ھەرقانداق شىنجاڭلىق مۇساپىر ئەڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ سەنيۈەنلىگە كېلىپ ، يۇرتداشلىرىنى ياكى تونۇش - بىلىشلىرىنى ئىزدەيدۇ . بۇ يەردە يۇرتداشلىرى ياكى تونۇش - بىلىشلىرىنى تاپالمىغان تەقدىردىمۇ شارائىتقا كۆنۈپ ، ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىۋالغۇچە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىرەك تۇرۇش قولايلىق بولىدۇ - دە .

ئابدۇغوپۇر ، مەردان ، ئۆمەرجانلارمۇ گۇاڭجۇ ۋوگزالـــدا پويىزدىن چۈشۈپلا بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ ، ئاز ـ تولا شىنجاڭ تۈپىسى چۈشكەن ئەنە شۇ سەنيۈەنلىگە كەلدى . ھالبۇكى ، بىزنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر سەھرالىق يىگىتلىرىمىز بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۇچرىتىش بىلەنلا ئۇرۇمچىدىكى خۇشاللىقلىرىغا چاڭ قوندى .

— بۇ يەردىكى ئادەملەر نېمانچە سۆرۈن چىراي ؟ — دېدى مەردان ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاۋازىنى پەسەيتىپ .

— خۇددى ئادەم بىلەن سوقۇشىدىغاندەكلا قارايدىغۇ ، — دېدى ئۆمەرجانمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ .

ئابدۇغوپۇر بۇ خىل غەيرىي ھالەتكە ئانچە پەرۋا قىلمىدى .

— قانداق قارىسا قاراشامدۇ ، — دېدى ئۇ ، — ئۇلار بىلەن كارىمىز نېمە ؟ بىز تېزرەك ئابلىزنى تاپىدىغاننىڭ ئامالىنـــى قىلايلى .

— ئاۋۇ ئۇيغۇردەك قىلىدۇ ، شۇنىڭدىن سوراپ باقىلى ، — دېدى مەردان سەل چەتتىرەك كېتىۋاتقان قاپىقى يامان يىگىتنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىپ .

ئابدۇغوپۇر يۈگۈرۈپ بېرىپ ، شۇ قاپىقى ياماننىڭ ئالدىنى توسۇدى ۋە يانچۇقىدىن ئابلىزنىڭ ئادرېسى يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ دېدى :

— ئاداش ، سىلىمۇ ئۇيغۇركەنسىلە ، بىز تېخـــى بۈگۈن كەلدۇق ، بارىدىغان يېرىمىزنى تاپالمايۋاتىمىز . ماۋۇ ئادرېستىكى يەر قايسى تەرەپتە ؟

قاپىقى يامان يىگىت ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن ، ئابدۇغوپۇرغا ئالىيىپ قارىدى ۋە قوپال ئاۋاز بىلەن :

— ئۆزۈڭـنىڭ ئادىشىڭـنى تېپىپ گـەپ قىل جۇمۇ ! — دېدى ـ دە ، مۈرىسى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى سوقۇۋېتىپ كېتىپ قالدى .

ئۈچ دوست ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ ھەم غەزەپلەندى ،

ھەم تېخىمۇ غېرىبلىق ھېس قىلدى . ئابدۇغوپۇرنىڭمۇ مۇساپىرچىلىقتا نوچىلىقى يوقالغانىدى .

— يەنە باشقىلاردىن سوراپ باقىلى ، — دېدى ئۇ مەيۇسلۈك بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ .

ئۈچ دوست ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالار قاتار تىزىلىپ كەتكەن كەڭ كوچىلاردا يېرىم كۈنگىچە تېنەپ يۈرۈپ ، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن تەسلىكتە بىر - ئىككى ئۇيغۇر تېپىپ ، ئابلىزنىڭ ئادرېسىنى سوراشتى . لېكىن ، ھېچكىمدىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمىدى .

ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ ھېچ ھالى قالمىغاندا ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپتى . شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەز ئۇلارنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . يىگىتلەر باياتىن بېرى كۆرگەن سوغۇق مۇئامىلىلەردىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت بۇنداق تەكەللۇپلارنى كۆرۈپ قايتىدىن جانلاندى . ئۇلار بۇ ئاددىيغىنا ئاشپۇزۇل ئىچىدىكى يۇمىلاق شىرەدە لەغمەن يەپ ئولتۇرۇپ ، شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەزدىن ئابلىزنى سۈرۈشتۈردى .

— ھىم ، قايسى ئابلىزنى دەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئاشپەز ، — مەن تونۇيدىغان بىرنەچچە ئابلىز بار .

يىگىتلەر ئابلىزنىڭ يۇرتىنى ئېيتتى . ئاشپەز يەنە ئۇقالمىدى ۋە قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئويلاشقا باشلىدى .

— ھىم ، ئابلىز ، ئابلىز . . . — دەيتتى ئۇ ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ ، — بۇ قايسى ئابلىزدۇ - ھە ؟ ئىشقىلىپ ، گۇاڭجۇدىلا بولسا تاپقىلى بولىدۇ .

— ئۇ گۇاڭجۇدا ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ، — ئۇ تېخى يېقىندىلا بىزنىڭ يېزىدىكى ئانىسىغا گۇاڭجۇدىن خەت ، پۇل ئەۋەتكەن . مانا ، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئادرېسى .

شۇ گەپ بىلەن ئابدۇغوپۇر يانچۇقىدىن ئابلىزنىڭ ئادرېسى

يېزىلغان ھېلىقى بىر پارچە قەغەزنى چـــــقــــرىپ ئاشپەزگە كۆرسەتتى . ئاشپەز قەغەزنى قولىغا ئېلىپ مۇنداقلا قاراپ قويدى ۋە يەنە مۇجمەل گەپ قىلغىلى تۇردى :

— مەن خەت تونۇمايمەن ، بۇ يەردىكى جايلارنىمۇ تېخى بىلىپ كەتكۈدەك بولمىدىم . ھىم ، ئابلىز ، ئابلـــز . . . . ئۇ نەچچە ياشلاردا بار ؟

— مەنـدىن ئۈچ يـاش چوڭ ، بـۇ يىل يىگىرمـە بەشـكە كىردى ،— دېدى مەردان تەقەززالىق بىلەن ئاشپەزنىڭ ئاغزىغا كۆز تىكىپ .

— ئۇنىڭ لەقىمى بارمۇ ؟ — يەنە سورىدى ئاشپەز .

— بىز ئۇنى ئابلىز گۇرگۇر دەيمىز ،— دەپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى ئۆمەرجانمۇ ئاشپەزگە تىكىلىپ قاراپ .

— ھە . . . — دېدى ئاشپەز ئاۋازىنى سوزۇپ ۋە بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ ، — ھە ، ئەلانۇرخاننىڭ ئابلىزنـــى دەۋاتقان ئوخشىمامسىلەر ؟

يىگىتلەر ئاشپەزنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي قالدى .

— ئەلانۇرخان دېگەن كىم ئۇ ؟ — سورىدى ئابدۇغوپۇر .

— شۇ ئابلىزنىڭ خوتۇنى بولمامدۇ ، — دېدى ئاشپەز .

— ۋاي سىلى باشـقا ئابـلىزنى دەۋاتىدىلا ، ئـۇنىڭ خوتۇنى يوق ، — دېدى ئۆمەرجان .

— ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن ، — دېدى مەردان .

— ئۆزۈڭلار ئابلىز گۇرگۇر دېدىڭلارغۇ ، — دېدى ئاشپەز قوللىرىنى كېرىپ ، — گۇرگۇر لەقەملىك ئابلىزدىن مەن شۇ بىرىنى بىلىمەن . يەنە باشقا بىر گۇرگۇر بولسا ، ئۇنى بىلمىدىم ئەمىسە .

ئۈچ دوست ئەجەبلىنىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ئاشپەز يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئابلىز گۇرگۇر بۇرۇن دائىم مۇشۇ يەردە تاماق يەيدىغان ،

ئۆيلىنىۋالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ئانچە كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن .

— قانداق بولۇپ كەتكىنى بۇ ! — دېدى ئابدۇغوپۇر دوستلىرى ۋە ئاشپەزگە قايمۇقۇش نەزىرى بىلەن قاراپ ، — ئۇنىڭ خوتۇن ئېلىۋالغىنىنى بىزنىڭ يېزىدا ھېچكىم بىلمەيدۇ ، ئاتا - ئانىسىمۇ بىلمەيدۇ .

— ئۇستام باشقا ئايلىزنى دەۋاتقان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۆمەرجان تەمكىنلىك بىلەن ، — باشقا ئايلىز گۇرگۇرمۇ باردۇ .

شۇ ئارىدا ئاشپەز يېڭىدىن كىرىۋاتقان خېرىدارلارنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ قالدى ۋە :

— كەلسىلە ، ئىچكىرى كىرسىلە ، لەڭمەن ، سومىيەن ، پولۇ ، مانتا ، سۇيۇقئاش بار . . . ھاي ، مېھمانغا چاي قۇيۇڭلار ! — دەپ ، ھېلى خېرىدارلارغا ، ھېلى شاگىرتلىرىغا قارىتىپ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ توۋلىغىنىچە قازان بېشىغا كەتتى .

ئۈچ دوست بولسا باشلىرى قاتقان ھالدا :

— بۇ گۇرگۇرنىڭ خوتۇنى چىقىپ قالدىغۇ ئەمدى !

— ئۇ راست ئۆيلەنگەنمىدۇ ؟

— ئاشپەز ئۇستامنىڭ ئېيتقىنى شۇ ئايلىزمىدۇ يا باشقىسىمۇ ؟ — دېيىشىپ ، خېلى ئۇزاققىچە غۇلغۇلا قىلىشتى .

ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ ، ئاشپەزگە پۇل تۆلىگەچ ئۇنىڭغا يەنە مۇراجىئەت قىلىشتى .

— ئاشۇ سىلى دېگەن ئايلىز گۇرگۇرنى بىر كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن ، — دېدى ئابدۇغوپۇر .

— ئۇ ئايلىز گۇرگۇر بىلەن بىللە ئوقەت قىلىدىغان سەمەت چاشقان دەيدىغان بىر بالا بار ، — دېدى ئاشپەز ، — ئۇ پات - پات بىزنىڭ ئاشپۇزۇلغا كېلىپ تاماق يەيدۇ . شۇ بالا كەلسە مەن سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي .

ئۈچ دوست ئاشۇ شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇشۇ كوچىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ مېھمانخانىسىغا

ئورۇنلاشتى. ئۇلار قوش قەۋەتلىك كارېۋاتلار قىستاپ تىزىۋېتىلگەن مۇساپىرخانىلارغا ئوخشايدىغان سېسىق ياتاقتا ئىككى كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا هېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەزنىڭ ئاشپۇزۇلغا هەر كۈنى نەچچە قېتىم چىقىپ، سەمەت چاشقاننىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ تۇردى. يىگىتلەر گۇرگۇرنىمۇ تاپالمىدى، چاشقاننىمۇ ئۇچرىتالمىدى.

— بۇنداق بىكار يېتىۋەرسەك يېنىمىز قۇرۇقدىلىپ قالىدىغان بولدى، — دەيتتى ئابدۇغوپۇر تىت - تىت بولۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەيتتى مەردانمۇ ئارامسىزلىنىپ.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەيتتى ئۆمەرجان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋە ئۆزىچىلا تامنى مۇشتلاپ كېتەتتى.

شۇ تاپتا ئابلىز گۇرگۇرنىڭ قەدرى ئۆتۇلۇپ، ئۇ خۇددى قۇتقۇزغۇچى ئىلاهتەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈچ دوست ئۆز يېزىسىدىن چىققان مۇشۇ ئابلىز بىلەن تۇرداخۇن هاجىمنى پاناھ تارتىپ شۇنچە يىراق شىنجاڭدىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. تۇرداخۇن هاجى ئۇرۇمچىدە قالدى. ئەمدى بۇ ئابلىزنى تاپالمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ توغرا، ئۇلار بىلەن بىر يېزىدىن چىققانلار بولمىسىمۇ، هەرھالدا بىر ناھىيىدىن، بىر ۋىلايەتتىن چىققانلارنى تاپقىلى بولىدىكەن. بىراق، يېنىدا نەچچە تۇمەنلەپ پۇلنى ساقلاپ يۈرۈپ، ئاتا كۆرمىگەن يوچۇن ئادەملەرگە «ئۆز يۇرتلۇق ئىكەنمىز» دەپلا ئىشىنىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۈچ دوست خەنزۇچىنىمۇ تۈزۈكرەك سۆزلەشنى بىلمىسە، بۇ يەرگە ئۆزلىشىپ قالغان شۇ ئابلىزنى تاپماي تۇرۇپ نېمە ئىش قىلالىسۇن؟

شۇ تەرىقىدە ئۇلار ياتسىمۇ، قوپسىمۇ «ئابلىز، ئابلىز» دەپ كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدە ئىككى كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپ، ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە يەنە هېلىقى ئاشپۇزۇلغا روھى چۈشكەن هالدا كىرگەنىدى، شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەز ئۇلارغا چەتتىكى شىرەدە پولۇ يەپ ئولتۇرغان ۋىجىككىنە بىر يىگىتنى كۆرسەتتى.

— سەمەت چاشقان دېگەن ئاشۇ ، — دېدى ئۇ .

ئۈچ دوست خۇددى خەزىنىنى ئۇچراتقاندەك خۇشال بولۇپ ، دەرھال شۇ سەمەت چاشقاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى ۋە ئۇنىڭغا تۆۋەنچىلىك بىلەن سالام بېرىپ ، ئابلىزنى سورىدى .

— قايسى ئابلىزنى دەيسىلەر ؟ — سورىدى سەمەت مەنمەنچىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يىگىتلەرگە سەپسېلىپ .

ئۈچ دوست بەس - بەس بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈردى .

— ھە ، ئابلىز گۇرگۇرنى دەمسىلەر ؟ — دېدى سەمەت ، — ھە ، مۇنداق دەڭلار ! ئۇز يۇرت ئىكەنمىز . سىلەر بىلەن بىر يېزىدىن بولمىسامۇ بىر ناھىيىدىن ئىكەنمىز ئەمەسمۇ ، ماقۇل ، سىلەرنى ئابلىزنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي .

ئۈچ دوست سەمەت چاشقاننى قاتمۇقات سوئاللارغا كۆمۈۋەتتى :

— ئابلىز ئۆيلىنىۋالدى دەيدىغۇ ؟

— شۇنداق ، ئۆيلەندى .

— ئايالىنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ؟

— ئەلانۇرخان .

— ئايرىم ئۆيى بارمۇ ئۇلارنىڭ ؟

— ياقەي ، بۇ يەردە ئۆي تۇتقىلى بولامدۇ ؟ مېھمانخانىنى ئۆي قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ئابلىزنى چوڭ باي بولۇپ كەتتى دەپ ئاڭلايمىزغۇ ؟

— ھىم ، يامان ئەمەس ، پۇل تاپتى .

— خوتۇنى بىلەن ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ ؟

— ھىم ، ياخشى . . . بارغاندا كۆرىسىلەر .

شۇنداق قىلىپ ، سەمەت چاشقان ئۇلارنى تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىر كاتتا مېھمانخانىغا ئېلىپ كەلدى . لىفت بىلەن سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقىشتى . سەمەت بىر ئىشىكنى چېكىۋىدى ، ئۆيدىن مودا كىيىنىپ ، يۈز - كۆزلىرىگە بولۇشىچە قويۇق پەرداز

قىلغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال چىقىپ كەلدى .
— ھە ، سەنمىدىڭ ؟ — دېدى ئايال سەمەتكە قاراپ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى يىگىتلەرگە سوئال نەزىرىنى ئاغدۇردى .
— بۇلار ئابلىزنى ئىزدەپ كەپتۇ ، ئابلىزنىڭ يېزىسىدىن چىقىپتىكەن ، — دېدى سەمەت چاشقان ئۈچ دوستنى ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا كۆرسىتىپ .
— ئابلىز يوق ، — دېدى ئايال خۇددى بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلار ئۆيگە كىرىۋالمىسۇن دېگەندەك ، قىيا ئېچىلغان ئىشىكنى تولۇق گەۋدىسى بىلەن توسۇپ تۇرغىنىچە .
— يائاللا ! يوق بولسا ھېلىغىچە كېلىپ قالار ، — دېدى سەمەت چاقچاق ۋە تەنە ئارىلاشقان بىر خىل ئاھاڭدا ، — كىرىپ بىردەم ساقلاپ ئولتۇرىلى ، چاقىرغۇدا ئابلىزنى چاقىرمامسىز . ماۋۇ باللار شۇنچە يىراق يەردىن ئاران كەپتۇ ، ئەمدى كۆرۈشمەي كېتەمدۇ .
ئۈچ دوست «ئابلىز بىلەن يەنە كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتەرمىزمۇ ؟» دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى .
— ئابلىزغا بېرىدىغان خەت بار ئىدى ، — دېدى ئابدۇغوپۇر بىر قەدەم ئالدىغا ئۆتۈپ .
— ئابلىزنىڭ ئانىسىنىڭ سالام خېتى ، — دەپ تولۇقلىدى مەردان .
— ھە ، كىرىڭلار ئەمىسە ، — دېدى ئايال ۋە ئالدى بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ خانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئۈچ دوستمۇ سەمەت چاشقانغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كىردى .
بۇ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئالىي دەرىجىلىك ياتاق ئىدى . ئۈچ دوست ئەيمەنگەن ھالدا بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى .
— ئايىغىڭلارنى سېلىۋېتىپ كىرىڭلار ، — دېدى ئايال ئوچۇق ـ ئاشكارا ياقتۇرمىغان ئاھاڭدا .
يىگىتلەر بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنداپ ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىشتى . سەمەت ئۇدۇل بېرىپ ، دېرىزە تۈۋىدىكى يۇمشاق كرېسلوغا

ئولتۇردى . ئۈچ دوست لۆمشىپ تۇرغان قىلىن گىلەمگە ئاۋايلاپ دەسسەپ ، تام ياقىلىتىپ قويۇلغان خۇرۇم كرېسلوغا قاتار ئولتۇرۇشتى ۋە يەرگە سېلىنغان ئېسىل گىلەمگە ، دېرىزىگە تارتىلغان يالتىراق پەردىلەرگە ، تورۇستىكى ئۇزۇم ۋە چېچەكلەردەك ئېسىلىپ تۇرغان ئەينەك چىراغقا ، ئۇدۇلدىكى ئىشىكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھۇجرىدىكى قوش كىشىلىك يۇمشاق كارىۋاتقا زوقلىنىپ قارىغىلى تۇردى .

— بۇ ئابلىزنىڭ ئايالى ئەلانۇرخان ، — دەپ تونۇشتۇردى سەمەت ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

ئۈچ دوست ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ، گەپ قىلالماي قالدى . ئەلانۇرخان بەجايىكى سەمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچكىمگە قارىماستىن ، ھۇجرا تەرەپتىكى تامغا تىرەپ قويۇلغان يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، يىگىتلەرگە كەينىنى قىلىپ كرېسلوغا ئولتۇردى ۋە نەگىدۇر تېلېفون بەردى .

— ۋەي ، ئابلىز ، ھە ، مەن . . . يېزاڭلاردىن ئۈچ بالا كەپتۇ ، سالام خەت ئەكەلدۇق دەيدۇ . ھازىر مۇشۇ يەردە سېنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ . . . ھە ؟ نېمە ؟ ھە ، سەمەت باشلاپ كەپتۇ . . . ھە ؟ ئىسمىنى سورىمىدىم . ئۆزۈڭ كېلىپ كۆرمەمسەن . كېلەمسەن ؟ قاچان ؟ ھە ، ماقۇل .

ئەلانۇرخان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا قويۇپ ، يىگىتلەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇردى .

— ھازىر كېلىدىغان بولدى ، — دېدى ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا چىرايىنى ئاچماي .

يېزىلىق يىگىتلەر بۇ تەكەببۇر ئايالغا تىك بېقىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى . قارىماققا ئەلانۇرخان ئابلىزدىن خېلى چوڭ بولسىمۇ ، زادى نەچچە ياشقا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى . بوي ـ بەستى ئانچە ئېگىز ئەمەس ؛ قويۇق ئۆسكەن قارا چاچلىرىنى قىسقا قىرقىتىپ ، ئوغۇل بالىلارچە ياساتقان ؛ قاش ـ كىرپىكلىرىگە قېنىق سۈرمە سۈرگەن ، ئۈچىسىغا ياقىسى چوڭقۇر

ئويۇلغان يەڭسىز ئاق كوپتا ، ئاستىغا قېلىن كۆك رەڭلىك قىسقا
يوپكا كىيگەن بولۇپ ، پايپاق كىيىلمىگەن سېمىز يوتىسى يالىڭاچ
ئىدى ؛ يالاڭ پۇتلىرىغا سايما كەش سۆرىۋالغان ؛ قول ۋە
پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرى قىپقىزىل لاك بىلەن بويالغان ، قۇلاق ،
بويۇن ۋە بارماقلىرىدا پۈتۈنلەي ساپ ئالتۇن .

يېزىلىق يىگىتلەر ئەلانۇرخانغا يا قاراشنى ، يا قارىماسلىقنى
بىلەلمەي تازىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى . ئارىدا جۈرئەتلىكرەكى
ئابدۇغوپۇر ئىدى . ئۇ ھايال بولماي ، ئاستا ـ ئاستا بۇ يېڭىچە
مۇھىتقا كۆنۈپ قالدى بولغاي ، دەسلەپتە ئەلانۇرخانغا يەر ئاستىدىن
ئانچە ـ مۇنچە كۆز تاشلاپ قويۇپ ئولتۇرغان بولسا ، ئەمدى ئۇنىڭ
پاچاقلىرى ۋە يوتىلىرىغا ھاياسىزلارچە كۆز تىكىشكە باشلىدى .
ئۆمەرجان قاپىقىنى تۈرگىنىچە بېشىنى كۆتۈرمەي گىلەمنىڭ
نەقىشلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى . مەردان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا
ئولتۇرغان ئەلانۇرخانغا قانچە قارىماي دېسىمۇ يەنە قاراپ سېلىپ
تولىمۇ ئوڭايسىزلىناتتى . بولۇپمۇ ، بۇ «زامانىۋى» ئايال
پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغاندا يوتىلىرىنىڭ تېخىمۇ
ئىچكىرىسىدىكى بىر يەرلىرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى .
بۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالغان مەردان مەڭزلىرىنىڭ ۋىللىدە
قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ۋە بېشىنى يەنىمۇ تۆۋەنرەك
سېلىپ ، مۈكچىيىپلا قالدى .

ھېلىمۇ ياخشى ، شۇ ئەسنادا تاشقىرىقى ئىشىك ئېچىلىپ ،
ئابلىز كىرىپ كەلدى . بۇ دەل شۇ ئۈچ دوست بىلەن بىر يېزىلىق
ئابلىز گۇرگۇر ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ـ
سىياقى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ بۇرۇت قويۇۋالغان ، چاچلىرىنى
گەجگىسىنى ياپقۇدەك ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالغانىدى . ئۇچىسىغا قىسقا
يەڭلىك ئالا بالداق كۆڭلەك ، ئاستىغا پادىچىلار شىمى كىيگەن
بولۇپ ، قايسىدۇر بىر چەت ئەل كىنوسىدىكى ئەجنەبىيگە ئوخشاپ
تۇراتتى . ھالبۇكى ، ئۈچ دوست ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ
بۇرۇنقىدىن كۆپ ئورۇقلاپ ، چىرايىنىڭ تاتىراڭغۇ ۋە سولغۇن

تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى . ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تېتىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئۇ بىر يېزىدا بىللە ئويناپ ئۆسكەن بۇ ئۈچ يۇرتدىشىنى كۆرۈپ ھېچقانچە يېقىنچىلىق ئىپادىسىنى كۆرسەتمىدى ، بەلكى خۇددى ئۇلارنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك سوغۇقلا سالاملاشتى ۋە قانداقتۇر تاقەتسىزلەنگەن ، نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك غەيرىي نورمال ھالەتتە :

— سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، — دەپ قويۇپ ھۇجرىسىغا كىردى - دە ، ئىشىكنى مەھكەم يېپىۋەتتى .

بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە :

— ئەلانۇر ، بولمامسەن ! — دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى .

بۇ چاغقىچە ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ بولغان ئەلانۇرخانمۇ :

— ھە ، مانا ، مانا ، — دەپ جاۋابەن توۋلىدى - دە ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى .

ئۇ تارتمىدىن چەت ئەل تاماكىسىدىن بىر قاپنى ئالدى - دە ، پېچىتىنى بۇزۇپ ، تاماكىنى ئۈستەل ئۈستىگە تۆكتى ، ئاندىن تاماكا قېپىنىڭ ئىچىدىكى پال - پال قەغەزنى چىقىرىپ ئالدى ، ئاندىن يەنە قانداقتۇر كىچىككىنە قەغەز بولاقنى ۋە بىر قاپ سەرەڭگىنى ئېلىپ ئابلىزنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ھۇجرا ئىشىكىنى تېخىمۇ چىڭراق يېپىۋالدى .

ئۈچ دوست بىر - بىرىگە قاراشتى .

— توۋا ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنىمۇ سوراپ قويمىدى - ھە ، — دېدى ئۆمەرجان .

— چوڭ تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەملەر مۇشۇنداق ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلارنى چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن .

— ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ — مەردان ئىككى بىلەن ھۇجرا تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ سەمەت چاشقاندىن سورىدى .

سەمەت ئۈستەل ئۈستىدىكى تۆكۈپ قويۇلغان ھېلىقى تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ ، چاقمىقى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ چەكتى . ئۇ

ھۇزۇرلانغان ھالدا ئېغىز ـ بۇرنىدىن قويۇق تۈتۈن چىقىرىپ مەردانغا قارىدى ۋە :
— نېمە قىلاتتى ؟ تاماكا چەكمەمدۇ ، — دېدى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ .
— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپلا چېكىۋەرسە بولمامدۇ ؟ — دېدى مەردان سەمەتنىڭ جاۋابىنى چۈشەنمەستىن .
سەمەت قولىدىكى تاماكىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق شورىۋېلىپ ، مەردانىنىڭ ساددىلىقىغا كۈلۈپ قويدى .
— ئاق تاماكا چېكىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ سىرلىق ئاۋازدا .
— ئاق ؟ — مەردان گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي گاڭگىراپ قالدى ، — ئۇمۇ ئاشۇنداق . . . ئاق تاماكىنى . . .
— ھەيران قالدىڭلىغۇ ؟ — دېدى سەمەت مەردانىنى مەسخىرە قىلىپ ، — ئاق دېگەننى پۇلى بار ئادەم چېكىدۇ !
بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈچ دوستنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇلار ئابلىز گۇرگۇرنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى .
بىر ھازادىن كېيىن ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، ئەلانۇرخان چىقىپ كەلدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ تەكەببۇرانە قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن ، يەنە بايىقى كىرىسلوغا پۈتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇردى . ئاندىن تۈتۈن باسقان ھۇجرىدىن ئابلىزمۇ چىقتى ۋە گىلەمنىڭ ئۈستىگىلا چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى .
— مۇشۇنداق ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى ئۇ ئۈچ نەپەر يۇرتدىشىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ .
«ھەرھالدا كۈلۈشنى بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ ، — دەپ ئويلىدى مەردان ، — لېكىن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى نېمىدېگەن يېقىمسىز » .
ئابلىز ئەمدى خۇماردىن چىقىپ ، ئېسىنى يىغىۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە يۇرتداشلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ دوست پاراڭنىڭ ماۋزۇسىنى

ئۆزلىرىنىڭ گۇاڭجۇغا كېلىشتىكى مۇددىئاسىغا يۆتكىدى .

— بىزمۇ ساڭا ئوخشاش تىجارەت قىلىپ باقايلى دەيمىز ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ، — سېنىڭ بىلەن بىز بىر يېزىدا بىللە ئويناپ ئۆسكەن ئۆز ئادەملەر ، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بولۇپ قالغان . سەن يول تېپىپ باي بولدۇڭ ، ئەمدى بىزنىمۇ يولغا سېلىپ قويغىن .

ئابلىزنىڭ ھېچقانداق ھېسسىيات ئىپادىلەنمەيدىغان سولغۇن ھەم تاتىراڭغۇ چىرايىدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇ گەپ قىلغاندىمۇ خۇشياقمىغاندەك ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن سۆزلەيتتى .

— قىلىدىغان ئىشقۇ كۆپ ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر نېمە ئىش قىلايلى دەيسىلەر ؟

— شۇنىڭغا سەن بىر ئەقىل كۆرسەتمەمسەن ، — دېدى ئۆمەرجان .

ئابلىز نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆز ئالدىدا ئولتۇرغان يۇرتداشلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى .

— قانچىلىك پۇلۇڭلار بار ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھەربىرىمىزدە يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭدىن بار ، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇغوپۇر .

— ئاز ئىكەن ، — دېدى ئابلىز ، — ئۇنچىلىك پۇل بىلەن تىجارەت قىلغىلى بولامدۇ ؟ «پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ . . .

— بىراقلا چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلمىساقمۇ ، ئاستا ـ ئاستا بىرنېمە قىلىپ باقامدۇق ، — دېدى ئۆمەرجان سەل رەنجىگەن قىياپەتتە .

ئابلىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىم بولۇپ قالدى . تېخىچە پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان سەمەت خۇددى مۇشۇكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ياتقان چاشقانغا ئوخشاش دۇپدۇگىلەك مونچاقتەك كۆزلىرىنى ھېلى ئابلىزغا ، ھېلى ئۈچ دوستقا قارىتىپ ، قىزىقسىنىپ ئولتۇراتتى . ئەمما ، ئابلىز خېلى

ئۇزاققىچە ئۇنچىقماستىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇچ دوستمۇ ئۇنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن پومزەكتەك سولىشىپ قالغان تۇرقىغا قاراپ ئۇمىدسىزلەنگەن هالدا ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

شۇ چاغقىچە قارسىلدىتىپ سېغىز چايناپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەلانۇرخان تۇيۇقسىزدىن سۆزگە ئارىلاشتى:

— پۇلۇڭلار ئاز بولغاندىكىن كونا كىيىم ئېلىپ ساتىدىغان ئىشنى قىلىڭلار ئەمىسە، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ شوخ چاقناپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزلىرى بىلەن يىگىتلەرگە مىختەك قادىلىپ.

— كونا كىيىم؟ — چۈشەنمەستىن سورىدى ئابدۇغوپۇر.

— هەئە، — دېدى ئەلانۇرخان، — شيامېنغا بېرىپ كونا كىيىم ئەكەلسەڭلار بولىدۇ. سىلەرنى ئۇ يەرگە بارىدىغانلارغا قوشۇپ قوياي.

— شيامېن دېگەن قانداق يەر ئۇ؟ — سورىدى ئۆمەرجان.

سەمەت جىم ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتى بولغاي، تاماكىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ سۆزگە ئارىلاشتى:

— گۇاڭجۇنىڭ شيامېن، جۇخەي، فۇجۇ دېگەن يەرلىرى بار. شۇ يەرلەرنىڭ هەربىرىگە بۇ يەردىن ئاپتوبۇس بىلەن بىر ـ ئىككى كۈندە ئاران بارغىلى بولىدۇ. بەك چوڭ شەهەر جۇمۇ بۇ گۇاڭجۇ دېگەن!

ئەلانۇرخان مەنسىتمەسلىك بىلەن سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— هەي مەتۇ، — دېدى ئۇ بويىنىنى سەمەت تەرەپكە سوزۇپ، — گۇاڭجۇ دېگەن گۇاڭجۇ. ئۇ شيامېن، جۇخەي، فۇجۇ دېگەنلىرىنىڭ هەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم شەهەر. باشقا يەرلەردىمۇ يەنە مۇشۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ، مەتۇلۇقۇڭنى چاندۇرۇپ يۈرمە جۇمۇ...

ئابدۇغوپۇر ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— شۇ كونا كىيىمنىڭ سودىسى ئېقىۋاتامدۇ؟

ئەلانۇرخان ئۇنىڭغىمۇ مەنسىتمەسلىك بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— ئاققۇزالىسىڭىز ئاقىدۇ، — دېدى ئۇ تەنە قىلغان ئاهاڭدا.

— كونا كىيىم ساتقانلارنى ساقچىلار تۇتۇۋالىدۇ دەيدىغۇ ، — دېدى مەردان .
ئەلانۇرخان ئۇنى مازاق قىلغان سىياقتا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .
— قورقسىڭىز بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز ؟
شۇ گەپ بىلەن ئۈچ دوستنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى . دېمەك ، بۇ يەردە پۇل تېپىش ئۈچۈن قورقماسلىق كېرەك ئىكەن !
— ياكى بولمىسا سەمەت بىلەن لۇشياڭچىلىق قىلىڭلار ، — دېدى يەنە ئەلانۇرخان .
— ئۇنداق قىلساڭلارمۇ بولىدۇ ، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى سەمەت ، — لۇشياڭچىلىق دېگەنمۇ ئوبدان ھۈنەر . چىقىم تارتمايمىز . لۇشياڭنى دېگەن يەرگە ئاپىرىپ بەرسەكلا بولدى . توشۇپ بەرگىنىمىز ئۈچۈن ھەربىر لۇشياڭغا ئۈچ يۈز كويدىن قومۇرۇۋېرىمىز .
— بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن ، — دېدى ئابدۇغوپۇر سەمەتكە دوستانە رەۋىشتە ھېجىيىپ .
ئۈچ دوست : «كونا كىيىم ساتامدۇق ياكى سىنئالغۇ توشۇمدۇق ؟ » دەپ بىردەم غۇلغۇلا قىلىشتى . سەمەت ئۇلارنىڭ تېزرەك بىر قارارغا كېلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى :
— كونا كىيىمگە تۇرمەن دېسەڭلار كىيىمنى شىيامېندىن ئېلىپ ئۈرۈمچىگە توشۇيدىغان گەپ . لۇشياڭچىلىق قىلىمەن دېسەڭلار يىراققا بارمايمىز ، ئىش مۇشۇ يەردىلا پۈتىدۇ . ھە . . . مەن ماڭغاچ تۇراي ، ئازراق ئىشىم بار ئىدى .
— توختاپ تۇرە ، سەمەت ئاداش ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئورنىدىن قوپۇپ ، — بولدى ، لۇشياڭچىلىق قىلدۇق !
— ئەمىسە ، سەمەت بىلەن بىللە چىقىڭلار ، — دېدى ئەلانۇرخان ۋە ئۇمۇ ئورنىدىن قوپتى . ئۇنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر سەھرالىق يىگىتنى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقىنى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى .

ئابدۇغوپۇر ئىككى دوستىغا قولىنى شىلتىپ توۋلىدى:
— ھەي قوپۇشمامسەن! ئاڭلىدىڭلارمۇ ماۋۇ گەپنى؟ لۇشياڭچىلىق قىلمىز ئەمدى. يۇرۇڭلار!
— ئىشىڭنى قىلەۋاي! كىم سىنى بۇيرۇقچىلىققا قويدى؟ — ئۆمەرجانمۇ ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ توۋلىدى ۋە يەنە گەپ سورىماقچى بولۇپ، ئەلانۇرخان تەرەپكە ئىككى چامدىدى. ئۇ «ئەلانۇرخان ئاچا» دەپ چاقىرماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆز ئىچىدە مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر بالىغا تېگمۇالغان ئايالنى ئاچا دېسەم خاپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ بۇنداق ھۆرمەتلەش ئىبارىسىنى ئىشلەتمەيلا ئۇدۇل گەپ قىلدى:
— ئۇرۇمچىدە يېڭى كىيىمنىڭ سودىسىمۇ خېلى ئوبدان بولۇۋېتىپتۇ. مەن كونا كىيىمنىمۇ، لۇشياڭنىمۇ تۇتماي، ئايالچە يېڭى كىيىملەرنى ئازراق ئېلىپ كۆرۈپ باقايمىكىن دەيمەن، مېنى شۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەملەرگە قوشۇپ قويسىڭىز بوپتىكەن. كېيىنچە ئوبدان رازى قىلىۋالارمەن سىزنى.
— بۇنداق سودىدا ئاز پۇل بىلەن كۆپ پايدا تاپقىلى بولمايدۇ.
— مەيلى، بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي.
ئەلانۇرخان تېخىچە گىلەمدە سالپىيىپ ئولتۇرغان ئابلىزغا دوق قىلدى:
— ۋۇي، ماۋۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ چاپلىشىپ قالغاندەك ئولتۇرىسەنغۇ.
ئابلىز گەپ قىلماستىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆرە قوپتى. ئەلانۇرخان يەنە ئۆمەرجانغا بۇرۇلدى.
— سىلەرنىڭ ناھىيىدىن چىققان بىرنەچچە ئوقەتچىلەر بار. ئابلىز سىزنى شۇلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويسۇن.
شۇ گەپ بىلەن، ئەلانۇرخاندىن باشقا ھەممەيلەن تاشقىرىغا چىقتى. مەردان ئۆمەرجان بىلەن ماڭايمۇ ياكى ئابدۇغوپۇر بىلەنمۇ؟ دەپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر ئابدۇغوپۇرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ دەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى قارار قىلدى.

ئابلىز بىلەن ئۆمەرجان بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى .
ئابدۇغوپۇر يىراقلاپ كېتىۋاتقان تاكسىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ
زەردە بىلەن خىتاب قىلدى :
— تېخى ئۆزىچە لۈشياڭچىلىقنى ياراتماي كەتكىنىنى ئاۋۇ
بىرنېمىنىڭ . ئالىي دەرىجىلىك كىيىم سودىسى قىلارمىش تېخى !
كىم قويدى ئۇنىڭغا بۇنداق يوغانچىلىقنى !
— بۇ ئابلىزغا نېمە بولغان ئۆزى ؟ — دېدى مەردان ، —
يېزىدىكى چېغىدا ئۇ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان قۇلاق كەستى
نېمە ئىدى ، ئەمدى گۆشىيىپ ئولتۇرىدىغانلا بولۇپ قاپتىغۇ .
— ئەلانۇرخان نەچچە ياشتا باردۇ ؟ — سورىدى ئابدۇغوپۇر
سەمەتتىن .
— بىر دوستىنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ يىل ئوتتۇز توققۇز ياشقا
كىرىپتۇغۇ ، — دېدى سەمەت .
ئابدۇغوپۇر ھەيرانلىقتا ياقىسىنى تۇتتى .
— خۇدايا توۋا ، توۋا ! ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ
خوتۇننىمۇ ئالامدۇ ! نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان ؟ نىكاھ
ئوقۇتتىمۇ ئۇ خەق ؟
سەمەت پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى .
— كىم بىلىدۇ ، ئوقۇتسىمۇ ئوقۇتقاندۇ .
مەردان ئېچىنغان ھالدا تامىقىنى چېكىلدىتىپ ، بېشىنى
چايقىدى .
— شۇنچىلىك پۇل تاپقان ئادەم ، بەك ئۆيلەنگۈسى كېلىپ
كەتسە ، ئۆزىگە لايىق بىر قىزنى ئالسا بولمامتى ؟
— ھەي ، ئەخمەق ئىكەنسىلەر . شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭ-
لارمۇ ؟ — دېدى سەمەت ، — پۇل تاپقان ئادەم ئابلىز ئەمەس ،
ئەلانۇرخان ! قاتتىق بىيىپ كەتكەن خوتۇن ئۇ ! بۇ يېقى بېيجىڭ ،
شاڭخەي ، ئۇ يېقى تاشكەنت ، ئالمائاتا ، تۈركىيىلەرگىچە تور
يېيىپ ، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتىدۇ ئۇ .
— ئاشۇ ئەلانۇرخانما ؟ — ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان تەڭلا

ختاب قىلدى .
— ھە ، ئەلانۇرخان ! — دېدى سەمەت ، — ئابلىز بۇ يەرگە كېلىپ دەسلىپىدە تازا قىينالدى ، تىجارىتى ئەپلەشمەي ، قەرزگە بوغۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كەتتى . يۇرتىغا قايتىپ كېتەي دېسە ، پويىزغا بېلەت ئالغۇدەكمۇ پۇل تاپالمىدى . شۇ ئارىدا قانداق بولدى ، ئۇ ئاشۇ ئەلانۇرخان بىلەن چىقىشىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭمۇ ئامىتى كەلدى . ئەلانۇرخاننىڭ باشقۇرۇشى بىلەن چوڭ سودا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ، جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ . «سودىگەرنىڭ يولى بىر ، رىزقى باشقا» دېگەندەك ، خۇدايىم ئۇنىڭ رىزقىنى شۇ ئەلانۇرخاندىن ئېيتىپتىكەن .

— خوتۇنىنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈپ ، ياپىراپ يۈرۈۋاتىدۇ دېگىنە ، — دېدى ئابدۇغوپۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — ئوغۇل بالىكەن ، يولىنى تېپىپتۇ .

مەردان گەپ قىلمىدى ، لېكىن ئۇ ئابلىزنىڭ بۇنداق قىلىشىنى زادىلا ياقتۇرمىدى . «شۇمۇ كۈنمۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قاراپ ، ئۆزى مۇستەقىل ياشىيالمىسا ! خوتۇننىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز سۆزنىمۇ ئېغىزدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي ، بايىقىدەك سالپىيىپ ئولتۇرىدۇ شۇ» .

— ھە ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر سەمەتكە يېقىن كېلىپ .

— قانداق قىلاتتۇق ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز ، — دېدى سەمەت ، — ئەتە ھېلىقى ئاشپۇزۇلدا كۆرۈشەيلى .

— نەگە بارىمىز ؟ — يەنە سورىدى ئابدۇغوپۇر .

— نەگە بېرىشىمىزنى ئەتە كۆرىسەن . بىر يېزىغا بارىمىز . شياڭگاڭدىن كەلگەنلەر شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىدۇ . ئۇلاردىن ياپوننىڭ سىنئالغۇلىرىنى ئېلىپ ، يېرىم كىچىدە چوڭ يولدىن يىراقتىكى ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ مېڭىپ ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن

يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كېلىمىز .

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ — ئابدۇغوپۇر بارغانسېرى قىزىقىپ سورىغىلى تۇردى .

— بۇ يەردە مالنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەملەر بار . سىنئالغۇلارنى شۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، پۇلىمىزنى ئالىمىز . ھېچقانداق دەسمايە سالماستىن بىر قېتىمدىلا بىر - ئىككى مىڭ كوينى يانچۇققا سالىدىغان گەپ دېگىنە .

ئابدۇغوپۇر مەمنۇن بولۇپ، يەنە كۈلۈپ كەتتى ۋە سەمەت چاشقاننىڭ ئورۇق يەلكىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى .

— بولدى، ئەتە ماڭايلى .

مەردانىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى . نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئابدۇغوپۇر بىلەن سەمەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمەي چەتكە قارىۋالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئاشۇ يىراقتا قالغان گۈلمىرە سۇرەتلىنىپ چىقتى . مەردانىنىڭ يۈرىكى مۇھەببەت ۋە سېغىنىشتىن ئېچىشىپ كەتتى . «نېمە بولسىمۇ تېزرەك ھەرىكەت قىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنىڭ گۈلمىرەم ئۈچۈن . . . ئىلاجى بار كۆپرەك پۇل تېپىپ، گۈلمىرەنىڭ يېنىغا قايتىشىم كېرەك» .

— نېمە بولدۇڭ ھوي؟ مۆرىمەيسەنغۇ، — ئابدۇغوپۇر مەردانىنىڭ دولىسىغا قاتتىق نوقۇدى .

— ھە! — مەردان چۆچۈپ كەتتى، — ھە، چاتاق يوق . بولدى، ئەتە ماڭايلى، مەن تەييار .

— ھەببەللى! مۇشۇنداق ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسەن .

ئىككى دوست سەمەت بىلەن خوشلاشتى .

— ماقۇل ئەمىسە، ئاداش، خۇدايىمغا ئامانەت .

— خۇدايىمغا ئامانەت .

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سەمەت چاشقان ئابدۇغوپۇر بىلەن

مەردانىنى باشلاپ ماڭدى . بىر توپ «لۇشياڭچىلار» شياڭگاڭدىن كەلگەن ئەتكەسچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئاشۇ مەخپىي يېزىغا قاراپ يول ئالدى .

بۇ — 1990 ـ يىل ئۆكتەبىر مەزگىلى ئىدى .

## تۆتىنچى باب

1992 ـ يىل ئۆكتەبىر .

ئايىمگۇل ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىدىن چىقماي دېگۇدەك ياشاپ كەلگەنىدى . ئۇ ئۆز ئۆمرىدە غۇلجا ، قەشقەر ۋە تۇرپاندىن باشقا شەھەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغان . ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۇچ ـ تۆت يىلغىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدا خۇددى قەپەسكە سولانغان تورغايدەك زېرىكىپ ۋە مۇڭلىنىپ تىنچ ياشىدى ، كېيىن توي قىلدى ، پەرزەنتلىك بولدى ، ئاندىن ئېرى ئىشلەيدىغان كارخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى . باشتا سېختا ئىشچى بولدى ، كېيىن ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇچ يىل ئوقۇپ دىپلوم ئالدى ۋە كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا كادىر بولدى . ئىشقىلىپ ، مۇشۇ ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگۇچە ئىشتا ، ئائىلىدە بولۇپ ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەنلا ئۆتتى .

ئەنە شۇنداق خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى ۋە بىر ئائىلىنىڭ غېمى بىلەن بىرخىل رىتىمدا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئايىمگۇل كۆنلەرنىڭ بىرىدە گۇاڭجۇدەك چوڭ شەھەرگە بېرىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . مانا ئەمدى شۇ گۇاڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلار يىغىلىدىغان سەنيۈەنلى دېگەن يېرىدىكى بىر خۇسۇسىي مېھمانخانىدا ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى خاسىيەتخان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ .

— ياتاقتا ئولتۇرىۋېرەمدۇق ، — دېدى ئايىمگۇل ئۆرە

تۇرۇۋېلىپ ، — چىقىپ كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ كىرەيلىچۇ . شەھەرنى بىر كۆرۈپ باقاي .

— ئوش . . . ئالدىرىمىغىنا ، — دېدى خاسىيەتخان ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ، — كوچىغىمۇ چىقمىز ، شەھەرنىمۇ كۆرۈۋالىسەن تېخى . بەك ھېرىپ كەتتىم مەن . نەچچە كۈندىن بېرى پويىزدا تۈزۈك ئۇخلىغاندەكمۇ بولمىدۇق . تېخى بۈگۈن كەلدۇقغۇ بۇ يەرگە . ئەتىدىن باشلاپ كۈندە كوچىدا بولىمىز . ئۇھ دەپ يېتىۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقمايدۇ .

— ۋايجان ! كەچتە ئۇخلىۋالار ئىدىڭ ، — دېدى ئايىمگۈل نارازى بولۇپ ۋە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا قارىغىلى تۇردى .

— ئوش ، تولا قىتىرلىماي ، بىردەم يېتىۋاله ، ئاداش ، — دېدى خاسىيەتخان ۋە تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىنى يۇمدى .

ئايىمگۈل دوستىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورققاندەك ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ـ دە ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ ، ياۋاشلىق بىلەن كارىۋىتىغا كېلىپ ياتتى .

دېمىسىمۇ ، ئۈرۈمچىدىن چىققاندىن تارتىپ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن جەريانىدا ئايىمگۈل خاسىيەتخاننىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى . سەۋەبى شۇكى ، خاسىيەتخان نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يول تاپقان ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ گۇاڭجۇدىن باشقىمۇ بىرمۇنچە جايلىرىغا بارغان ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستانغىمۇ بىرنەچچە قېتىم چىقىپ كىرگەن ھەقىقىي سودىگەر ئىدى ؛ ماشىنا ـ ماشىنا ماللارنى ، باغلام ـ باغلام پۇللارنى نېرى ـ بېرى قىلىپ ، خېلى چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرەتتى .

ئايىمگۈل بولسا ، ئۆمرىدە بىر تال تۆگمىچىلىك نەرسىنى سېتىپ باقمىغان ، پۈتۈن كۈنلىرىنى ئىدارە بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىلا ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى . بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىۋېرەر ئىدى ، ئەپسۇسكى ، ئۇلارنىڭ كارخانىسى راۋاج تاپالمىدى ، زىيان تارتىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى ،

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مائاشىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى ئاران بېرەلىگۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . ئايىمگۈللەرنىڭ ئائىلىسى قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى ، بۇنچىلىك پۇل بىلەن بىر ئۆيدىكى تۆت جاننىڭ قورسىقىنى توقلامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇچىسىنى ياپىدىغان كىيىمنىڭ غېمىنى قىلامدۇ ؟ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى ، كىچىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا . ئۇلارنىڭ خىراجىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئالىي مەكتەپكە چىقىپ قالار . ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ . بۇنىڭمۇ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇرۇش كېرەككۇ . ئۇنى دېمىگەندىمۇ ، خەقنىڭ ئالدىدا ئەل قاتارى ياشاش كېرەك ـ دە ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ روھى چۈشۈپ ، بېشى قاتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايىمگۈلگە كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە بىللە ئويناپ ئۆسكەن كونا دوستى خاسىيەتخان ئۇچراپ قالدى .

«بۇنداق جېنىڭنى قىيناپ يۈرگۈچە مەن بىلەن ماڭغىنا ، — دېدى ئۇ ، — سېنى گۇاڭجۇغا بىر ئاپىرىپ كېلەي . كېيىن ئېپىنى كەلتۈرۈپ ، پاكىستانغىمۇ چىقىپ كېلەيلى ، زىيان تارتمايسەن» .

ئايىمگۈل ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى . «تۇغقان يوقلاپ كېلىمەن» دەپ كارخانىدىن بىر ئايلىق رۇخسەت ئالدى ۋە ئۇيان ـ بۇياندىن ئازراق پۇل جۆندەپ ، خاسىيەتخان بىلەن گۇاڭجۇغا كەلدى . . .

ئايىمگۈل خاسىيەتخاننىڭ زورلىشى بىلەن كارىۋاتتا يېتىپ باققان بولسىمۇ ، ئۇخلىيالمىدى ، ياتقۇسىمۇ كەلمىدى . خاسىيەتخانغۇ بۇيەرلەرگە تولا قاتناپ زېرىكىپ كەتكەن ، ئەمما ئايىمگۈلنىڭ تېزرەك شەھەرنى ئايلىنىپ كۆرگۈسى كېلەتتى ، ئۇياق ـ بۇياقلارغا بارغۇسى كېلەتتى . ئۇ ئىچى پۇشقان ھالدا قوپۇپ ، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ باقتى ، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ

ياتاقتىن ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرىگە ، كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن خېرىدارلارغا قاراپ بىر ھازاغىچە تۇردى .

بۇ چاغدا ھېلىقى — يېزىدىن چىققان ئۈچ دوستنىڭ ئىككىسى ، يەنى ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان مۇشۇ مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقان شېرىكلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، قايتىپ چىقىۋاتاتتى . بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇلار ئۆزگىرىپ ، باشقىلا بىر ئادەملەردەك بولۇپ قالغانىدى . ئۇلار ھازىر ھەرگىزمۇ سەھرالىق دېھقان باللىرىغا ئوخشىمايتتى . ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق ئالىبۇلىماچ يىپەك كۆڭلەك ۋە شۇنداقلا قىممەت باھالىق بۇرۇلكا كىيىپ ، چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋەتكەن ، بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا خېلى چوڭ چىراي بولۇپ ، ھەقىقىي يېتىلگەن ئەركەكلەر سىنىغا كىرگەنىدى . ئۇلارنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىدىنمۇ جىددىيلىك ۋە ئۆزگە ئىشەنگەنلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان مېھمانخانا كارىدورىدا كېتىۋېتىپ ، ئۆز ياتىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئايىمگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . مەردان ئۇدۇل كېتىۋەردى ، لېكىن ئابدۇغوپۇر ئايىمگۈلگە زەن سېلىپ قاراپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى .

— ۋۇي ، ئۇيغۇر ئىكەنسىزغۇ ، — دېدى ئۇ ، — ياخشىمۇسىز ، قاچان كەلدىڭىز ؟ سىزنى بۇرۇن بۇ شەھەردە كۆرمەپتىكەنمەن .

ئايىمگۈل چىرايىنى ئاچمايلا :

— ياخشىمۇسىز ، بۈگۈن كەلدۇق ، — دەپ قويدى .

ئابدۇغوپۇر بويىنىنى سوزۇپ ، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن قاراپ ، كارىۋاتتا ياتقان خاسىيەتخاننى كۆردى ۋە يەنە ئايىمگۈلدىن :

— ھە ، سىز يالغۇز ئەمەس ئىكەنسىز ـ دە ، ئىككىڭلار بىللە كەلگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، بىللە كەلگەن .

خاسىيەتخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى .
— كىم ئۇ ، ئايىمگۈل ؟
ئايىمگۈل جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى سەل چەتكە ئېلىپ ، خاسىيەتخانغا ئابدۇغوپۇرنى كۆرسەتتى . ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭغىمۇ بىرئاز ئېگىلىپ ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى . خاسىيەتخانمۇ كۈلۈمسىرەپ كارىۋاتتىن چۈشتى .
— ھە ، كىرىڭ ، — دېدى ئۇ ئابدۇغوپۇرنى ياتاققا تەكلىپ قىلىپ .
ئابدۇغوپۇر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، نېرىدا كۈتۈپ تۇرغان مەردانىنى :
— ماگە ، — دەپ چاقىردى - دە ، ياتاققا كىردى .
مەردانىمۇ نائىلاج ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى . يىگىتلەر بىلەن ئاياللار ئۆزئارا قايتا سالاملاشتى ۋە ئىككى كارىۋاتقا بۆلۈنۈپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتى .
— مۇساپىرچىلىقتا يۇرگەندە ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ قالسا خۇددى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن كىشى ، — دېدى ئابدۇغوپۇر قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي تەلەپپۇزدا .
— شۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى خاسىيەتخانمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ .
ئۇلار ئاسانلا سۆزگە كىرىشىپ ، تونۇشۇپ كەتتى . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، گەپنى ئاساسەن ئابدۇغوپۇر بىلەن خاسىيەتخان قىلىشتى . ئايىمگۈل ئاندا - ساندا قوشۇلۇپ قويدى . مەردان بولسا ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .
— ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ، — يۇرۇڭلار ، بىللە چىقىپ تاماق يەيلى .
— رەھمەت ، بىز تېخى بايىلا تاماق يېگەن ، — دېدى خاسىيەتخان .
— شۇنداق بولسىمۇ يۇرۇڭلار ، ھېچبولمىغاندا ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچەيلى ئەمىسە .

— ماقۇل ، — دېدى خاسىيەتخان ، — سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار ، بىز كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇۋالايلى .

ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان چىقىپ كەتتى .

— ئەجەب ئاسانلا چىقىشىپ كەتتىڭ بۇ تونۇمايدىغان خەق بىلەن ، — دېدى ئايىمگۈل مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ .

— بۇ چىقىشىپ كەتكەنلىك ئەمەس ، — دېدى خاسىيەتخان ، — بۇ كەسىپنى تۇتقان ئادەم خەق بىلەن ئۆچەكەشمەي ئۆتۈشى كېرەك . ھەر خىل ئادەملەر بار بۇ يەردە . ئۆزى جېنىنى باقالماي ، بىزدەكلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ، بۇلاڭچىلىق ، ئەسكىلىك قىلىدىغانلارمۇ جىق . يېقىنچىلىق قىلسا ئۆز لايىقىدا «ھە» دەپ قويۇپ يۈرۈش كېرەك . بۇ سولتەك سويىملارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمايلى .

ئۇلار كىيىنىشكە باشلىدى ، ئىككىسى بىرجۇپ بولۇشۇپ ، ئوخشاش پاسوندىكى يەڭسىز ئاق كوپتا ۋە ئۇزۇنلۇقى تىزىغا كېلىدىغان كەڭ ئېتەكلىك بېغىررەڭ يوپكا كىيىشتى - دە ، قولتۇقلاشقان ھالدا يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقتى . بۇ كىيىملەرنى خاسىيەتخان ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دۇكىنىدىن ئاچىقىپ ، بىرىنى ئايىمگۈلگە بەرگەنىدى .

ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان مېھمانخانىدىن چىقىپ ، ئۇلارنى كوچىدا ساقلاپ تۇرغانىدى . ئاياللار چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مەردان ئابدۇغوپۇرنى ئەيىبلىدى .

— ئىشىڭمۇ تولا بىرنېمە ئىكەنسەن ، ئاداش ، نېمە قىلاتتىڭ بۇ قېرى خوتۇنلارنى چاقىرىپ .

ئابدۇغوپۇر ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى .

— ھەي بالا كىچىك ، بالا كىچىك ، — دېدى ئۇ مەرداننىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ ، — مۇشۇنداقلار بىلەن تونۇشۇپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق . پۇلنى جىق تېپىپ ، قانداق خەجلەشنى بىلمەي يۈرگەن بىرنېمىلەر بۇ . ئاۋۇ ئابلىز گورگورنى كۆرمىدىڭمۇ ، باي خوتۇنغا تېگىۋېلىپ ، راھەت كۆرۈپ يۈرگىنىنى .

— سەنمۇ شۇنداق قىلاي دەمسەن نېمە ئەمدى؟ — دېدى مەردان ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ.

— مەنغۇ هازىر ئۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدىم، — دېدى ئابدۇغوپۇر، — شۇنداق قىلساممۇ نېمە يامىنى بار بۇنىڭ؟ تويىنى قىلىۋېلىپ، «هە سېنىڭ راست» دەپ قويۇپ، بىر-ئىككى يىلغىچە ئۇنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، راسا يېنىگىنى چىگدىۋالغاندىن كېيىن «كۆتۈر قاسقىنىڭنى!» دەپ تاشلاپ كېتىدىغان گەپ.

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدىغان نېمە ئىكەنسەنا ۋاي، لاتا! خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ، — دېدى مەردان ئاغىنىسىگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ.

— ئابلىزنىمۇ هېچكىم سەت بولدى دەپ چەتكە قېقىۋەتمىدىغۇ، سېنىڭ بىلەن بىزمۇ يەنە شۇ ئابلىزدىن ياردەم سوراپ بارغانغۇ، — دېدى ئابدۇغوپۇرمۇ قوپال تېگىپ.

— ئابلىز گۇرگۇرنى دورىما سەن، — دېدى يەنە مەردان، — هەۋەس قىلغۇدەك نېمىسى بار ئۇنىڭ؟ ئاقنى چېكىۋېلىپ يۈرۈپتۇ يەنە، ئۆلۈك چىراي بولۇپ… خوتۇن كىشىنىڭ قولى بولۇپ…

— بولدى، بولدى، قارا، ئۇلار چىقتى، — دېدى ئابدۇغوپۇر بوش ئاۋازدا.

دەرۋەقە، مېهمانخانا ئىشىكىدىن خاسىيەتخان بىلەن ئايىمگۈل چىقىپ كەلدى. ئۇلار مودىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئانچە - مۇنچە پەرداز قىلىپ چىققاچقا، خۇددى ئون ياش كىچىكلەپ قالغاندەك، باشقىچە بىر ئىسكەت كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قارا، ئاۋۇ ئايىمگۈل دېگىنى خېلى بولىدىغان نېمە ئىكەن جۇمۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئابدۇغوپۇر، ئېگىزرەك كەلگەن زىلۋا بويلۇق ۋە بۇدۇر چاچلىق ئايىمگۈلگە سەپسېلىپ.

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇق - هە، — دېدى خاسىيەتخان يىگىتلەرگە يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن.

ئۇ ئايىمگۈلگە سىلىشتۇرغاندا سەل پاكارراق ۋە سىمىزرەك بولسىمۇ، ناھايىتى جانلىق، تېتىك ۋە سۆزمەن ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ دوستى ئايىمگۈلنى كىچىك بالىدەك باشقۇرۇپ، ھەممە گەپنى ئۆزى قىلاتتى.

تۆتەيلەن بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ، گۇاڭجۇنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىدىكى قەھۋەخانىغا كىرىشتى. چاقچاقنى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىستاكاندىن سوغۇق شەربەت ئىچىشكەچ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتى. خاسىيەتخان ئۇستىلىق بىلەن گەپنى ئەگىتىپ سوئال سوراپ، بۇ ئىككى يىگىتنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— يۇرتتىن يېڭى چىققاندا لۇشياڭچىلىق قىلدۇق، — دەيتتى ئابدۇغوپۇر، — كېيىن بۇ ئىشمۇ كاساتلاشتى. كونا كىيىم بىلەنمۇ ھەپىلىشىپ باقتۇق، يېڭى كىيىمنىڭ سودىسىنىمۇ تۇتۇپ باقتۇق. ئىشقىلىپ، قايسى ئىش ئۇدۇل كەلسە شۇنى قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز.

ئابدۇغوپۇر يەنە بۇ جەرياندا بولۇپ ئۆتكەن تۈرلۈك قىزىق ۋەقەلەر ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، ئاياللارنى كۈلدۈرۈپ، زېرىكتۇرمەي «مەدداھلىق» قىلدى.

— كەچ بولۇپ قالدى، ئەمدى قايتايلى، — دېدى خاسىيەتخان ئورنىدىن قوزغىلىپ.

ھەقىقەتەن زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئابدۇغوپۇرنىڭ بولدى قىلغۇسى كەلمەيتتى.

— ئەمىسە بىزنىڭ ياتاققا بېرىپ، بىرەر كېچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرىلى، — دېدى ئۇ بىر خىل ھىجىيىپ.

— ۋاي رەھمەت، ئۇكام، — دېدى خاسىيەتخان، — تېخى بۈگۈنلا يولدىن كەلدۇق. مۇڭدىششقىمۇ كېيىن يەنە پۇرسەت بولۇپ قالار. ئەمدى ئارام ئالايلى.

ئابدۇغوپۇر يەنە ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ گەپ يورغىلىتىپ باققان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمىدى. خاسىيەتخان بىلەن ئايىمگۈل

تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى .

— ئاۋۇ ئايىمگۈل دېگىنى بىرەر ـ ئىككى قېتىم ھەپىلىشىپ قويۇشقا يارىغۇدەك ـ ھە ، — دېدى ئابدۇغوپۇر كۈلۈپ تۇرۇپ .

— تازا مازلاشقىلى تۇردۇق جۇمۇ ، — دېدى مەردان ، — چوپچوك خوتۇنلارغا نىيىتىڭنى بۇزماي ، تۈۋا دېگىنە .

* *

ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇغوپۇر يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى . مەرداننىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى . چۈشىنىكسىز تەشۋىش ۋە كۆڭۈلسىز خىياللار ئۇنىڭ دىلىنى پەرىشان قىلاتتى . يۇرتىدا قالغان سۆيگۈنى گۈلمىرەنى ئويلىسا يۈرىكى ئېچىشىپ ئاغرىغاندەك بولاتتى . ئۇ گۈلمىرە بىلەن خوشلاشقاندا : «بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن» دېگەنىدى . مانا ھازىر ئىككى يىلدىنمۇ ئېشىپ قالدى ، تېخىچە قايتالمايۋاتىدۇ . بۇ ئىككى يىل داۋامىدا ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى ؟ !

باشتا بىرنەچچە ئايغىچە «لۈشياڭچىلىق» قىلىپ ، ئاز ـ تولا پۇلمۇ تاپتى . قولىغا پۇل كىرگەنسېرى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى . سىنئالغۇلارنى دەسلەپتە قولدا كۆتۈرۈپ توشۇغان بولسا ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ماشىنىدا يۆتكەيدىغان بولۇشتى . بىر كۈنى قاراڭغۇ كېچىدە تۆت «لۈشياڭچى» مىنىبۇسنى ھەيدەپ ، يېزىنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولىدا چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى ، ئۇشتۇمتۇت خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك قوراللىق ساقچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى توسۇدى . «لۈشياڭچىلار» شۇ قاتاردا ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردانمۇ قانداقتۇر بىر تۇرمىگە قامالدى . مۇشت ، تېپىك ۋە توك كالتەكنى تويغۇچە يېدى . ئون بەش كۈندىن كېيىن ئۇلار قويۇپ بېرىلدى ، لېكىن سىنئالغۇلار ۋە نەق پۇللار مۇسادىرە قىلىندى .

ئەتكەسچىلەرنىڭ مال ساقلايدىغان ئورنــى ۋە توشۇيدىغان

يوللىرى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان : «ئەمدى باشقا يوللار بىلەن مېڭىپ ، ساقچىلارغا تۇتۇق بەرمەيمىزغۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن «لۇشياڭچىلىق» ھۈنىرىنى قايتىدىن باشلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ قولىغا يەنە پۇل كىرىشكە باشلىدى . ئويلىمىغان يەردىن يەنە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ، يەنە ھەممىدىن قۇرۇق قالدى . قۇتۇلۇپ چىقىپلا بۇ ھۈنىرىنى يەنە باشلىدى . قانداق قىلغۇلۇق ؟ پۇل تېپىش كېرەك ـ دە ! يەنە تۇتۇلدى ، چىقىپ قاراڭغۇ يوللارغا يەنە ماڭدى . بىر كۈنلەرگە كەلگەندە بۇ سىنئالغۇلارنىڭمۇ بازىرى كاساتلاشقىلى تۇردى .

شۇنىڭ بىلەن ، يىگىتلەر بۇ «ھۈنەر»نى تاشلاپ ، كونا كىيىم سودىسىغا تۇتۇش قىلدى . خۇددى سىنئالغۇلاردەكلا شىياڭگاڭ تەرەپتىن نامەلۇم يوللار بىلەن ئېقىپ كىرگەن كونا كىيىملەرنى شىئەن ، لەنجۇ ، ئۈرۈمچىگە توشۇدى . شۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرۈپ بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى .

مەردان ئازراق پۇل قىلىپ ، «ئەمدى يۇرتۇمغا قايتاي» دەپ تۇرغاندا ، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بىر توپ نىقابلىق كىشىلەر باستۇرۇپ كىرىپ ، ئابدۇغوپۇر بىلەن مەرداننىڭ ئېغىزلىرىغا لاتا تىقىپ ، پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ قويۇپ ، يېنىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ چىقىپ كېتىشتى .

مەرداننىڭ يۈرەك ـ باغرى ئەنە شۇنداق قان ـ زەردابقا تولۇپ ، چىقىش يولى تاپالماي تېنەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنى ئۆمەرجان ئىزدەپ كەلدى . ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان ئۆمەرجاننى يەتتە ـ سەككىز ئايدىن بېرى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۆمەرجان ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەك ۋە رەخت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھېلى شاڭخەي ، بېيجىڭدا ، ھېلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئالدىراپ يۈرەتتى . گۇاڭجۇغا كەلسىمۇ ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا يەنە كېتىپ قالاتتى . ئىشقىلىپ ، ئۇ تىجارەت يولىدا پۇختا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ، ھەقىقىي سودىگەر

بولۇپ قالغانىدى .

«بۇنداق قىلىپ يۇرسەڭلار پۇل تاپقىلى بولامدۇ ، — دېدى ئۆمەرجان ئىككى دوستىنىڭ هال - ئەھۋالىنى ئۇقـقاندىن كېيىن ، — بازار ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىپ ئىش قىلىش كېرەك . يۇرۇڭلار ، مەن سىلەرنى بىر يولغا سېلىپ قوياي» .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئىككى دوستىنى توپ مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خوجايىننىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى . ئۆمەرجان خەنزۇچىغىمۇ خېلى پىشىپ قالغانىدى . ئۇ خوجايىن بىلەن راۋان سۆزلىشىپ ، ئۇزاق سودىلاشتى ۋە بىرنەچچە تېكىمىق «ئادىداس» (adidas) ماركىلىق تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمىنى ئالدى .

«هازىر ئۈرۈمچىدە بۇنىڭ بازىرى ئىتتىك ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۆمەرجان ، — سوۋېتكە قاتنايدىغان تىجارەتچىلەر ساپلا ئادىداس توشۇۋاتىدۇ» .

شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان ئادىداسچىلىق ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . ئۇلار تېكىمىق - تېكىمىق تەنھەرىكەتچىلەر كىيىملىرىنى پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە ئۇدا ئۈچ قېتىم توشۇدى ۋە قايتىدىن پۇل كۆرۈپ ، جانلىنىپ كەتتى .

ئۆمەرجان ئىككى دوستىنى ئەنە شۇنداق «يولغا سېلىپ قويۇپ» ئۆزى «ئالمۇتىغا بارىمەن» دەپ ، ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ كەتتى .

ۋەھالەنكى ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئادىداسچىلىقمۇ كاساتلاشتى ، باھاسى چۈشۈپ كەتتى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئەمدى ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويىدىغان ئۆمەرجانمۇ يوق .

— ئەستاغپۇرۇللا ، يۇرتقا يەنە قايتىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم ، — دېدى مەردان ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ .

— نېمە قاقشاۋېرىسەن ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر ، — ئۆمەرجان بولمىسا ئۆلۈپ قالامتۇق .

شۇ گەپ بىلەن ، ئۇلار ئىككىسى ئۇياق - بۇياققا قاتراپ ، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ - سېتىپ باقتى . ئىش ئەپلەشمىدى . ئۇلارنىڭ

ئادىداسچىلىق قىلىپ تاپقان ـ تەرگىنى كۈندىن ـ كۈنگە خوراپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى .

ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان ئەنە شۇنداق ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، خاسىيەتخان بىلەن ئايىمگۈلگە ئۇچرىشىپ قالغانىدى .

يىگىتلەر ئاياللار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كەلدى .

— قېرى جالاپلارنىڭ ئەتىۋارلىشىپ كەتكىنىنى تېخى ! — دېدى ئابدۇغوپۇر كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ۋە خاسىيەتخان بىلەن ئايىمگۈلنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى ، — كۆڭلىنى خوش قىلىپ قويايمىكىن دېسەم ، ئۆزىچە هال تارتىپ كەتكىنىنى . . .

— بەك مازلىشىپ كەتكىلى تۇردۇڭ ، هەي غوپۇر ، — دېدى مەردان راستىنىلا غەزەپلىنىپ .

ئابدۇغوپۇر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى .

— هەي ، ئەمدى سەنمۇ «غوپۇر» دېگىلى تۇردۇڭغۇ ! مېنىڭ ئەزان ئېيتىپ قويغان ئىسمىم ئابدۇغوپۇر . بۇنى ئۇنتۇپ قالما !

مەردانمۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى :

— هەي ! كۆڭۈل دېگەن نەرسە بارمۇ سەندە ؟ ئاشۇ قېرى خوتۇنلارنى قانداق كۆڭلۈڭ كۆتۈرىدۇ ؟

— هەي ! ساڭا كۆڭۈل كېرەكمۇ ، پۇل كېرەكمۇ ، قايسىسى مۇهىم ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر مەرداننىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ، — قېرى بولغىنى بىلەن بېيىپ كەتكەن بىرنېمىلەر ئۇ ! يالغان ـ راستلاردىن ئالداپ ـ سىلاپ يۈرۈپ قوينىغا كىرىۋېلىپ ، پۇللىرىنى جايلىمامسەن ئۇ خەقنىڭ . ئاۋۇ ئابلىز گۇرگۇرنى كۆردۇڭغۇ . . .

گوياكى ئابدۇغوپۇرنىڭ «ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك» بولدى . ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا ئىشىك ئېچىلىپ ، ياتاققا ئاشۇ ئابلىز گۇرگۇر كىرىپ كەلدى .

# بەشىنچى باب

— يائالللا ، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدىكەنا ! — دېدى ئابدۇغوپۇر ئابلىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، — بارمۇ سەن هوي ، ئاداش ؟ قانداق بولۇپ بۇگۇن بىز تەرەپلەرگە قەدىمىڭ يېتىپ قالدى ؟

ئابلىز گۇرگۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، كارىۋاتقا ئولتۇردى .

— يۇرتقا قايتاي دەيمەن ، — دېدى ئۇ ، — شۇڭا سىلەر بىلەن بىر كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كەلدىم .

— يۇرتقا سودا ئىشى بىلەن بارامسەن ؟ — سورىدى ئابدۇغوپۇر .

— ياق ، بىراقلا كېتەي دەيمەن بۇ يەردىن .

— ئەلانۇرخان بىلەن بىللە كېتەمسىلەر ؟ — مەردان قىزىقىپ سورىدى .

— ياقەي ، ئۇنى قويۇۋەتتىم .

— نېمە ؟ — ئابدۇغوپۇر بىلەن مەردان تەڭلا خىتاب قىلىشتى .

— ئۇ قېرى خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتۈۋېرىدىغانغا ساراڭ بولۇپ قالمىدىم مەن !

— هە ، قانداق قىلدىڭ ؟ سۆزلەپ باقە ، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئابلىزنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ .

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا ، ئاداش . مىڭ بىر تەسلىكتە ئاران قۇتۇلدۇم دېگىنە ئۇ ئازازۇل قېرىدىن . ئاجراشمايمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ . . . قاتىل يالالاپ ئۆلتۈرگۈزىۋېتىمەن دەپ قورقۇتۇپ . . . مەنمۇ بوش كەلمىدىم ئۇنىڭغا . ئۇنى مۇشتلاپ يۇرۇپ ، پىچاق تەڭلەپ ، «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ . . . ئىشقىلىپ ، بار ئامالنى قىلىپ تۇگەشتىمغۇ .

— يېنىڭنى خېلى چىگدىۋالغانسەن؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر جەينىكى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ ۋە شەيتانلارچە كۈلۈپ.

ئابلىز گەپ قىلىشقا ئالدىرىماي، تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ ھىجايدى.

— خوتۇن خەق دېگەن ھەرقانداق باي بولۇپ كەتسىمۇ بەربىر ئەخمەق كېلىدىكەن، — دېدى ئۇ.

ئابلىز شۇ قەدەر ئۆزگە ئىشەنگەن، مەغرۇر قىياپەتتە سۆزلەيتتى. ھېلىقى ئەلانۇرخانىنىڭ ئالدىدا ئېغىز ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي سالپىيىپ ئولتۇرغان ۋاقتىغا زادى ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەنمەنچىلىك، سۆزمەنلىك قىلىپ، «ئۇچۇپ يۈرىدىغان» خۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقى بۇرۇنقىدىن تامامەن ئۆزگەرگەنىدى. خىرۇئىننى ئىستېمال قىلىۋېرىپ، چىرايى تاتىرىپ، خۇنۇكلەشكەن، ئۆزى خۇددى چۆلدە ئاچ قالغان سەرگەرداندەك ئورۇقلاپ، مۈكچىيىپ قالغانىدى.

— ئۈرۈمچىگە بارغاندا داۋالىنىپ، ئاق تاماكىنىڭ خۇمارىدىن قۇتۇلۇپ باقاي دەيمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ سۆز ئارىسىدا.

ئۈچەيلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئابدۇغوپۇر ئۆزلىرىنىڭ تىجارەتنى يۈرگۈزەلمەي قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سەن بۇ يولدا خېلى پىشىپ قالدىڭ، — دېدى ئۇ ئابلىزغا قاراپ، — بىزگىمۇ كىچىككىنە ياردەم قىلىپ قويامسەن.

مەردان ئۇشتۇمتۇت ئابدۇغوپۇرنىڭ بۇ ئىلتىماسىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. «دائىم باشقىلاردىن ياردەم تىلەپلا يۈرەمدۇق؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىز بىلەن بىللە چىققان ئۆمەرجان ئەنە ئاسانلا چوڭ سودىگەر بولۇپ قالدى، تېخى بىزگىمۇ ياردەم قىلدى. مانا بۇ ئابلىز گۇرگۇرمۇ قانداقلا بولمىسۇن، جېنىنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرىمەن؟»

ئابلىز ئابدۇغوپۇرنىڭ ئىلتىماسىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي ، يانچۇقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئامېرىكا تاماكىسىنى چىقىرىپ يۇرتداشلىرىغا تۇتتى . ئۇچەيلەن بىر هازاغىچە جىم ئولتۇرۇپ ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن تۇتۇن چىقىرىشقا باشلىدى . مەردان ئەسلىي تاماكا چەكمەيتتى . گۇاڭجۇغا كەلگەندىن كېيىن بۇنىمۇ ئۆگەندى . خۇمارى تۇتۇپ ئەمەس ، بەلكى «باشقىلار زاڭلىق قىلمىسۇن» دەپ رەسمىيەت ئۇچۇنلا ئاندا - ساندا يالغاندىن چېكىپ قوياتتى . لېكىن ، هازىر ئۇ بېشى قاتقان ، كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ، ئابلىز بەرگەن تاماكىنى خۇددى كونا بەڭگىلەردەك كۈچەپ شورىماقتا ئىدى .

ئابلىز تېخى چېكىپ بولمىغان تاماكىسىنى شىرە ئۈستىدىكى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈردى - دە ، جەينىكى بىلەن ياستۇققا تايىنىپ ، كارىۋاتقا يانپاشلىدى .

— ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىر ئىش بار ، شۇ ئىشنى قىلامسىلەريا؟ — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك ئاۋازىنى سوزۇپ ، ئاندىن مەنمەنچىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئىككى يىگىتكە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .

مەردان خۇددى چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك دەرهال بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئابلىزغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى .

— كىرىمى ئوبدان بولسا هەرقانداق ئىشنى قىلىمىز ، — دېدى ئابدۇغوپۇر مەيدىسىنى كېرىپ ، — قانداق ئىش ئۇ؟ قېنى ، دېمەمسەن .

— هازىر ئاق تاماكىنىڭ سودىسى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى ئابلىز قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەستىن .

بۇ گەپ مەردانغا خۇددى يۈرىكىگە بىگىز سانجىلغاندەك تەسىر قىلدى . ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئابلىزغا قارىغىنىچە قېتىپلا قالدى . هەتتا هەرقانداق تەۋەككۇلچىلىككە تەييار تۇرىدىغان ئابدۇغوپۇرمۇ هېچنېمە دېيەلمەي قالدى .

— توغرا ، بۇ ئىشنىڭ بىرئاز خەتىرى بار ، — ئابلىز سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى ، — لېكىن پەم بىلەن ھەرىكەت قىلسا چاتاق چىقمايدۇ . كىرىمى ئوبدان . ھېچقانداق چىقىم تارتمايلا پايدا ئالىدىغان ئىش ، تېز بېيىپ كەتكىلى بولىدۇ .

ئابدۇغوپۇر بىلەن مەرداننىڭ يۈرەكلىرى قاتتىق سوقۇپ كەتتى . ھالبۇكى ، شۇ تاپتا بۇ ئىككى يۈرەكنىڭ سوقۇشى بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايتتى . ئابدۇغوپۇر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى تاپقان ئادەملەرگە خاس روھىي ھالەتتە قاتتىق ھاياجانلاندى . مەردان ، ئەكسىچە ئۇقۇشماستىن بىر خەتەرلىك جايغا كىرىپ قالغان ئادەمدەك قاتتىق قورقۇپ كەتتى .

— «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بار ، — دېدى ئابدۇغوپۇر غەيرەتكە كېلىپ ، — ئازراق قارامىلىق قىلمىسىمۇ ئىش پۈتمەيدۇ . «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دەپتىكەن . بۇ ئىشنىمۇ قىلىپ باقايلى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەرداننىڭ مېڭىسى چىڭقىلىپ ، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كەتكەندەك بولدى .

ئابلىز ئېرىنچەكلىك بىلەن قوزغىلىپ ئورنىدىن تۇردى .

— ماقۇل ئەمسە ، — دېدى ئۇ ، — ئەتە كەچكىچە سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ چىقىپ كەتتى .

ئەمدى مەردان ئۆزىنى بېسىۋالالماي قايناپ كەتتى :

— ساراڭ بولدۇڭمۇ ھەي ، غوپۇر ! تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا تېلېۋىزوردا خىروئىن ساتقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى كۆردۇققۇ ، پۇلنى دەپ ئەمدى جېنىڭنىمۇ دوغا تىكىپ قويامسەن؟ بۇ ئاق تاماكا دېگەن ياخشى نەرسە ئەمەس ، ئاداش . بۇنى قانۇنمۇ ، دىنىمىزمۇ چەكلەيدۇ . يېزىمىزدىكى مۇئەللىملەرنىڭ ، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ بۇنداق خىروئىن بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارنى ھەممە ئادەم قارغايدۇ . . . ئادەملەرنى زەھەرلەپ كاردىن چىقىرىدىغان ئىش بۇ .

ئابدۇغوپۇرمۇ بوينىنىڭ تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ ئۆكتە

قوپتى . ئۇ مەردانىى قورقۇنچاق ، قاپاق باش ، كارغا كەلمەيدىغان ياغاچ پىچاق ، لاتا غىلاپ . . . دەپ ھاقارەتلىدى .

مەردان چىداپ تۇرالماي ئېتىلىپ كەلدى ـ دە ، ئابدۇغوپۇرنى كارىۋاتقا بېسىۋېلىپ ياقىسىدىن بوغدى . ئابدۇغوپۇرمۇ مەردانىنىڭ چېچىدىن تارتقىنىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشتى . ئۇلار ھەر ئىككىسى كارىۋاتتىن دومىلاپ پولغا چۈشتى ، ئاندىن ئۆرە قوپۇپ ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشت ئاتتى . ئابدۇغوپۇرنىڭ بۇرنى قانىدى ، مەردانىنىڭ قاپىقى يېرىلدى .

مەردان يېرىلغان قاپىقىنى قولىياغلىقى بىلەن بېسىپ تۇتتى ـ دە ، ئابدۇغوپۇرنى تىللىغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . ئابدۇغوپۇرمۇ توختىماي قان ئېقىۋاتقان بۇرنىنى بارماقلىرى بىلەن قىسىپ تۇتقىنىچە تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ ، قانغا بويالغان يۈز ـ كۆزىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇشقا باشلىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دوست بىر ـ بىرىنى كۆرمەس بولدى . مەردان باشقا بىر ئارقا كوچىدىكى ئادديغىنا خۇسۇسىي مېھمانخانىغا كۆچۈپ چىقتى . ئىككى قەۋەتلىك تۆمۈر كارىۋاتتىن تۆتى قويۇلغان سېسىق ياتاقتا مەردان بىلەن بىر ناھىيىدىن چىققان يەتتە يىگىت بار ئىدى . ئەمدى مەردان قوشۇلۇپ سەككىز بولدى .

مەردان بۇ يېڭى ياتاقداشلىرىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچ ئۇقالمىدى . ئۇلار ھەر كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ياتاققا كىرەتتى . ئەتىسى چۈش ـ پېشىن بولغۇچە ئۇخلاپ ياتاتتى . بەزىلىرى ھەتتا بىرەر ـ ئىككى كۈن يوقىلىپ كېتىپ يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى . ئۆزئارا پاراڭلاشسا قانداقتۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان تۇمانلىق ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشاتتى ياكى كوچىدىن تېپىۋالغان ئالىلىقاندا «تەيتەيلەر» بىلەن (ئۇلار خەنزۇ ئاياللارنى «تەيتەي» دەپ ئاتىشاتتى ) قانداق ئوينىغانلىقىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ سۆزلىشىپ ، ھاياسىزلىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى . مەردان بۇ خىلدىكى قالايمىقان گەپلەرگە كۆنۈپ كەتكەنىدى . بەلكى ئەرلىك ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي ئىنتىلىشى بىلەن ئەنە شۇنداق

«تەيتەيلەر» ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى ھەۋەسلىنىپ تىڭشايتتى، لېكىن ھەرھالدا ئۆزى ئۇنداق ئىشلارغا كىرىشىپ كەتمىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنداق قىلسا نەس باسىدۇ، دەپ قورقاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ھەر دائىم شەھۋانىي ھەۋەس دۇلدۇلىغا مىنەي دەپ تۇرغاندا ھامان كۆز ئالدىغا گۈلمىرە كېلىۋالاتتى.

گۈلمىرە ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئاتا-ئانىسى ئۇنى باشقا بىرىگە پۈتۈشۈپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ. ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا گۈلمىرەدىن بىر پارچە خەت كەلگەنىدى. ئۇ خېتىدە مەرداننى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. مەردان گۇاڭجۇغا كەلگەن ئىككى يىل ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا ئۇنىڭدىن خەت كەلدى. بۇ خەتنىمۇ ئۇ گۇاڭجۇغا ماڭغان بىر يۇرتداشتىن خۇپىيانە ھالدا بەرگەنىدى. بۇنداق پۇرسەت ھەمىشە بولىۋەرمەيدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىجارەتچى دېگەن بىر يەردە ئۇزاق تۇرمايدۇ. مەرداننىڭ ئادرېسى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، پوچتا ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئەپسىز. يېزىدا تېلېفون بولسىمۇ كاشكى!

«يەنە ئازراق پۇل تاپسىلا كېتىمەن، — دەپ ئويلىدى مەردان، — چوقۇم كېتىمەن. ئەمدى بۇ يەردە تۇرىۋەرمەيمەن.»

ئۇ يېنىدا بار پۇللارنى ساناپ باقتى، بەك ئاز! تۈزۈكرەك تىجارەت قىلىشقىمۇ يەتمەيدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ قويمىچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئالداپ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كېتەيمۇ؟ ھازىر بۇنداق «قويمىچىلىق كەسپى» بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدىغۇ. ياق، ئۇنداق قىلمايمەن. كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىش — ئېغىر گۇناھ، ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. ئەمىسە يەنە قانداق قىلاي؟

مەردان ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن قايغۇرۇپ يالغۇز ئولتۇرغاندا، ھېلىقى سىرلىق ياتاقداشلاردىن بىرى كىرىپ كەلدى.

— نېمە يىغلايدىغاندەك قىلىپ ئولتۇرىسەن، ئاداش؟ — دېدى

ئۇ مەردانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، — قارىسام ئىش ـ ئوقىتىڭنىڭ تايىنى يوق ، قۇرۇق ئاۋارە بولۇپلا يۈرىسەن . بىزگە قېتىلساڭ بولمامدۇ ؟

مەردان بۇ گەپنى چۈشىنەلمەي ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— قانداق . . . قانداق قېتىلىمەن ؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن ھەي ، كالۋا ؟ بىز قوشۇن .

مەردان ھودۇقۇپ قالدى .

— قوشۇن ؟ !

«قوشۇن» دېگەن سۆز — بۇلاڭچىلار گۇرۇھى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . باي بولۇش ھەۋىسىنىڭ دەيدەيلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كېلىپ بۇ يەردە توپلاشقان ھەر خىل تەۋەككۈلچىلەر تىجارەتنى قاملاشتۇرالماي ۋەيران بولغاندىن كېيىن قاراملىقىغا ئېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشاتتى . بىراق ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى كۆپ ھاللاردا ئۆزگىچە بولۇپ ، ساقچى دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا شىنجاڭدىن چىققان ، لېكىن بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەرنى بۇلايتتى . بۇلىغاندىمۇ ، ئوچۇق ـ ئاشكارا كىرىپلا : «چىقىرە پۇلۇڭنى ! بۇنچىلىك پۇلنى بېرىۋېتىش سەن ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس» دەپ تەھدىت سالاتتى . ئەگەر قارشى تەرەپ ئۇنىمىسا ، پىچاق تەڭلەپ ھەيۋە قىلاتتى ياكى توپلىشىپ ئۇرۇپ دۇمبالايتتى ، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بىر قىسىم يۈرەكلىكرەك سودىگەرلەرنىڭ پېيىنى كېسىپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىپ قويغان ئىشلارمۇ بولغان . شۇڭا ، سودىگەرلەر بۇ ئۇششۇق مۇتتەھەملەردىن قورقاتتى ، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويماسلىققا تىرىشاتتى . پۇل سورىسا بېرەتتى ۋە ياكى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ سىلىق سۆزلەپ ، ھەتتا چاقچاق قىلىپ : «يېقىندىن بېرى تىجارىتىم تازا

ئاقمايۋاتىدۇ، ھازىرچە ئاز بولسىمۇ مۇشۇنى ئالغاچ تۇرۇڭلار، قولۇمغا پۇل كىرىپ قالغاندا يەنە مەن بار، قاراپ تۇرمايمەن» دېگەندەك چىرايلىق گەپلەر بىلەن يالۋۇراتتى. ئومۇمەن، «قوشۇن» دېگىنى سودىگەرلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەيدىغان، يەنە شۇ شىنجاڭلىق ئاشپەزلەرنىڭ ئاش - تامىقىنى بىكارغا يەيدىغان بىر توپ زومىگەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى بۇلاڭچى دېيىشكىمۇ ياكى تىلەمچى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

مەردان ئۆزىنىڭ «قوشۇن»دىكىلەر بىلەن بىر ياتاقتا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن يەنە باشقا مېھمانخانىغا كۆچۈپ كەتتى.

بىر كۈنى توپ مال سېتىش بازىرىدا ئۇ ئەلانۇرخاننى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئىككى ھامالنى ئىشقا سېلىپ، توپ - توپ ماللارنى قارا ماشىنىغا باسقۇزۇۋاتاتتى. تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق زەربىلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان بۇ پىشقان سودىگەر ئايال بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياسىنىپ، ئاجايىپ - غارايىپ مودا كىيىملەرنى كىيىپ، مال ساتقۇچى خوجايىن ۋە ھامماللارغا ئۇنى - بۇنى دەپ توۋلاپ، خۇددى بىر پارچە ئوتتەك «ئۇچۇپ» يۈرەتتى. ئۇ مەرداننى كۆرۈپ، سالامدىن كېيىنلا ئابلىز گۈرگۈرنى قارغاپ چۇشۇپ كەتتى:

— ئابلىز دېگەن ماز پاينەكنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھېجىقىز! جېنىنى باقالماي خەققە يېلىنىپ يىغلاپ يۈرۈپتىكەن، ئۇ ئۆلەرمەن ناكەس! ئۇنى ئادەممىكىن دەپ يېنىمغا تارتىپ، تىرىلدۈرۈپ قويۇپتىكەنمەن، ئاخىر ئىتلىقىنى قىلدى.

— يۇرتقا كېتىمەن دەۋاتقانىدى، كەتتىمۇ؟ — سورىدى مەردان.

— كەتتى، — دېدى ئەلانۇرخان قايناپ تۇرغان زەردىسى بىلەن، — مېنىڭ سايەمدە تاپقان - تەرگىنىنى يەپ بولۇپ، ئاخىر يەنە بۇرۇنقى كۈنىگە قالىدۇ ئۇ دىۋانە. ئاق تاماقنى چېكىپ ئاخىر

ئۆلىدۇ ئۇ ، بىلىنىڭ تۆۋىنىگە سوْيۇقئاش بارمىغان ئۆلۈمتۈك . . .

مەردان گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن :

— خېلى جىق مالنى ئالغان ئوخشىمامسىز ؟ — دەپ سوراپ قويدى .

— ھەئە ، تۈركىيىگە چىقاي دەيمەن ، — دېدى ئەلانۇرخان ۋە يەنە مال ساتقۇچى خوجايىننىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئاللىنېمىلەرنى دەپ كەتتى .

«ئۆمەرجان كەتتى ، ئابلىزمۇ كېتىپتۇ ، — دەپ ئويلىدى مەردان ، — ئابدۇغوپۇر نەدە يۈرىدىغاندۇ ؟ »

بىرىدىن بىرى كۆڭۈلسىز كۈنلەر ئۆتىۋەردى . «توي قىلىشقا يەتكۈدەك پۇل يىغىۋالسام-لا كېتىمەن ، — دەپ ئويلايتتى مەردان ، — ئاھ گۈلمىرە ، مېنىڭ گۈلمىرەم ! » ئۇ ئاشۇ گۈلمىرە بىلەن توي قىلىش ئىستىكىنىڭ رىغبىتى بىلەن قىلچە بوشاشماي ھەرىكەت قىلدى . ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە دەم ئالماي ھەر خىل بازارلارنى ، مال بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقاتتى ، كىشىلەر بىلەن سۆزلىشەتتى ، سودىلىشاتتى...

بىر كۈنى ئۇ ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى بىلەن باشقا بىر مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقان تونۇشلىرىنى ئىزدەپ باردى ۋە ياتاقتا سەمەت چاشقاننى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى . مەردان بۇ چاشقاننى خېلى ئۆزۈندىن بېرى كۆرمىگەنىدى .

— ئابدۇغوپۇرنى تۇتۇپ كەتتى ، — دېدى سەمەت ھودۇققان ۋە تەشۋىشلەنگەن قىياپەتتە .

مەرداننىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى .

— ھە ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇمۇ جىددىيلىشىپ ، — قاچان ؟ قەيەردە ؟ نېمە بوپتۇ ؟

— نەق ئاق تاماكىنى سېتىۋاتقان يەردىلا تۇتۇلۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ . بىخەستەلىك قىپتۇ ! ھەي ، ھەي ، ھەي ! بىخەستەلىك قىپتۇ .

— هازىر نەدە ئۇ ئابدۇغوپۇر ؟
— تۈرمىدە بولمامدۇ .
مەردان گەپ قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى .
— ئۇ سوراقتا مېنى دەپ قويسا ئىش چاتاق ، — دېدى يەنە سەمەت چاشقان ، — بۇگۈنلا شىنجاڭغا كەتمىسەم بولمايدۇ .
ئېيتقاندەك ، سەمەت ياتاقتىكىلەر بىلەن ئۇششاق - چۈششەك ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپلا دەرهال تاكسى بىلەن ئايرودرومغا يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ھەقىقەتەن چاشقاندەك سەزگۈر ھەم چاققان ئىدى .
شۇ ۋەقەدىن كېيىن مەردان بەكلا غېرىبسىنىپ ، روھى چۈشۈپ كەتتى . «بولدى ، كېتەي بۇ يەردىن ، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ، — پۇل تاپمىساممۇ كېتەي» . لېكىن ، ئۇ يەنىلا دېلىغۇل بولۇپ كەتكۈسى كەلمەيتتى . «مۇشۇنداقلا كەتسەم قانداق توي قىلىمەن ؟ ھەتتا ئاتام بەرگەن پۇلنىمۇ تولۇقراق ئۇندۇرۇۋالالماي كېتەمدىم ؟ » مەرداننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى شور پېشانە ، تەلەيسىز دەپ ھېسابلايتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىدىن چىققان ئۆمەرجان ئەنە سودىگەر بولۇپ كەتتى ، ھەتتا چەت ئەللەرگە مال ئېلىپ چىققۇدەك باي بولۇپ كەتتى . يەنە شۇ يېزىدىن چىققان تۇرداخۇن ھاجى ئاتا - ئانىسىنىمۇ ھەرەمگە ئاپىرىپ كەلدى ، يېزا مەكتىپىگە ، مەسچىتلەرگە پۇل ئىئانە قىلىپ ، كەمبەغەللەر ۋە يېتىملەرگە ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلارنى دېمىگەندىمۇ ، ھازىر ئېلىپ - سېتىپ بېيىپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ ؟ مەردان نېمە ئۈچۈن شۇلاردەك بولالمايدۇ ؟ توغرا ، مەرداندەك راۋاج تاپالمىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ . پۇل ئىشقىدا سەرسان ، ۋەيران بولۇپ كەتكەنلەرنى مەردان خېلى كۆپ كۆرگەن . مانا ، ئابدۇغوپۇر جىنايەتچى بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ ياتتى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى ؟ پۇل ئۈچۈنمۇ ؟ پۇل ئۈچۈن شۇنچىلىك بولۇپ كېتىش كېرەكمۇ ؟ سودىگەرچىلىك قىلمىغانلارمۇ بىر ئۇبدان ياشاپ كېتىۋاتىدىغۇ .

«قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلاي؟ — مەردان سودىگەرچىلىكتىنمۇ، ئۆز ئىستىقبالىدىنمۇ ئۈمىدسىزلەندى، — يېزىدا ئەجەب ئارامخۇدا ياشىغانىدىم، بۇنداق غەم - تەشۋىشلەرمۇ يوق، بۇنداق خەتەر، جاپا - مۇشەققەتلەرمۇ يوق. تىنچ، خاتىرجەم هايات! ئۇ يەردىكى ئادەملەرمۇ بۇ يەردىكىلەردەك ئۇنداق شەخسىيەتچى، قارا كۆڭۈل ئەمەس. ھەممىسى هالال ئەمگىكى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر... قايسىبىر يىلى باغنىڭ مېۋىسىنى سېتىپمۇ بىر تۈمەن كويدىن ئارتۇق كىرىم قىلغانىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوي بورداپ، توخۇ بېقىپ، كۆكتات، ئاشلىق تېرىپ ئۆتكەن كۈنلەر بىلىنمەيتتى. بۇنداق هەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئۆرتەنمەيتتۇق. يەنە بىرەر يىل ئوبدانراق كۈچ چىقارغان بولساق، تويغا يەتكۈدەك پۇلمۇ چىقىپ قالار ئىدى. گۇاڭجۇدا ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىكەن دەپ، بۇ يەرگە كەلگىنىمگىمۇ ئىككى يىلدىن ئاشتى. كۆرگەن كۈنۈم مانا مۇشۇ. ئەمدى مەن بارغۇچە گۈلمىرە باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ؟»

مەردان ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن بەئەينى يىغلىغاندەك بىر خىل هەسرەتلىك ئىدا ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يۈرىكىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى سەزدى. «ئۇنچىلىك چوڭ توي قىلمىساق نېمە بوپتۇ؟ — ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىسيانكارلىق باش كۆتۈردى، — هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ هالىغا بېقىپ، ئاددىيراق توي قىلسىمۇ بولىدىغۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدىمۇ ئىسراپخورلۇق چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدىغۇ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇرمۇش باشقۇرۇش تەرغىب قىلىنىدىغۇ».

مەردانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئاچچىق ئەلەملىك كۆز ياشلىرى... «قايتىپ بېرىپ، گۈلمىرەنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئاددىيراق توي قىلىشقا كۆندۈرىمەن. ئۇلارغا ئادەم كېرەكمۇ ياكى پۇلمۇ؟» مەردان شۇلارنى ئويلاپ بىرئاز روھلىنىپ قالدى. ياق،

گۈلمىرەنىڭ ئاشۇ تەرسا دادىسى بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ . ئانىسىمۇ تازا بىر ئابرۇيپەرەس خوتۇن ، توي قانچە ھەشەمەتلىك بولسا ئابرۇيىمىز شۇنچە ئۆسىدۇ ، دەپ تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ . توۋا ! ئادەمنىڭ ئابرۇيى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنەمدۇ ؟

تولا ئويلاپ ، مەردانىنىڭ بېشى ئاغرىپ كەتتى . زادى بولماي قالسا گۈلمىرەنى ئېلىپ قاچىمامدىمەن ! باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ئۆي تۇتۇپ ، ئاشپەز ، ناۋايلارغا ياللىنىپ بولسىمۇ بىر مەزگىل جان بېقىپ تۇرمامدۇق ، شۇنىڭدىن كېيىن چوڭلارنىڭمۇ بىزگە ماقۇل دېمەسلىككە نېمە ئىلاجى ؟

مەردانىنىڭ خىياللىرى يۇلتۇزلاردەك ساناقسىز ، كۆك ئاسماندەك پايانسىز ئىدى . «ياق ، — دەيتتى ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدە ، — ئۇنداق قاراملىق قىلماي تۇراي . يەنىلا ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن چىرايلىقچە پۈتكىنى ياخشى . تىجارەتتە ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ھەرىكەت قىلىپ باقاي ، تەلىيىمنى يەنە بىر سىناپ باقاي . زادى ھېچ ئامال قىلالمىسام . . . ئاندىن قاراملىق قىلمايمۇ بولمايدۇ » .

مەردان ئەنە شۇنداق قارارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ دەرھال كوچىغا چىقتى ۋە ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى باشقا بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ يەردە يېقىندىن بۇيان خېلى ئوڭۇشلۇق تىجارەت قىلىپ كېتىۋاتقان بىر تونۇش سودىگەر بار ئىدى . «ئۇنى كىشىلەر ئالدامچى ، قويمىچى دەپ غەيۋەتىنى قىلىشىدۇ ، — دەپ ئويلىدى مەردان ، — شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېقىنلىشىپ ، پاي قوشۇپ ، شېرىكلىشىپ باقاي » .

بۇ ، شەھەرنىڭ چەت - ياقا جايلىرىنىڭ بىرىدىكى ئاددىيلا ئىككى قەۋەتلىك مېھمانخانا ئىدى . مەردان توساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر بالكوندا تونۇش بىر چىراينى كۆرۈپ قالدى . ۋوي ، بۇ ھېلىقى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئايىمگۈل دېگەن ئايالغۇ ! دەرۋەقە ، ئايىمگۈلمۇ ئۇنى كۆردى ۋە دوستانە

رەۋىشتە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ، سالاملىشىش ئىشارىسىنى قىلدى . مەردانمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قول ئىشارىسى قىلدى .

— توختاپ تۇرۇڭ ، هازىر چىقىمەن ، — دەپ توۋلىدى ئۇ ۋە بىرىنچى قەۋەتتە تۇرىدىغان ھېلىقى قويمىچى سودىگەرنىڭ يېنىغا كىرمەستىن ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى .

ئۇشتۇمتۇت مەردانىنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ، دېمى سىقىلىپ كەتتى . مەنمۇ ئابلىز گۈرگۈرگە ئوخشاش مۇشۇ باي خوتۇننى بىر ئەخمەق قىلىپ باقمايمۇ ! ئۇ ئايىمگۈلنى چوقۇم ھېلىقى ئەلانۇرخاندەك باي دەپ ئويلايتتى . بولمىسا شۇنچە يىراقتىن كېلىپ ، بۇيەردە ئۆزى يالغۇز يۈرەمدۇ ؟ ئۇستىبېشى رەتلىك ، پاكىز ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ خېلى تۈزۈك ، تېنەپ يۈرگەن نامراتلارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ . ئەلانۇرخاندەك ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى كىيىمىگەن بولسىمۇ ، كىيگىنى يەنىلا زامانىۋى ۋە يارىشىملىق .

تۇرلۇك - تۈمەن زىددىيەتلىك خىياللار شۇ تاپتا مەردانىنىڭ مېڭىسىدە چاقماق تېزلىكىدە ئالمىشىپ تۇراتتى . بۇ خىياللار ئۇنى بىر تۇرۇپ چەكسىز ئازابقا سالاتتى ، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ مېڭىسىنى قىزىتاتتى ، ئۇنى تەۋەككۈلچىلىك يولىغا ئىتتىرەتتى . «قارىماققا ، ئۇ مەندىن كەم دېگەندىمۇ ئون ياش چوڭدەك قىلىدۇ . مەيلى ، چوڭ بولسا بولسۇن ، بۇمۇ ئاسان پۇل تېپىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىكەنغۇ ! ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئاي ياكى بىرەر يىل بىللە تۇرسام ئابلىز گۈرگۈردەك پۇللۇق بولۇپ قالارمەن ، ئاندىن مەنمۇ شۇ ئابلىزدەك بۇ قېرى خوتۇننى تاشلاپ قاچىمامدىم . مەقسەت پۇل تېپىشقۇ ! پۇل تاپقاندىن كېيىن يۇرتقا بېرىپ ، چوڭ توي قىلىپ گۈلمىرەنى ئالىمەن . ئاھ گۈلمىرە . . . . مېنى چۈشىنەمدىغانسەن ؟ سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم ئېچىشىپ ، ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . . . »

مەردانىنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئايىمگۈل ئىككىنچى قەۋەت كارىدوردا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى . ئۇلار كۆرۈشتى .

— يۈرۈڭ، ياتاقتا كىرەيلى، — دېدى ئايىمگۈل.

— ھېلىقى دوستىڭىز... ئىسمى... ھە، خاسىيەتخان يوققۇ؟ — دەپ سورىدى مەردان ياتاققا كىرگەندىن كېيىن.

— ئۇ شىيامېندا قالدى، ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ.

مەردان قىلىدىغان گەپ تاپالماي، قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي ھالدا ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى.

— بۇ ياتاقتا يالغۇز تۇرۇۋاتامسىز؟

— ياق، يەنە بىر ھەمراھىم بار، سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى.

مەردان ئەمدى نېمە دېسەم بولار دەپ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئايالغا يۈرەكلىك قارىيالماي، يەنە ئۇياق - بۇياققا بۇرۇلۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا كۆز تاشلىغىلى تۇردى. ئايىمگۈل يىگىتنىڭ بۇنداق ئوڭايسىزلىنىشىدىن بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ، ئەجەبلىنىش ھېس قىلىپ قالدى.

— ھېلىقى ئاغىنىڭىز قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇمۇ.

— ھە؟ ئابدۇغوپۇرنى دەمسىز؟ ھە... ئۇ... يۇرتقا كەتتى.

مەردان ئاغىنىسى ئابدۇغوپۇر توغرۇلۇق راست گەپ قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ تۇيۇقسىزدىن خۇددى بىر كارامەت قالتىس ئەقىل تاپقاندەك ئايىمگۈل تەرەپكە جىددىي بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

— كەچ كىرەي دەپ قالدى. تېخى كەچلىك تاماقنى يېمىگەنسىز؟ يۈرۈڭا، بىللە چىقىپ تاماق يەيلى.

ئايىمگۈل ئىككىلىنىپ قالدى. «بولمايدۇ!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، لېكىن يەنىلا ئورنىدىن قوپتى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغىنىغا مۇخالىپ ھالدا.

«بوپتۇلا، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، — مۇلايىم، ئەدەپلىك بالا ئىكەن. ياتاقتا زېرىكىپ يالغۇز ئولتۇرغۇچە بىللە تاماق يېگەنگە نېمە بولاتتى».

ئۇلار بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ، نېرى - بېرىدىن پاراڭلاشقاچ غىزالاندى. ئەجەب يېقىملىق بالا ئىكەن، دەپ ئويلىدى

ئايىمگۈل مەردانغا دىققەت قىلىپ قاراپ .

ئۇلار ئاشخانىدىن چىققاندا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، بۇلۇتسىز ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار چاقناشقا باشلىغانىدى . مەردان ئايىمگۈلنىڭ رايىشلىقىدىن خېلى ئوبدانلا غەيرەتلىنىپ قالغانىدى .

— ئەمدى ئىككىمىز باشقا بىر مېھمانخانىغا كېتەيلىچۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئايىمگۈلنىڭ قولىنى تۇتتى .

«بولمايدۇ !» دېگەن ئوي ئايالنىڭ يۈرىكىنى سىقىملىۋالغاندەك بولدى، لېكىن ئۆز ئىختىيارىدىن تاشقىرى بىر غايىبانە كۈچ ئۇنى يەنە باشقىچە جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرلىدى .

تاكسى . ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانا . ئۇلار لىفت بىلەن سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقتى . ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئازادە ياتاق . دېرىزە تۈۋىگە ئىككى ساپا قويۇلغان . ئۇلار ئولتۇردى، سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشكەچ تاغدىن - باغدىن سۆزلەشتى . ئەمدى ئويلاپ ئولتۇرماستىن قانداق گەپ بولسىمۇ دېسە بولىۋېرىدۇ . مەردان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى . «ياق ! بولمايدۇ !» دەپ ئويلىدى ئايىمگۈل، ئەمما خۇددى يوقاتقان ھالدا يىگىتنىڭ باغرىغا يېپىشتى . ئاھ، شۇنچە كېلىشكەن، شۇنچە ئوماق بالا . . . ئايىمگۈل «مەست» بولدى، ھاياجانغا تولغان يۈرىكى شوخ تېپىچەكلىدى . يىگىت ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنى كارىۋاتقا باشلىدى . ئايىمگۈل ئەمدى «بولمايدۇ !» دېگەن سۆزنىمۇ ئۇنتۇدى . ئۇ پۈتۈن دۇنيانى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇدى . ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى .

مەردانىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى . . . گۈلمىرەنىمۇ ئۇنتۇدى .

*　　　　　*

مەردان كۆزلىرىنى ئاچقاندا ئاللىقاچان تاڭ يورۇپ بولغانىدى . ئۇ يېنىدا ياتقان ئايىمگۈلنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يوتقاندىن ئاستا سىيرىلىپ چىقتى - دە، ۋاننىغا كىرىپ يۇيۇندى . ئۇ سۇغا چىلىنىپ ئۇزاق ئولتۇردى . سۇ ئۇنىڭ مىسكىنلەشكەن

قەلبىگە ۋە نېمە ئۈچۈندۇر ئازابلىنىش ھېس قىلىۋاتقان جىسمىغا ئارام بەرگەندەك تۇيۇلاتتى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۇسى كەلدى . نېمە ساراڭلىق قىلىپ يۈرىمەن ـ ھە ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ پۇشايمان قىلغان ھالدا . گوياكى مۇھىم بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ، تولىمۇ قاملاشمىغان بىر خاتا ئىشنى قىلىپ قويغاندەك ، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى . تۇرۇپ يەنە تەكرار ئويلايتتى : مۇشۇنداق قىلىشىم توغرىمۇ ، خاتامۇ ؟ توغرا ئەمەس ، خاتا ! لېكىن خاتا بولسىمۇ ، ئۇ خوتۇننى كۆڭلۈم كۆتۈرمىسىمۇ ، يەنىلا شۇنداق قىلىشىم كېرەك . پۇل ئۈچۈن . . .

*　　　　*

ئۇلار بازارغا چىقىپ كالا گۆشى ئۈگرىسى بىلەن ناشتا قىلدى .

— سىز ئۆيلەنگەنمۇ ؟ — ئايىمگۈل ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى .

— ياق ، — دېدى مەردان ، — سىزنىڭ ئېرىڭىز بارمۇ ؟

— بار ، — دېدى ئايىمگۈل ۋە ئىككى پەرزەنتى ، ئائىلىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى .

«مەن نېمىدېگەن دۆت ! — مەردان كۆڭلىدە ئۆزىگە كايىدى ، — ئۇنىڭ ئېرى بار ئىكەن . نېمىشقا بۇنى تۇنۇگۈن سورىمىدىم ؟ ھەي ، قاپاق كاللا ! ئابلىز گۇرگۇرنى دورايمەن دەپمۇ قاملاشتۇرالماپتىمەن . ئەلانۇرخاننىڭ ئېرى يوق . لېكىن ، بۇ ئايىمگۈلنىڭ . . . ھەي ، دۆتلۈكۈمنى ! ئېرى بار ئايال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە» .

ئايىمگۈل يىگىتنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر ئويلاۋاتقانلىقىنى پەملىيەلمەي ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ، بىرئاز قوشۇمچە كىرىم قىلىشقا بولارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن

خاسىيەتخانىغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ، لېكىن بۇ يەردىمۇ ئىشلىرىنىڭ تازا ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى ، شىيامېنغا بېرىپ مىڭ تەسلىكتە ئىككى تاغار كونا كىيىمنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ سۆزلەپ بەردى .

— سىز بۇرۇن سودىگەرچىلىك قىلىپ باقمىغانما ؟ — دەپ سورىدى مەردان تەئەججۇپ ئىچىدە ئايىمگۇلگە چەكچىيىپ قاراپ .

— ياق ، تەدىكىنى ! مۇشۇ بىرىنچى قېتىم بۇنداق ئىشنى قىلىشىم . گۇاڭجۇغىمۇ بىرىنچى قېتىم كېلىشىم .

مەردان زۇۋان سۈرمىدى . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك روھى چۈشكەن ھالدا ئۆزىنى ئۇنىسىز ئەيىبلەيتتى : پاھ ، مەردان ! قالتىس باي خوتۇننى تېپىپسەن !

ئۇلار ناشتىنى قىلىپ بولۇپ كوچىغا چىققاندا مەردان ئايىمگۇلنىڭ چىرايىغىمۇ قاراشتىن :

— ئالدىراش ئىشىم بار ، — دېدى ـ دە ، تاكسىنى توسۇپ ، ئايىمگۇلنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى .

تويدۇم ، بۇنداق سودىگەرچىلىكتىن ! بولدى ، ئەمدى كېتەي . ئۈرۈمچىگە . . . ئاندىن يېزامغا .

ئەتىسى مەردان پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى . ئۇ بارغانسېرى يىراقلىشىپ ، ئارقىدا قېلىۋاتقان گۇاڭجۇ مەنزىرىسىگە غەمكىنلىك بىلەن قاراۋاتقان ئىدى .

1997 ـ يىل سېنتەبىر

# ئاجايىپ سەپەردىكى ئاجايىپ ئىشلار

## بىرىنچى باب

باتۇر ئۇدۇل ئالغا قاراپ كېتىۋاتماقتا . ئۇنىڭ ئالدىدا پايانسىز چۆل كەڭ قۇچاق ئاچقان . ئۇيەر ـ بۇيەردە ئۆسۈپ قالغان يانتاق ، قامغاق ، چاكاندا دېگەندەك چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا ھېچقانداق يېشىللىق كۆرۈنمەيدۇ . باتۇر ئۇدۇل ئالغا قاراپ كېتىۋەردى . تىنىق كۆك ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق . تومۇز ئاپتىپى ھاۋانى قىزىتىپ ، يەرنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى .

«نېمىدېگەن ئىسسىق ! — دېدى باتۇر ۋە توختاپ پېشانىسىدىن ، بوينىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان تەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى ، نەمدىشىپ كەتكەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ ، ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى ، — بىر ئوتلام سۇ بولسىمۇ ، كاشكى ! »

باتۇر ئىسسىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا قارىدى . سۇ يوق . ھەممە يەردە شېغىل ئارىلاش قۇرۇق توپا .

«توختاشقا بولمايدۇ ، مېڭىش كېرەك ! — دېدى باتۇر ئۆز ـ ئۆزىگە ، — توختىماي ئۇدۇل مېڭىش كېرەك » .

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ گويا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى ۋە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى .

«مېڭىش كېرەك ، مېڭىش كېرەك ، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە

ئۆزى مەدەت بېرىپ ، — نىشانغا يەتكۈچە توختىماي مېڭىش كېرەك . مەن پەرىزاتقا شۇنداق ۋەدە بەرگەن » .

— سىز كىم ؟ سىز پەرىزاتمۇ ؟ — دەپ خىتاب قىلغاندى ئۇ ھېلىقى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان پەرىزاتقا ئەجەبلىنىپ قاراپ .

دەرۋەقە ، ئۇ پەرىزات قەيەردىن ، قاچان ، قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ؟ بۇنى باتۇر زادىلا ئەسلىيەلمەيدۇ ، زادى چۈشىنەلمەيدۇ . قىزىق ئىش . باتۇر ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىدە كىچىككىنە ئورۇندۇقنى قويۇۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ، ئالدىدا ئۇزۇن ۋە ئاپئاق گاز كۆڭلەك كىيىپ ، بېشىغىمۇ بۇلۇتتەك يېنىك ئاق رومال سالغان پەرىزات ئۇلۇغۋار قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ سۇمباتلىق ، ئاجايىپ خىسلەتلىك بويىدىن كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك يورۇق نۇر يېغىپ تۇراتتى .

— باتۇر ، سەن كۆپ كىتاب ئوقۇدۇڭ ، — دېدى ئۇ گوياكى ئەرشتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك دىللارنى ئەسىر قىلغۇچى ئىلاھىي ئاۋازدا ، — سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭنى ، نېمىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن .

باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ نۇرانە پەرىزاتقا ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى ۋە قانداقتۇر سېھرىي كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى :

— پەرىزات ، مەن راستىنىلا سىز ئېيتقاندەك ، كىتابنى كۆپ ئوقۇدۇم ، ئوقۇغانسېرى تەسىراتلىرىم مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . يازغۇچىلار ئۆزلىرى يازغان رومانلاردا ، ھېكايىلەردە ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ نازۇك سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە ، شەخسنىڭ زىددىيەتلىك ئىچكى دۇنياسىنى ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ . بۇنداق تەسۋىرلەر مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى .

— بىلىمەن ، — دېدى پەرىزات ، — سەن ئادەمنىڭ ، دۇنيانىڭ تۈپ روھىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەكچى بولۇۋاتىسەن .

— شۇنداق ، پەرىزات .

— بۇنى چۈشىنىش ، بۇنى بىلىش ئاسان ئەمەس ، — دېدى يەنە پەرىزات ، — باتۇر ، مەن سېنى بىر مۇھىم ۋە خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تاللىۋالدىم .
— قانداق ۋەزىپە ؟ — سورىدى باتۇر .
— ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتىش ۋەزىپىسى ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن جاپالىق ۋە تولىمۇ خەتەرلىك بولغان ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . پەقەت غەيرەتلىك ، جۈرئەتلىك باتۇر ئادەملەرلا بۇ سەپەرنــــى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ ، مەنزىلگە يېتەلەيدۇ .
— مەندە غەيرەتمۇ بار ، جۈرئەتمۇ بار ، — دېدى باتۇر .
— بىلىمەن ، — دېدى پەرىزات ، — شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشقا سېنى تاللىۋالدىم . سەپەرگە چىقىشقا تەييارمۇ سەن ؟
— تەييار .
— ئەمىسە يۈر ، مەن سېنى خەتەرلىك ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ سەپەرگە سېلىپ قويىمەن .
باتۇرنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس ئىدى . ئۇ سېھىرلەنگەن هالەتتە پەرىزاتقا ئەگىشىپ ماڭدى . يول بويىدا خۇددى بۇ ئاق كىيىملىك پەرىزاتقا ئوخشاشلا بىر ئاق ئاپتوموبىل تۇراتتــــى . پەرىزات بىلەن باتۇر بۇ ئىككى كىشىلىك كىچىككىنە ئاپتوموبىلغا ئولتۇردى . پەرىزات باتۇرنى هەيرەتتە قالدۇرۇپ ، ئاپتوموبىلنى شۇنداق تېز هەيدىدىكى ، ئاپتوموبىل يەردە مېڭىۋاتامدۇ ياكــى چاقلىرى يەرگە تەگمەي ئۇچۇۋاتامدۇ ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى . كوچىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار بىر ـ بىرلەپ كەينىدە قالدى . شۇ تاپتا باتۇر ئولتۇرغان بۇ ئاپتوموبىلغا رېئاكتىــپ ئايروپىلانمۇ ، راكېتالارمۇ يېتەلمەيدىغاندەك ئىــدى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە شەهەردىن چىقىپ ، چېكى كۆرۈنمەس چۆلگە كەلگەندىلا توختىدى .
— ماشىنىدىن چۈش ، باتۇر ، — دېدى پەرىزات ، — ئەمدى مۇشۇ يولنى بويلاپ ئۇدۇل كېتىۋەر . هەرگىز توختاپ قالما ،

بوشاشما ، ئىككىلەنمە . ئېسىڭدە بولسۇن ، سېنىڭ ئىسمىڭ باتۇر ، ھەقىقىي باتۇر بول .

شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا باشتىن ـ ئاياغ ئاق كىيىنگەن بۇ پەرىزات ئۆزىنىڭ كارامەتلىك ئاق پىكاپىنى ئوقتەك ئۇچۇرتۇپ ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى .

باتۇر بىر ئەسناغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . پىيادە ماڭىمەنمۇ ؟ قانچىلىك ماڭىمەن ؟ نەگە بارىمەن ؟ يېنىمدا يا يېمەكلىك ، يا ئىچمىلىك يوق ، ھەتتا ھېلىقى ئوقۇۋاتقان كىتابىممۇ پەرىزاتنىڭ ماشىنىسىدا قاپتۇ .

«مېڭىش كېرەك !» دېدى باتۇر ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ۋە پەرىزات كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى .

قانداقتۇر بىر غايىبانە ندا ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى . ئالغا ! ئالغا ! توختىماي ئالغا ماڭ . سەن بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىردىڭ . ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئىجتىھاتلىق ياشسەن ! سېنىڭ ئىسمىڭ باتۇر . سەن غەيرەتلىك ، جۈرئەتلىك . شۇڭا ، پەرىزات بۇ جاپالىق سەپەرگە سېنى ئالاھىدە تاللىغان .

باتۇر ھېرىش ـ چارچاشنىمۇ ، ئاش ـ تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىۋەردى ، كېتىۋەردى . قانچىلىك ماڭدىكىن ، ئىشقىلىپ بىر چاغ بولغاندا يىراقتىن كېلىۋاتقان يېگانە ئادەمنىڭ قارىسى كۆزگە چېلىقتى . باتۇر توختاپ ، شۇ تەرەپكە تىكىلىپ قارىدى . ھېلىقى ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . باتۇرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا قەدەم تاشلىدى . قارىسا ئۇمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ياش يىگىت ئىكەن .

— مېنىڭ ئىسمىم غەيرەت ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ يىگىت سالامدىن كېيىن .

باتۇرمۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە ھېلىقى ئاق كىيىملىك ، ئاق پىكاپلىق پەرىزات ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى .

— بىلىمەن ، — دېدى غەيرەت ، — مېنىمۇ شۇ پەرىزات بۇ

چۆلگە ئەكېلىپ قويدى . ئۇ ماڭا مۇشۇ تەرەپكە ئۇدۇل ماڭىۋەرسەڭ باتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىسەن . شۇ يىگىت بىلەن بىللە مېڭىڭلار دەپ جېكىلىگەن .

— ھە ، چۈشەندىم ، — دېدى باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئەمىسە بىللە ماڭايلى .

ئۇلار بىللە ماڭدى . ھەر ئىككىسى بىر نىشاننى ، بىر مەنزىلنى كۆزلەپ ، ئۈن - تىنسىز جىددىي قەدەم تاشلاپ كېتىۋەردى . باتۇر ئۆزىگە ھەمراھ تېپىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ يەنىمۇ تېتىكلەشتى . غەيرەتمۇ بۇ ئادەمزاتسىز چۆلدىكى جاپالىق سەپەردە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىدىن تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى .

ئۇشتۇمتۇت غەيرەت قەدىمىنى ئاستىلاتتى ۋە ئوڭ قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ خىتاب قىلدى :

— قارىغىنا ، باتۇر ، يەنە بىر ئادەم كېلىۋاتىدۇ .

— راست ، — دېدى باتۇرمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ ، — يۈر ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارايلى .

تىرىك جان كۆرۈنمەيدىغان بۇ چۆلدە يەنە تۇيۇقسىزدىن پەيدا بولغان ئۈچىنچى ئادەممۇ ياش يىگىت ئىدى . ئۇ باتۇر ۋە غەيرەت بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— مېنىڭ ئىسمىم جۈرئەت ، — دېدى ئۇ ، — سىلەرنى بۇ جاپالىق سەپەرگە ماڭدۇرغان ئاق ماشىنىلىق پەرىزات مېنىمۇ مۇشۇ يولغا سېلىپ قويدى . ئۇ ماڭا ئۇدۇل ماڭىۋەرسەڭ باتۇر ، غەيرەت دېگەن يىگىتلەر بىلەن ئۇچرىشىسەن ، ئۈچۈڭلار بىللە مېڭىڭلار دېگەنىدى .

— ياخشى گەپ ، بىللە ماڭايلى ، — دېدى باتۇر جۈرئەتنىڭ قولىنى قىسىپ .

— بىللە ماڭايلى ، — دېدى غەيرەتمۇ جۈرئەتنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ .

ئۈچەيلەن بىللە ماڭدى . جەسۇرانە قەدەم تاشلاپ ، توختىماي كېتىۋەردى . ھازىرچە بەلگىسىز ، نامەلۇم بىر نىشان بۇ ئۈچ

يىگىتنى ئۆزىنىڭ سىرلىق باغرىغا چىللىماقتا ئىدى . شۇ سىرلىق نىشان ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلامدۇ ياكى ئۇلارنى كۈتۈلمىگەن مۇشكۈلات ، پالاكەت ، ھالاكەت كۈتۈپ تۇرامدۇ ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . بۇ ئۈچ يىگىت ھەرقانداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىش ئىرادىسى بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەي كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا ، ئۈمىدۋار ، ئالىيجاناب كىشىلەردە بولىدىغان پىداكارلىق روھى بىلەن دادىل قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى . شۇ تاپتا دۇنيادىكى ھېچقانداق كۈچ ئۇلارنى بۇ يولدىن توختىتالمايدىغاندەك ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى ، چۈنكى ئۇلار ھېلىقى ئاق رومالLىق پەرىزات كۆرسەتكەن تەرەپكە كېتىۋەرسە ، ئاخىر ئىنسانلار ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىغا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

— ماڭغان يولىمىز توغرىمۇ ؟ — دېدى جۇرئەت ئىككى بۇرادىرىگە قاراپ ، — يولدىن ئېزىپ كەتمەسمىز ؟

— مەنزىلىمىز قەيەردە ؟ قاچان يېتىپ بارىمىز ؟ — دېدى غەيرەتمۇ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ .

— پەرىزات بىزگە ئۇدۇل كېتىۋېرىڭلار دېگەنىدىغۇ ، — دېدى باتۇرمۇ سۆزگە قېتىلىپ ، — دېمەك ، ئۇدۇل ماڭىۋېرىش كېرەك .

دەل شۇ چاغدا يىراقتىن خۇددى قۇيۇن چىققاندەك غۇيۇلدىغان بىر سادا ئاڭلاندى . سەپەرداش ئۈچ دوست بىراقلا شۇ سادا چىققان تەرەپكە كۆز تىكتى . ئۇپۇقتا كىچىككىنە بىر جىسىم غۇۋۋا كۆرۈندى ـ دە ، شىددەتلىك ئىلگىرىلەپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى .

— ماشىنا ! — دەپ خىتاب قىلدى باتۇر .

— شۇنداق ، ئاق پىكاپ ! — دېدى غەيرەت .

— ھېلىقى ئاق كىيىملىك پەرىزات ! — دېدى جۇرئەت شادلانغان ھالدا .

ئۈچ دوست بۇ سىرلىق ئاق ماشىنا كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ ۋە قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ :

— ئايهاي ! بىز بۇياقتا ، — دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشتى .

ئاق ماشىنا چاقماق تېزلىكىدە كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى . غەلىتە شەكىللىك بۇ كىچىككىنە ئاق پىكاپتىن ھېلىقى ئاق كىيىملىك پەرىزات كۈلۈمسىرەپ چۈشتى . ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ، ئاجايىپ مېھرىبان ، ئاجايىپ سىرلىق چىراي ! ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم ئۆزىنى گويا سېھىرلەنگەندەك ھېس قىلاتتى ، گوياكى ئەقىل - ئىدراكى مىسلىسىز ئۇلغىيىپ ، بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق ئادەم كۆرەلمەيدىغان خاسىيەتلىك يورۇق نۇقتىلارنى كۆرۈۋاتقاندەك ، ئاشۇ يورۇق نۇقتىلارغا يېقىنلىشىپ ، ئىنسان قەلبىدىكى ئىنسان ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان غايىۋى سىرلارنى كۆرەلەيدىغاندەك ۋە شۇ سىرلارنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىپ چىقالايدىغاندەك بولۇپ قالاتتى .

— باركاللا ، يىگىتلەر ! — دېدى پەرىزات ئۈچ دوستقا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ ، — يارايسىلەر ، سىلەر قىرىق كۈن يول يۈردۈڭلار . ئىرادەڭلارغا قايىل بولدۇم . سىلەر بىرىنچى باسقۇچلۇق سىناقتىن ئۆتتۈڭلار .

— نېمە ؟ قىرىق كۈن ! — دېدى باتۇر قاتتىق تەئەججۇپلىنىپ .

— لېكىن ، بىز ھازىرغىچە كۈندۈزدىلا مېڭىپ كېلىۋاتىمىز ، تېخى بىر قېتىممۇ كەچ كىرمىدى ، — دېدى غەيرەت پەرىزاتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك .

— ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن ئۆتۈپ كەتتىما ؟ شۇنچە كۆپ يول ماڭدۇقما ؟ — دېدى جۈرئەت پەرىزاتقا تىكىلىپ قاراپ .

ئۈچ دوست بەس - بەستە سۆزلەپ كەتتى :

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز ، پەرىزات ؟

— بىز بۇ چۆلدە ماڭغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تېخى ھېچنېمە يېمىدۇق .

— تېخى بىر قېتىممۇ ئۇخلىمىدۇق .

پەرىزات كۈلۈپ كەتتى .

— بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — سىلەرنىڭ بۇ سەپىرىڭلار ئادەتتىكى سەپەر ئەمەس . سىلەرمۇ ئەمدى ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس . ئادەتتىكى ئادەملەر بىر ئۆمۈر ماڭىدىغان ھاياتلىق يولىنى سىلەر مۇشۇ بىر قېتىمدىلا مېڭىپ تۈگىتىسىلەر . ئادەتتىكى ئادەملەر ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدۇ . شۇڭىدىمۇ بەزىلەر بىلەلەيدۇ ، بەزىلەر ئاخىرغىچە بىلەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ . سىلەر بۇنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بىر قېتىملىق سەرگۈزەشتەڭلار ئارقىلىقلا بىلىپ چىقالايسىلەر . ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىنى تاپالايسىلەر . ئەنە شۇ چاغدا مەن سىلەرگە شۇ يولنى كۆرسىتىپ قويىمەن .

ئۈچ دوست نېمە دېيىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى ، ئاندىن يەنە پەرىزاتقا تىكىلدى .

— سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇڭلار يورۇقلۇقتا بولىدۇ ، كەچ بولمايدۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پەرىزات ، — ئەمدى مەنزىلگە يەتمىگۈچە تاماقمۇ يېمەيسىلەر ھەم ئۇخلىمايسىلەر .

— مەنزىلىمىز قەيەر ؟ — سورىدى باتۇر .

— ئەمدى قاياققا ماڭىمىز ؟ — سورىدى غەيرەت .

— قاچانغىچە ماڭىمىز ؟ — سورىدى جۈرئەت .

— يەنە ئۇدۇل ماڭىسىلەر ، — دېدى پەرىزات قولى بىلەن ئالدى تەرەپتىكى ئۇپۇقنى كۆرسىتىپ ، — قاچانغىچە مېڭىشىڭلار كېيىن مەلۇم بولىدۇ . مۇبادا نىشاندىن ئېزىپ كەتسەڭلار ياكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىساڭلار ، مانا بۇ كىتابنى ئوقۇڭلار . بۇ بارلىق ئىنسانلار ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى .

شۇ گەپ بىلەن پەرىزات قولىدىكى چاققانغىنا خۇرۇم قاپچۇقتىن بىر كىتابنى چىقاردى . كىتابنىڭ مۇقاۋىسى خۇددى كېچىدە يانغان فوسفوردەك نۇرلىنىپ ، جۇلالىنىپ تۇراتتى .

ئۈچ دوست بۇ ئاجايىپ كىتابقا قاراپ تەئەججۇپ بىلەن ۋاھ دېيىشتى . پەرىزات كىتابنى قاپچۇققا يەنە سېلىپ باتۇرغا بەردى . باتۇر ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بۇ ھېكمەتلىك كىتابنى قوبۇل قىلىپ ئالدى ۋە قاپچۇقى بىلەن بەلبېغىغا بېكىتىۋالدى .

پەرىزات ئۈچ دوستقا قاراپ قولى بىلەن خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ كارامەتلىك ماشىنىسىغا ئولتۇردى . ماشىنىنىڭ ھەممە يېرى ئالتۇن ۋە كۈمۈش رەڭدە نۇر چېچىپ قوزغالدى ـ دە ، شۇ ھامان خۇددى قۇياش نۇرىدەك ئاق بۇلۇتلارغا ، كۆك ئاسمانغا سىڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى . . .

ئۈچ دوست پەرىزاتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى ، ئاندىن ئۇلار يېڭىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپ ، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇردى .

شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇلار ئويلىمىدى ، چۈنكى ۋاقىت ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇلار ھېلىقى پەرىزاتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ماكان ۋە زامان ئۆتكەللىرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى .

ئۇشتۇمتۇت ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلىدى . ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىلدى . مىسلى كۆرۈلمىگەن قارا بوران چىقىپ ، مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر ياغدى . بىردەمدىلا ھەر تەرەپتە دەريا ـ دەريا تاشقىن سۇ مەۋج ئۇرۇپ ، شىددەتلىك ئاقتى . گوياكى تەبىئەت ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى ! ئۈچ دوست بىر ـ بىرىنى مەھكەم قولتۇقلاپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى . لېكىن ، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى ئۇلاردىن ئۈستۈن كەلدى . ئۈچ دوست ھەرقانچە كۈچەپ باقسىمۇ ، قارا بوران ۋە كەلكۈن دولقۇنلىرى ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يولدىن ئازدۇردى ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى .

— باتۇر ، ھېلىقى نۇرلۇق كىتابنى يوقىتىپ قويما ! — دەپ

ۋارقىرىدى جۇرئەت .

— كىتابنى چىڭ تۇت ! — ۋارقىرىدى غەيرەت .

بوران ۋە سۇ دولقۇنلىرى ئۇلارنى كۈچلۈك سوقۇپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى . باتۇر يېنىغا ئېسىقلىق قاپچۇقتىكى كىتابنى مەھكەم بېسىپ تۇتقان هالدا بەك تەستە قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئالغا سىلجىدى . ئۇ بىر قولىنى كۆزلىرىگە دالدا قىلىپ ئۆپچۆرىسىگە كۆز تاشلىدى ۋە ئۆزىدىن خېلى يىراق بىر يەردە بوران ۋە دولقۇنلارغا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان غەيرەتنى كۆردى .

— غەيرەت ، جۇرئەت قېنى ؟ — توۋلىدى باتۇر .

باتۇر بىلەن غەيرەت ئاران ـ ئاران مېڭىپ ، بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى .

— جۇرئەت ! جۇرئەت ! — باتۇر بىلەن غەيرەت هەريانغا قاراپ چاقىرىشتى . گۈركىرەپ چىقىۋاتقان دەهشەتلىك قارا بوران ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرتۇپ كېتەتتى . جۇرئەت هېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى .

— كىتابقا قاراپ باقايلى ، — دەپ ۋارقىرىدى غەيرەت باتۇرنىڭ يېنىدىكى نۇرلۇق كىتابنى كۆرسىتىپ .

ئۇلار ئىككىسى بەدەنلىرى بىلەن دولقۇنلارنىڭ هۇجۇمىنى توسۇپ تۇرۇپ كىتابنى ئاچتى ۋە نۇرلۇق سەهىپىلەرنى بېرىلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى . نۇرلۇق سەهىپىلەر ئىچىدىن يەر يۈزىدىكى شىددەتلىك ئېقىن ۋە ئاسمانىدىكى قاپقارا بۇلۇتلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇلۇت ، يامغۇر ۋە تاشقىن سۇلارنىڭ تۇتاش قارا كۆرۈنۈشى ئىچىدىن مىسلىسىز كۈچلۈك قارا بوران جۇرئەتنى ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتاتتى . جۇرئەت خۇددى بىر پارچە قەغەزدەك بوراندا لەيلەپ ، ئۇچۇپ ، يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋەردى ۋە ئاخىر بىر ئېگىز قىيا تاشلىق يانار تاغقا چىقىپ يىقىلدى . تاغ چوققىسىدىن ئوت ، لاۋا هەم قويۇق ئىس ـ تۈتەك پۇرقۇپ ، ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى .

— چاتاق بولدى ، جۇرئەتنى قۇتۇلدۇرايلى ! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇر .
— تېز بولايلى ! — غەيرەتمۇ جىددىيلىشىپ ۋارقىرىدى .
ئىككىيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ يانار تاغقا ياماشتى . تاغ باغرى تىك ۋە خەتەرلىك ئىدى . ئۇيۇلتاشتا ئادەمنىڭ پۇتلىرى تېيىلىپ ، ھەربىر چامدام يول مىڭ بىر جاپادا بېسىلاتتى . قۇترىغان بوران ۋە قۇيۇنلار ھەر تەرەپتىن گۈركىرەپ سوقۇپ تۇراتتى . ئاسمان ـ پەلەك ئۆركەشلەپ كۆتۈرۈلگەن كەلكۈن دولقۇنلىرى تاش ۋە شېغىللارنى ئېقىتىپ ماڭاتتى . يانار تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوت ۋە لاۋا ھالاكەت ئېقىنى بولۇپ ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ ، يوقىتىپ ئاقماقتا ئىدى . باتۇر بىلەن غەيرەت خەتەرگە پىسەنت قىلماي ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا يانار تاغنىڭ ئوتلۇق چوققىسىنى كۆزلەپ ، بەزىدە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ، بەزىدە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى .
ئۇلار ئاخىر يانار تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتى . شۇنچە كۆپ خەۋپ ـ خەتەر بىلەن قىيىنچىلىق ئۇلارنى توختىتالمىدى . ئىككى دوست تازا دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىدى .
قارا بوران جۇرئەتنى ئۇچۇرتۇپ ، يانار تاغنىڭ ئوت ـ لاۋىلار ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئېغىزىغا ئەكېلىپ قويغانىدى . جۇرئەت ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ، لاۋا ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەسلىككە تىرىشىپ تاشلارغا ئېسىلاتتى ، يەرگە يېپىشاتتى . دەل شۇ چاغدا باتۇر بىلەن غەيرەت ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە سۆرەپ دېگۈدەك يانار تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكۈزدى .
ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئۈچ دوست بوراننىڭ سوقۇشىغا ۋە يەرنىڭ تىترەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تاغ باغرىدىن دومىلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى .
ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى . بايىقى بوران ، يامغۇر ، كەلكۈن ۋە يانار تاغ لاۋىلىرىدىن ئەسەرمۇ

كۆرۈنمەيتتى . پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت . كۆپكۆك ئاسماندا قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى . ئۈچ دوست بىر - بىرىگە قارىشىپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى . بايا ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بوران ۋە كەلكۈندە ھۆل بولۇپ ، يىرتىلىپ كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىمۇ كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن پاتقاقلار چاچراپ كىرلىشىپ ، لاي بولۇپ كەتكەنىدى . ئەمدى قارىسا ، ھەممىسىنىڭ ئۈستىبېشى پاكىز ، رەتلىك ۋە قۇرۇق ئىدى . باتۇر پەرىزات بەرگەن ھېكمەتلىك كىتابنىمۇ قاپچۇقىدىن چىقىرىپ قارىدى . بۇ كىتابمۇ خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك كىرسىز ، نۇرانە يالتىراپ تۇراتتى .

ئۇ كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى ۋە خېلىدىن كېيىن كىتابنى يېپىپ يىراققا نەزەر تاشلىدى .

— قاراڭلار ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن دوستلىرىغا ئۆزى قارىغان تەرەپنى كۆرسىتىپ .

— ئورمان ! — دەپ خىتاب قىلىشتى غەيرەت بىلەن جۈرئەت شۇ تەرەپكە قاراپ .

دەرۋەقە ، يىراقتا چەكسىز ئورمانلىق ئۇپۇقنى توسۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى .

— بۇ كىتابتا يېزىلىشىچە ، — دېدى باتۇر ، — بىز ئاشۇ ئورماندىن ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىكەن .

ئۈچ دوست يەنە دەرھال شۇ ئورمان تەرەپكە يول ئالدى . ئۇلار ھايال ئۆتمەي قويۇق ئۆسكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى . دوستلار ئۇياق - بۇياققا قارىغاچ قارىغايلار ، ئارچىلار ، قېيىنلار ئارىسىدىن ئۆتمەكتە ئىدى . شۇ ئارىدا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن قانداقتۇر ئادەملەرنىڭ گەۋدىلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى .

— توختاڭلار ، ئادەم بار ئىكەن ، — دېدى باتۇر دوستلىرىغا قول ئىشارىتى قىلىپ .

— بۇ نېمە ئادەملەر ؟ — دېدى غەيرەت ئېھتىيات بىلەن

ئەتراپنى كۆزىتىپ .

— ياۋايى ئادەملەر ئىكەن . . . — دېدى جۇرئەت قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ .

دەرۋەقە ، ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىن تاش ، توقماقلارنى كۆتۈرۈۋالغان ھەقىقىي ئىپتىدائىي زامانلارنىڭ ياۋايى ئادەملىرى چىقىپ كەلدى . چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن ، قىپيالىڭاچ ، پەقەت بەللىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىنىلا ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى بىلەن تارتىشتۇرۇپ باغلىۋېلىشقان ، بىرىدىن بىرى بەتبەشىرە ئەر - ئايال ، چوڭ - كىچىك ياۋايى ئادەملەر ھەرياندىن چىقىپ ئۇلارنى قورشاشقا باشلىدى . ئۇلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ، تاش - توقماقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ ، ئەلپازىنى بۇزۇپ كېلىشتى . ئۈچ دوست ئۇلار بىلەن دوستانە رەۋىشتە سۆزلىشىپ بېقىشقا ئۇرۇندى :

— بىز سىلەرگە چېقىلمايمىز .

— بىز سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز .

— بىزنى ئۇرماڭلار ! بىزنىڭ يامان نىيىتىمىز يوق !

ياۋايى ئادەملەر ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي خىرىس قىلىپ كېلىۋەردى . ئۇلار ھەر تەرەپتىن ۋارقىراپ ، چىرقىراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . بەزىلىرى تاش ئاتتى ، بەزىلىرى كالتەكلىرىنى پىرقىراتقىلى تۇردى .

ئۈچ دوست ئۇلارنىڭ تاش ۋە تاياقلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ چېكىنىدى . ياۋايى ئادەملەر بارغانسېرى پەيلىنى بۇزۇپ قوغلاۋەردى . دوستلار ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇلارمۇ قوللىرىغا كالتەك - توقماقلارنى ئېلىپ رەسمىي جەڭگە چۈشتى . لېكىن ، ياۋايىلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ، دوستلار قارشىلىق كۆرسەتكەچ ئىمكانقەدەر تېزرەك قېچىپ قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى .

باتۇر قېچىپ كېلىپ ، قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىق ئىچىگە كىرىۋالدى . جۇرئەتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن شۇ يەرگە يۈگۈرۈپ

كەلدى . ياۋايى ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى .

— قۇتۇلۇپتۇق ، — دېدى جۈرئەت .

— غەيرەت قېنى ؟ — دېدى باتۇر .

ئۇلار چاتقاللىقتىن باشلىرىنى چىقىرىپ ، ئۇياق - بۇياققا سىنچىلاپ قارىدى . غەيرەت ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى .

— ئۇنى ئىزدەپ تاپايلى ، — دېدى باتۇر .

— تېز بولايلى ، — دېدى جۈرئەت .

ئۇلار قوللىرىغا توقماق تۇتقان ھالدا چاتقاللىقتىن چىقتى ۋە ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ ، غەيرەتنى ئىزدەپ ماڭدى . ئورمان ئىچى جىمجىت . ياۋايــى ئادەملەر چىلــــقمىــــدى ، غەيرەتمۇ تېپىلمىدى . ئىككى دوست ئورمان ئىچىدە خېلى ئۇزاققــــچە ئايلىنىپ يۈردى . ئاخىر ئۇلار بىر تاغ ئېتىكىدىكـــى كەڭرى ئوچۇقچىلىقنى كۆردى . ئوچۇقچىلىقتىكى تۈزلەڭ ئوتلاقتا نۇرغۇن ياۋايى ئادەم توپلىشىپ بەزمە قىلماقتا ئىدى . ئوتتۇرىغا يوغان گۈلخان يېقىلغان . گۈلخانغا يېقىن جايدا بىرنەچچە ياۋايــى ئەر ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مۇزىكىسى «ياۋايى ئادەم» نـــى ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن قىزىشىپ چالماقتا ئىدى . گۈلخان ئەتراپىدا ئايال جىنسلىق ياۋايى ئادەملەر ئۇسسۇل ئويناۋاتتى . توۋا ! ئىپتىدائىي زاماننىڭ ياۋايى ئادەملىرى 20 - ئەسىردىكى ئامېرىكا مۇزىكىسىغا ئويناماقتا . ئۇلار ئۇسسۇلنى ۋەھشىيلەرچە ۋە ئەسەبىيلەرچە ئويناماقتا ئىدى . بىر چەتتىكى يالغۇز ئۆسكەن ئاق قېيىن دەرىخىگە غەيرەت قىل ئارقان بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغانىدى .

باتۇر بىلەن جۈرئەت شاخلىق قارىغاينىڭ كەينىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزەتتى . «ياۋايى ئادەم» مۇزىكىسى ئەۋجىگە چىقىپ ياڭرىماقتا ، چاچ - ساقاللىرى پاخپىيىپ كەتكەن بەتبەشىرە يالىڭاچ ئادەملەر ئېلېكترونلۇق چالغۇ ، گىتار ، كاناي ۋە داقا - دۇمباقلارنى ئاجايىپ ئىشتىياق بىــلەن چالماقتا ، چاچلىــرى پاخپىيىپ كەتكەن يالىڭاچ ئاياللار ئاجايىپ شوخ ، جۇشقۇنلۇق ،

جاسارەتلىك ھەرىكەتلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئىجرا قىلماقتا ئىدى .

— توۋا ! توۋا ! — دېدى باتۇر ئۇلارغا قاراپ ھەيرانلىقىنى باسالماي .

— بۇ نېمە ئىش ! بۇ نېمە كارامەت ! — دەپ خىتاب قىلدى جۇرئەت ھاڭ - تاڭ بولۇپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان ھالدا .

ياۋايى ئادەملەرنىڭ زامانىۋى سازلىرى ، كىشىنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلغۇچى غەلىتە ئۇسسۇللىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى . گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان بىر توپ ياۋايى يىگىتمۇ ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى - دە ، ئاياللارغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتى . ئۇسسۇلچىلار ئەمدى غەيرەت باغلاپ قويۇلغان دەرەخنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ ئويناشقا باشلىدى . ئۇلار باغلاقتىكى غەيرەتنىڭ ئالدىغا كېلىشىۋېلىپ ، بار ئاۋازى بىلەن : «ھوي ! ھوي !» دەپ ۋارقىرىشاتتى . بەزىلىرى غەيرەتنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى نوقۇپ ، چىمدىپ قويۇشاتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى . غەيرەت بولسا ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ، ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا بىچارىلەرچە يالۋۇرغان سىياقتا قارايتتى . ياۋايى ئادەملەر ئەكسىچە شادلىققا تولۇپ كۈلۈشەتتى ۋە غەيرەتنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ :

— سېنى كاۋاپ قىلىپ يەيمىز !

— سېنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ يەيمىز !

— سېنى ئوتقا قاقلاپ يەيمىز ! — دەپ چۇقان سېلىشاتتى .

مۆجىزە ! كارامەت ! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ ! 20 - ئەسىردە ئىپتىدائىي دەۋرلەرنىڭ ياۋايى ئادەملىرى ! ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مۇزىكىسى ! ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن ياۋايى ئۇسسۇلچىلار ! مۇمكىن بولمايدىغان ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار !

باتۇر بىلەن جۇرئەت بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە قاراپ ، غەيرەتنى قانداق قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى . ئاندىن ئۇلار

ئۆزلىرى مۆكۈنۈپ تۇرغان يېرىدىن چىقىپ، ياۋايىلار توپلاشقان مەيدانغا قاراپ ماڭدى. ئىككى دوست «ياۋايى ئادەم» مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە بۇ دەھشەتلىك بەزمە سورۇنىغا كىرىپ كەلدى. ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ھەۋىسى بىلەن مەستخۇش بولۇپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ياۋايى ئادەملەر باتۇر بىلەن جۇرئەتنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە ئاللىنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، ئالەمنى باشلىرىغا كىيىشتى. ئىككى دوست ئۇسسۇلنى ياۋايىلاردىنمۇ بەكرەك قاملاشتۇرۇۋېتەلەيدى. ئۇلار ياۋايى ئادەملەرگە قوشۇلۇپ، ئۇسسۇلنى يەنىمۇ قىزىتىۋەتتى. ساز ۋە ئۇسسۇلنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان بۇ تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملىرى ھازىرقى دەۋرنىڭ بۇ ئىككى يىگىتىگە قاراپ قايىل بولۇشتى ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىن تاشقىرى چېكىدىن ئاشقان شادلىققا تولدى.

دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان غەيرەت نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، گاراڭ بولغان ھالدا:

— باتۇر! جۇرئەت! — دەپ توۋلاپ باقتى.

لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىم پەسەنت قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇسسۇل داۋاملىشىۋەردى. شۇ ئارىدا باتۇر پۈتۈن بەدىنىنى قاتتىق سىلكىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە سازچىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى قولىنى شىددەتلىك شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— نازىركومغا چېلىڭلار! نازىركومغا!

ياۋايى سازچىلار ھەممىسى بىراقلا:

— ھە! — دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلىشتى-دە، دەرھال پەدىنى يۆتكەپ، نازىركومنىڭ شوخ، جۇشقۇنلۇق نەغمىسىنى باشلىۋەتتى. باتۇر بىلەن جۇرئەت مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ چۈشۈپ، تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ مەردانە ۋە قىزىقچىلىق ئۇسسۇلىنى زوق، ئىشتىياق بىلەن ئويناپ كەتتى. ياۋايى ئەر- ئاياللار ھەممىسى بىرلىكتە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەڭكەش قىلىپ چاۋاك ئۇرۇپ

تۇرۇشاتتى . باتۇر بىلەن جۇرئەت نازىركوم ئاھاڭغا كەلتۇرۇپ ، بىردەم ئۇسسۇشۇۋاتقان قوچقارلارنى ، بىردەم قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ قىچقىرىۋاتقان خورازلارنى ، بىردەم تۆگىلەرنىڭ لوكۇلداپ مېڭىشلىرىنى ، بىردەم بازاردىكى ئوغرىلارنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ ۋە يەنە تۈرلۈك - تۈرلۈك قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ ، ياۋايىلارنى كۈلدۈرۈپ ھېچ ھالىنى قويمىدى . يىگىتلەر ياۋايىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ھەر خىل كۈلكىلىك قىلىقلار بىلەن ئۇلارنى ئۇسسۇلغا تارتتى . ياۋايىلار تەرەپ - تەرەپتىن مەيدانغا ئېتىلىپ كىرىپ ، ھەر قىسما قىلىق چىقىرىپ ، نازىركومغا چۈشۈپ كەتتى . باتۇر بىلەن جۇرئەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، توپتىن ئاستا ئايرىلىپ چىقتى - دە ، باغلاقتىكى غەيرەتنىڭ يېنىغا كەلدى . باتۇر بېلىگە ئېسىلغان قاپچۇقتىن ھېكمەتلىك كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىدى . ۋاراقلار ئارىسىدىن يوپيورۇق نۇر چىقىپ ، غەيرەتنىڭ پۇت - قوللىرى باغلانغان قىل ئارقاننى كۆيدۈرۈۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ ئۈچ دوست ئۈن - تىن چىقارماستىن قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى .

بىر ھازادىن كېيىن ياۋايى ئادەملەر ئېسىنى يىغىۋېلىپ ، ئۆپچۆرىسىگە قاراشتى ۋە باغلاقتىكى غەيرەتنىڭمۇ ، بايا ئۇسسۇل ئوينىغان ئىككى يىگىتنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەنسىز چىرقىرىشىپ كەتتى . ئۇلار ئەمدى گىتار ، دۇمباقلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ئاجايىپ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ھازىرقى دەۋر يىگىتلىرىنى قوغلىدى .

لېكىن ، يىگىتلەر خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى . ياۋايى ئادەملەر ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمىدى . ئۈچ دوست ياۋايىلاردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ ئورماندىن چىقىۋالدى ۋە يەنە بۇرۇنقىدەك تۈزلەڭ چۆلدە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى .

دوستلار ھېلىقى يانار تاغ ، قارا بوران ، مۆلدۈرلۈك يامغۇر ۋە بايىقى ئاجايىپ ياۋايى ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، تۇيۇقسىزدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئۇپۇقنى توسۇپ

ياپىپىشىل چىمەنزار ۋە رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى سۈرەتلىنىپ چىقتى . يىگىتلەر ئەجەبلەنگەن ھالدا توختاپ قېلىشتى .
— قاراڭلار ! — دېدى جۇرئەت قولى بىلەن شۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ .
— بىر ئايال كېلىۋاتىدىغۇ ، — دېدى غەيرەتمۇ شۇ ياقنى كۆرسىتىپ .
— ياش قىز ئىكەن ، — دېدى باتۇر دىققەت بىلەن قاراپ .
دەرۋەقە ، بۇ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر گۈزەل ئۇيغۇر قىز ئىدى . ئۇ يىگىتلەرگە ئانچە يېقىن كەلمەي تۇرۇپلا كۈلۈمسىرەپ توختىدى . يىگىتلەرمۇ كۈلۈمسىرەپ ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە زوق بىلەن نەزەر سالدى . ئۇ قىز ئۇچىسىغا ئەتىرگۈل رەڭگىدىكى كۆڭلەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيەكلىرىگە ئۇنچە - مارجانلار تىزىلغان يېشىل پىنجەك ، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىپ ، ئوڭ قولىقىنىڭ ئۈستىگە بىر تال قىزىلگۈل قىسىۋالغان ، ئالتۇن رەڭدە نەقىش ئويۇلغان قاپاق شەكلىدىكى كومزەكنى بىر يېنىغا ئېلىپ تۇتقانىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن شۇنچە يېقىملىق ۋە ئىللىق مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتىكى ، ئۇچ دوستنىڭ يۈرەكلىرىگە گوياكى جەننەتنىڭ لەززىتى تولغاندەك بولدى .
— كېلىڭلار ، يىگىتلەر ، مەن سىلەرگە ئانار شەربىتى ئەكەلدىم ، ئىچىۋېلىڭلار ، — دېدى قىز ھەقىقەتەنمۇ ھۆر - پەرىلەرگە خاس نازاكەت بىلەن .
يىگىتلەر بىر - بىرىگە قاراشتى .
— ئاززاق ئىچىپ قويايلى ، — دېدى جۇرئەت .
— ئىچەيلى ، — دېدى غەيرەت .
— ماقۇل ، — دېدى باتۇر ، — شۇنچە يىراق يەردىن ئاتايىن بىزنى دەپ ئەكەلسە ، قارىماي كېتىپ قالساق رەنجىپ قالمىسۇن .
شۇ گەپ بىلەن باتۇر قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ كومزەكنى ئالدى ۋە شۇ ھامان ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ چاغقىچە ئۇخلىماي ۋە ھېچ نەرسە يېمەي كېلىۋاتقىنىنى ئەسلىدى .

— رەھمەت ، سىڭلىم ، — دېدى ئۇ قىزغا قاراپ ، — بىز بۇنى ئىچسەك بولمايدۇ .
— نېمە ئۈچۈن ؟ ! — دېدى قىز ئەجەبلەنگەن تەلەپپۇزدا ، — ئانار شەربىتىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر ؟
— ياق ، ئانار شەربىتى ئېسىل ئىچىملىك ، — دېدى غەيرەت سۆزگە ئارىلىشىپ ، — لېكىن بىز بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئاياغلاشقۇچە ھېچ نەرسە ئىچمەيمىز . بىزگە پەرىزات شۇنى جېكىلىگەن .
— شۇنداق ، — دېدى جۇرئەتمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، — ئىچسەك بولمايدۇ .
باتۇر ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ ، كومزەكنى قىزغا قايتۇرۇپ بەردى .
— خوش ، سىڭلىم ، — دېدى يىگىتلەر ۋە يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى .
يەنە چۆل ، چەكسىز تۈزلەڭ . . . ئۇيۇقتا كۆرۈنگەن چىمەنزارمۇ بايىقى قىز بىلەن تەڭ كۆزدىن غايىب بولدى . دوستلار يەنە ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بۇ چېكىسى يوق باياۋاندا يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان خەنزۇچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى بىر قىزىل راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . راۋاقنىڭ سىرىق ئەجدىھا شەكلىدىكى قاپارتما نەقىشلىك قوش قاناتلىق ئىشىكلىرى ئېچىلىپ ، بىر خەنزۇ قىز چىقتى . ئۇ قىز قەدىمكى خەنزۇچە ئۇزۇن ۋە كەڭ كۆڭلەك كىيگەن ، ئۇنىڭ ئېگىز كۆپتۈرۈپ ياسىتىلغان قاپقارا چاچلىرىغا ئالتۇن زىخچىلار قادىلىپ ، ئىككى تىزىق مەرۋايىت ئېسىلغان بولۇپ ، ئۆزگە خاس شەرقىي ئاسىياچە گۈزەللىكى بىلەن دىللارنى مەپتۇن قىلاتتى .
— مەرھەمەت ، يىگىتلەر ، — دېدى ئۇ قىز ئالاھىدە نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ ۋە قول ئىشارىسى بىلەن ئوچۇق تۇرغان راۋاق ئىشىكىنى كۆرسىتىپ .
يىگىتلەر قانداق قىلىشىنى بىلمەي سەل تەپ تارتقان ھالدا

ئىچكىرىگە كىردى ۋە قارا سىرلانغان يۇملاق شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەجدىھا شەكلىدە نەقىشلەنگەن يۆلەنچۇكسىز يۇملاق ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى . خەنزۇ قىز كۇمۇش لېگەنگە دۆۋىلەپ سېلىنغان بانانىنى ئەكېلىپ شىرەگە قويدى .

— ھەرقايسىلىرى ئۇزۇن يول يۇرۇپ چارچاپ قېلىشقانلا ، بانانغا ئېغىز تېگىشسىلە ، — دېدى ئۇ .

بۇ قىزنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر مۇلايىم ۋە سىپايە ئىدىكى ، بەئەينى قەدىمكى خەنزۇ تىياتىرلىرىدىكى ھۆر قىزلارنى ئەسلىتەتتى .

يىگىتلەر بىردىن بانانىنى ئۇشتۇپ ئېلىشتى - دە ، يەنە دېلىغۇل بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى ۋە بانانلارنى قايتىدىن كۇمۇش لېگەنگە سېلىپ قويۇشتى .

— كەچۇرۇڭ ، خانقىز ، — دېدى باتۇر ئەدەپ بىلەن كۇلۇمسىرەپ ، — بىز بۇنى يېسەك بولمايدۇ .

— شۇنداق ، يېسەك بولمايدۇ ، — دېدى غەيرەت .

— راست ، بولمايدۇ ، — دېدى جۇرئەت ، — ئەگەر خانقىز رۇخسەت قىلسا ، بىز بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ ھاردۇق چىقىرىۋالايلى .

— ئەيىۇ ! — دېدى قىز نازلىنىپ ، — بۇ نېمە دېگىنىڭلار ئەمدى ! بانان يېمىسەڭلار ئۆزۇڭلارنىڭ يۇرتۇڭلارنىڭ مېۋىلىرىنى يەڭلار ئەمىسە . مانا تۇرپاننىڭ ئۇزۇمى ، مانا قەشقەرنىڭ شاپتۇلى . . .

شۇ گەپ بىلەن قىز تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن شىرەدىكى لېگەنلەرگە سېلىپ تىزىۋېتىلگەن تۇرلۇك مېۋىلەرنى ئەكېلىپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويغىلى تۇردى .

— مانا غۇلجىنىڭ ئالمىسى ، مانا ئاتۇشنىڭ ئەنجۇرى . . . يەنە قوغۇن ، تاۋۇزلارمۇ بار .

يىگىتلەر بەس - بەستە ئۆزرە ئېيتىشتى :

— ياق ، ياق ، خانقىز ، بىزنى خاتا چۇشىنىپ قالماڭ . بىز

هېچ نەرسە يېمەيمىز .

— بىز بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئاياغلاشمىغۇچە هېچ نەرسە يېمەيمىز .

— يېسەك بولمايدۇ .

يىگىتلەر راۋاقتىن قايتىپ چىقتى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى جۈپلەپ ، هېلىقى قىزغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ خوشلاشتى . چەكسىز چۆل يەنە بۇ ئۈچ سەپەرداش دوستقا كەڭ قۇچاق ئاچتى . قىزىل راۋاقمۇ ، قەدىمكى خەنزۇ قىزىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى .

يىگىتلەر يەنە ئۇزاق ماڭدى . بىر چاغ بولغاندا ئۇلار ياپيېشىل چىم ياتقۇزۇلغان كەڭ مەيدانغا كېلىپ قالدى . چىملىقتا ئاق سىرلانغان كىچىك - كىچىك شىرەلەر ۋە خۇددى شۇنداقلا ئاق سىرلانغان چىرايلىق ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى . شۇ ئورۇندۇقلاردىن بىرىدە ياۋروپالىق بىر نازىنىن قىز پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى . ئۇ قىز يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرغان يېرىدىن يېنىككىنە ئىرغىپ قوپتى - دە ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن ، يىگىتلەر ، — دېدى ئۇ دوستانە رەۋىشتە كۈلۈپ تۇرۇپ .

بۇ تىپىك زامانىۋى ياۋروپا قىزى ئىدى : تەبىئىي بۇدۇر ئالتۇن رەڭ چاچلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان ، كۆزلىرى خۇددى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قەرىدەك كۆپكۆك ، هاۋا رەڭ قىسقا كۆڭلىكنىڭ ياقىسى ، بولۇپمۇ دۈمبە قىسمى چوڭقۇر ئويۇلغان ، پايپاق كىيىلمىگەن يالاڭ پۇتلىرىدا ئېگىز پاشنىلىق ئاق توپلەي .

— سالام سىزگە ، خانقىز ، — دېدى يىگىتلەر ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە نۆۋەت بىلەن كېلىپ قىزنىڭ نازۇك ۋە يۇمران قولىنى ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆيدى .

— چارچاپ قالغانسىلەر ، — دېدى قىز ئاۋۋالقىدەكلا خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن ، — بىردەم پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىڭلار .

يىگىتلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى . قىز چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ چاۋاك ئۇردى ۋە :

— كېلىڭلار ! كېلىڭلار ! — دەپ ئۈنلۈك چاقىردى .

چىملىقنىڭ چۆرىسىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن تانسا كىيىملىرى كىيىشكەن بىرنەچچە جۈپ ياۋروپالىق يىگىت - قىز يۈگۈرۈپ چىقتى . نەدىندۇ لاتىن ئۇسسۇلىنىڭ شوخ ۋە جۇشقۇنلۇق مۇزىكىسى ياڭرىدى . يىگىت - قىزلار زوق - شوخ بىلەن تانسا ئويناشقا چۈشۈپ كەتتى . ھېلىقى قىز بولسا ، ئۈچ دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— ئۇلار تانسىنى قانداق ئوينايدىكەن ؟ — سورىدى ئۇ قىز شوخلۇق ئارىلاش چاقچاق بىلەن .

— ناھايىتى ياخشى ئوينايدىكەن ، — دېدى يىگىتلەر تانسا ئويناۋاتقانلارنى ماختاپ .

ياۋروپالىق قىز جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى .

— سىلەر ھېچ نەرسە يېمەيدىكەنسىلەر ، ھېچ نەرسە ئىچمەيدىكەنسىلەر ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، — ئەمىسە كېلىڭلار ، تانسا ئوينايلى !

شۇ گەپ بىلەن ئۇ كۈلگەن پېتى باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى .

— كەچۈرۈڭ ، خانقىز ، مەن لاتىن ئۇسسۇلىنى ياخشى ئويناليالمايمەن ، — دېدى باتۇر قىزنىڭ قولىدىن بوشىنىپ ئولتۇرۇۋېلىشقا تىرىشىپ .

— ئەمىسە باشقا مۇزىكىغا ئوينايلى ، — دېدى قىز توختىماي كۈلۈپ ۋە يەنە چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، — بولدى ، قايتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

تانسا ئويناۋاتقان يىگىت - قىزلار دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولدى . لاتىن ئۇسسۇلىنىڭ شوخ مۇزىكىسى توختىدى ۋە «دوناي دولقۇنلىرى»نىڭ لەرزان ئاھاڭى

ئاڭلاندى .

— بۇ كۈينى ياقتۇرامسىز ؟ — دەپ سورىدى ياۋروپالىق قىز يەنە باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ ، — بۇ 19 - ئەسىردىكى ئاۋستىرىيىنىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورى شترائۇس ئىجاد قىلغان دۇنياۋى مەشھۇر مۇزىكا . ئەمدى بۇنىڭغا ئويىنىمىسىڭىز بولمايدۇ .

— كەچۈرۈڭ ، مەن تانسا ئوينىمايمەن ، — دېدى باتۇر قولىنى قىزنىڭ قولىدىن ئاران بوشىتىپ .

— راست ، بىز تانسا ئوينىساق بولمايدۇ ، — غەيرەت باتۇرنى ئاقلاپ .

— بىز مەنزىلگە يەتمىگۈچە تانسا ئوينىساق بولمايدۇ . بىزنى ئەپۇ قىلىڭ ، — دېدى جۇرئەت .

يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىزدىن تەكرار ئەپۇ سورىدى ۋە خوشلىشىپ ماڭدى .

ۋەھالەنكى ، دەل شۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ بىر مۇزىكىسى ئاڭلاندى ۋە نەدىندۇ پەيدا بولغان قارا قۇمچاق ھىندى قىزى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا ئۇسسۇل ئويناشقىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى - دە ، باتۇرنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ۋە قاش - كىرپىكلىرىنى ئوينىتىپ :

— نەگە بارىسىز ؟ — دېدى - دە ، خېنە قويۇلغان ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن يېنىككىنە ئىتتىرىپ كەينىگە چېكىندۈردى ھەمدە ھىندىچە ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى .

يىگىتلەر ئۇنىڭ توسۇشىغا قارىماي يەنە مېڭىشقا تەمشەلگەنىدى ، توساتتىن ياپونچە سازلار چېلىنىپ كەتتى ۋە بىر ياپون قىزى ئۇششاق دەسسەپ سىلىققىنا كەلدى - دە ، غەيرەتنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ، نازلىق ئاھاڭ بىلەن :

— نەگە بارىسىز ؟ — دېدى ۋە ھىندى قىزىغا ئوخشاشلا ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن يېنىككىنە ئىتتىرىپ كەينىگە چېكىندۈردى - دە ، ياپونچىسىغا ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى .

يىگىتلەر يەنىلا بۇ ئىككى قىزغا تۇتۇق بەرمەي ئۆز يولىغا ماڭدى . بىراق شۇ چاغدا داقا ـ دۇمباقلارنىڭ شوخ ساداسى ئاستىدا قاپقارا بىر نېگىر قىز دىسكو ھەرىكەتلىرىنى ئويىنىغىنىچە پىرقىراپ كېلىپ جۇرئەتنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى .

— نەگە بارىسىز ؟ — دېدى ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ ۋە ئۇمۇ ھېلىقى قىزلارغا ئوخشاش ئالىقىنى بىلەن جۇرئەتنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ كەينىگە چېكىندۇردى .

يىگىتلەر ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ باقتى . لېكىن ، ئۈچ قىز ئۈچ خىل ئۇسسۇل ئويناپ ، چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالاتتى . ھېلىقى ياۋروپالىق قىز بولسا ، بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئۈچ يىگىت ھەدەپ قاچاتتى ، ئۈچ قىز ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئۆتكۈزمەيتتى .

شۇ ئەسنادا بىر رۇس قىزى «ئادىنوچكا» ئويناپ يېتىپ كەلدى . ئارقىدىنلا بىر ئۇيغۇر قىز پەيدا بولۇپ داپ ئۇسسۇلىغا پىرقىرىغىلى تۇردى ، ئاندىن بىر خەنزۇ قىز «ياڭگېر» ئۇسسۇلىنى ئويناپ كەلدى . بىردەمدىن كېيىن قازاق ، موڭغۇل ، زاڭزۇ ، قىرغىز ، تۈرك ، ئەرەب قىزلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى . ئەڭ ئاخىرىدا بىرنەچچە ياۋروپالىق بالېتچى قىز «ئاق قۇ كۆلى» نى ئوينىغىلى تۇردى .

چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ھېلىقى ياۋروپالىق قىز قانداقتۇر بىر قول ئىشارىتى قىلغانىدى ، ھەر مىللەتنىڭ بۇ ئۇسسۇلچى قىزلىرى ئۈچ يىگىتنى بىراقلا ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەڭ چەمبەر ھاسىل قىلدى ـ دە ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ۋارقىرىشىپ ، كۈلۈشۈپ ئۇياق ـ بۇياققا ئايلىنىشقا باشلىدى .

يىگىتلەرنىڭ باشلىرى قېيىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى . شۇ چاغدا ھېلىقى ياۋروپالىق قىز يەنە بىر قول ئىشارىتى قىلغانىدى ، ئۇسسۇلچى قىزلار ھەر تەرەپكە قېچىشىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى . يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، خۇددى ساراڭ بولۇپ

قالغاندەك ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ، ھاڭۋېقىپ ئۇيان ـ بۇيانغا قاراشتى . ياۋروپالىق قىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، غەيرەت بىلەن جۇرئەتنىڭ يەلكىسىدىن يېنىككىنە ئىتتىرىۋەتتى .

— سىلەر كېتىڭلار ، — دېدى ئۇ چۆل تەرەپنى كۆرسىتىپ .

غەيرەت بىلەن جۇرئەت سېھىرلەنگەن ھالەتتە شۇ تەرەپكە كەتتى .

ياۋروپالىق قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ باتۇرنى قولتۇقلىدى ۋە :

— مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمامسىز ؟ — دېگىنىچە ئۇنى ئاستا باشلاپ ماڭدى .

باتۇرنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس ئىدى . ئۇمۇ سېھىرلەنگەندى . ياۋروپالىق قىز ئۇنى قولتۇقلاپ بىر چوڭ غارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . كىرىش ئېغىزىنىڭ تۆپە تەرىپىگە يوغان ھەرپلەر بىلەن قىڭغىر ـ سىڭغىر قىلىپ «ئالۋاستىلار غارى» دەپ يېزىلغانىدى . ئۇلار شۇ غارنىڭ ئىچىگە كىردى . غارنىڭ ئىچىدە بايىقى ھەر مىللەتنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرى قاتار تۇرۇپ ئالقىش ياڭرىتىپ ، ياۋروپالىق قىز بىلەن باتۇرنى قارشى ئالدى . باتۇر ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئۆپچۆرىسىگە قارىدى . قارىسا ، ھېلىقى ھەر مىللەت ئۇسسۇلچى قىزلىرى ئۇشتۇمتۇت قوي ، ئۆچكە ، ئىت ، مۈشۈك ، بۆرە ، تۈلكە ، توشقان قاتارلىق ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ قالدى . باتۇر چۆچۈپ كەينىگە داجىدى . ياۋروپالىق قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، باتۇرنىڭ بىلىكىنى چىڭ قىسىپ تۇتقىنىچە ، ئۇنى غارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كەڭرى ئۆيگە ئەكىردى . بۇ يەردە ئادەم ۋە تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن سۆڭەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى .

— بۇ مېنىڭ ھۇجرام ، — دېدى ياۋروپالىق قىز ۋە قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ بىر پىرقىرىغانىدى ، ئاق ، كۆل رەڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ، جۇل ـ جۇل كىيىملىك بىر ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئىسكىلىتسىمان قېرى خوتۇنغا ئۆزگىرىپ قالدى .

— مېنىڭ ئىسمىم جادۇگەر موماي ، بايىقى ئۇسسۇلچى قىزلار مېنىڭ جىنلىرىم ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە دەھشەتلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

باتۇر ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قاچماقچى بولغانىدى ، جادۇگەر موماي ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ، يوغان ۋە كېلەڭسىز تاش كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .

— گېپىمنى ئاڭلا ، باتۇر ، — دېدى موماي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ، — ماڭا بىر ساغلام ۋە باتۇر يىگىت كېرەك ئىدى . سىلەر ئۈچەيلەنگە كۆزۈم چۈشتى . بۇ ئۈچۈڭلارنىڭ ئىچىدىنمۇ سېنى تاللىۋالدىم .

— مېنى نېمە قىلىسىز ؟ — دەپ سورىدى باتۇر ئۇنىڭ دەھشەتلىك سەت چىرايىغا ۋەھىمىلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ .

— قورقما ، يىگىت ، ئىككىمىز توي قىلىمىز ، — دېدى موماي ۋە يەنە پۈرۈشۈپ كەتكەن كاماك ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى ، — ئىككىمىز مانا مۇشۇ كارىۋاتتا ياتىمىز .

— ياق ، ياق ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى باتۇر قېچىشقا تەمشىلىپ .

جادۇگەر موماي ئۇنىڭ يەلكىسىدىن كۈچ بىلەن بېسىپ ، ئۇنى قايتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .

— سەن باتۇر ، ئاق كۆڭۈل ، ئەقىللىق ، — دېدى ئۇ نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا ، — باتۇرلارنىڭ قېنى قۇۋۋەتلىك بولىدۇ ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ قېنى بۇلغانمىغان پاكىز بولىدۇ ، ئەقىللىقلەرنىڭ قېنى ئەقىلگە ئەقىل قوشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا سېنىڭ قېنىڭ كېرەك .

ئەمدى باتۇر بار كۈچىنى يىغىپ جادۇگەرگە ئېتىلدى ، ئۇنىڭغا مۇشت ئاتتى ، ئۇنى بوغۇشقا ئۇرۇندى . لېكىن ، موماي بىر پۈۋدىگەنىدى ، ئاغزىدىن قويۇق تۈتۈن چىقىپ ، يىگىتنىڭ دىمىغىغا كىردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ بەكرەك سېھىرلىنىپ ، قايتا ئولتۇرۇپ قالدى . جادۇگەر موماي يەنە سۆزلىدى :

— سەن يولدا ئۇچرىغان ئۇيغۇر قىزنىڭ ئانار شەربىتىنى ئىچمىدىڭ، خەنزۇ قىز بەرگەن مېۋىلەرنى يېمىدىڭ، ياۋروپالىق قىز بىلەن تانسا ئوينىمىدىڭ...

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى باتۇر.

جادۇگەر موماي يەنە ئادەمنى يىرگەندۈرگۈدەك سەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەسلىدە شۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى مەن! — دېدى ئۇ، — مەن ئۈچ خىل ئۆزگىرىپ يولۇڭنى توسۇغانىدىم. لېكىن، سەن ھېچنېمىگە ئۇنىمىدىڭ. ئىچكەن بولساڭ، يېگەن بولساڭ ياكى تانسا ئوينىغان بولساڭ، شۇ چاغدىلا سېھىرلىنىپ بولاتتىڭ. ئەمدى شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشىڭ كېرەك. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ماقۇل، — دېدى باتۇر چۈشكۈن تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا ئۇ ئاڭ ۋە ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى.

جادۇگەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شەربەت ئىچسەڭ قېنىڭ كۆپىيىدۇ، مېۋە يېسەڭ قېنىڭنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، تانسا ئويناپ كۆڭلۈڭ خۇش بولسا قېنىڭ تېخىمۇ تاتلىق بولىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى باتۇر.

— ياخشى، — دېدى جادۇگەر موماي، — مەن ھەر كۈنى ساڭا شەربەت ئىچۈرىمەن، مېۋە يېگۈزىمەن، سەن بىلەن تانسا ئوينايمەن، ئاندىن سېنى قۇچاقلاپ يېتىپ، كېچىچە قېنىڭنى شورايمەن. بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى باتۇر ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

— يارايسەن، يىگىت، — دېدى جادۇگەر ۋە تۇرغان يېرىدە بىر پىرقىراپلا ھېلىقى چۆلدە ئۇچرىغان گۈزەل ئۇيغۇر قىزغا ئۆزگەردى.

— ئانار شەربىتى ئىچىڭ، ئاكا، — دېدى ئۇ ناز بىلەن يېقىن كېلىپ.

باتۇر ئۇنچىقماستىن قىزنىڭ قولىدىن كومزەكنى ئالدى ـ دە ، بىرنەچچە ئوتلام شەربەتنى ئىچتى . قىز كومزەكنى قايتۇرۇپ ئېلىپ يەنە بىر پىرقىرىغاندى ، ھېلىقى قىزىل راۋاقتىكى قەدىمكى خەنزۇ قىزغا ئۆزگەردى .

— مەرھەمەت ، بانان يەڭ ، — دېدى قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ .

باتۇر يەنە ئۇنچىقماستىن قىز تۇتۇپ تۇرغان كۈمۈش لېگەندىكى بانانلاردىن بىرنى ئېلىپ ئاقلاپ يېدى . ئەمدى خەنزۇ قىز بىر پىرقىراپلا ھېلىقى چىملىقتىكى ياۋروپالىق قىزغا ئۆزگەردى . شۇ ھامان نەدىندۇر «دوناي دولقۇنلىرى»نىڭ ئوركېستىرلاشتۇرۇلغان ساداسى ياڭرىدى .

— مەرھەمەت ، — دېدى ياۋروپالىق قىز تېتىك قەدەملەر بىلەن باتۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

باتۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قىز بىلەن تانسىغا چۈشتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېپىشقان ھالدا ۋالىس ئاھاڭىغا شىددەتلىك ئايلىنىشقا باشلىدى .

دەل شۇ چاغدا غار ئىچىگە غەيرەت بىلەن جورئەت ئېتىلىپ كىردى . غاردىكى ھەر خىل ھايۋانلار دەرھال ھېلىقى ھەر مىللەتنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرىغا ئۆزگىرىپ ئۇلارغا تاشلاندى . ئىككى يىگىت پۈتۈن كۈچىنى ۋە بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىشقان بولسىمۇ ، بۇ جىن قىزلارغا تەڭ كېلەلمىدى . قىزلار ئۇلارنى يىقىتىپ ، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاشتى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيدە باتۇر بىلەن تانسا ئويناۋاتقان جادۇگەرنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كىرىشتى . ياۋروپالىق قىز قىياپىتىدىكى جادۇگەر تانسىدىن توختىدى .

— بۇلارنىڭ ئۆلگۈسى كەپتۇ ـ دە ! بۇ ئىككىسىنىڭ قېنىنى سىلەر ئىچىڭلار ، — دېدى ئۇ قىزلارغا قاراپ .

ھەر مىللەت ئۇسسۇلچى قىزلىرى دەرھال ھەر خىل ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كېلىشتى .

— قېنىمىزنى ئىچسەڭلارمۇ مەيلى، ئەمما بىر ئىلتىماسىم بار، — دېدى غەيرەت ياۋروپالىق قىزغا قاراپ، — بىز ئاۋۋال دوستىمىز باتۇر بىلەن بىرئاز مۇڭدىشىپ خوشلىشىۋالساق.

— شۇنداق، بۇرادىرىمىز بىلەن خوشلىشىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىڭلار، — دېدى جۇرئەت.

— ماقۇل، خوشلىشىۋېلىڭلار. باتۇر خۇش بولۇپ قالسا قانلىرى تېخىمۇ تاتلىق بولۇپ قالار. جىنلىرىم سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى كېيىنرەك ئىچسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى ياۋروپالىق قىز ۋە بىر پىرقىراپلا جادۇگەر مومايغا ئۆزگەردى ـ دە، نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھەر خىل ھايۋان سىياقىدىكى جىنلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ چىقىپ كېتىشتى.

— باتۇر! — دەپ خىتاب قىلدى غەيرەت بىلەن جۇرئەت.

باتۇر ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي دەلدۈشلەرچە قاراپ تۇراتتى.

— باتۇر، بىزنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن غەيرەت، ئۇ جۇرئەت.

— باتۇر، ئېسىڭنى يىغىۋال، بىزگە ئوبدان قارا.

باتۇرنىڭ زېھنى تەستە ئەسلىگە كەلدى.

— بۇ سىلەرمۇ؟ غەيرەت! جۇرئەت! بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭلار؟

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، — دېدى غەيرەت، — بىزمۇ ساڭا ئوخشاش سېھىرلىنىپ، ئېسىمىزنى يوقىتىپ قويغانىكەنمىز. كېيىن ھوشىمىزغا كېلىپ، سېنى مۇشۇ غارغا ئەكىرىپ كېتىشكەنلىكىنى ئەسلىدۇق.

— شۇنىڭ بىلەن سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق، — دېدى جۇرئەت.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — باتۇر دوستلىرىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

غەيرەت بىلەن جۇرئەت تەڭلا سورىدى:

— كىتاب قېنى؟

— كىتابنى چىقارمامسەن!

— توغرا ! نۇرلۇق كىتابنى ئوقۇيلى ، — دېدى باتۇر ۋە يېنىدىكى قاپچۇقتىن نۇرلۇق كىتابنى چىقاردى .

ئۈچ دوست باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ ئولتۇرۇپ ، كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى . ھېلىقى ھەر خىل ھايۋان قىياپىتىدىكى جىنلار غەيرەت بىلەن جۇرئەتنىڭ قېنىنى ئىچىشكە ئالدىراپ ، قايتا ھەر مىللەت قىزلىرىغا ئۆزگەردى - دە ، بۇ يىگىتلەر نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ قىزىقسىنىپ ماراشتى ۋە ئۇلارنى مازاق قىلىپ كۈلۈشتى .

— قاپاق باشلارنىڭ ئۆلىدىغان چېغىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشقىنىنى قاراڭلار !

— كىتاب ئوقۇسا بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغاندەك !

— كىتاب دېگەننى ئاشۇنداق دۆتلەر ئوقۇيدۇ .

— شۇ ئەمەسمۇ !

يىگىتلەر ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى . ئۇلار ئوقۇغانسېرى كىتاب يەنىمۇ يارقىن نۇرلىنىشقا باشلىدى . كىتاب نۇرلانغانسېرى يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت تولۇشقا باشلىدى . ئاخىر ئۇلارنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرى تاشتەك چىڭىپ ، بەدەنلىرى گويا پولاتقا ئايلاندى .

ئۈچ يىگىت خۇددى ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك ھۆركىرەپ ، سەكرەپ قوپۇشتى - دە ، جىنلارغا ئېتىلدى . ئادەملەر بىلەن جىن - ئالۋاستىلار ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى . يىگىتلەر ئاتقان ھەربىر مۇشت ، ھەربىر پەشۋا جىنلارنى نەمۇنەلەرگە ئۇچۇرتۇپ تاشلايتتى . جىنلار گاھ ھايۋانلارغا ، گاھ قىزلارغا ئۆزگىرىپ ، بار ھۈنىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ، كەينى - كەينىدىن موللاقلاپ چۈشۈپ جان بەردى . جادۇگەر موماي بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىنى باسالماي تىپىرلاپ كەتتى .

— ھۇ ، ئۆلگۈرلەر ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆزىنىڭ بوران ھۆۋلىغاندەك ئاۋازى بىلەن ۋە يىگىتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇچۇپ

كەلدى .

جادۇگەر موماي ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى . ئۇ گاھ ئۇيغۇر قىزغا ، گاھ خەنزۇ قىزغا ، گاھ ياۋروپالىق قىزغا ئۆزگىرىپ يىگىتلەرنى قايمۇقتۇراتتى ؛ شەپەرەڭدەك ئۇچاتتى ، چىلبۆرىدەك يۈگۈرۈپ ئېتىلاتتى ؛ بىردەم شامال چىقارسا ، بىردەم ئوت پۈركۈيتتى . ئەمما ، نۇرلۇق كىتابتىن كۈچ ئالغان يىگىتلەرمۇ بوش كەلمىدى . ئۇلارنىڭ مۇشتلىرى بازغاندەك تېگەتتى ، سەكرەپ چىقىپ پەشۋا ئاتسا غارنىڭ دىۋارلىرى تىترەپ كېتەتتى . ئاخىر جادۇگەر مومايىنىڭ ياش قىزلارغا ئۆزگەرگۈدەك مادارى قالمىدى ، قېچىپ قۇتۇلماقچى بولدى ، لېكىن قۇتۇلالمىدى . يىگىتلەر ئۇنى كەينى ـ كەينىدىن مۇشتلاپ يانچۇزۇۋەتتى . جادۇگەر موماي كۆزلىرىنى يۇمدى ـ دە ، بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى .

ئۈچ دوست غاردىن سىرتقا چىقتى . باتۇر نۇرلۇق كىتابنى غار ئېغىزىغا قارىتىپ ئېگىز كۆتۈردى . كىتابنىڭ ئۆتكۈر نۇر ئېقىمى غار ئىچىگە كىردى . غار ئۆز ئىچىدىن پارتلاپ ، گۈمۈرۈلۈپ ، كۆمپەيكۈم بولۇپ كەتتى . يىگىتلەر كۆكرەكلىرىنى كېرىپ ، باھادىرلارچە قەدەم تاشلاپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇردى .

## ئىككىنچى باب

تۇزلەڭ چۆل . كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى . يىگىتلەر ھەيران بولۇشتى .

— ئەجەب ئىش ! — دېدى جۇرئەت ، — بىز بۇ سەپەرگە چىققاندىن بېرى كۈن ئولتۇرمىغان ، كەچ كىرمىگەنىدىغۇ .

— پەرىزات بىزگە ئەمدى كەچ كىرمەيدۇ ، سىلەر ئۇچۇن ئەمدى ۋاقىت ئۇقۇمى يوق دېگەنىدىغۇ ، — دېدى غەيرەت .

— بەلكىم سەپىرىمىزنىڭ ۋاقىتتىن ئايرىلغان قىسمى ئاياغلاشقاندۇ ، — دېدى باتۇر .

دەل شۇ چاغدا ئاق بۇلۇتلار ئىچىدىن كىچىككىنە ئاق ماشىنا ئاجرىلىپ چىقتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

— پەرىزات ! — ئۈچ دوست بىراقلا خىتاب قىلىشتى .

ئاق كىيىملىك پەرىزات كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى .

— يارايسىلەر ، يىگىتلەر ، — دېدى ئۇ ئۈچ دوستقا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ ، — سىلەر بۇ قېتىمقى سىناقتىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۈڭلار . تەبىئەت ئاپەتلىرى سىلەرنى قورقۇتالمىدى ، ياۋايى ئادەملەرگە پەم - پاراسەت بىلەن تاقابىل تۇرالىدىڭلار ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ۋەسۋەسىسى سىلەرنى ئازدۇرالمىدى .

يىگىتلەر پەرىزاتنىڭ ھەربىر سۆزىنى چىن ئىخلاسى بىلەن تىڭشاپ سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى .

— سىلەر ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار دۇنياسىدىن ھەم ماكان ، زامان ئۇقۇمىدىن ئايرىلىپ سەپەر قىلدىڭلار ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پەرىزات ، — بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ھەقىقىي ئادەملەر ئارىسىغا بارىسىلەر . شۇڭا ، ئەمدى ۋاقىت ئۇقۇمى ئەسلىگە كېلىدۇ . سىلەر ئەمدى كۈندۈز بىلەن كېچىنى پەرقلەندۈرىدىغان بولىسىلەر .

— ئەمدى قاياققا بارىمىز ؟ — سورىدى باتۇر .

— قەيەردىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا بارىمىز ؟ — دەپ سورىدى غەيرەت .

— بىز كۆرىدىغان ئادەملەر نەدە ؟ — دەپ سورىدى جۈرئەت .

— مەن سىلەرگە ئەمدى ماڭىدىغان يولۇڭلارنى كۆرسىتىپ قوياي دەپ كەلدىم ، — دېدى پەرىزات يىگىتلەرگە مەنىلىك قاراپ ، — ئالدىڭلاردا بىر شەھەر بار . ئۇ يەر «ئاجايىپ شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ . سىلەر شۇ شەھەرگە بارىسىلەر . لېكىن ، ھازىر كەچ كىرىپ قالدى . سىلەر مۇشۇ يەردە قونۇپ ، ئەتە ئەتىگەندە

يولغا چىقىڭلار .

— ماقۇل ، پەرىزات ، — دېيىشتى يىگىتلەر .

— بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىڭلاردىمۇ مۇشۇنداق ئۈم ـ ئىناق بولۇڭلار ، — دېدى پەرىزات ۋە يىگىتلەر بىلەن خوشلىشىپ ، ماشىنىسىغا ئولتۇردى . ئاق پىكاپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولدى .

قاراڭغۇ چۈشتى . يىگىتلەر داق يەردە سوزۇلۇپ ياتتى . ئۇلارنىڭ بۇنداق ياتمىغىنىغا ۋە ئۇخلاپ باقمىغىنىغا بەك ئۇزاق بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار يېتىپلا راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قالدى .

باتۇر ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەنلا بىر شېرىن چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ مۇئەللەقتە لەيلەپ يۈرەتتى . ئاق مامۇقتەك يۇمران بۇلۇتلار ئۇنى ئەركىلىتىپ ، يۈزىنى ، قوللىرىنى سىلاپ ئۆتەتتى . ئەتراپىدا نۇرلۇك چىرايلىق قۇشلار ۋىچىرلىشىپ ، گويا جەننەتنىڭ قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتى . يەرمۇ ، ئاسمانمۇ بىر تۇتاش رەڭگارەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەنىدى . باتۇر شۇ گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كېپىنەكلەر بىلەن بىللە ئۇچۇپ ، يايراپ يۈرەتتى . ئۇشتۇمتۇت يىراقتىكى ئاق بۇلۇتلار ، گۈللەر ۋە كېپىنەكلەر ئارىسىدىن بىر نۇرلۇق چىراي سۇزۇلۇپ چىقتى . بۇ شۇنچە گۈزەل ، شۇنچە بەختىيار ، شۇنچە ھېسسىياتلىق بىر قىزنىڭ شوخ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى ئىدى . باتۇر ئۇنىڭغا ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى . ئۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈشكە تىرىشاتتى . لېكىن ، ئاشۇ ئاق بۇلۇتلار ، گۈللەر ، كېپىنەكلەر ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئېنىق كۆرسەتمەي توسۇپ تۇراتتى . باتۇرنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلگەنىدى ، كۈچلۈك سۆيگۈ يالقۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىز تەرەپكە تەلپۈندى ، ئىنتىلدى ، لېكىن يېتىپ بارالماي تۇرۇپ ئويغىنىپ كەتتى .

قۇياش خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئەتراپ يوپيورۇق ۋە تىپتىنچ ئىدى . غەيرەت بىلەن جۇرئەتمۇ كۆزلىرىنى ئاچتى . ئۈچ دوست پەرىزات كۆرسەتكەن تەرەپنى كۆزلەپ يولنى

داۋاملاشتۇردى .

— باتۇر ئۇيقۇڭ ئېچىلماپتۇمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى غەيرەت .

— ئويچان ، غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ ، — دېدى جۇرئەت .

— ياق ، ياق . . . ھېچ ئىش يوق . . . . — دېدى باتۇر دۇدۇقلاپ .

ھالبۇكى ، باتۇر ھەقىقەتەنمۇ چۈشىنىكسىز بىر شېرىن خىيالغا بېرىلىپ كەتكەنىدى . ھېلىقى چۈشىدە كۆرگەن قىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . باتۇر ھەرقانچە ئويلىماسلىققا تىرىشىپ باقسىمۇ ، بۇنىڭغا ئامال يوق ئىدى ، ئۇنى ئويلىماي تۇرالمايتتى . ئۇ قىزنى چۈشىدە ئەمەس ، گويا ئوڭىدا كۆرگەندەكلا تۇيۇلاتتى . «قىزىق ئىش ! — دېدى باتۇر ئۆز ئىچىدە ، — بۇ بەرىبىر چۈش ، بىر قېتىملىق شېرىن چۈش . ئۇ قىز ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس . شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۇنتۇيالمايمەن؟» يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب تاپالمايتتى . شۇنداقلا ئاشۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان شېرىن خىيالدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى .

يىگىتلەر قانچىلىك ماڭدىكىن ، ئىشقىلىپ بىر چاغ بولغاندا يىراقتا بىر چوڭ شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى .

— پەرىزات ئېيتقان شەھەر شۇ ئوخشايدۇ ، — دېدى غەيرەت .

— شۇنداق ، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى جۇرئەت .

باتۇر تېخىچە ھېلىقى شېرىن چۈشنىڭ تەسىرىدە بولغاچقا ، گەپ قىلمىدى .

ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاشتى . بۇ خۇددى قەدىمكى زامانلاردىكى قەلئەلەرگە ئوخشاش تۆت ئەتراپى ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان شەھەر ئىدى . يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ تۆپىسىگە چىرايلىق ھۆسنخەت نۇسخىسىدا «ئاجايىپ شەھەر» دەپ يېزىلغانىدى . يىگىتلەر دەرۋازىدىن كىردى ـ دە ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر زامانىۋى چوڭ شەھەر قۇچاق ئاچقان بولۇپ ، شەھەر دەرۋازىسى

سىرتىدىكى چۆل ۋە قەدىمكى سېپىللار بىلەن كەسكىن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى . كۆپ قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار قاتار - قاتار تىزىلغانىدى . كەڭ - ئازادە ئاسفالت يوللاردا تۈرلۈك ئاپتوموبىللار تولۇپ كەتكەنىدى . بازارلارغا چىرايلىق كىيىنگەن ئادەملەر تولۇپ كەتكەنىدى . ئۈچ دوست شەھەرگە كىرىپ ، سەلدەك ئېقىۋاتقان يولۇچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ئۇلار كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ شەھەرنى تاماشا قىلدى . كەچ كىردى . كوچىلاردىكى رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ يورۇقلۇقى شەھەرگە يەنە باشقىچە گۈزەللىك ئاتا قىلدى .

— ئەمدى نەگە بارىمىز ؟ — سورىدى جۇرئەت .

— نەدە قونىمىز ؟ — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى غەيرەت .

— ياتىدىغان بىرەر ئۆي تاپايلى ، — دېدى باتۇر .

دەل شۇ چاغدا كىچىككىنە ئاق پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

— پەرىزات ! — يىگىتلەر بىر ئېغىزدىن خىتاب قىلىشتى .

پەرىزات ھەردائىمقىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ماشىنا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقاردى ۋە ئارتۇق سۆز قىلماستىن :

— ئاۋۇ مېھمانخانىدا قونۇڭلار ، — دەپ قولى بىلەن يول بويىدىكى كۆپ قەۋەتلىك ئېگىز بىنانى كۆرسەتتى - دە ، يەنە ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى .

يىگىتلەر پەرىزات كۆرسەتكەن بىناغا كىردى . بۇ تولىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن كاتتا مېھمانخانا ئىدى . لېكىن ، يىگىتلەرنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى ، ھېچكىم ئۇلاردىن پۇل تەلەپ قىلمىدى . ئەكسىچە ، رەتلىك كىيىنگەن بىر مۇلازىمەتچى قىز ئۇلارنى باشلاپ ، پاكىز ۋە ئازادە ئۈچ كارىۋاتلىق ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى .

— بولىدىغان ياتاق ئىكەن ، مۇنچىسىمۇ بار ئىكەن ، — دېدى جۇرئەت .

— پۇل تۆلىمەيلا مۇشۇنداق ياتاقتا ياتساق ، نېمىدېگەن ياخشى

ئىش بۇ ـ ھە !— دېدى غەيرەت يۇمشاق خۇرۇم ساپاغا ئولتۇرۇپ .
— بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پەرىزاتنىڭ كۆرسىتىۋاتقان كارامىتى ، — دېدى باتۇر .
— توغرا ، شۇنداق ، — دېيىشتى غەيرەت بىلەن جۇرئەتمۇ باشلىرىنى لىڭشىتىپ .
دوستلار ئۇخلاشقا ياتتى . غەيرەت بىلەن جۇرئەت دەرھال ئۇيقۇغا كەتتى . لېكىن ، باتۇر ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى . ئۇ تېخىچە ھېلىقى چۈشىدە كۆرگەن قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتكۈزەلمەيتتى . تۇۋا ! ئۇ قىزنى چۈشۈمدە ئەمەس ، خۇددى ئوڭۇمدا كۆرگەندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ ! دەپ ئويلىدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ . ئۇ تەستە ئۇخلىدى ۋە يەنە چۈش كۆردى . چۈشىدە يەنە ھېلىقى قىزنى كۆردى . يەنە شۇ ئاق بۇلۇتلار ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ، كېپىنەكلەر ئارىسىدىن شۇ قىز سۇزۇلۇپ چىقتى . بۇ قېتىم باتۇر ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئېنىق كۆردى . قىزنىڭ ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكىنى ۋە دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى سەلكىن شامال يېنىككىنە ئۇچۇرتۇپ ئوينىتاتتى . ئۇ بەختىيار كۈلكىسىنى ياڭرىتىپ ، باتۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلمەكتە . باتۇرمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . لېكىن ، ئۇلار پەقەتلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشالمىدى . ئۇشتۇمتۇت شامال كۈچىيىپ كەتتى . قىز يۈگۈرۈشتىن توختاپ قالدى . شامال ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى شىددەت بىلەن ئۇچۇرۇپ لەپىلدىتەتتى . قىز توڭلاپ كەتتى ۋە يالىڭاچ بىلەكلىرىنى قوللىرى بىلەن مەھكەم قىسىپ ، دۈگدىيىپ قالدى . ئۇ باتۇرغا ئىلتىجا ۋە يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى . باتۇر ھەرقانچە كۈچەپ يۈگۈرسىمۇ زادىلا بىر ئىزدىن ئاشالمايۋاتاتتى . بارغانسېرى كۈچلۈك سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال قىزنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىپ ، تىلىۋەتتى . كۆڭلەكنىڭ يىرتىلىپ ، ئۈزۈلۈپ چىققان پارچىلىرى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى ، قىز باتۇرغا ، باتۇر قىزغا دەرمانسىز ئىنتىلىش بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى . . .

شۇ يەرگە كەلگەندە باتۇر ئويغىنىپ كەتتى . دېرىزىدىن ئالتۇن ئورغاقتەك ئىنچىكە ئاي ۋە سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلار جىمىرلاپ كۆرۈنەتتى . باتۇر چۈشىدە كۆرگەن قىزنى ئويلاپ ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى .

ناشتىدىن كېيىن ئۈچ دوست يەنە يولغا چىقتى . ئۇلار بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتتى . ھەممىلا يەردە گۈزەل مەنزىرە دىللارنى خۇش قىلاتتى . كەڭ ۋە دەرەخلىك كوچىلار ، فونتانلار ، گۈلزارلار ، باغچىلار ، ھەشەمەتلىك بەزمىخانىلار ، كۆركەم رېستورانلار ، رەتلىك ، يارىشىملىق كىيىنگەن خۇشخۇي كىشىلەر . . .

يىگىتلەر شۇ تەرىقىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ، يەنە بىر كوچىغا كەلگەندە ئەجەبلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا توختاپ قالدى .

— نېمىدېگەن پاسكىنا كوچا بۇ ! — دېدى جۈرئەت ئۇيان - بۇيان بۇرۇلۇپ قاراپ .

— نېمىدېگەن سېسىقچىلىق ! — دېدى غەيرەت يىرگەنگەندەك قىياپەتتە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

— بۇ قانداق كوچا ؟ — سورىدى باتۇر چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىن چىقىپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان كىشىدىن .

ئۇ كىشى يىگىتلەرگە زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن گەپ قىلماي ئۇدۇلدىكى تامنى قولى بىلەن كۆرسەتتى . كىرلىشىپ ، شالتاقلىشىپ كەتكەن تامغا «غەيۋەتخورلار كوچىسى» دەپ يېزىلغان بىر تاختا مىخلاپ قويۇلغانىدى . يىگىتلەر بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى .

— قارىغاندا ، سىلەر بىزنىڭ بۇ ئاجايىپ شەھەرگە يېڭىدىن كەلگەندەك تۇرىسىلەر ، — دېدى ھېلىقى ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان ئادەم ، — بۇ كوچىغا كىرىپ ، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار .

— نېمە ئۈچۈن بۇ كوچىغا بۇنداق غەلىتە نام قويۇلغان ؟ — سورىدى باتۇر .

ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان كىشى شۇنىمۇ بىلمەمسەن ؟ دېگەندەك قىلىپ ، ئۇنى مەنسىتمىگەن تەرىقىدە ئالىيىپ قويدى .

— بۇ كوچىدا غەيۋەتخورلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، — دېدى ئۇ بىلەرمەنلىكى چىقىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا ، — بىز غەيۋەتخورلار ناھايىتى ئەقىللىق كېلىمىز . شۇڭا ، باشقىلارنى ياراتماي ، ئۆزىمىز ئايرىمچە يول تۇتۇپ ، مۇشۇ كوچىدا ماكانلاشتۇق . بۇ كوچىدىكى كىشىلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بولىدىغان گەپلەرنى سۆزلەپ تەشۋىق قىلىشىدۇ . سىلەرمۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز سۆزلىشىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ قويۇڭلار ، بىلىدىغىنىڭلار كۆپىيىپ قالىدۇ .

— دۇنيادىكى ھەممە گەپنى ئاڭلاپ قويۇش ، ئەلۋەتتە پايدىلىق ، — دېدى غەيرەت .

— يۈرۈڭلار ، ئاڭلاپ باقايلى ، — دېدى جۈرئەت .

يىگىتلەر كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىردى . بىر كونا بىنانىڭ دوقمۇشىدا بىر توپ ئادەم يىغىلىپ تۇراتتى . يىگىتلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .

توپ ئىچىدىكى بىر كىشى سۆزلەۋاتاتتى :

— ھېلىقى ھەسەن قوتۇر دېگەن ماز قېرىغىنىنى تۈيماي ھەر كۈنى سەھەردە ياشلاردەك تەنھەرىكەتچى كىيىمىنى كىيىپ باغچىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىكەن .

توپلىشىپ تۇرغانلار بەس - بەستە سۆزلىشىپ كېتىشتى :

— قېرىپ قالغاندا مازلىشىپ ، شۇمۇ ئىشمۇ ! باغچىدا يۈگۈرۈپ چېنىقارمىش تېخى !

— چاچلىرىغا ئاق كىرىپ قالغان ئادەم بولغاندىكىن قېرىلارغا لايىق كىيىملەرنى كىيىپ سالاپەتنى ساقلاپ يۈرسە بولمامدۇ !

— «قېرىغاندا قېرى تارتۇق ، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەن شۇ - دە .

شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان غەيۋەتخورلار توختىماي سۆزمەنلىك قىلىشىپ ، ئاشۇ ھەسەن قوتۇر دېگەن بىر

كىشىنى بىر تىيىنغا يارىماس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى .

ئۈچ دوست ئۈلاردىن ئۆتۈپ نېرىدىكى بىر ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يىغىلغان يەنە بىر توپ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .

كىمدۇر بىرى سۆزلەۋاتاتتى :

— ھېلىقى سەمەت كالۋا دېگەننىڭ ئوغلى تۈنۈگۈن كەچتە غەرق مەست دەلدەڭلىگىنىچە ئۆيىگە ئاران كىرىپ كەتتى .

توپ ئىچىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى :

— سەمەت كالۋانىڭ ئۇ ئوغلى ھەر دائىم ھەر قىسما ساياقلار بىلەن بىللە يۈرىدۇ .

— دائىم بەزمىخانا ، رېستورانلاردىن نېرى كەتمەيدۇ .

— شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپىدۇ ـ ھە ؟

— مەن ئۇنىڭ بىر بۇزۇق قىزنى تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم جۇمۇ .

ئۈچ دوست بۇ غەيۋەتخورلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلانغان ھالدا باشلىرىنى چايقاشتى ۋە بۇ كوچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئەسكى ھاجەتخانا ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى . گەپدانلاردىن بىرى ناتىقلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى :

— ھېلىقى ئەھەت مايماقنىڭ خوتۇنى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن قۇندۇز پەلتودىن بىرنى سېتىۋاپتۇ جۇمۇ !

توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەش ئىقتىدارىنى كۆرسەتكىلى تۇردى :

— پەلتو دېگەن كىچىك گەپقۇ . تۈنۈگۈنكى تويغا ئۇ راۋۇرۇس برىليانت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكتىن ئىككىنى سېلىپ بېرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغانمۇ سىلەر ؟

— ۋاي ، ئۇ دائىم پۇل دېگەننى سانىماي خەجلەيدۇ .

— بىر يەردىن قوشۇمچە كىرىم قىلمىسا ، ئۇنچىلىك پۇل نېمە قىلسۇن ئۇ گادايلاردا ؟ !

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ! نېرىقى مەھەللىدىكى ھېلىقى پايپاق سېتىپ باي بولۇپ كەتكەن مەخەت بۇقا بىلەن چاتىقى بار دەيدۇ ئۇنىڭ . . .

ئۈچ دوست بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى .

— نېمىدېگەن تېتىقسىز خەق بۇ ، — دېدى باتۇر بۇ كوچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا .

— نېمىدېگەن سېسىق گەپلەر ، — دېدى غەيرەت .

— شۇڭا ، بۇلارنىڭ كوچىسى ھەم پاسكىنا ، ھەم سېسىق ئىكەن ئەمەسمۇ ، — دېدى جۇرئەت .

ئۈچ دوستنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغان غەيۋەتخورلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇشتىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى :

— ھەي دۆتلەر ، پاسكىنا ، سېسىق بولۇش دېگەن شەرەپلىك !

بۇ غەلىتە خىتابنى ئاڭلاپ ئۈچ دوست ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي كۈلۈپ كەتتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىردەمدىلا يەنە ئۇزۇلۇپ قالدى ، چۈنكى ئۇلار ئەمدى كىرگەن كوچىنىڭ يوللىرىدا باشتىن ـ ئاياغ ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر نەشتەر ، مىخلار تىزىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ئادەم ئىنتايىن پەخەس بولۇپ ماڭمىسا پۇتلىرىغا سانجىلىپ كېتەتتى .

— بۇ ئەمدى قانداق كوچا ؟ — دەپ سورىدى جۇرئەت يول ئۈستىدىكى تىغلارغا قاراپ .

— ئەنە ، قاراڭلار ، — دېدى غەيرەت تامنىڭ چېتىدىكى مىخلاپ قويۇلغان تاختىنى كۆرسىتىپ .

— «ھەسەتخورلار كوچىسى» ، — دەپ ئوقۇدى باتۇر شۇ تاختىغا يېزىلغان خەتنى .

يىگىتلەر پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ ، ھەسەتخورلار كوچىسىغا ئىچكىرىلەپ كىردى . ئۇشتۇمتۇت بىر ئادەمنىڭ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ۋاي خالايىق ، ئەمدى قانداق قىلىمەن ! ۋاي خالايىق ،

بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ! ھېلىقى ھوشۇرەكنىڭ قويلىرى ئوتتۇزغا يېتىپتۇ. لېكىن، مېنىڭ قويلىرىم ئاران ئۈچ تۇرسا. بۇنىڭغا قانداق چىدىغىلى بولىدۇ؟ خەپ، توختاپتۇر، ھوشۇرەك! خەپ توختاپتۇر، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم، كاللاڭنى يانجىپ تاشلىمايدىغان بولسام...

باتۇر ۋايساپ سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھوشۇرنىڭ قويلىرى ئوتتۇزغا يەتكەن بولسا، سىز نېمانچە قاقشاپ كېتىسىز؟ سىزمۇ قويلىرىڭىزنى ئوبدان بېقىپ كۆپەيتسىڭىز بولدى ئەمەسمۇ.

— ياق! — دەپ تېخىمۇ بەكرەك ۋارقىراپ كەتتى بۇ قاتىل چىراي ئادەم، — ئۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ! ئۇنىڭ قويلىرىنى بوغۇزلاپ تاشلايمەن. ھوشۇرەكنىڭ پېيىنى قىرقىپ تاشلايمەن. كەينىدىن ئورا كولاپ، ئېشىغا زەھەر سېلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن!

شۇ ئەسنادا ئۆي - ئۆيلەردىن بىرمۇنچە كىشىلەر چىقىپ كېلىشتى.

— توغرا! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار ھەيۋە قىلىپ، — ھوشۇرەكنىڭ قويلىرى ھەممىمىزنىڭكىدىن جىق بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك!

توپنىڭ ئارقىدا تۇرغان مۇتتەھەم چىراي بىر كىشى ئالمان - تالمان كېلىپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاقشاپ كەتتى:

— ھېلىقى غوپۇرەكنىڭ ئۆيى ھەممىمىزنىڭ ئۆيىمىزدىن ھەشەمەتلىك. بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ! ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىمەن، غوپۇرەكنى سويۇپ تاشلايمەن!

يەنە بىر ئۆلۈك چىراي رەزگى ئادەم تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك چىرقىراپ كەتتى:

— ھېلىقى روزەك دېگەن كاززاپ مەنسەپ تۇتۇپ، چوڭ باشلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ۋاي بۇنىڭغا قانداق چىدايمەن؟ ئۇنى

يوقىتىۋەتمىسەم بولمايدۇ !

ئۈچ دوست توۋا دېيىشىپ ، بۇ كوچىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەنە بىر تەلۋە چىراي ئادەم ئۇچرىدى . ئۇ خۇددى تەركىدۇنيا بولغان زاھىتتەك ئەتراپتىكى ھېچكىمگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى :

«ھېلىقى ساۋۇرەكنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئابرۇيى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ . ھەممە ئادەم ئۇنى ماختايدۇ . ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان تۆھمەتتىن بىرنى راسا قاملاشتۇرۇپ توقۇپ چىقىش كېرەك ياكى بولمىسا ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئورا كولاپ چۇشۇرۇۋېتىش كېرەك . . . »

— ئۇ قوينىغا پىچاق تىقىۋاپتۇ ، — دەپ پىچىرلىدى جۇرئەت ئىككى دوستىغا .

— بۇ كوچىدىكى ھەممە ئادەم قوينىغا تىغ سېلىپ يوشۇرۇپ يۈرىدىكەن ، — دېدى غەيرەتمۇ ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ .

— تىغ ، پىچاقلىرىنى بەزىلەر يوشۇرۇۋاپتۇ ، بەزىلەر ئاشكارا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ، — دېدى باتۇر .

دېمىسىمۇ ، بۇ كوچىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قوينىدا ۋە قولىدا تىغ بار ئىدى . شۇنداقلا يوللاردىنمۇ ، ھەتتا تاملاردىنمۇ ھەر خىل تىغلارنىڭ ئۇچلىرى چىقىپ تۇراتتى . يىگىتلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا چامداپ ، تىغلارغا تولغان ھەسەتخورلار كوچىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، تىغ تۇتقان ھەسەتخورلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن لەنەت ياغدۇردى :

— قاراڭلار ، ئاۋۇ ئۈچ ئەبلەخ تازىمۇ غەمسىز كۆرۈنىدۇ .

— ئۇلار غەمسىز يۈرسە بولمايدۇ !

— ئۇلارغىمۇ پالاكەت ياغدۇرۇشىمىز كېرەك !

— ئۇلارنىڭ بۇنداق غەمسىز ، خاتىرجەم يۈرۈشىگە يول قويمايمىز !

يىگىتلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، يۈگۈرگىنىچە قېچىپ كەتتى .

— ساراڭمۇ بۇ خەق ! — دېدى جۇرئەت غەزەپلىنىپ ۋە ئەجەبلىنىپ .

— نېمىدېگەن قارا كۆڭۈل ، ئىچى يامان خەق بۇ ! — دېدى غەيرەت .

— ھەسەتخورلارنىڭ ئىچى قان ـ زەردابقا تولۇپ كېتىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە ، — دېدى باتۇر .

يىگىتلەر پاراڭلاشقاچ مېڭىپ بىر نامسىز كوچىغا كېلىپ قالدى . بۇ كوچىدىكى ئادەملەر بىر قارىسا ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە ، ئەدەپلىك ، يەنە بىر قارىسا ، ناھايىتى قوۋ ، ھىيلىگەر كۆرۈنەتتى . يىگىتلەر ئۇدۇل كېلىپ قالغان بىر كىشىدىن :

— بۇ قايسى كوچا ؟ — دەپ سوراشتى .

ئۇ كىشى قانداقتۇر سىرلىق كۈلۈمسىرەپ ، ئۇياق ـ بۇياققا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى ـ دە ، يىگىتلەرگە يېقىن كېلىپ ، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ بوش ئاۋازدا سۆزلىدى :

— بۇ خۇشامەتچىلەر كوچىسى . بىز خۇشامەتچىلىك پائالىيەتلىرىمىزنى ئادەتتە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي خۇپىيانە ئېلىپ بارىمىز . شۇڭا ، بۇ كوچىمىزنىڭ نامىنىمۇ ھېچ يەرگە يېزىپ قويمىدۇق .

— خۇشامەتچىلىك پائالىيىتى دېگىنىڭىز قانداق گەپ ؟ يەنە تېخى خۇپىيانە دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ چۈشىنەلمىدىم ؟ — دەپ سورىدى جۇرئەت .

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭىز يەتمەمدۇ ! — دېدى ھېلىقى كىشى جۇرئەتكە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ ، — بىز باشلىقلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى ئويلاپ ، تەتقىق قىلىپ ، تۈلۈك ـ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىمىز . مەسىلەن ، پارا بېرىمىز ، يالغاندىن ماختايمىز ، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىمىز ، پات ـ پات ئۆيىگە كىرىپ يوقلاپ تۇرىمىز . . .

— پارا بەرگىنىڭلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىسى ياخشى ئىشلار ئىكەنغۇ، — دېدى غەيرەت.

— ياق، يەنە چۈشەنمەيۋاتىسىز، — دېدى ھېلىقى خۇشامەتچى ئادەم، — سىلەرنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشىڭلار بىلەن بىزنىڭ قىلغىنىمىز زادى ئوخشىمايدۇ. سىلەر باشقىلارغا ياردەملەشسەڭلار، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرساڭلار ياكى ماختىساڭلار بۇنىڭ ھەممىسىنى غەرەزسىز ھالدا دوستلۇق ھېسسىياتىڭلار بىلەن ياكى شۇ كىشىگە بولغان ھۆرمىتىڭلار بىلەن قىلىسىلەر. باشلىقلارغىمۇ، باشلىق ئەمەسلەرگىمۇ ئوخشاشلا ياخشىلىق قىلىۋېرىسىلەر. بىز پەقەت باشلىقلارغىلا خۇشامەت قىلىمىز، باشلىق ئەمەسلەر بىلەن كارىمىز يوق. بىز نېمە ئىش قىلساقمۇ پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلەپ قىلىمىز، ئالدىدا خۇشامەت قىلغان بىلەن كەينىدىن تىللايمىز. ئۇ باشلىق مەنسەپتىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمايمىز ۋە يەنە يېڭى باشلىقلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايمىز.

— ئۇنداق قىلساڭلار ياخشى ئەمەسقۇ، — دېدى باتۇر.

— سىلەر ئۇچۇڭلار تازا ئەخمەق ئىكەنسىلەر، — دېدى خۇشامەتچى ئادەم، — كاللىسى ئىشلەيدىغان چېچەن ئادەملەر بىزدەك قىلىدۇ.

شۇ ئەسنادا ياندىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ماراپ تۇرغان بىر تۈلكە چىراي ئادەم خۇددى قۇيرۇق شىپاڭشىتقاندەك نايناقلاپ كەلدى - دە، ئۈچ دوست بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان خۇشامەتچىنى چەتكە تارتىپ:

— بۇ ئۇچەيلەن بىزنى مەخپىي تەكشۈرگىلى كەلگەن باشلىقلارغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى نەپەر كەسپىي خۇشامەتچى بىراقلا غەيرىي تەبىئىي ھالدا ئەركىلەپ، تۈلكىلىك قىلىپ، ئۈچ دوستقا خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرغىلى تۇردى:

— ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە كىرەيلى، بىر چىنە چاي قۇياي.

— ياق ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرەيلى . كۆزۈمگە ئەجەب ئىسسىق كۆرۈندۈڭلار . . . ھى ـھى ـھى . . . ئۆز قولۇمدا بېقىۋاتقان بىر پاقلىنىم بار ، سىلەردەك ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا سويۇپ بېرەي .

— رەھمەت ، بىز باشلىق ئەمەس ، — دېدى باتۇر ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ .

— ئەمىسە ساياھەت قىلىپ كەلگەن باي خوجايىن ئىكەنسىلەر ـ دە ؟

— ياق ، ياق . بىز باشلىقمۇ ئەمەس ، بايمۇ ئەمەس . بىز ئادەتتىكى زىيالىي .

— نېمە ! — دەپ غەزەپلەندى ئىككى خۇشامەتچى ، — ئەمىسە نېمە قىلغىلى كېلىشتىڭ بىزنىڭ كوچىغا ؟ دەرھال يوقىلىش ! ئىككىنچى كۆزىمىزگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما ! كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىپ قويىمىز !

— ئېغىزلىرىڭغا بېقىپ گەپ قىلىش ! نېمە بىكاردىن ـ بىكارغا ئادەمنى ھاقارەتلەيسەن ؟ — دېدى غەيرەت مۇشتلىرىنى تۈگۈپ .

جۇرئەت غەزىپىنى باسالماي ئۇلاردىن بىرىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .

— بولدى ، قويۇڭلار ، ئۇلار بىلەن تەڭ بولمايلى ، — دېدى باتۇر ئىككى دوستىنى چەتكە تارتىپ .

يىگىتلەر كەتتى . ئىككى خۇشامەتچى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قار ـ يامغۇردەك تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇپ قالدى .

يىگىتلەر يەنە گۇمانخورلار كوچىسىغىمۇ كىرىپ باقتى . بۇ كوچىدىكى كىشىلەر ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيتتى ، كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكىتىنى چېكىدىن ئاشقان نازۇكلۇق بىلەن تەھلىل قىلىپ ، يوقىلاڭ مەنىلەرنى چىقىراتتى ۋە دائىم يامانلاپ ، باتناپلا يۈرەتتى . ئۇلار ھەرقانداق بىر سۆھبەت سورۇنىدا باشقىلار ماڭا تەنە گەپ قىلارمىكىن ، گەپتە چېقىۋارلارمىكىن ، ئەگەر شۇنداق بولسا دەل ۋاقتىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، قاتتىق زەربە

بىرىشىم كىرەك ، دېگەندەك ئۆيلار بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش ھالىتىدە ئولتۇراتتى . ئۇلار ھەمىشە : «جاھاندا بىر - بىرىگە سۈيىقەست قىلمايدىغان ، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەيدىغان ئادەم يوق» دەيدىغان يىرتقۇچلار پەلسەپىسىنى تەرغىب قىلاتتى .

يىگىتلەر يەنە ئالدامچىلار كوچىسى ، ساختىپەزلەر كوچىسى ، پوچىلار كوچىسى دېگەندەك ھەر خىل كوچىلارنى ئايلىنىپ چىقتى .

— بۇ كوچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئىللەتلەر يۇرتى» دەپ ئاتىسا بولغۇدەك ، — دېدى باتۇر .

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئادەملەر بۇ ! — دېدى غەيرەت .

— بۇ كوچىلاردىن ئۆتۈپ بولغۇچە كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى ، — دېدى جۇرئەت .

دوستلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلاشقاچ مېڭىپ ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى . ئەسكى - تۈسكى ، كونا ئۆيلەر قالايمىقان تىزىلغان ، ھەممە يېرىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇرغان بىر كوچا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بىر ئەسكى تامغا قارا سىر بىلەن «دۆتلەر كوچىسى» دەپ يېزىلغانىدى . يىگىتلەر باياتىن بېرى كۆرگەن ھەر خىل غەلىتە كوچىلاردا ، گەرچە پاسكىنا بولسىمۇ ، ھەشەمەتلىك ۋە كەڭ - ئازادە ، يېڭى ئۆي - ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . شۇڭا ، بۇ ۋەيرانە مەنزىرىنى كۆرۈپ ، دوستلارنىڭ باشقىدىن قىزىقىشى قوزغالدى .

— يۇرۇڭلار ، بۇ كوچىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى باتۇر .

بۇ كوچىدا ھېچ ئادەم كۆرۈنمەيتتى .

— بۇ يەردە ئادەم بارمۇ ، يوقمۇ ؟ — سورىدى غەيرەت .

— ئەنە ، بىر ئادەم تۇرىدۇ ، — دېدى جۇرئەت .

باتۇر بىلەن غەيرەت ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى . كىچىك ۋە كۆرۈمسىز بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىكى مەيداندا چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، ئاددىيلا كىيىنگەن بىر ئادەم قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن بەند ئىدى . دوستلار يېقىن كېلىپ قارىدى .

ئىشىك ئالدىدىكى مەيدانغا تۈرلۈك تەجرىبىخانا ئەسۋابلىرى، سايمان - ئۈسكۈنىلەر، كومپيۇتېر، كىتاب، ژۇرنال دېگەندەك نەرسىلەر توشۇپ كەتكەندى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئادەم يوغان ئەينەكسىمان تەخسىدەك بىر نەرسىنى پولات جاھازىلار ئۈستىگە ئورنىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

يىگىتلەر ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ئاكا، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

ھېلىقى كىشى مەشغۇلاتىنى توختىتىپ، ئويچان كۆزلىرى بىلەن يىگىتلەرگە سەپسېلىپ قارىدى.

— قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — بىلەمسىلەر، ئىنسانلار ھازىرغا قەدەر قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. شۇنچە قۇدرەتلىك ئېنېرگىيە بىكاردىن - بىكارغا ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

بۇ كىشى ئۆزىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم ئالىم ئىدى. ئۇ ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ كەتكەن بىلىملىك كىشىلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قۇياش ئېنېرگىيىسى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى بۇ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتى ئۇلغايدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلدۇق، بىزنى كەچۈرۈڭ، — دېدى باتۇر، — لېكىن سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بۇ كوچىدا نېمە ئۈچۈن ئادەم يوق؟

— ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، كوچىدا يۈرۈشكە كىمنىڭ چولىسى تېگىدۇ، دەيسىلەر، — دېدى قۇياش ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىم، — ئەنە، ئاۋۇ ئۆيدە بىر خىمىيە ئالىمى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى تەجرىبىخانا قىلىۋالغان. ئەتىگەندىن كەچكىچە شۇ تەجرىبىخانىسىدا قانداقتۇر ماددىلارنى رېئاكسىيىگە كىرىشتۈرۈپ تەجرىبە ئىشلەيدۇ. ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە بىر يازغۇچى بار. ئۇمۇ پۈتۈن كۈنىنى يېزىقچىلىق بىلەن

ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋۇ ئۆيدە بىر ئوقۇتقۇچى بار. ئۇمۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈش، ئەتىكى دەرسلەرگە تەييارلىق قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ.

— ئۆيلىرىڭلار بەك كونا ھەم بەك كىچىك ئىكەن، — دېدى غەيرەت، — ئەسلىي سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلار ئازادە بولۇشى كېرەك ئىدى. سىلەرگە تەجرىبىخانا، ئىشخانا، كىتابخانا قىلىش ئۈچۈن ئايرىم ئۆيلەر كېرەك. بولمىسا، بۇنداق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش تەس بولىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئالىم ۋە قولىنى بوش سىلكىپ قويدى ـ دە، ئارتۇق گەپ قىلماستىن يەنە تەجرىبىسىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ئالىم ئاكا، نېمە ئۈچۈن بۇ يەر «دۆتلەر كوچىسى» دەپ ئاتالغان؟ — سورىدى جۈرئەت.

ئالىم تەجرىبە سايمانلىرىدىن بېشىنى كۆتۈرمىگەن ھالدا مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— كىم بىلسۇن، — دېدى ئۇ، — كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدىكەنغۇ.

بۇ چاغدا ياندىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە قاراۋاتقان ئوغرى چىراي بىر ئادەم ماراشنى توختىتىپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كەلدى ـ دە، سۆزلەپ، قايناپلا كەتتى:

— بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دۆت! ئۇلار يا خۇشامەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، يا غەيۋەت قىلمايدۇ، يا ھەسەتخورلۇقنى چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا باشقىلار ئۇلارنى گەپتە چېقىۋالسىمۇ، تەنە قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرەلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشىدۇ. دۆت بولماي نېمە ئۇلار؟

— سەن ئۆزۈڭ نېمە قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە، خەقنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ؟ — دېدى باتۇر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— ئاۋۇ ئادەممۇ دېرىزىدىن ماراۋاتىدۇ، — دېدى غەيرەت ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەنە بىر ماراقچىنى تۇتۇپ كەلدى.

— بۇلار ئوغرىكەن. تازا بىر دۇمبالايلى بۇلارنى! — دېدى جۇرئەت.

— ياق، ياق! بىز ئوغرى ئەمەس، بىز چېقىمچى، — دەپ ۋارقىراپ كېتىشتى دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە مارىغان ئىككىيلەن.

— چېقىمچى؟ — دەپ ھەيران بولدى باتۇر.

— چېقىمچى بولساڭ خەقنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ نېمە قىلىسەن؟ — غەزەپلىنىپ سورىدى غەيرەت.

— چېقىشتۇرغۇدەك نېمە ئىش بار بۇ يەردە؟ — جۇرئەت بىر چېقىمچىنىڭ ياقىسىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدى.

— قويۇۋەت! سەنمۇ بىر دۆت نېمە ئوخشايسەن، — دەپ چىرقىراپ كەتتى چېقىمچى، — بۇ يەردە چېقىشتۇرىدىغان ئىشلار بەك جىق. كىم بىلەن كىم كۆرۈشتى، كىم بىلەن كىم سۆيۈشتى، كىمنىڭ ئۆيىگە كىم كىردى، كىمنىڭ ئۆيىدىن كىم چىقتى دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاقانغا چېقىشتۇرۇش كېرەك.

— ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارمۇ بار! — دەپ تېخىمۇ بەكرەك چىرقىراپ كەتتى ئىككىنچى چېقىمچى، — مەسىلەن، ئالايلى، كىم قاچان ياتتى، كىم قاچان قوپتى، كىم نەچچە قېتىم تالاغا چىقتى، كىم نەچچە قېتىم يۆتەلدى دېگەندەك ئىشلارنىمۇ چېقىشتۇرۇش كېرەك.

باتۇر ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. ئۇ ئاشۇ سېسىق گەپلەر چىقىۋاتقان ئېغىزغا كەلتۈرۈپ بىر مۇشت قويدى. چېقىمچى ۋاي - ۋايلاپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى. غەيرەت بىلەن جۇرئەتمۇ قول، پۇتلىرىنى ئىشقا سالدى. يىگىتلەر چېقىمچىلارنى راسا مۇشتلاپ، ئارقىلىرىغا تېپىپ، بۇ كوچىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئىككى چېقىمچى:

— خاقان سارىيىغا بارىمىز!

— خاقانغا چېقىشتۇرىمىز ! — دەپ جار سالغىنىچە قېچىپ كېتىشتى .

— بۇلار خاقاننىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ . بۇ شەھەردە خاقان بارمۇ ؟ — سورىدى باتۇر ھېلىقى ئالىمدىن .

— شۇنداق ، — دېدى ئالىم ، — بۇ ئاجايىپ شەھەرنى بىر ئاجايىپ خاقان باشقۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، ھەممە ئادەم ئۇنى ئاجايىپ خاقان دەپلا ئاتىشىدۇ .

— نېمە ئۇچۇن ئۇنى ئاجايىپ خاقان دەيسىلەر ؟ — سورىدى غەيرەت .

ئالىم ئۆزىنىڭ ئاق كۆكۈللۈكى بىلەن ئەستايىدىل چۈشەندۈردى :

— چۈنكى ، بۇ خاقان قۇياشنىڭ نۇرىدا ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھەمىشە ھەممە يېرىنى قارا يېپىنچا بىلەن يېپىپ ، قاراڭغۇلۇقتا يۈرىدۇ . ئۇ قانچىكى يېڭى نەرسىنى : «بۇ بەك يورۇق ئىكەن» دەپ چەتكە قاقىدۇ ، ھەرقانداق كونا ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىنى كۆرسە : «مانا مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقنى چىللايدىغان نەرسىلەر ياخشى» دەپ ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بىزدەك ئالىم ۋە يازغۇچىلارنى : «سىلەر يېڭىلىقنى تەرغىب قىلىدىكەنسىلەر ، سىلەر بەك يورۇق ئىكەنسىلەر» دەپ ، بىزگە شەھەردىن ئورۇن بەرمەي مۇشۇ خالتا كوچىغا پالىۋەتتى . ئاجايىپ خاقان بىزنى بەك ئۆچ كۆرىدۇ . مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەقىدىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىجراچىلىرىنى بەك قەدىرلەيدۇ .

— بۇ يەرنىڭ ئاجايىپ شەھەر دەپ ئاتىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە ، — دېدى جۈرئەت ، — بۇ شەھەردىكى پۇقرالارمۇ ، خاقانمۇ ئاجايىپ ئىكەن .

— سەمىگلارغا سېلىپ قوياي ، — دېدى ئالىم يىگىتلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ ، — ئاجايىپ خاقان تۈنۈگۈن بىر ئاجايىپ پەرمان چۈشۈردى . ئەتە سەھەردە بۇ شەھەردىكى بارلىق ياش

ئەركەكلەر ئوردا مەيدانىدىكى راۋاقنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ نۆۋەت بىلەن ئۆتۈشى كېرەك . راۋاقتا خاقانىنىڭ قىزى ئولتۇرۇپ ئۆزىگە جورا تاللايدۇ . ئۇ مەلىكە ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايدىكەن . ئۇ : «قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان قورقۇنچاق خۇشامەتچىلەردىن بىزار بولدۇم . ماڭا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان باتۇر ئادەم كېرەك » دەپتۇمىش . ئەتە سىلەرمۇ ئوردا ئالدىغا بېرىڭلار .

— بىز بارمىساقمۇ بولار ، — دېدى باتۇر .

— ياق ، بارمىساڭلار بولمايدۇ ، — ئالىم يىگىتلەرگە جىددىي قارىدى ، — كىمدەكىم ئۇ يەرگە بېرىپ مەلىكىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتمىسە ، شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ .

يىگىتلەر بۇ كۆڭۈلچەك ئالىم بىلەن خوشلىشىپ ، ئۆزلىرى ياتقان مېھمانخانىغا قايتتى .

## ئۈچىنچى باب

باتۇر چۈشىدە يەنە ھېلىقى سىرلىق قىزنى كۆردى . سوغۇق شامالدا ئۇ قىزنىڭ ئاق كۆڭلىكى يىرتىلىپ ، تىتىلىپ كەتتى . كۆڭلەكنىڭ يىرتىقلىرىدىن قىزنىڭ ئاپئاق تەنلىرى چالا - بۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ، يىرتىق كۆڭلىكى بەدىنىدە ئاران ئېسىلىپ تۇرغان ئۇ قىز ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ئېچىنىشلىق قىياپەتتە يېلىنىپ : «باتۇر ، تېز كېلىڭ ! تېز كېلىڭ ! » دەپ چاقىراتتى .

باتۇر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇ قىزغا ئىنتىلدى ، يۈگۈردى ۋە ئويغىنىپ كەتتى .

تاڭ يورۇپ قالغانىدى . ئاجايىپ شەھەردىكى بارلىق ياش ئەركەكلەر ئاجايىپ خاقان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىدى . باتۇر ، غەيرەت ، جۈرئەتلەرمۇ كېلىپ بۇ توپقا قوشۇلدى . ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە كاناي - بۇرغىلار

چىلىندى . قەدىمكى مىس دوبۇلغا ۋە پولات ساۋۇت كىيىپ ، قوللىرىدا ئاپتومات تۇتقان ۋە هازىرقى دەۋردىكى هەربىيچە فورما كىيىپ ، قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان غەلىتە نۆكەرلەر قاتار تىزىلىپ تۇردى . خاقاننىڭ جارچىسى مەيداندا يىغىلغان كىشىلەر ئالدىغا چىقىپ توۋلىدى :

— ئەي خالايىق ، ئاغىلاغىلار ، ئاغىلىمىدىم دېمەڭلار ! هازىر هەممىڭلار بىردىن ـ بىردىن تىزىلىپ ، راۋاق ئالدىدىن ئۆتۈڭلار . مەلىكە ئالىيلىرى ئاراڭلاردىن بىر كىشىنى ئۆزىگە جورا قىلىپ تاللايدۇ . مېڭىڭلار !

مەيداندا توپلانغانلار ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى :

— قاراڭلار ، مەلىكە راۋاققا چىقتى !

— ۋاھ ، نېمىدېگەن گۈزەل !

— ئۇنىڭ كىمگە كۆزى چۈشەر ؟

— قايسى تەلەيلىكنى تاللىۋالار ؟

بۇ هاياجانلىق خىتابلار باتۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . ئۇ ھەتتا راۋاق تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى . ئۇدا نەچچە كۈندىن بېرى چۈشىگە كىرىۋاتقان هېلىقى قىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كۆڭلىكى يىرتىلغان ئاشۇ قىز تېخىچە قوللىرىنى سوزۇپ ، «باتۇر ! باتۇر !» دەپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى شۇ قىزنى چۈشۈمدە كۆرىمەن ؟ دەپ ئويلايتتى باتۇر .

— ماڭايلى ، ماڭايلى ، — دېيىشتى غەيرەت بىلەن جۇرئەت ئۇنى بىلەكلىرىدىن تارتىپ .

مەيداندىكىلەر راۋاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىغانىدى . ئۈچ دوستمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا تىزىلىپ ماڭدى . ئۇلار راۋاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەلىكە ئولتۇرغان يېرىدىن ئىتتىك قوپتى ـ دە ، قولى بىلەن باتۇرنى كۆرسەتتى .

— ئۇنى تۇتۇڭلار ! — دېدى ئۇ ۋەزىرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ ، — ئۇ ھەممىدىن باتۇر ، ھەممىدىن ۋىجدانلىق ئىكەن .

مەن شۇنى تاللىدىم !

باتۇر پەقەت شۇ خىتابنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ راۋاققا قارىدى . مەلىكە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقۇدەك گۈزەل ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ گۈزەل ۋە سۈرلۈك چىرايى بىلەن باتۇرغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى .

ئىككى ۋەزىر دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ، باتۇرغا تەزىم قىلدى .

— مەرھەمەت ، ھەزرەتلىرى ، — دېدى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكىدەك ئۇزۇن شايى تون كىيىپ ، ناۋات رەڭ يىپەك سەللە ئورىغان ساقاللىق ۋەزىر باتۇرغا ئەدەپ بىلەن ئوردا دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ .

— خاقانىمىز سىزنى قوبۇل قىلىدۇ ، — دېدى ياۋروپاچە زامانىۋى كاستۇم ـ شىم كىيىپ ، گالىستۇك تاقىغان يالاڭباش ۋەزىر باتۇرغا تەكەللۇپ بىلەن قاراپ .

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە كۆپ رەھمەت ، — دېدى باتۇر سىپايىلىك بىلەن ، — لېكىن ، بىز سەپەر ئۇستىدىكى ئادەملەر . بىزنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بار . . .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋەزىرى ، — ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ، خاقانغا كۆيئوغۇل بولۇشتىن مۇھىم ئەمەستۇ .

— بۇنداق قىلسىڭىز ، مەلىكىگە ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالارمىكىن ، — دېدى ياۋروپاچە كىيىنگەن ۋەزىر سىپايىلىك بىلەن تەنبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا .

ئىككى ۋەزىر باتۇرنى ئىككى ياندىن قولتۇقلاپ ، ئوردا تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى .

— لېكىن ، مېنىڭ يەنە ئىككى بۇرادىرىم بار . . . — دېدى باتۇر ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي .

— ئۇلارمۇ كىرسۇن .

ئىككى ۋەزىر غەيرەت بىلەن جۈرئەتنىمۇ باشلاپ ئوردىغا

كىردى. زامانىۋى ياۋروپاچە كۆڭلەك ۋە قەدىمكى گۈلتاج كىيگەن گۈزەل ھەم سۈرلۈك مەلىكە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. كېنىزەكلەرنىڭمۇ بەزىلىرى قەدىمكى، بەزىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە يەنە بەزىلىرى ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەڭ يېڭى مودىلىق كىيىملىرىنى كىيىشكەنىدى.

خاقان سارىيى ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى. تۆت بۇلۇڭغا بىر كەلتۈرۈپ ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار گىلەم سېلىنغان، ئادەم بويى ئالتۇن لوڭقىلار تام ياقىلىتىپ تىزىلغان، خانا ئىچىگە كۈن چۈشمىسۇن دەپ، كەڭ دېرىزىلەرگە قارامتۇل مەخمەل پەردىلەر تارتىلغانىدى. تۆردىكى ئالتۇن تەختنىڭ ئاياغلىرىغا ئالماس ۋە گۆھەر كۆزلەر ئورنىتىلغان... تەختتە ئاجايىپ خاقان كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا تون، ئاياغلىرىغا گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن قايرىما ئۇچلۇق سېرىق ئۆتۈك، ئۇزۇن چاچلىق بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگەن بولۇپ، سېپى ئۆزىدىن ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ قايىنىمىدىن چىقىپ كەلگەن خاقان ئىدى. تەختنىڭ ئىككى يېنىدىن تارتىپ پەگاھقىچە تىزىلغان ئالتۇن كۇرسىلاردا تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ۋەزىرلىرى خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

باتۇر، غەيرەت ۋە جۈرئەت ھېلىقى ئىككى ۋەزىرنىڭ ھەمراھلىقىدا تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خاقانغا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىڭلار ۋە بۇيرۇق بېرىلمىگۈچە بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار، — دېدى ۋەزىرلەردىن بىرى.

يىگىتلەر ئېيتىلغىنى بويىچە تەزىم قىلىپ ئېگىلدى. شۇ ئارىدا گۈزەل ۋە سۈرلۈك مەلىكە خاقان تەختىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئالتۇن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى. قەدىمكى كۈسەن ئۇسسۇلچىلىرىدەك كىيىنگەن ئىككى دېدەك ئۇزۇن ساپلىق يىپەك يەلپۈگۈچلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، خاقان ۋە مەلىكىنىڭ ئارقىسىدا تۇردى ۋە ئۇلارنى لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن يەلپۈشكە

باشلىدى .
— ئەمدى بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار ، — بىر ۋەزىر يىگىتلەرگە بۇيرۇق بەردى .
ئۈچ دوست قەددىنى رۇسلاپ خاقان ۋە مەلىكىگە كۆز تىكتى . ئۇلار قارىغۇدەك بولسا ، بۇ خاقان ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ئىدى . ئۇنىڭ يۈزى بىردەم يېشىل ، بىردەم قىزىل ، بىردەم سېرىق ، بىردەم قارا بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى .
بۇ ئاجايىپ خاقاننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى ۋەزىر باتۇرنى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك تەختنىڭ يەنە بىر يېنىدىكى ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى .
— ئەي يىگىت ، — دېدى خاقان باتۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، — مېنىڭ بۇ يالغۇز قىزىم سېنى تاللىدى . ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىمەن . سەن كۈيئوغلۇم بولىسەن ، مېنىڭ ۋارىسىم بولىسەن . مەن قېرىدىم . مەندىن كېيىن سەن مۇشۇ ئاجايىپ شەھەرگە خاقان بولىسەن . بۇ شەھەر ۋە بۇ شەھەردىكى ھەممە بايلىقلار سېنىڭ بولىدۇ .
باتۇر ئەمدى نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بۇ ئاجايىپ خاقاندىن ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى . ئۇ پەرىشان ھالدا مەلىكىگە قارىدى . مەلىكە مەغرۇر ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى . باتۇر نەزىرىنى خاقانغا ئاغدۇردى . ئاجايىپ خاقاننىڭ يۈزى يېشىلدىن سېرىققا ، سېرىقتىن كۆككە ئۆزگەرگىلى تۇردى . باتۇر يىرگىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ھېلىقى چۈشىدە كۆرگەن يىرتىق كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئايانچلىق رۇخسارى گەۋدىلىنىپ چىقتى . «ئۇ قىز كىم ؟ ئۇ قىز بۇ دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ ؟ ياق ، ئۇ قىزنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك !» باتۇر خاقان ۋە مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ شۇ خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . غەيرەت بىلەن جۈرئەت باتۇرنىڭ خاقانغا قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى

كۈتۈپ ، تەختىنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى . باتۇر هارغىن قىياپەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بۇ ئىككى دوستىغا قارىدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئاھ !» دېگەن خورسىنىش ساداسى ئۇرغۇپ چىقتى ۋە ئۇ يەنە كۆزلىرىنى يۇمدى .

— بولدى ، قايتىپ تەييارلىنىڭلارنى پۈتتۈرۈڭلار ، ئەتە تويىنى باشلايمىز ،— رەڭگى ئۆزگىرىشچان خاقانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ياق ، مەن توي قىلمايمەن ! توي قىلسام بولمايدۇ . . . بۇ شەھەردىن كېتىشىم كېرەك . . . — باتۇر ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى .

— بۇ قانداق گەپ ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى خاقان ۋە ئۇنىڭ يۈزى سېرىقتىن قارىغا ئۆزگىرىپ كەتتى .

— هە ، قورقۇپ كەتتىڭما ؟ — دەپ ۋارقىرىدى مەلىكە ۋە قورقۇنچلۇق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى .

— بىزنى بىر پەرىزات سەپەرگە ئاتلاندۇرغان ، سەپىرىمىز تېخى ئاياغلاشمىدى ، — دېدى باتۇر قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ .

مەلىكمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ۋەزىرلەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ بۇيرۇق بەردى :

— ئۇنى ئاچىقىپ كېتىڭلار ! تويلۇق كىيىملەرنى بېرىڭلار ، تەييارلىق قىلسۇن . تولا نېزىقىما ، يىگىت ، سەن خاقان بولىسەن .

ۋەزىرلەر سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ كېلىپ :

— تەخت ۋارىسى بولىسىز ، باتۇر يىگىت ! پۈتۈن شەهەر سىزنىڭ بولىدۇ ،— دېگىنىچە باتۇرنى ئىككى ياندىن سۆرەشتۈرۈپ ماڭدى .

غەيرەت بىلەن جۈرئەتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتى . بۇ ئۈچ دوستقا سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق ياسالغان ئۈچ هۇجرىنى بېرىشتى .

— ئارام ئېلىڭلار ، ئەتە توي ، — دېدى ۋەزىرلەر ۋە تەزىم

قىلىپ چىقىپ كېتىشتى.

— غەيرەت، جۈرئەت، بۇياققا كېلىڭلار، — دېدى باتۇر دوستلىرىنى چاقىرىپ.

ئۈچ دوست بىر ئۆيگە يىغىلدى.

— ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي بۇگۈنلا بۇ يەردىن قاچايلى، — دېدى باتۇر جىددىيلىشىپ.

غەيرەت بىلەن جۈرئەت باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككىسى ئىككى ياققا قاراپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدى؟ گەپ قىلمايسىلەرغۇ، — دېدى باتۇر دوستلىرىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— مەلىكە بىلەن توي قىلمامسەن؟ — سورىدى غەيرەت.

— تەخت ۋارىسى بولۇشنى خالىمامسەن؟ — سورىدى جۈرئەت.

باتۇر ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار؟ بىز تېخى مەنزىلگە يەتمىدۇق. بىلەمسىلەر، مەن ھەر كۈنى چۈشۈمدە بىر قىزنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇ قىز مېنى چاقىرىۋاتىدۇ… كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ…

غەيرەت بىلەن جۈرئەتمۇ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— بولدى، بۇ گەپنى قىلمايلى، يۈرۈڭلار، قاچايلى، — دېدى باتۇر ئۇلارنى ئالدىرىتىپ.

— ھە . . . بۇ يەردىن قانداق قاچقىلى بولىدۇ؟ — دېدى غەيرەت كۆزلىرىنى باتۇرنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى باتۇر تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — پەرىزات بەرگەن نۇرلۇق كىتابىمىز بارغۇ. شۇ كىتابنى ئوقۇساق قېچىشنىڭ ئامالىنى تاپالايمىز.

— بىراق . . . — دېدى جۈرئەت ئاۋازىنى سوزۇپ ۋە يەنە يەرگە قاراپ جىمىپ قالدى.

— بىراق دەيسەنغۇ ؟ — دېدى باتۇر ئەجەبلىنىپ ، — سىلەر زادى نېمە بولدۇڭلار ؟

— ھىم . . . مۇنداق قىلساڭلار بولارمۇ ؟ — دېدى جۇرئەت بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ، — ئۇچىمىز بىللە قاچساق . . . ھىم ، ئاسان سېزىلىپ قالىمىز . . . تۇتۇلۇپ قالساق . . . خاقان ئۆچىلىمىزنى . . . ھىم . . .

— ھە ، سۆزلە ، سۆزلە . قانداق قىلساق بولىدۇ ؟ — دېدى غەيرەت بىردىنلا جانلىنىپ جۇرئەتنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ .

— ھىم . . . ئالدى بىلەن باتۇر ئىككىڭلار قېچىڭلار . ئەگەر نۆكەرلەر قوغلاپ كەلسە ، مەن سىلەرنى بۇ يەردە قوغداپ تۇرىمەن ، — دېدى جۇرئەت غەيرەتكە قاراپ .

— ھىم··· ياق ، ياق ، — دېدى غەيرەتمۇ جىددىيلىشىپ ، — ئاۋۋال باتۇر بىلەن سەن قاچقىن . . .

— ياق ، ياق ، سىلەر قېچىڭلار .

— ياق ، سىلەر قېچىڭلار .

غەيرەت بىلەن جۇرئەت تاكاللىشىپ قالدى .

— بولدى ! — خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى باتۇر ، — ئۇچىمىز بىللە كېتىمىز .

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم ، — دېدى جۇرئەت ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كەچ كىرىپ قالدى . ئاجايىپ خاقان قاراڭغۇدا ھەممە نەرسىنى ئاسان كۆرۈۋالىدۇ . كېچىدە قېچىپ چىقالىشىمىز تەس . بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ ، ئەتە ئەتىگەندە قاچايلى .

— راست ، مەنمۇ بەك ھېرىپ كەتتىم ، — دېدى غەيرەت ، — كۈندۈزى قاچساق ئاجايىپ خاقان بىزنى ئاسان كۆرۈۋالالمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەتە ھەممە ئادەم تويىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بولۇپ كېتىدۇ ، قېچىشقا ئەپلىك پۇرسەت چىقىدۇ .

باتۇر خۇددى بۇ ئىككى دوستىنى تونۇيالمايۋاتقاندەك قاراپ قالدى .

— سىلەر نېمە بولدۇڭلار ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ، — سىلەر بۇنداق ئەمەس ئىدىڭلارغۇ .
غەيرەت بىلەن جۇرئەت يەنىلا :
— ھېرىپ كەتتۇق . . .
— چارچاپ كەتتۇق ، — دەپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى .
باتۇرنىڭ بېشى قاتتى . ئۇ بېلىگە ئېسىلغان قاپچۇقتىن ھېلىقى پەرىزات بەرگەن ھېكمەتلىك كىتابنى چىقىرىپ ئوقۇدى . كىتابنىڭ يورۇق نۇرى ئىچىدىن : «غەيرەت بىلەن جۇرئەت قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىدىكىن ، ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كۆزىتىپ باققىن» دېگەن خەتلەر سۇزۇلۇپ كۆرۈندى .
— ماقۇل ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن ، قونايلى ، — دېدى باتۇر ۋە كىتابنى ياپتى ـ دە ، ئۆزىگە بېرىلگەن ھۇجرىغا چىقىپ كەتتى .
غەيرەت بىلەن جۇرئەت ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇشتى . ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە قانداقتۇر ئوڭايسىزلانغاندەك ھالەتتە بىر ـ بىرىگە قارىيالماي سۈكۈت قىلىشتى .
— بۇ باتۇرمۇزە ، سەل ھاكاۋۇرلىشىپ قالدى ، — دېدى ئاخىر جۇرئەت خۇددى غەيرەتنى چېكىپ باققاندەك بوش ئاۋازدا .
— شۇنى دېمەمسەن ، — دېدى غەيرەتمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ، — ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان بولۇۋالدى .
— ئۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز ئەمەسقۇ .
— شۇنى دېمەمسەن . . .
شۇ گەپ بىلەن ئۇلارمۇ خوشلاشتى . ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىدا يېتىشتى . باتۇر ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى . ئۇ چۈشىدە يەنە ھېلىقى كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەن قىزنى كۆردى . ئۇ قىز پەرىشان ھالدا باتۇرغا

تەلمۈرۈپ قارايتتى . ئۈشتۈمتۈت كۈچلۈك شامال چىقىپ ، ئۇ قىزنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا بايىقى گۈزەل ۋە سۈرلۈك مەلىكە پەيدا بولدى . ئۇ قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن چىقىپ كېلىپ ، ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق كۈلكىسى بىلەن باتۇرنى چاقىراتتى ، كېيىن ئۇنىمۇ شامال ئۇچۇرتۇپ كەتتى . يەنە ھېلىقى سىرلىق ، پەرىشان قىز پەيدا بولدى .

* *

يېرىم كېچە ، جىمجىت .

جۇرئەت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى ، ئۇزۇن نەيزە تۇتقان قەدىمكى زامان قاراۋۇلى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى .

— نەگە بارىسەن ؟

— خاقانغا دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدى جۇرئەت .

قاراۋۇل ئۇنى خاقاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى . بۇ ئاجايىپ خاقان ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۇخلىمايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كېچىدە كۆرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ھەممە ئادەمنى ، ھەممە ئۆيلەرنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ، تەكشۈرۈپ تۇراتتى .

— نېمە ئىشىڭ بار ، جۇرئەتلىك يىگىت ؟ — سورىدى خاقان چىرايىنى يېشىلدىن قىزىلغا ئۆزگەرتىپ .

جۇرئەت چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە ئىلاجى بار قەدىمكى ئوردىلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە سۆزلەشكە تىرىشتى :

— شەۋكەتلىك خاقانىمغا مەلۇم بولسۇنكى ، گۈزەل مەلىكە ئايىمنىڭ نەزىرى چۈشكەن ھېلىقى باتۇر دېگەن ئىززىتىنى بىلمەيدىغان دۆت ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇشتەك شان - شەرەپتىن باش تارتىۋاتىدۇ .

— نېمە ؟ ! — خاقان غەزەپ بىلەن خىتاب قىلدى ، — ئۇ

چۈپرەندە مېنى ياراتمىغۇدەك قانچىلىك نېمىتى!
جۇرئەت يەنە سۆزلىدى:
— ئۇ باتۇر دېگەن قارايۇز يەنە تېخى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ھېلىقى دۆتلەر كوچىسىدىكى ئالىم، يازغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنى توپلاپ ئىسيان كۆتۈرمەن، يورۇق دۇنيا يارىتىمەن، ئوردىنى ۋەيران قىلىمەن دەيدۇ. شۇڭا، بۇ خەۋەرنى شەۋكەتلىك خاقانىمغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قويای دەپ، ئالدىراپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم.
خاقان دەھشەتلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى قارا كۆككە ئۆزگەردى.
— مەن ئۇ باتۇر دېگەن مۇتتەھەمنى چىۋىننى مىجىغاندەك مىجىپ تاشلايمەن! دۆتلەر كوچىسىدىكى بىلىمدانلارنى بىر پۈۋدەش بىلەنلا ئۇچۇرۇپ تاشلايمەن! ھا ـ ھا ـ ھا...
— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى جۇرئەت روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن، — شەۋكەتلىك خاقانىم، ئەگەر ئۆزلىرى ماقۇل كۆرسىلە، مەن... پېقىر سىلىگە كۈيئوغۇل بولاي. ئۆمۈر بويى سىلىگە ساداقەتمەن چاكار بولىمەن...
— ھىم، مۇنداق دېگىن، — دېدى خاقان بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاندىن ياندىكى ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — مەلىكە كىرسۇن! — دەپ توۋلىدى.
گۈزەل ۋە سۇرلۇك مەلىكە ئۇچىسىغا ياۋروپانىڭ ئەڭ يېڭى مودىسى بويىچە تىكىلگەن قىسقا كۆڭلىكىنى ۋە بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى ئۇستىدىن ئالتۇن گۈلتاج كىيگەن ھالدا قەددىنى تىك تۇتۇپ ۋە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى.
خاقان مەلىكىگە مۇراجىئەت قىلدى:
— ھېلىقى باتۇر دېگەن بىزگە ئاسىيلىق قىپتۇ. ئەمدى بۇ يىگىت سەن بىلەن نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە

دەيسەن ، قىزىم ؟

مەلىكە جۇرئەتكە چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلۇق بىلەن قاراپ ، سوغۇق كۈلۈپ قويدى .

— مەن ئويلاپ باقاي ، — دېدى ئۇ خاقان ئاتىسىغا ، ئاندىن چىقىپ كەتتى .

— سەن قايتىپ تۇرغىن ، — دېدى خاقان جۇرئەتكە ، — ئەتە ئەتىگەندە مەلىكىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلايسەن .

جۇرئەت قايتىپ كېلىشىۋاتقاندا يىراقتىن قەدەم شەپىسىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى . قارىسا ، غەيرەت ھۇجرىدىن غىپپىدە چىقتى - دە ، تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى . ئۇ نەگە بارماقچى ؟ دەپ ئويلىدى جۇرئەت ۋە خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى .

غەيرەتمۇ خاقاننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇمۇ خۇددى جۇرئەتكە ئوخشاش باتۇر توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى :

— بۇ باتۇر دېگەن تازىمۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ھاماقەت نېمە ئىكەن . ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ خاقانغا كۈيئوغۇل بولۇشنى خالىماي ، نەدىكى گۇناھلىق سۆزلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ ، نىيىتىنى بۇزۇۋاتىدۇ .

— ھىم ، — دېدى خاقان بېشىنى لىڭشىتىپ . ئۇنىڭ چىرايى سىرىقتىن سۆسۈنگە ئۆزگەردى ، — ئۇ باتۇر دېگەن ئەخمەق ئىسيان كۆتۈرمەن دەمدۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى غەيرەت خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن بېشىنى ئىتتىك - ئىتتىك لىڭشىتىپ ، — ئىسيان كۆتۈرمەن دەيدۇ !

— ئوردىنى ۋەيران قىلىمەن دەمدۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ! ئوردىنى قانغا بويايمەن دەيدۇ ! ئۆزۈم خاقان بولىمەن دەيدۇ .

— ھىم ، سەنچۇ ؟ سەن ئۆزۈڭ قانداق قىلماقچى

بولۇۋاتىسەن؟ — خاقانىنىڭ يۈزى سۈسۈندىن يېشىلغا ئۆزگەردى.

— مەن . . . مەن . . . — دېدى غەيرەت تېخىمۇ بەكرەك ھودۇقۇپ، — مەن . . . ئەگەر ئۇلۇغ خاقانىم لايىق كۆرسە، مەن ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولسام، بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى.

— مەلىكە كىرسۇن! — دەپ توۋلىدى خاقان يۈزىنى قىزىلغا ئۆزگەرتىپ.

گۈزەل ۋە سۇرلۇك مەلىكە كىرىپ غەيرەتكە تىكىلدى.

— بۇ يىگىت ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشنى خالايدىكەن. سېنىڭچە قانداق؟ بولامدۇ؟

مەلىكە يەنە بايىقىدەك سوغۇق كۈلدى.

— ئويلاپ باقاي، — دېدى ئۇ ۋە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

— قايتىپ كەت، غەيرەتلىك يىگىت. ئەتە ئەتىگەندە مەلىكىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلايسەن.

غەيرەت قايتىپ كېلىپ، ھۇجرىغا كىرەي دەپ تۇرغاندا ئۇنى پايلاپ تۇرغان جۇرئەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ كەلدى.

— نەگە باردىڭ، غەيرەت؟ — سورىدى ئۇ.

— ئۆزۈڭ بايا نەگە بارغان؟

ئۇلار غەيرەتنىڭ ياتىقىغا كىردى.

— خاقان بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — يەنە سورىدى جۇرئەت.

— سەنمۇ شۇ يەرگە بارغانمۇ؟

ئۇلار ھەر ئىككىسى يوشۇرۇن سۈيىقەستچىلەرگە خاس ھالدا چىرايلىرىغا سىرلىق تۈس بېرىپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— مۇشۇ ئوردىدا مەنسەپ تۇتۇپ، بـايـاشـات تـۇرمـۇش كەچۈرسەك ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى جۇرئەت.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى غەيرەت، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇزۇن سەپەردە يۈرۈپ، جاپا تارتىشىمىزمۇ مۇشۇندق راھەت كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەسمۇ.

ئىككىسى يەنە بىر - بىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— باتۇر بەك ئەقىللىسىز نېمىكەن.

— بەك دۆت ئىكەن.

— ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

— ئۇ ئاشۇنداق ئەخمەقلىق قىلىپ، بىزنىمۇ بۇ ئامەتتىن قۇرۇق قالدۇرىدۇ.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ.

— ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلايلى.

— ئۇنى خاقانغا تېخىمۇ يامان كۆرسىتەيلى.

شۇنداق قىلىپ، بىر سۇيىقەست پىلانلاندى.

— غەيۋەتخورلارنى ياردەمگە چاقىرايلى، — دېدى جۇرئەت.

— توغرا ئويلاپسەن، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى غەيرەت.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇگۇرگىنىچە غەيۋەتخورلار كوچىسىغا ماڭدى.

— ئەي غەيۋەتخورلار، تېز بۇياققا كېلىڭلار! سىلەرگە ياخشى ئىش چىقتى، غەيۋەت قىلىدىغان ئىش بار! — دەپ جار سالدى غەيرەت بىلەن جۇرئەت.

غەيۋەتخورلار ھاپىلا - شاپىلا ئۆي - ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ھە، نېمە ئىش بولدى؟

— كىمنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىمىز؟

— تېز گەپ قىلىڭلار! — دەپ چۇقان سېلىشتى غەيۋەتخورلار.

— باتۇرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش كېرەك، — دېدى جۇرئەت.

— ئۇنى خاقانغا يامان كۆرسىتىش كېرەك. مەلىكە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدىغان بولسۇن، — دېدى غەيرەت.

— هە ! چۈشەندۈق ، چۈشەندۈق ، — دەپ خۇشال ۋارقىراش-تى غەيۋەتخورلار ، — بولدى ، بۇ ئىشنى بىزگە قويۇۋېتىڭلار ، بىز خاقاننىمۇ ، مەلىكىنىمۇ باتۇرغا ئۆچ قىلىۋېتىمىز .

غەيرەت ، جۈرئەت ۋە بارلىق غەيۋەتخورلار بىرلىكتە ئوردا تەرەپكە سەلدەك ئاقتى . قاراۋۇللار ئۇلارنى خاقان بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى . كەسپىي غەيۋەتخورلار خاقان بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ گەپ توقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتكىلى تۇردى :

— ھېلىقى باتۇر دېگەن ئەزەلدىنلا ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىز .

— ئۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر تەييارتاپ .

— ئۇ سارالڭ چۈشىدە كۆرگەن بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ ، ئۇلۇغ مەلىكىنى ياراتماي يۈرىدۇ تېخى .

— ئۇ ماز ھەرگىزمۇ خاقاننىڭ كۈيئوغلى بولۇشقا لايىق ئەمەس .

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لام - مىم دېمەستىن ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى مەغرۇر قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى .

— بولدى قايتىڭلار ، — دېدى خاقان يۈزىنىڭ رەڭگىنى نەچچە ياڭزا ئۆزگەرتىپ .

غەيۋەتخورلار قايتىپ كېتىشتى .

— خاقان بىلەن مەلىكە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى ، — دېدى غەيرەت .

— بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالساق بولمايدۇ . ئەمدى ھەسەتخورلار كوچىسىغا بارايلى ، — دېدى جۈرئەت .

ئۇلار دەرھال شاپاشلاپ ھەسەتخورلار كوچىسىغا كەلدى .

— ئەي ھەسەتخور بۇرادەرلەر ، تېز چىقىڭلار ، سىلەرگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ! — ۋارقىرىدى غەيرەت .

— باتۇر مەلىكىنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالامسىلەر؟ — ۋارقىرىدى جۇرئەت.

— چىدىمايمىز!

— چىداپ تۇرالمايمىز!

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز! — دەپ ھەيۋە قىلىشتى ھەسەتخورلار ۋە قويۇنلىرىغا پىچاق - خەنجەرلىرىنى تىقىشىپ، ئوردا تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ قالغانىدى. باتۇر ئويغىنىپ، غەيرەتنىمۇ، جۇرئەتنىمۇ تاپالمىدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ ھەسەتخورلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ باتۇرنى قورشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا قوللىرىنى شىلتىپ، تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىراپ كېتىشتى:

— ھەي باتۇر دېگەن دۆت، كالۋا، سەن شۇنچىلىك چوڭ نەرسە بولۇپ كەتتىڭما؟

— سەن تېخى ھالىڭغا باقماي مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتامسەن؟

— ھەي ئۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتمە جۇمۇ! بىلىمىز، سېنىڭ قانچىلىك نېمىلىكىڭنى!

— ئۇرۇڭلار ئۇنى! ئۆلتۈرۈڭلار!

ھەسەتخورلار قويۇنلىرىدىن پىچاق، خەنجەرلىرىنى چىقارغىلى تۇردى.

باتۇر دەرھال قاپچۇقتىن نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ، قوش قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. كىتابتىن ھەر تەرەپكە نۇر چېچىلدى. ھەسەتخورلار قوللىرى بىلەن نۇرنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ، كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى ۋە ئەنسىز چۇقان سېلىشىپ چېكىندى. خاقان بىلەن مەلىكە ۋەزىر - نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايىنىڭ چوڭ ئىشىكىدىن چىققانىدى، ئۇلارمۇ كىتابنىڭ نۇرىدىن يوشۇرۇنىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن ، ئەي باتۇر دېگەن خۇمسى ! — دەپ ۋايساپ كەتتى خاقان رەڭگىنى تېز - تېز ئۆزگەرتىپ ، — ماڭا يورۇقلۇق كېرەك ئەمەس . كۈننىڭ نۇرىنى ، ھەتتا كۈننىڭ ئۆزىنىمۇ يوقىتىمەن دەپ يۈرسەم ، نەدىن كەلگەن يورۇقلۇق بۇ !

— ھەي باتۇر ، سەن ئەسلىي دۈشمىنىمىز ئىكەنسەن ، — دەپ يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى مەلىكە ، — بىز قاراڭغۇلۇق دۇنياسىنىڭ ئادەملىرى ، سەن يورۇقلۇق ئادىمى ئىكەنسەن ! ئەجەب ئىچىڭنى كۆرەلمەي قاپتىمەن !

ھەسەتخورلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن غەيۋەتخورلار ، چېقىمچىلار كىتابنىڭ ئۆتكۈر نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالايمىقان قاچقىلى تۇردى . قىممەت باھالىق چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىۋېلىشقان بۇ قاراڭغۇلۇق تەرەپدارلىرى كىتابنىڭ ھېكمەتلىك نۇرىدا بىرى بىرىدىن سەت ۋە پاسكىنا كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇلار ئۆلگۈدەك قورقۇپ :

— ۋايجان ، بىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويدى . قانداق نۇر بۇ ؟ — دەپ سۈرەن سېلىپ ، تېپىچەكلەپ كېتىشتى .

— بۇ ھەقىقەتنىڭ نۇرى ! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇر خۇددى تەڭرىتاغنىڭ باغرىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك كۈچلۈك ئاۋازدا .

يورۇقلۇق دۈشمەنلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ ، تارقىلىپ كېتىشتى . باتۇرنىڭ ئالدىدا غەيرەت بىلەن جۈرئەت ئىككىسىلا قالدى . باتۇر كىتاب تۇتقان قولىنى پەسكە چۈشۈردى ۋە بۇ ئىككى ئاسىي دوستىغا تىكىلىپ قارىدى .

— غەيرەت ، جۈرئەت ، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار سىلەرنىڭ ؟ — دېدى ئۇ ئېچىنىش ئاھاڭىدا ، — بىز ئۇچىمىز ئۇزۇن سەپەردە نى - نى جاپا - مۇشەققەتلەرنى بىللە يەڭگەن ، نى - نى خەۋپ - خەتەرلەردىن بىللە ئۆتكەن جان دوستلار ئىدۇقغۇ . ھەي جۈرئەت ، سېنى يانار تاغنىڭ ئوت ، لاۋا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان

ئېغىزىدىن غەيرەت بىلەن ئىككىمىز قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدۇققۇ !
ھەي غەيرەت ، سېنى ياۋايى ئادەملەرنىڭ تۇتقۇنلۇقىدىن جۇرئەت
ئىككىمىز قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدۇققۇ ! غەيرەت ، جۇرئەت ، سىلەر
ئىككىڭلار مېنى ئالۋاستىلار غارىدىكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ
قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدىڭلارغۇ ! بۇلارنى شۇنچە تېزلا
ئۇنتۇپ كەتتىڭلارمۇ ؟ سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلار شۇنچىلىكمۇ ؟
غەيرەت بىلەن جۇرئەت ئوڭايسىزلانغان ھالدا باتۇرغا تىك
بېقىپ قارىيالماي باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى .
— يۇرۇڭلار ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى ، — دېدى يەنە
باتۇر .
— مەن كەتمەيمەن ، — دېدى غەيرەت كۆزلىرىنى ئالايتىپ .
— مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن ، — دېدى جۇرئەتمۇ باشقا ياققا
قاراپ .
— بىزنىڭ سەپىرىمىز تېخى تۈگىمىدى ، — دېدى باتۇر
تىت ـ تىت بولۇپ .
— قانداق تۈگىمەيدىغان سەپەر ئۇ ! — دېدى غەيرەت دوق
قىلغان تەلەپپۇزدا .
— يەنە جاپا تارتىشنى خالىمايمەن ، — دېدى جۇرئەتمۇ
ئەلپازىنى بۇزۇپ .
شۇ ئەسنادا سارايىنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالغان ئاجايىپ
خاقان بىلەن گۈزەل ۋە سۈرلۈك مەلىكە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ،
باشلىرىنى چىقىرىشتى .
— ئەي غەيرەتلىك يىگىت ، ئەي جۇرئەتلىك يىگىت ! — دەپ
تۈۋلىدى خاقان چىرايىنى ئۇنداق ـ مۇنداق ئۆزگەرتىپ ، — ئۇ
باتۇر دېگەن دۆت ساراڭغا ئەگەشمەڭلار . بۇ ياققا كېلىڭلار .
ئارقىدىنلا مەلىكىمۇ بۇ ئىككى ئايىنغان يىگىتنى چاقىردى :
— تېز بولۇڭلار ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار ! سىلەرنى ئالىي
مەنسەپ ، زور بايلىقلار كۈتۈپ تۇرىدۇ . مەن سىلەرنى كۈتۈپ

تۇرۇۋاتىمەن !

غەيرەت بىلەن جۇرئەت خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي سارايىنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشتى .

## تۆتىنچى باب

— سىلەر مېنىڭ سادىق چاكارلىرىم بولساڭلار ، سىلەرگە بايلىق ، مەنسەپ لازىم بولسا ، باتۇر دېگەن خۇمسىنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار ، — دېدى ئاجايىپ خاقان يۈزىنىڭ رەڭگىنى قىزىلدىن سېرىققا ئۆزگەرتىپ ، — ئۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغانىنىڭ قولىدىكى كىتابنى تارتىۋېلىڭلار . بۇنى سىلەردىن باشقا ئادەم قىلالمايدۇ .

— بىراق ، بىز ئىككىمىز . . . — دەپ دۇدۇقلىدى غەيرەت .

— بىراق ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىشىمىز تەس . . . — دېدى جۇرئەتمۇ ھودۇقۇپ .

— ئىككىڭلار قوماندان بولىسىلەر ، ھەربىرىڭلارغا بىردىن قوشۇن بېرىمىز ، — دېدى مەلىكە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ .

ئاجايىپ خاقان خۇددى تۆمۈر قىسقۇچلارغا ئوخشايدىغان قورقۇنچلۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بەئەينى يالماۋۇزدەك دەھشەتلىك ھۆركىرىدى :

— ئەي ئەقىللىق پۇقرالىرىم ، تېز قوراللىنىپ كېلىڭلار ! قاراڭغۇلۇق دۇنياسى ئۈچۈن مۇقەددەس جەڭگە بارىسىلەر !

ھاۋا گۈلدۈرلىدى ، يەر تىترىدى . قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ تۈرلۈك قوراللىرى بىلەن قوراللانغان غەيۋەتخور ، ھەسەتخور ، چېقىمچى ، خۇشامەتچىلەر خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك بىردەمدىلا سارايىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى .

— غەيرەت ، سەن ئوڭ قانات قوشۇنغا قوماندان بول .

جۇرئەت ، سەن سول قانات قوشۇنغا قوماندان بول ، — دەپ بۇيرۇق بەردى خاقان .

غەيرەت بىلەن جۇرئەت بۇنداق يۇقىرى مەنسەپتىن گاڭگىراپ ۋە خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ، ئامەت كەلدى دېگەن ئوي بىلەن كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى . بۇ چاغدا باتۇر كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپ ، ساراي ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇراتتى . ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى چاقنىتىپ ۋارقىرىدى :

— غەيرەت ، جۇرئەت ، ئۇنداق قىلماڭلار ! قايتىپ كېلىڭلار ، بىز يورۇقلۇق دۇنياسىنىڭ ئادەملىرى ، بىز يەنە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى . پەرىزاتنى ئۇنتۇپ قالماڭلار !

ئەپسۇسكى ، غەيرەت بىلەن جۇرئەتنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ھېچقانداق گەپ ، ھېچقانداق نەسىھەت كىرمەيتتى . ئۇلار ساراي ئىشىكىنىڭ ئىككى چېتىگە توپلانغان بۇ غەلىتە قوشۇننى باشلاپ ، ئىككى ياندىن ھۇجۇمغا ئۆتتى .

— تەسلىم بول ، باتۇر !

— نۇرلۇق كىتابنى بىزگە بەر ! — دەپ ھەيۋە بىلەن ۋارقىراشتى ئۇلار .

باتۇر ئۇلارنى ئەمدى سۆز بىلەن قايىل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ دەرھال قاچتى . ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەردە بىللە بولغان سابىق دوستلىرى ئەمدى ياتلاشقان ، بەلكى ھايات ـ ماماتلىق دۈشمەنگە ئايلانغانىدى .

باتۇر قېچىپ «دۆتلەر كوچىسى» غا كەلدى . قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتقان ھېلىقى ئالىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ مۆكۈندۈرۈپ قويدى . بۇ چاغدا ھېلىقى غەيۋەتخور ، ھەسەتخور ، چېقىمچى ، خۇشامەتچىلەردىن تەركىب تاپقان غەلىتە

ئىككى قوشۇن غەيرەت ۋە جۇرئەتنىڭ قوماندانلىقىدا بۇ «دۆتلەر كوچىسى» غا ئىككى باشتىن باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ھەممە ئۆيلەرنى چالا قويماي ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قۇياش ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم تەمترەپ قالدى.

— نۇرلۇق كىتابنى چىقىرىڭ. بۇ كىتاب بىلەن ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتەلەيسىزغۇ، — دىدى ئۇ باتۇرغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— ياق، — دېدى باتۇر، — كىتابنى بايا بىر قېتىم ئىشلەتتىم. بىر خىل ئۇسۇلنى تەكرار ئىشلەتسە رولى بولمايدۇ. ئەمدى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى يوللارنى تېپىشىم كېرەك.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئالىم تىت ـ تىت بولۇپ.

— مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، — دېدى باتۇر، — مەن بۇ كىتابنى بىر قۇر ئوقۇۋالاي. شۇ چاغدا يېڭى ئۇسۇل ياكى يېڭى يول تېپىلىدۇ.

ئالىمنىڭ بېشى قاتتى.

— سىزنى قەيەرگە يوشۇرسام بولار؟

باتۇرنىڭ ھويلىدىكى بىر ئۆتكۈر يورۇقلۇق دائىرىسىگە كۆزى چۈشتى.

— ئۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەببەللى! ئەمدى تاپتىم، — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ئالىم، — مەخسۇس تەجرىبە ئەسۋابلىرى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈل-گەن يورۇقلۇق. يۈرۈڭ، شۇ يورۇقلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىڭ.

— توغرا! — دېدى باتۇرمۇ خۇشال بولۇپ، — ئۇلار ئۆتكۈر يورۇقلۇقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. غەيرەت بىلەن جۇرئەتنىڭمۇ ئەقلى بولغاندى، ئەمدى ئۇلارمۇ كۆرەلمەيدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئالىم، — ئادەمنىڭ غەيرىتى، جۇرئىتى بولغان بىلەن ئەقلىنى يوقىتىپ قويسا كارغا كەلمەيدۇ.

باتۇر يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى ـ دە، ئاشۇ يورۇقلۇق

دائىرىسىگە كىرىپ تۇرۇۋالدى. غەيرەت بىلەن جۇرئەت غەلىتە قوشۇندىكىلەرنى باشلاپ ئالىمنىڭ ھويلىسىغا كىردى.

— باتۇر دېگەن دۆتنى كۆردۈڭمۇ؟ — غەيرەت ئالىمنى قوپاللىق بىلەن سوراق قىلدى.

— ئۇ قاپاق باش مۇشۇ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن، — دېدى جۇرئەت تېخىمۇ بەكرەك قوپاللىق قىلىپ.

— ئۇنى كۆرمىدىم، — دېدى ئالىم ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىگە پەرۋا قىلماستىن. غەلىتە قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى ئالىمنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىسىنى ئاختۇرۇپ ھەممە نەرسىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئالىمنىڭ بىرمۇنچە تەجرىبە سايمانلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ھېلىقى يورۇقلۇق دائىرىسىگە يېقىن كېلەلمىدى. غەلىتە قوشۇندىكىلەر يورۇقلۇقنى ئۆزلىرى بىلگەنچە ھاقارەتلىگىلى تۇردى:

— بۇ يورۇقلۇقتىن يىراق تۇرايلى، يورۇقلۇقتىن گۇناھ ياغىدۇ.

— توغرا، يورۇقلۇقتا يۈرىدىغان خەقنىڭ ھەممىسى گۇناھكار!

ئۇلار ئەنە شۇنداق قاملاشمىغان شوئارلارنى توۋلاشتى ھەمدە كۈننىڭ نۇرى بەدىنىمىزگە چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ، ھەممە يېرىنى تۇن قاراڭغۇسىدەك قاپقارا يېپىنچىلار بىلەن يۆگەپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا باتۇر يورۇقلۇق دائىرىسى ئىچىدە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى. كىتاب سەھىپىلىرىنىڭ پارلاق نۇرلىرى ئىچىدىن مۇنداق خەتلەر سۇزۇلۇپ چىقتى: «غەيرەت بىلەن جۇرئەت ئەسلىدە ئېغىر ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالالايدىغان، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭەلەيدىغان غەيرەتلىك ۋە ئىش - ھەرىكەتتە جۇرئەتلىك يارامliq يىگىتلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار شەخسىي مەنپەئەت سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى.

سەن ئۇلارغا قارىماي ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىۋەر ، بۇ ئاجايىپ سەپەرنى ئۆزۈڭ يالغۇز داۋاملاشتۇر . ئەي باتۇر ، مۇشۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن يۆنىلىش بويىچە تېز ماڭ ، مەنزىلگە ئاز قالدىڭ . نۇرقىزنى كۆرگەندە بۇ سەپىرىڭ ئاياغلىشىپ ، يەنە يېڭى پەللىگە ئۆرلەيسەن » .

باتۇر نۇرلۇق كىتابتا يېزىلغان ئاخىرقى سۆزلەرنى چۈشىنەلمىدى . «نۇرقىز دېيىلگىنى نېمە ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ ، يەر - جاي نامىمۇ ياكى قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نەرسىمۇ ؟ ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ، ئۇنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ دەل شۇ نۇرقىز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمەن ؟ »

— بولدى ، بۇ ياققا چىقىڭ ، باتۇر ، ئۇلار كەتتى ، — دېدى قۇياش ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم .

باتۇر مەركەزلەشتۈرۈلگەن يورۇقلۇق دائىرىسىدىن چىقتى . ئالىمنىڭ تەجرىبىخانىسى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەنىدى . تەجرىبە سايمانلىرى ئۆرۈلۈپ ، چېقىلىپ ، سۇنۇپ ياتاتتى . ئالىم ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك روھى چۈشكەن هالدا ۋەيرانچىلىققا قاراپ تۇراتتى .

— مەن سىزگە چوڭ زىيان سالدىم ، — دېدى باتۇر ئالىمغا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ .

— هەي بولدى ، — دېدى ئالىم ئەلەم بىلەن قولىنى سىلكىپ ، — بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس . بۇ قارا نىيەتلەر بۇ كوچىدىكى هەممە ئالىم ، يازغۇچى ، رېژىسسور ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەجرىبىخانا ، ئىشخانا ، كىتابخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ ، قەلەملىرىنى سۇندۇردى .

باتۇر بىلەن ئالىم ئىشىك ئالدىغا چىقتى . دېگەندەك ، پۈتۈن «دۆتلەر كوچىسى» ئالا قالدۇرۇلماي خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلغانىدى . هەممە يەردە ئىشىك - دېرىزىلەر چېقىلغان ،

قىسمەن تاملار ئۆرۈلگەن . . .

— بولدى ، باتۇر ئىنىم ، — دېدى ئالىم ، — يولىڭىزدىن قالماڭ ، جاپالىق ۋە ئاجايىپ سەپىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك . بىزنىڭ ئۈمىدىمىز سىزدە . ئىشىنىمەن ، سىز بۇنداق ئادالەتسىزلىككە خاتىمە بېرىش يولىنى تاپىسىز .

باتۇر كوچىدىكى بارلىق «دۆتلەر» بىلەن خوشلىشىپ يەنە سەپەرگە چىقتى . ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يەنە پايانسىز چۆل كەڭ يېيىلىپ ، ئۇپۇققا تاقاشتى . باتۇر مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ، كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ، قوڭۇر يەرنىڭ ئۈستىدە تەنها ئۆزى كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆز ئالدىدىكى يىراق مەنزىلگە تىكىلگەن . ئاشۇ قانداقتۇر سىرلىق نۇر قىز بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر مېڭىشىم كېرەك ، دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ئۇ ماڭدى ، ماڭدى . ماڭغانسېرى غېرىبسىنىشقا باشلىدى . «غەيرەت ، جۈرئەتلەر بىلەن ئاجايىپ شەھەرگە كەلگۈچە شۇنچە كۆڭۈللۈك ماڭغانىدۇق ، — دەپ يەنە ئويلىدى باتۇر ، — يولنىڭ جاپاسىمۇ ، يالغۇزلۇق دەردىمۇ بىلىنمەيتتى » .

باتۇر بۇ چەكسىز چۆلدە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش يېگانە توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېنىدىكى قاپچۇقتىن نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىدى . سەھىپىلەر يۈزىدىكى نۇرلار ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىپ ، غەيرەت بىلەن جۈرئەتنىڭ گەۋدىلىرى كۆرۈندى . ئۇلار ئىككىسى مەلىكىنى «مەن ئالىمەن» دېسە ، «مەن ئالىمەن» دېيىشىپ تالاشماقتا ئىدى .

— مەلىكىنى ئالىمەن دەيدىغانغا سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ ؟ — دەيتتى غەيرەت جۈرئەتنى قورقۇتماقچى بولۇپ دېۋەيلەپ .

— سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ ؟ — دەيتتى جۈرئەتمۇ نوچىلىق قىلىپ .

ئۇلار ياقا سىقىشىپ ، مۇشتلاشتى . ھەر ئىككىسىنىڭ

ئاغىزى ـ بۇرنى قان بولدى . ئاخىر ئۇلار قار ـ يامغۇردەك تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرغىنىچە بىر ـ بىرىنى سۆرىشىپ ، ئىتتىرىشىپ ، ئاجايىپ خاقاننىڭ ئالدىغا كىرىشتى . ئاجايىپ خاقان ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزىتىلگەن ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋە يۈزىنى بىردەم ئۇ رەڭگە ، بىردەم بۇ رەڭگە ئۆزگەرتىپ ، بۇ ئىككى رەقىبىنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىدى .

— مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشقا مەن لايىق ، — دېدى غەيرەت ، — مېنىڭ ھەممە شەرتلىرىم توشىدۇ . مەن ھەممە ئىشتا غەيرەتلىك .

— ياق ، مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشقا ئۇ ئەمەس ، مانا مەن لايىق ، — دېدى جۈرئەت ، — مانا مېنىڭ ھەممە شەرتىم توشىدۇ . مەن ھەممە ئىشتا جۈرئەتلىك .

ئاجايىپ خاقان بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چىرايىنى كۆك ، قارا ، سۆسۈن قىلىپ ئۆزگەرتىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . غەيرەت بىلەن جۈرئەت ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن قورقۇپ ، خۇددى كەچ كۈزدە قالغان قۇرۇق يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى .

— بىرىڭلار غەيرەتلىك ، بىرىڭلار جۈرئەتلىك ، — دېدى خاقان ۋە قاراڭغۇ ھاڭدەك قورقۇنچلۇق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — ھا ـ ھا ـ ھا . . . ھەر ئىككىڭلار ياخشى ئىكەنسىلەر . ئەمما ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنى مەلىكە ئۆزى تاللىۋالسۇن . مەلىكە كىرسۇن !

گۈزەل ۋە سۈرلۈك مەلىكە ھەر دائىمقىدەك مەغرۇر قىياپەتتە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىردى ۋە تەختىنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇردى . خاقان ئۇنىڭغا قاراپ :

— باتۇر دېگەن دۆت ، ساراڭنى يوقاتتۇق . ئەمدى بۇ ئىككى ئەزىمەتتىن بىرىنى تاللا ، — دەپ بۇيرۇق بەردى .

مەلىكە بۇ ئىككى «ئەزىمەت» كە تەكەببۇرلۇق بىلەن قاراپ ، سوغۇق كۈلۈپ قويدى .

— قارىسام ، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىكەنسىلەر ، — دېدى ئۇ ، — شۇڭا ئوردىمىزغا كىمنىڭ ۋارىس بولۇش مەسىلىسىنى مەردلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بېكىتەيلى . ئىككىڭلار يەكمۇيەك ئېلىشىڭلار . قايسىڭلار يېڭىپ چىقساڭلار ، مەن شۇنىڭ .

—ياخشى گەپ ، — دېدى خاقان ۋە رەڭگىنى تېز - تېز ئۆزگەرتىپ ، گۇلدۇرمامىدەك گۇلدۇرلەپ كۇلۇپ كەتتى .

غەيرەت بىلەن جۇرئەت قانداق قىلىشنى بىلمەي ، ئۇنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ هاڭدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالدى .

— مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار ! — خاقان تۇيۇقسىزدىن قاتتىق ۋارقىرىدى ، — كىم ئۇتۇپ چىقسا شۇ مېنىڭ كۇيئوغلۇم ۋە بۇ ئوردىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ .

غەيرەت بىلەن جۇرئەت بىر- بىرىگە ھۇرپەيدى .

— سەن تولا نوچىلىق قىلما ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىپ قويىمەن ! — دېدى غەيرەت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

— سەن تولا نوچىلىق قىلما ،مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن ! — دېدى جۇرئەت ئەلپازىنى بۇزۇپ .

ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە تاشلىنىپ ، مۇشتلىرىنى ئىشقا سېلىشتى ، پەشۋا ئېتىشتى ، بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن ، چاچلىرىدىن تارتىشتى . ئۇلار ئۇزاق ئېلىشتى ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ ، چاچلىرى پاخپىيىپ ، چىرايلىرى سارغىيىپ ، هېچ هالى قالمىدى .

— خەپ ، توختاپ تۇر ! — دېدى غەيرەت جۇرئەتكە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ۋە هېلىقى غەيۋەتخور ، هەسەتخورلار كوچىلىرى تەرەپكە پايپاسلاپ يۇگۇرۇپ كەتتى .

هايال بولماي ، پەيلىنى بۇزغان بۇ ئىككى سابىق دوست بايا ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلغان غەلىتە قوشۇنلىرىنى باشلاپ بىر - بىرلىرىگە هۇجۇم قىلىشتى . ئاجايىپ جەڭ باشلاندى . مىڭلىغان

غەيۋەتخورلار ، ھەسەتخورلار ، چېقىمچىلار ، خۇشامەتچىلەر ، ئىشقىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پاسكىنىلىرى ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ جەڭگە كىردى . بەزىلىرى زامانىۋى ھەربىيچە كىيىملەرنى ، بەزىلىرى قەدىمكى قىلىچ ، نەيزە ، ئوقيالارنى ئىشقا سېلىشتى . قەدىمكى پالاقمانلار بىلەن تاش ياغدۇرۇشتى ، كېيىن يەنە ئەڭ يېڭى تىپتىكى زەمبىرەك ۋە راكېتالاردىن ئوت ئېچىشتى… ئىس ـ تۈتەك ۋە چاڭ ـ توزانلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . بىردەمدىلا پۈتۈن ئەتراپ خارابىلىككە ئايلاندى . ھەممە يەرگە جەسەتلەر تولۇپ كەتتى . ئۆرۈلگەن تام ۋە ئىمارەتلەر ھەممە يەردە كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئىككى سەپكە ئايرىلىپ توقۇنۇشقان غەلىتە قوشۇنلار توزۇپ كەتتى . جەڭ مەيدانىدا يەنە غەيرەت بىلەن جۇرئەت يالغۇز قالدى . ئۇلار ئۇستىبېشى جۇل ـ جۇل بولغان ، ئوق ـ دورىنىڭ ئىسلىرى ۋە چاڭ ـ توپىدىن مەينەتلىشىپ ، قاپقارا بولۇپ كەتكەن ھالدا بىر ـ بىرىگە ھومىيىپ قاراشتى ـ دە ، خاقانىنىڭ ئالدىغا بالدۇرراق يېتىۋېلىشقا تىرىشىپ ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈرۈشتى . ئۇلار بىر ـ بىرىنى تارتىشىپ ، ئىتتىرىشىپ ، سارايغا ئۇچقاندەك كىرىشتى ـ دە ، تەڭلا خاقانىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ، باشلىرىنى ئېگىشتى .

— شەۋكەتلىك خاقانىم ، مېنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىڭ ، مەندەك سادىق چاكارنى تاپالمايسىز ، — دەپ يىغلامسىراپ يالۋۇردى غەيرەت .

— ئۇلۇغ دانىشمەن خاقانىم ، كۈيئوغۇل بولۇشقا مەن لايىق ، مەن ھەممىدىن سادىق ، — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى جۇرئەت .

— مەلىكە كىرسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى خاقان .

مەلىكە قەددىنى تىك تۇتۇپ ۋە ئۆكچىلىرىنى قاتتىق تاقىلدىتىپ كىرىپ كەلدى ، لېكىن ئۇ ئەمدى تەختنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇرمىدى ، بەلكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان

ئىككى رەقىبنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ ۋە ئىككى قولىنى بىلىگە ئېلىپ ، ئۇلارغا خۇددى جانىنى ئالىدىغاندەك تىكىلىپ قارىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەنسىتمەسلىك ۋە يىرگىنىش ئالامەتلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

— سەنلەر باتۇر ئەمەس ،بەلكى ئەڭ يارىماس ئۆلەرمەنلەر ! — دېدى مەلىكە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — سەنلەر نەپسى يامان قارا نىيەتلەر ! بۇنداق ئادەملەر ھەرگىـــز باتۇر بولالمايدۇ . بۇنداق ئادەملەر ھېچكىمگىمۇ سادىق بولالمايدۇ . سەنلەر ئۇزۇن سەپەردىكى جاپا ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەردە بىللە بولغان سادىق دوستۇڭلارغا ۋاپا قىلمىدىڭلار . بىزگىمۇ ۋاپا قىلمايسىلەر . كۆزۈمدىن يوقىلىش !

— ئۇلۇغ مەلىكەم . . . شەپقەتلىك مەلىكەم… — ئىككى قارا نىيەت بەئەينى مۇردىدەك تاترىپ كېتىپ كېكەچلىدى .

— يوقال ! — دەپ قارا بوراندەك ھۆركىرىدى خاقان .

نۆكەرلەر دەرھال ئېتىلىپ كەلدى ـ دە ، خاقانلىق تەمەسىدە ۋەيران بولغان بۇ ئىككـــى رەقـــبنـــى ئۇرۇپ ، تېپىـــپ سۆرەشتۇرگىنىچە ساراي ئىشىكىدىن چۆرۈپ تاشلاشتى . غەيرەت بىلەن جۇرئەت ئېگىز پـەلەمـپەيـدىن دومىلاپ چۈشـتى ـ دە ، ھاپىلا ـ شاپىلا قوپۇپ ، ئارقا ـ ئالدىغا قارىماستىن بەدەر قاچتى . شۇ قاچقانچە ئۇلار غەيۋەتخورلار ، ھەسەتخورلار كوچىلـــرىدىن ئۆتۈپ ، ئاخىر چېقىمچىلار كوچىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ھەممە يېرى ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن خارابىلىككە كېلىپ توختىدى ، ئاندىن ئىشىك ـ دېرىزىلىرى سۇنۇپ كەتكەن بىر تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىشتى .

— ئەمدى ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيدە تۇرايلى ، — دېدى غەيرەت .

— ماقۇل ، ئاداش ، مۇشۇ ئۆيدە تۇرايلى ، — دېدى غەيرەت .

ئۇلار قالايمىقان تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى ـ تۇسكىلەر ئارىسىدىن بىر قۇتا قارا سىياھنى تېپىپ كېلىپ ، بىر پارچە يېرىق تاختايغا «ئازغانلار كوچىسى» دەپ يازدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى

بولۇپ قالغان شۇ تاشلاندۇق ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا مىخلاپ قويدى .

— ئىسىت ، باتۇر بىلەن بىللە كەتسەك بوپتىكەن ، — دېدى غەيرەت .

— ئىسىت ! — دېدى جۇرئەت بېشىنى چايقاپ .

— ئەمدى باتۇرنى ئىزدەپ تاپساق ، ئۇ بىزنى ئەپۇ قىلارمۇ ؟ — غەيرەت جۇرئەتكە قارىدى .

— ئەپۇ قىلىدۇ ، — دېدى جۇرئەت ، — ئۇ بىر دوت . . . ۋاي ياق ، ياق ! ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل يىگىت .

— شۇنداق . . . — دېدى غەيرەت ئاۋازىنى سوزۇپ ، — ئۇ هازىر قەيەردىدۇ ؟

*　　　　*

باتۇر يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى نۇرلۇق كىتابنىڭ سەهىپىلىرىدىن كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى . ئۇ ئەمدى قانداق قىلاي ؟ دېگەن ئوي بىلەن كىتابنى يەنە ۋاراقلىدى . كىتابنىڭ هېكمەتلىك نۇرلىرى ئىچىدىن : «غەيرەت بىلەن جۇرئەت يەنە قايتىدىن ئۆز يولىنى تاپىدۇ . سەنمۇ ئۇلارغا قارىماي ئۆز يولۇڭغا ماڭغۇەر » دېگەن خەتلەر كۆرۈندى . باتۇر كىتابنى يېپىپ قاپچۇقىغا سالدى ۋە قايتىدىن ئىشەنچكە تولغان هالدا دادىل قەدەم تاشلاپ ، پايانسىز چۆلگە ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى .

كۈنلەر ، تۈنلەر ئۆتتى . باتۇرنىڭمۇ كۆڭلىكى ۋە ئىشتىنىنىڭ تىز ، پۇچقاقلىرى يىرتىلىپ ، ساڭگىلاپ قالغانىدى . بۇنداق بولغانلىقى ئۇنىڭ بىركىم بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇزۇن يول مېڭىپ ، ئوي - چوڭقۇرلاردىن ئۆتكەنلىكى ، ئېگىز داۋانلاردىن ئاشقانلىقى ، تىك قىيالارغا ياماشقانلىقىدىن ئىدى . يول ئازابى ئۇنى قورقۇتالمىدى ، يالغۇزلۇق دەردى ئۇنى

بوشاشتۇرالمىدى . بۇ يوللار تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ، بۇ چۆلنىڭ چېكى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

باتۇر توختاپ ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى . ھېچ يەردە تىرىك جان كۆرۈنمەيدۇ . كۈنپېتىشتا ئاز قالغانىدى . ئاسماننىڭ غەربىي قىسمى قىزىلگۈل رەڭگىگە كىردى .

«ئەجەب ئىش ! — دەپ ئويلىدى باتۇر ، — كەچكى شەپەق بۈگۈن ماڭا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆركەم بىلىنىدۇ ؟ كېچە ـ كۈندۈز يالغۇز يۈرسەممۇ كۆڭلۈم كۈندىن ـ كۈنگە چۈشىنىكسىز بىر خىل شادلىنىققا تولماقتا . بۇ نېمە ئالامەت ؟ »

باتۇر مېڭىشتىن توختىدى ۋە يۇمشاق قۇم ئۈستىگە سوزۇلۇپ ياتتى . كۈن پاتتى . قارا كۆك ئاسمان يۈزىدە يورۇق يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . باتۇرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى . لەززەتلىك ئۇيقۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قوينىغا ئالدى . ئۇ چۈش كۆردى . چۈشىدە يەنە ھېلىقى كۆڭلىكى يىرتىلىپ ، تىتىلىپ كەتكەن سىرلىق گۈزەل قىزنى كۆردى . ئۇ ئاشۇ يىرتىق كىيىمى بىلەن مىسكىن ، خىيالچان كۆزلىرىنى باتۇرغا تىكىپ ، ئۈنچىقماستىن تۇراتتى . باتۇرنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك سۆيگۈ ھارارىتىدىن شوخ سوقۇپ كەتتى . ئۇ قىز تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى ، كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈردى ، يۈگۈردى . . .

«توختاپ تۇرۇڭ ، كېتىپ قالماڭ ! غايىب بولماڭ !» دەپ ئىلتىجا قىلاتتى ئۇ قىزغا .

ئۇ يۈگۈردى ، يۈگۈردى . . . قىزنىڭ ئالدىغا كېلەيلا دەپ قالدى ، قىزغا قوللىرىنى سوزدى . . . ئويغىنىپ كەتتى .

ئۇيۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش كۆك ئاسمانغا ئوتقاشتەك قىزىل نۇرىنى پۈركۈمەكتە ئىدى . پۈتۈن تەبىئەت گوياكى ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىككە تولغانىدى . باتۇر ئۆزىنى شۇنچە شادىمان ، شۇنچە يېنىك ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەجايىكى يېڭىدىن ـ يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتىۋاتقاندەك

سىزىلەتتى. باتۇر سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى كۆكرىكىگە تولدۇرۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

چەكسىز چۆل - باياۋان بۇ ئىرادىلىك يىگىتنى يەنە ئۇزۇن سەپەرگە چاقىردى. يىراقتىكى غايىبانە مەنزىل ئۇنى ئۆز قوينىغا چىللايتتى. باتۇر باشقىچە بىر يۇكسەك ۋە ئوتلۇق جاسارەت بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ توختىماي ماڭدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان ھېلىقى چۈشىدىكى سىرلىق قىز گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

«ئۇ قىز زادى كىم؟ — دەپ ئۇزلۇكسىز مۇلاھىزە قىلاتتى باتۇر، — ئۇ زادى بۇ دۇنيادا بارمۇ ياكى ئەمەلىيەتتە كۆرۈنمەيدىغان ئېزىتقۇمۇ؟ ئۇ يوق بولسا نېمە ئۇچۇن ھەر كۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ؟ پەرىزاتنى بىر كۆرسەم بولاتتى. ئۇنىڭدىن بۇ قىزنى سورايتتىم، پەرىزات بۇنى چوقۇم بىلىدۇ».

باتۇر پەرىزات كېلىپ قالارمۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراپ باقتى. ئەمما، ھېچ يەردە ھېلىقى كىچىك ئاق ماشىنىمۇ ھەم ئاق كۆڭلەكلىك پەرىزاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ئۇ ھامان بىر كۈنى كېلىدۇ، — دەپ ئىشەنچ بىلەن ئويلايتتى باتۇر، — ئۇ كېلىپ، نېمە ئۇچۇن ھەر كۈنى چۈشۈمدە ئاشۇ قىزنى كۆرىدىغانلىقىمنى، مەنزىلگە قاچان يېتىدىغانلىقىمنى، مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

باتۇر ئالغا قاراپ زور ئىشەنچ بىلەن كېتىۋەردى. ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئۇمىدۋارلىق روھى ئۇنى ھامان ئالغا ئۇندەيتتى. ئۇ قىلچە بوشاشماي، ئىككىلەنمەي، خۇددى مۇقەددەس جەڭگە ئاتلانغان پىداكار جەڭچىدەك، بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان مىسلىسىز گىگانت ئادەمدەك دادىل قەدەم تاشلاپ كېتىۋەردى.

ھاياتلىقتىكى يوللارنى ھېچقانداق ئادەم مېڭىپ تۈگىتىپ

بولالمايدۇ . نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بوشاڭلىقىدىن بۇ يوللار ئۇستىدە ھېچنېمە تاپالماي ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ، ئۆزىنى ئۆزى خار قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ . پەقەت يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەقىقىي باتۇر ، ئىرادىلىك ئادەملەر شۇ تۇگىمەس يوللار بىلەن ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلەيدۇ .

باتۇرنىڭ كۆڭلى مۇرەككەپ ئوي ، تەسەۋۋۇرلار بىلەن گوياكى باھاردىكى تاشقىن سۇلاردەك ئۆركەشلىمەكتە ئىدى . پەرىزات يەنە كېلەمدۇ ؟ چۈشىدە كۆرگەن قىز كىم ؟ مەنزىلىم قەيەر ؟ باتۇر پەقەت شۇ مەنزىلگە يەتكەندىلا بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى . شۇنى ئويلىغانسېرى ئۇ قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېزلىتەتتى .

تۇيۇقسىزدىن باتۇر ھەيرەت ئىچىدە توختاپ قالدى . يىراقتا ياپيېشىل دەرەخزارلىق ۋە چاتقاللىقلار كۆرۈندى . باتۇرنىڭ بۇ چەكسىز دەشت ـ باياۋاندا قۇم بىلەن شېغىلدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەي كېلىۋاتقىنىغا بەك ئۇزاق بولغانىدى . بۇ ئورمانلىقمۇ ياكى قانداقتۇر يەنە بىر شەھەرمۇ ؟ دەپ ئويلىدى باتۇر .

قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شۇ دەرەخزارلىققا يېقىنلاشتى . بۇ يەردىمۇ يەنە ياۋايى ئادەملەر ياكى ئاللىقانداق جىن ـ ئالۋاستىلار بولۇپ قالمىسۇن ، دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ھەر تەرەپكە سەگەكلىك بىلەن كۆز تاشلاپ ، چاتقاللىق ئىچىگە يوشۇرۇندى . دەرەخلەر ۋە كوكاتلار ئارىسىدا ھەر خىل ئۇششاق قۇشلار شوخ ۋىچىرلىشىپ ، شاختىن شاخقا قونۇپ ئويىنىشاتتى . كېيىك ، توشقانلار ئويناقلىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى .

ئۇشتۇمتۇت دەرەخلەر ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆزگە ئىلىندى . ئادەم ! دەپ ئويلىدى باتۇر ۋە پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدى . بۇ يېگانە ئادەم باتۇر تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى . مانا ئۇنىڭ

پۇتۇن گەۋدىسى ئېنىق كۆرۈندى . «ئايال كىشى ئىكەن» دېدى يەنە باتۇر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي . بۇ يوچۇن ئادەممۇ خۇددى باتۇرغا ئوخشاش دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئاخىر ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدىن چىم باسقان ئوچۇقچىلىققا چىقتى . باتۇر ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ۋە چىرايىنى ئېنىق كۆردى ھەمدە تەڭداشسىز ھەيرانلىقتىن چۆچۈپ كەتتى . بۇ نېمە كارامەت ! بۇ قانداق مۆجىزە ! باتۇر ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ، بۇ چۈشۈممۇ ، ئوڭۇممۇ ؟ دەپ قېتىپلا قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ چىم باسقان ئوچۇقچىلىقتا دەل ھېلىقى ھەر كۈنى ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىدىغان سىرلىق قىز تۇراتتى ! خاتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دەل شۇ قىزنىڭ ئۆزى !

باتۇرمۇ چاتقاللىق ئىچىدىن ئوچۇقچىلىققا چىقتى . ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ ـ قادىلىپ قاراپ قېلىشتى . نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان باتۇرنىڭ چۈشلىرىدە ئايان بولغان شېرىن سۆيگۈ تۇيغۇسى ئەمدى گوياكى مەڭگۈ ئۆچمەس ئۇلۇغ يانغىنغا ئايلانغانىدى . ئۇ ئاشۇ تونۇش ھەم ناتونۇش قىزغا گەپ قىلالماي ، تويماي ، تەشنالىق بىلەن قارايتتى . ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىكى خۇددى چۈشىدە كۆرگىنىدەك يىرتىلىپ ، تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ ، يەلكە ۋە بىلەكلىرى ئوچۇق ، بەل ۋە يوتىلىرى چالا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . چۇۋۇلۇپ ، چېچىلىپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئوڭ چېكە قىسمىغا بىر تال ھال رەڭ ئەتىرگۈل قىستۇرۇلغانىدى . ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان مەسۇم كۆزلىرى بەجايىكى ھاياتنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ۋە مەنىدار سىرلىرىنى ئۇچقۇنلىتىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن گويا ئادەم بالىسىغا جەننەت ھۆزۈرىنى ئاتا قىلىدىغان شۇنچە تەبىئىي ، شۇنچە جەلپكار ياۋايىلارچە گۈزەللىك ئەكس ئېتەتتى .

— سىز كىم ؟ — دەپ سورىدى ئاخىر باتۇر ھاياجاندىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ .

قىزنىڭ پەرىشان چىرايىغا كۆلكە يۈگۈردى .

— مەن نۇرقىز ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن باتۇرنىڭ يۈرىكىگە قۇياش ھارارىتىنى تۆكۈپ .

باتۇر گۈل سۈپەت لەۋلەردىن چىققان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن شادلىققا چۆمدى .

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نۇرقىزمۇ ؟

— ھەئە .

— ھە ، سىز نۇرقىز ئىكەنسىز ـ دە ! دېمەك ، مەن مەنزىلگە يېتىپتىمەن .

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز باتۇرمۇ ؟

— ھەئە . سىز قانداق بىلدىڭىز ؟

— سىزنى چۈشۈمدە كۆرگەن ، — دېدى نۇرقىز ۋە بەختىيار كۈلكىسىنى باسالماي ، باتۇرنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قوللىرىنى سوزدى .

باتۇر ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇتتى . شۇ ھامان دەرەخزارلىق ۋە چاتقاللىقلاردىكى تۈرلۈك قۇشلار خۇشال سايرىشىپ ، ئاجايىپ شوخ ۋە ئۇلۇغۋار كۈي ھاسىل قىلدى . باتۇر بىلەن نۇرقىز قوللىرىنى قويۇۋەتمەي ، كۈي ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ شادىيانە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى ، ئاندىن نۇرقىز باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ ، ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا باشلاپ باردى . دەرەخزارلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بەئەينى چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ كۆركەم ياسالغان كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆي تۇراتتى . يىگىت بىلەن قىز ئۆي ئىچىگە كىردى . ئۆي ئىچىمۇ ئىنتايىن نەپىس بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ ، دېرىزە تۈۋىدە بىر كارىۋات ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر شىرە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا نەقىشلەپ ئىشلەنگەن ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغانىدى . ھالبۇكى ، باتۇرنى بۇ يەردە ھەممىدىن تولىراق ھەيرەتتە قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، شىرە ئۈستىدە بىر كىتاب ھېكمەتلىك نۇر چېچىپ ياتاتتى . باتۇر ئۆزىنىڭ نۇرلۇق كىتابىنى قاپچۇقتىن چىقىرىپ

شىرەدىكى كىتابنىڭ يېنىغا قويدى . ئىككى كىتاب تامامەن ئوخشاش ئىدى . باتۇر نۇرقىزغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى . نۇرقىز تەكشى تىزىلغان ئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى يالىڭاچلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— سىزدىمۇ مۇشۇنداق كىتابنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم ، — دېدى ئۇ .

— ھە ؟ قانداق بىلەتتىڭىز ؟ — سورىدى باتۇر .

— پەرىزات شۇنداق دېگەنىدى ، — دېدى نۇرقىز ، — ماڭىمۇ بۇ كىتابنى شۇ پەرىزات بەرگەن . ئۇ ماڭا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن . مېنىڭ سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈشۈمنى بۇيرۇغان . كېيىن مەن ھەر كۈنى مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ ، سىزنىڭ نەلەردە بولغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇردۇم . پەرىزات ماڭا : «باتۇر كەلگەندىن كېيىن بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىڭ » دېگەنىدى .

— توغرا ، — دېدى باتۇر ، — پەرىزات توغرا دەپتۇ . سىز كىم ؟ بۇ يەردە ئۆزىڭىز يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟ شۇلارنى بىلگۈم كېلىدۇ .

— يۈرۈڭ ، — دېدى نۇرقىز باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ ، — مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن .

باتۇر نۇرقىز بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى . ئۇستىبېشى يىرتىلىپ ، تىتىلىپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ يىگىت - قىز دەرەخزارلىقنىڭ چېتىدىكى رەيھانگۈللەر ۋە يالپۇزلار ئارىسىدا بولدۇقلاپ ئۇرغۇپ تۇرغان بىر چوڭ بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئاسمان شۇنچە تىنىق ، شۇنچە كۆك بولۇپ ، ئالتۇن قۇياش ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى قايناق مېھىر بىلەن تۆكۈپ تۇراتتى . ئەتراپتىكى ياپيېشىل چىمەنلەردىن كېلىۋاتقان ساپ ھاۋا تەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . بۇلاق بويىدىكى رەيھانگۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇپ ، كۆڭۈللەرنى خۇش قىلاتتى . باتۇر بىلەن نۇرقىز بۇلاق بېشىدىكى يۇمشاق چىملىقتا بىر - بىرىگە

يىقىن ئولتۇراتتى .
— قىنى ، سۆزلەڭا ، — دېدى باتۇر قىزنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ .
نۇرقىزنىڭ لەۋلىرى ۋە كۆزلىرىدىن تەبەسسۇم ئالامەتلىرى يوقالدى . ئۇنىڭ چىرايىغا قانداقتۇر چوڭقۇر قايغۇ ۋە ھەسرەتنىڭ سايىسى چۈشتى .
— مەن ئەسلىي سىز كۆرگەن ئاشۇ ئاجايىپ شەھەرنىڭ مەلىكىسى ئىدىم ، — دېدى ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىكىپ .
— ھە ؟ شۇنداقمۇ ؟ — باتۇر سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان تەئەججۈپ ئىچىدە خىتاب قىلدى .
— شۇنداق ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نۇرقىز ، — مېنىڭ ئاتام شۇ شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى قانۇنلۇق خاقانى ئىدى . بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنىڭ «بەخت - سائادەت شەھىرى» دەپ داڭقى چىققانىدى . پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئىچىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى . ھەممە يەردە گۈل - چېچەكلەر خۇش پۇراق چاچاتتى ، ھەممە يەردە غەمسىز باللارنىڭ خۇشال كۈلكە ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى - يېڭى تەتقىقات ۋە كەشپىيات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ ، يېڭى تىپتىكى تۇرلۇك ماشىنا ، ئۈسكۈنىلەرنى ئىشقا سالاتتى ، رەسسام ۋە نەققاشلار ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلاتتى . سەنئەتچىلەر ھەر ياندا ساز ۋە ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ ، شوخ ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ جەۋلان قىلاتتى . مەن خاقان ئاتام ۋە خانىش ئانام بىللە بىللە بۇ جۇشقۇنلۇق مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ، ئىچ - ئىچىمدىن شادلىنىپ كۈلەتتىم .
سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نۇرقىز دولقۇنلاپ كەلگەن ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن سۈكۈت قىلدى . ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىگە تىكىلگەن چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ، سېغىنىش ۋە يەنە ئاللىقانداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ئۇچقۇنلاپ

تۇراتتى . باتۇر ئۇنىڭ ئىسسىق قولىنى يەنىمۇ چىڭراق سىقىپ ، ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى .

نۇرقىز ئۆز ئەسلىمىسىنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى :

— قۇياش پارلاپ تۇرغان ئاشۇ سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزدىن قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ، ئاسماننى توپ - توپ قارا بۇلۇتلار قاپلىدى . شەھىرىمىز ئۈستىدە قۇياش كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى . قارا قۇيۇن ئەدەپ كەتتى . چاڭ - توزان ۋە ئەخلەت - چاۋارلار پىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى . كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالماي ، باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى . قۇيۇن بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى يۇلۇپ ، ئۇچۇرتۇپ كەتتى ، دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ يىقىتتى ، خۇددى ئەپسانىۋى گىگانت ئەجدىھا دەم تارتقاندەك شەھەردىكى ئاپەت ياغدۇرغۇچى قارا قۇيۇننىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ سەت بىر مەخلۇق خۇددى قارا تۇتۇندەك ئۆرلەپ چىقتى . ئۇ مەخلۇقنىڭ يۈزى توختىماستىن يېشىل ، قىزىل ، سېرىق ، كۆك ، سۆسۈن رەڭلەرگە ئۆزگىرىپ تۇراتتى . قۇيۇن ۋە بوراننىڭ گۈركىرەشلىرى ئىچىدىن بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ گۈلدۈرمامىدەك قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— بۇ ئاجايىپ شەھەر ئەمدى مېنىڭ بولىدۇ ! — دەپ جار سالدى ئۇ ، — مەن ئەمدى بۇ شەھەرنىڭ خاقانى بولىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار مېنى ئاجايىپ خاقان دەپ ئاتاڭلار !

قارا قۇيۇن ئاستا - ئاستا بېسىقتى . مەن قۇيۇندا پىرقىراپ ، بېشىم ئايلىنىپ ئوردا ئالدىدىكى چىملىقتا يېتىپ قاپتىمەن . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەر تەرەپتە چېچىلىپ يېتىپتۇ . يالغۇز خاقان ئاتاملا خۇددى خانتەڭرىدەك مەغرۇر قىياپەتتە تىك تۇراتتى .

— تولا كاپشىما ، ئەي ئاجايىپ مەخلۇق ! — دەپ خىتاب قىلدى خاقان ئاتام ، — بۇ شەھەرنىڭ خاقانى مانا مەن . پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مېنى خاقانلىققا

سايلىغان . تېز يوقال بۇ يەردىن ، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت !

مەن يۈگۈرۈپ ئاتامنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىم ، ئاتام يىقىلىپ ياتقان خانىش ئانامنى يۆلەپ تۇرغۇزدى . ھەر جايدا چېچىلىپ ياتقان ئوردا نۆكەرلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

بۇ چاغدا رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ھەر خىل قەدىمكى ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئاجايىپ ئەسكەرلىرى بىزگە تاشلاندى . بىزنىڭ زامانىۋى ئەسكەرلىرىمىز دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، ئۇلارغا زەربە بەردى . خاقان ئاتام شەخسەن ئۆزى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلدى . بىر قېتىملىق كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ قوشۇنى چېكىندى . بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزغا ئاز قالغانىدى . لېكىن ، شۇ ئەسنادا تەرەپ ـ تەرەپتىن روھى بۇلغانغان پاسىقلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خاقان ئاتامغا ئېتىلدى .

— بىز ھەسەتخورلار !

— بىز غەيۋەتخورلار !

— بىز قارا نىيەتلەر سېنىڭ خاقان بولۇپ تۇرۇشۇڭغا چىداپ تۇرالمايمىز ! سېنى جايلايدىغان پۇرسەت كەلدى ! — دېيىشىپ سۈرەن سېلىشتى ئۇلار .

ئاتام ۋە نۆكەرلەر بۇ روھى بۇلغانغان ئاسىيلار ئەۋج ئالدۇرغان تەتۈر قۇيۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . نۆكەرلەر ئىككى ئوتتۇرىدا قاپسىلىپ قېلىپ ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى . ھەسەتخورلار ئاتامنى تۇشمۇتۇشتىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى ۋە ئاشۇ يىرگىنچلىك ئاجايىپ مەخلۇققا تاپشۇرۇپ بېرىشتى . ئاجايىپ مەخلۇق تۇۋىسىز ھاڭدەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

ئۇلار ئاتام بىلەن ئانامنى چەمبەرچاس باغلاپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ قويۇشتى . مەن : « ئاتا ! ئانا » دەپ يىغلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىدىم ، لېكىن بۇ مەخلۇقنىڭ غەلىتە ئەسكەرلىرى

مىنى تۇتۇۋالدى . ئاجايىپ مەخلۇق ئالجىپ قالغاندەك پىرقىراپ ، سەكرەپ ، رەڭگىنى ھەر خىل ئۆزگەرتىپ ، ئالىلىنىپمىلەرنى دەپ توۋلاپ ، چىرقىراپ يەنە قۇيۇن چىقاردى . يەر ـ جاھاننى تۇن قاراڭغۇسى قاپلىدى . قۇيۇن تەدرىجىي ئۇلغىيىپ ، خاقان ئاتام بىلەن خانىش ئانامنى ئۇچۇرتۇپ ئەكەتتى . ئۇلار قاپقارا ئاسمانغا تېز ئۆرلەپ ، يۇلتۇزلاردەك يوروُق ئىككى چېكىتكە ئايلىنىپ قالدى ـ دە ، كۆزدىن غايىب بولدى ، ئاندىن قۇيۇن مىنىمۇ ئۇچۇرتۇپ كەتتى . مەن ئۇچۇپ شەھەر سىرتىغا چىققاندا تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە يۈز بەردى . قارىسام ، تۆۋەندە ئاپئاق ، ئۇچۇپ تۇرىدىغان يېنىك ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن پەرىزات پەيدا بولدى . ئۇ ئىككى قولىنى ئاستا مەن تەرەپكە سوزۇپ ، چاقىرغاندەك ئىشارەت قىلدى . مەن مامۇقتەك لەيلەپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتۇم . ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئاق ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، چاقماق تېزلىكىدە مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى .

«سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز ئەڭ يىراقتىكى بىر يۇلتۇزغا چىقىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ ماڭا ، — ئۇلارنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشى سىزگە باغلىق . سىز ئەمدى مۇشۇ يەردە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرىسىز . كەلگۈسىدە ، بىر كۈنى بۇ يەرگە باتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت كېلىدۇ . ئۇنى ئوبدان قارشى ئېلىڭ» .

نۇرقىز سۆزلەشتىن توختىدى . باتۇر چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئەمدى چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ ، — ھازىر ئۇ ئاجايىپ شەھەردە ئالىملار ، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىگىلىرى خارلىنىپ ، ھەسەتخور ، خۇشامەتچىلەر دەۋر سۈرۈۋاتىدۇ .

باتۇر ئىختىيارسىز نۇرقىزنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى . نۇرقىزمۇ ئۇنىڭغا يېپىشتى .

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تۇزلەڭنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر چېكىت كۆزگە ئىلىندى . بۇ چېكىت چاقماق تېزلىكىدە غۇيۇلداپ يېقىنلاشقا ۋە چوڭىيىپ ، ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

— پەرىزات ! — باتۇر بىلەن نۇرقىز تەڭلا خىتاب قىلدى .
دەرۋەقە ، پەرىزاتنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە ئاق ماشىنىسى بىر دەمدىلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئاق كىيىملىك پەرىزات ھەر دائىمقىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ، ماشىنىدىن چۈشتى . باتۇر بىلەن نۇرقىزمۇ ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .
— سىلەر ئاخىر ئۇچراشتىڭلار ، — دېدى پەرىزات يىگىت ۋە قىزغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ ، — ئەمدى سىلەر چوڭ ئىشلارغا قادىر بولدۇڭلار .
— قانداق ئىشقا ؟ — باتۇر تاقەت قىلالماي سورىدى .
پەرىزات خۇددى ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغاندەك ئاۋۋالقىدەكلا خۇش تەبەسسۇم بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— باتۇر ، مەن ئەسلىي بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا غەيرەت ، جۇرئەت ئۇچۇڭلارنى تاللىۋالغانىدىم . ئەمما ، سىناقتىن يالغۇز سەنلا ئۆتتۇڭ . غەيرەتلىك ، جۇرئەتلىك ، باتۇر بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا لاياقەتلىك بولىۋەرمەيدىكەن . ئەمدى نۇرقىز بىلەن ئىككىڭلار بۇ ۋەزىپىنى ئۇستۇڭلارغا ئېلىڭلار .
— قانداق ۋەزىپىنى ؟ — نۇرقىزمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي سورىدى .
پەرىزات بۇ سوئالغىمۇ ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي ، شۇنچە ئىللىق مېھىر سىڭگەن شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ۋە مۇنداق دېدى :
— سىزنىڭ ئاتىڭىز كۈن ، ئانىڭىز ئاي . شۇڭا ، سىزگە نۇرقىز دېگەن ئىسىم قويۇلغان . سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا كۈن بىلەن ئاينىڭ نۇرى تولغان .
پەرىزات شۇ گەپنى قىلىپ ، ئىككى ئالىقىنى بىلەن نۇرقىزنىڭ مەڭزلىرىنى يېنىككىنە سىلىدى . شۇ ھامان مۆجىزە يۈز بېرىپ ، نۇرقىزنىڭ ئۇستىبېشىدىن يارقىن نۇر يېغىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى يىرتىلىپ ، تىتىلىپ ، ساڭگىلاپ

قالغان كۆڭلەك پارچىلىرى يېپيېڭى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەككە ئۆزگەردى . باتۇر ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قېتىپلا قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىغا ئۇزۇن ئاق رومال سالغان ، ئاق كۆڭلەك ، ئاق توپلەي كىيگەن ، سۇمباتلىق بويىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان پەرى سۇپەت گۇزەل قىز كۇلۇپ تۇراتتى . بۇ چاغدا پەرىزات باتۇرنىڭمۇ يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن بىر سىيپىۋىدى ، باتۇرنىڭمۇ ئۇستىبېشى يېڭىلاندى . ئۇ كاستۇم ـ شىم كىيىپ گالىستۇك تاقىغان ھالەتتە ھەيران بولۇپ تۇراتتى .

پەرىزات يەنە سۆزلىدى :

— سىلەر ھەر ئىككىڭلار ئاجايىپ شەھەرنى بىلىسىلەر . ئۇ شەھەر ھازىر زۇلمەتلىك ماكانغا ئايلاندى . قاراڭغۇلۇق دۇنياسىنىڭ ئادەملىرى ھازىر ئۇ شەھەردە باشباشتاقلىق قىلىۋاتىدۇ . سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئىنسان روھىنى ئاشۇ يورۇقلۇق دۇشمەنلىرى تارقىتىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلاردىن تازىلاش ، پۈتۈن دۇنيانى يورۇق ۋە پاكىز دۇنياغا ئايلاندۇرۇش .

يېڭىچە سىن ، يېڭىچە ئىسكەت كىرگەن باتۇر بىلەن نۇرقىز پەرىزاتنىڭ ھەربىر سۆزىنى تەشنالىق بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى .

— يۇرۇڭلار ، — پەرىزات يىگىت بىلەن قىزنى قوللىرىدىن تۇتۇپ ، خۇددى گۆدەك بالىلارنى يېتىلىگەندەك باشلاپ ماڭدى .

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق يۇرگەندىن كېيىن ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز ھەم تىك قىيا تاشلىق زور تاغنىڭ تۇۋىگە كېلىپ توختىدى .

— مۇشۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا بىر ھېكمەتلىك گۆھەر نۇر چېچىپ ياتىدۇ ، — دېدى پەرىزات ، — سىلەر چىقىپ شۇ گۆھەرنى ئېلىڭلار . ئۇ گۆھەر ياتقان چوققىغا سىلەردىن باشقا ھېچكىم چىقالمايدۇ . سىلەر يالغۇز ـ يالغۇز ماڭساڭلارمۇ چىقالمايسىلەر . پەقەت ئىككىڭلار بىرلىشىپ ۋۇجۇدۇڭلاردىكى پاك مۇھەببەتنى قۇدرەتلىك كۇچكە ئايلاندۇرغاندىلا ، ئاندىن ئۇ چوققىغا چىقالايسىلەر . ئەنە شۇ چاغدا سىلەر ئىككىڭلار گۆھەرنى تەڭ تۇتۇپ

ئېگىز كۆتۈرۈشكەن. گۆھەر ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك نۇرىنى يەر يۈزىگە تەكشى چاچىدۇ. بۇ نۇر قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ، بەخت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— ئاجايىپ شەھەرنىمۇ يورۇتالامدۇ؟ — سورىدى نۇرقىز.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى پەرىزات، — ئاجايىپ شەھەردىكى بارلىق قاراڭغۇ كوچىلار يورۇقلۇققا تولىدۇ. سىزنىڭ خاقان ئاتىڭىز بىلەن خانىش ئانىڭىز قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى رەڭگى ئۆزگىرىدىغان ئاجايىپ خاقاننى تاغلارنىڭ ئاستىدىكى مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇققا بەند قىلىۋېتىدۇ.

— يۇرۇڭ، نۇرقىز، تاغقا تېزرەك چىقايلى، — دېدى باتۇر قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ.

— ياق، — دەپ كۈلۈپ كەتتى پەرىزات، — بۇ كىيىملەر بىلەن بۇنداق تىك تاشلىق تاغقا قانداق چىقالايسىلەر؟ سىلەر ئالدى بىلەن نۇرلۇق كىتابنى ئوبدان ئوقۇڭلار. ئاندىن ئۇستىبېشىڭلارنى ئۆزۈن سەپەرگە لايىق كىيىملەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىڭلار.

— خوپ، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز، پەرىزات، — دېدى باتۇر.

— ماقۇل، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى نۇرقىز.

— بىراق، بۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋە تولىمۇ جاپالىق سەپەر بولىدۇ، — دېدى يەنە پەرىزات.

— ھەرقانداق جاپادىنمۇ قورقمايمىز! — دېدى باتۇر جەسۇرانە ئاۋازدا.

— ھېكمەتلىك گۆھەرنى ئالمىغۇچە توختىمايمىز! — دېدى نۇرقىز خۇددى مۇقەددەس جەڭ ئالدىدا قەسەم بېرىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە تەنتەنىلىك قىياپەتتە.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىڭلار پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلارغا باغلىق، — دېدى پەرىزات، — بۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆرۈشمەيمىز. غەيرەتلىك ۋە ئۈمىدلىك بولۇڭلار. سىلەرگە بەخت

تىلەيمەن !

باتۇر بىلەن نۇرقىز ئېغىز ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى . پەرىزات ئۆزىنىڭ كارامەت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ، شۇ هامان كۆزدىن غايىب بولدى .

* *

تىنىق ئاسماننىڭ شەرقىي قىسمى بەجايىكى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت شولىسىدەك قىزىرىپ كەتتى .

باتۇر بىلەن نۇرقىز شىرە ئۈستىدىكى نۇرلۇق كىتابلىرىنى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە هېلىقى پەرىزات كۆرسەتكەن ئېگىز هەم تىك تاشلىق تاغ تۈۋىگە كەلدى . تاغ تىك هەم ئېگىز بولۇپ ، چوققىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى .

— هېكمەتلىك گۆهەرنى بۇ يەردىن زادىلا كۆرگىلى بولمايدىكەن ، — دېدى نۇرقىز بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاراپ .

— پەرىزات ئۇ گۆهەر قويۇلغان چوققىغا يېتىش ئاسان ئەمەس دېدىغۇ ، — دېدى باتۇرمۇ شۇ تەرەپكە نەزەر سالغاچ .

— بولۇڭ ، تاغقا تېزرەك چىقايلى ، — دەپ ئالدىرىدى نۇرقىز .

— توختاڭ ، — باتۇر كۈلدى ، — بۇ كىيىملىرىمىز بىلەن تاغقا چىققىلى بولمايدۇ .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— پەرىزات كىتاب ئوقۇڭلار دېگەنىدىغۇ .

— راست !

ئۇلار دەرهال شۇ يەردە تۇرۇپلا ئۆزلىرىنىڭ نۇرلۇق كىتابلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى . قانچىلىك ئوقۇدىكىن ، ئىشقىلىپ ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئۆزگىرىپ قالدى . ئەمدى باتۇرنىڭ ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك ، نۇرقىزنىڭ ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك يېنىك ۋە ئەپچىل

تەنتەربىيە كىيىملىرى كىيىلگەنىدى .

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى ، — دېدى باتۇر ئۆزىنىڭ ۋە نۇرقىزنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرگە قاراپ .

— راست ، بەك ياخشى بولدى ، — دېدى نۇرقىز ، — ئەمدى تاغقا چىقىشنى باشلايلى .

— شۇنداق ، ئەمدى ماڭايلى ، — دېدى باتۇر ، — كىتابتا مانا ماۋۇ يەر بىلەن چىقىش ئاسانراق دەپ يېزىلىپتۇ .

يىگىت بىلەن قىز قوللىرىدىكى كىتابلارنى بەللىرىگە ئېسىلغان قاپچۇقلىرىغا سالدى ۋە قولنى قولغا تۇتۇشۇپ تاغ قاپتىلىغا يول ئالدى . ئۇلار ئۇچۇن ۋاقىت ئۇقۇمى يەنە يوقالدى . كۆنلەر ، ئايلار ، يىللار ئۆتسىمۇ كەچ كىرمىدى . ئۇلار چارچاش ، ئۇخلاش ، قورقۇش دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىمۇ ئۇنتۇدى . ئۇلار قولنى قولغا تۇتۇشقان ھالدا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋەردى ، كېتىۋەردى . تىك قىيا ، خەتەرلىك ھاڭلار ئۇلارنى قورقۇتالمىدى ؛ يول ئازابى ئۇلارنى چارچىتالمىدى ؛ بوران - چاپقۇنلار ئۇلارنى توختىتالمىدى . ئۇلار قەدەممۇقەدەم يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋەردى .

— قاراڭ ، ئەنە ! — دەپ خىتاب قىلدى باتۇر .

— گۆھەر ! — نۇرقىز خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى .

تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا بىر يورۇق نۇقتا كۆرۈنگەنىدى . باتۇر بىلەن نۇرقىز بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تېخىمۇ مەھكەم قىسىپ تۇتۇشتى . ئۇلارنىڭ غەيرىتى ۋە ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئۇلغايدى . ئۇلار تاشتىن تاشقا ، چوققىدىن چوققىغا كۆچۈپ ، ئاشۇ ئەڭ ئېگىز پەللىنى كۆزلەپ ، توختىماي ئۆرلەپ كېتىۋەردى .

# ئاق ئېتىم

## بىرىنچى باب

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ . . . قېچىپ كەتتى ، قېچىپ كەتتى تۇتۇق بەرمەستىن . ئاق ئېتىمنى تۇتۇۋېلىشقا ئالدىراپ قوغلاپ كېتىۋاتىمەن ، قوغلاپ كېتىۋاتىمەن . هاسىراپ ، ئاۋازىم بوغۇلۇپ ۋارقىرايمەن :

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، توختاپ تۇرغىن ! قاچمىغىن ! مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن ؟ »

ئاق ئېتىم توختىمىدى . تۇياقلىرى ئاستىدىن ئاپئاق قار توزانلىرىنى توزۇتۇپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئاسماننى بىر تۇتاش ئاپئاق بۇلۇت قاپلىغان ، كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالىنى ئاپئاق قار باسقان . ئاق ئېتىم شۇ ئاق ئاسمان ۋە ئاق دالىنىڭ ئارىلىقىدا ئاق قار ئۇچقۇنلىرىنى توزۇتۇپ مەندىن يىراقلاپ كەتمەكتە . بۇ نېمە بولغىنى ؟ تېخى بايىلا مەن شۇ ئاق ئېتىمنى مىنىپ رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن چىمەنزارلارنى ، مەخمەلدەك يېشىل يايلاقلارنى كۆرگەنىدىم . ئۆتكەن - كەچكەن ئادەملەر ، ئەر ۋە ئاياللار ، بوغا ۋە ماراللار ، بۆكەن - جەرەنلەر ، تۈلكە - توشقانلار ، كەپتەر - قۇشقاچلار ماڭا هەۋەسلىنىپ قاراپ قېلىشقانىدى .

— پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق ئارغىماق ! — دېگەن هاياجانلىق خىتاب غايىبتىن ئاڭلىنىپ ، قۇلاقلىرىمدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى .

ئۇشتۇمتۇت كۆز تەگكەندەك ئىش بولدى . ئاق ئارغىماق

ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتىم ، ئاپئاق ، يۇمشاق ۋە سوغۇق قار ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشتۇم . قارىسام ، ئاق ئېتىم قېچىپ كېتىۋاتىدۇ . يىقىلغان يېرىمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ يۇگۇردۇم ، ئاق ئېتىمنى قوغلىدىم . قېنى ، بايىقى كۆك ئاسمان ؟ قېنى ، بايىقى يېشىل يايلاق ؟

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ . . . قېچىپ كەتتى ، قېچىپ كەتتى تۇتۇق بەرمەستىن . ئىزغىرىن چۆل شامىلى ئاق ئېتىمنىڭ ئاپئاق يىپەكتەك يالى ۋە قۇيرۇقلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئويناتماقتا . ئاق ئاسمان ، ئاق دالا ، ئەرشتىن چۈشكەن دۇلدۇل كەبى ئاپئاق ئارغىماق . . . بىر تۇتاش ئاق مۇھىت ئىچــــدە يۇگۇرۇپ كېلىۋاتىمەن . ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئاق توزانلار توزۇماقتا . . .

مۇڭلۇق كۆزلىرىم ئاستا ئېچىلدى . قىزىل سىرلانغان يوغان ھەم ئېغىر ئىشىكنىڭ باش تەرىپىدىكى سېمونت تورۇسقا يېقىن جايغا ئورنىتىلغان ئېلېكتر لامپۇچكىسى سارغۇچ غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرماقتا . بۇ چىراغ ھەر كۇنى تاڭ ئاتقۇچە ئۆچۇرۇلمەيدۇ ، چۇنكى سىرتتىكى سېپىل ئۇستىدە ئايلىنىپ يۇرىدىغان قاراۋۇللار بۇ يەرگە قامالغان ئادەملەرنى ئەينەكسىز دېرىزىدىن ئېنىق كۆرۇپ تۇرۇشى كېرەك . ئىشىك تۆۋىدىن ئۇدۇلدىكى دېرىزە تۆۋىگىچە تام ياقىلاپ ئۇزۇن سوزۇلغان ئىككى رەت سۇپىدا يىگىرمە ئىككى مەھبۇس تىقما - تىقماق بولۇپ قاتار تىزىلىپ ياتىدۇ . يىگىرمە ئۇچىنچىسى مەن . 1969 - يىلى 1 - ئايدا شۇ «يىگىــــرمە ئۇچىنچى» بولغىنىمدىن تارتىپ يەتتە ئاي ئۆتتى . ھازىرقى ياز كۇنلىرىنىمۇ مانا مۇشۇ سېپىل ئىچىدە ئۆتكۇزمەكتىمەن . مەن يېڭى كەلگەن بولغاچقا ، ئەڭ چەتتە ، دېرىزە تۆۋىدىكى يوغان بىر تەرەت تۇڭىنىڭ يېنىدا ياتىمەن .

ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى . ئەجەب چۈش كۆردۈما ! خۇددى راستتەكلا ، شۇنــداق چىرايــلىق ئاق ئات . . . قار باسـقان ئاپئاق دالا . . . ئېتىمنىڭ ئۇستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، يەنە شۇ ئېتىمنى

قوغلاپ كېتىۋاتىمەن . . .

ئاستا قوزغىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . تام تۈۋىدىكى تۆگىنىڭ ياغاچ قاپقىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ ، تار ھەم ئۇزۇنچاق كەلگەن تۆمۈر ۋادەكلىك ئەينەكسىز دېرىزىدىن قاراپ تۇرىمەن . كۆز ئالدىمدا تۇرمىنى قورشاپ تۇرغان ئېگىز سېپىلنىڭ بىر قىسمى ۋە ياز ئاسمىنىغا چېچىلغان ساناقسىز يورۇق يۇلتۇزلار نامايان بولماقتا . باشقىلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشتى . مەن بولسام ، مانا شۇ قىياپەتتە سائەتلەپ تۇرىمەن . شۇ سائەتلەردە كۆز ئالدىمدىن قانداق خىيالىي كۆرۈنۈشلەر كەچمىدى دەيسىلەر !

بالىلىق چاغلىرىم ئۆتكەن غۇلجىدىكى ئۆيىمىز ئازادە قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئەتراپىغا ئالما ۋە گىلاس دەرەخلىرى ، جىنەستە تاللىرى تىكىلگەن ، يازلىق ئاشخانا قىلىنغان لاپاسنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە ھەر خىل گۈللەر تېرىلغانىدى . ئۆينىڭ چەتلىرى كۆك ، ئوتتۇرىسى ئاق قىلىپ ھاكلانغان ، دېرىزىلەردە تەشتەكلىك ئۆي گۈللىرى ئېچىلىپ خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى . رەڭمۇرەڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك كېپىنەك ، بوغۇن ، يىڭناغۇچ ۋە كەپتەر ، قۇشقاچلار ھويلىمىزنىڭ دائىملىق يازلىق مېھمانلىرى ئىدى . ئۇزۇم تەكلىرى يامىشىپ چىقىپ كەتكەن پېشايۋانغا سېلىنغان گىلەم ئۇستىدە پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن ئولتۇرۇپ غىزالىناتتۇق . . .

كۆز ئالدىمدىكى ساناقسىز يورۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ ئىختىيارسىز تۇردە ئېغىر بىر تىنىق ئالدىم . قېنى شۇ غۇلجا؟ قېنى شۇ باغلىق ھويلا؟ مەن ھازىر ئۇرۇمچىدە ، لېۋداۋاندىكى مۇشۇ سۇرلۇك تۆت سېپىلنىڭ ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولماقتىمەن . گۇناھىم ناھايىتى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك — «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قارشى تۇرغان . «كېرەك يوق ، — دەيمەن ئىچىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەدەت ۋە تەسەللى بېرىپ ، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ . پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە بۇ قىسمەت كىمنىڭ

بىشىغا كەلمىدى ؟ »

نىجاسەت تۈگمىنىڭ ياغاچ قاپقىقىغا دەسسەپ ، سوغۇق سېمونت تامغا كۆكرىكىم بىلەن يۆلىنىپ ، شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكىم بولۇپ قالغان ئاشۇ يورۇق يۇلتۇزلارغا مىسكىن كۆزلىرىم بىلەن قادالدىم . ئاھ ، يۇلتۇزلار ، يۇلتۇزلار ، خىياللىرىمغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇنسىز يۇلتۇزلار . . .

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنى كېسىپ نېرىقى قىرغاققا قاراپ ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان چاتما كېمە ئۈستىدە شادلىق ساداسى ! بولۇپمۇ ، كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ كېمىنىڭ يانلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنى كېمە ئۈستىدىكى بىر توپ ئوغۇل - قىز ئۆسمۈرلەرنىڭ خۇشال ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، دەريا ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ يىراق - يىراقلارغا تارقالماقتا ئىدى . ئوغۇللارنىڭ بەزىلىرى شوخلۇق قىلىشىپ قىزىپ كەتكىنىدە كۆڭلەكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىشتى ، بەزىلىرى ئەتراپتا شۇڭغۇپ يۈرگەن چايكىلارغا قارىتىپ ئالمىلارنى غۇلاچلاپ ئېتىشاتتى . بۇنىڭغا قاراپ يەنە بەزىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى :

— چايكىلار ئالما يېمەيدۇ !

دەريادىن ئۇرۇلۇۋاتقان راھەتبەخش سالقىن شامال قىزلارنىڭ يوپكىلىرى ۋە ياغلىقلىرىنى ئۇچۇرۇپ لەپىلدىتەتتى .

بىز نېرىقى قىرغاققا ئۆتكەندىن كېيىن كېمىدىن چۈشۈپ ، ئۆيدىن ئېلىپ چىققان يېمەكلىكلەر سېلىنغان سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ دەريا بويىدىكى جىگدىزارلىققا كىرىپ كەتتۇق .

يازلىق تەتىل كۈنلىرىدە بىز ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلار توپلىشىپ مۇشۇنداق شەھەر سىرتى سەيلىسىگە پات - پات چىقىپ تۇراتتۇق . بۇنداق چاغلاردا تاكى قۇياش غەرب تەرەپكە خېلى تۆۋەنلىگۈچە جىگدىزارلىق ئىچىدىن ئوغۇل - قىزلارنىڭ شوخ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ليۇداۋان ئاسمىنىدىكى يورۇق يۇلتۇزلارغا كۆپ تىكىلىپ

ئەركىن ، غەمسىز ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەندە ، قەلبىم ئىللىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېيتقۇسىز بىر خىل شېرىن ھېسسىياتقا چىرماشتى . بۇ مېنىڭ تۆمۈر ۋادەكلەر ئىچىدىكى خۇشاللىقىم ئىدى . ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىغا يېزىلىپ قالغان ئەسلىمىلىرىمدىن سىقىلغان يۈرىكىمگە تەسەللى تاپقاندەك بولاتتىم . شۇڭا ، شۇ ۋادەكلىك دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتكۈم كەلمەيتتى . ئويلايتتىم ، ئەسلەيتتىم ، لەززەتلىنەتتىم . . .

ئۇرۇمچى تەنتەربىيە مەيدانى قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغانىدى . پۈتۈن شەھەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەرگە جەم بولغانىدى . قىزىل ، يېشىل ، كۆك ، سېرىق رەڭلەردىكى زىننەت بايراقلىرى باھارنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك لەپىلدەيتتى . ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تاللانغان ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەردە تەنھەرىكەتنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقىلەشمەكتە ئىدى .

مەن ئوغۇللارنىڭ ئىككى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشكە چۈشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن تىزىلىپ مەيدانغا كىردىم . يارقىن ماي قۇياشى بىزگە زوقلىنىپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ ھەممە يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىقىنى ئۈستىمىزگە سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە ئىدى . ھەرقايسىمىز ئۆز جايىمىزنى ئىگىلەپ يۈگۈرۈشكە تەييارلانغاندا ، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ تېز سوقۇپ كەتتى . شەرتلىك سىگنال بېرىلىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئېتىلىپ چىقىپ يۈگۈرۈپ كەتتۇق . يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى دەرھال نورماللاشتى . كۆزلىرىمگە ئۆزۈمگە تېگىشلىك تار يول قىلىپ سىزىلغان ئىككى پاراللېل ئاق سىزىقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . يېنىك مىخلىق ئاياغ كىيىلگەن پۇتلىرىم گوياكى ئىختىيارىمدىن تاشقىرى ئۆزلۈكىدىن تېز ھەرىكەتلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . مانا ، مەن بىردەمدىلا باشقا تەنھەرىكەتچىلەر قاتارىدىن ئۈزۈپ چىقىپ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتىمەن . پەللىگە تارتىلغان ئىنچىكە قىزىل لېنتا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە . مەن تېزلىكىمنى قىلچە سۇسلاشتۇرماي

ئېتىلىپ كېلىپ پەللىنى بېسىپ ئۆتتۇم. قىزىل لېنتا ھاياجانلىق كۆكرىكىمگە ئورىلىپ قالدى.

ئاھ، يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار! مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ بەختىيار كۈنلىرىمنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىنى سىلەرگە تەقدىم قىلاي. شۇ ئەسلىمىلىرىم خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مەڭگۈ قول يەتمەس ئېگىزلىككە چىقىپ كەتسۇن، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مەڭگۈ ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ قالسۇن. ئاھ، نېمىدېگەن ئەركىن، نېمىدېگەن بەختلىك چاغلىرىم ئۆتكەن!

كۆزلىرىم ئالدىدىكى سېپىل ئۇستىگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ تۇرۇشىمۇ ھەرگىز يادىمدىن چىقارمايمەن، چۈنكى مەھبۇسلارنىڭ سىرتقا قارىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مۇرىسىگە ئاسقان مىلتىقنىڭ پولات نەيزىسىنى ئاي نۇرىدا پارقىرىتىپ، سېپىل ئۇستىدە ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان قاراۋۇل ئەسكەرنى كۆرۈپ، پۇتلىرىمدىكى كىشەننى شاراقلىتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ئەسكەر بىردەمگىچە توختاپ، سېپىلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نەگىدۇ بىر يەرگە قاراپ تۇردى ۋە مۇرىسىدىكى مىلتىقنى ئوڭشاپ قويۇپ يەنە ئاستا مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە تۆمۈر ۋادەكلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردۇم. ئەتراپ جىمجىت. سالقىن كەچكى ھاۋا جاراھەتلەنگەن قەلبىمگە شىپا بولغۇسى كەلگەندەك، ئۆزىنىڭ يېنىك، ساپ ئېقىمى بىلەن ماڭا بىر ئاز ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئاھ، خىياللار! ھەسرەتلىك، ھەۋەسلىك ۋە بەختلىك خىياللار! پەقەت شۇ خىياللار ئاشۇ كۈنلەردىكى مېنىڭ بىردىنبىر غەمگۇزار ھەمراھىم ئىدى. شۇ خىياللاردىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق. چۆلدىكى بوراندا قالغان يالغۇز تىكەنگە ئوخشاپ قالدىم. خىياللىرىم ئىچىدىن ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق كۆرۈنۈش كۆزلىرىم ئالدىدا نامايان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. كىچىككىنە ئاددىي بىر ئېغىز ئۆيگە بىر توپ يىگىت ـ قىز يىغىلىپ قالغاندۇق. شۇ كۈنى ئاشۇ گۈل يۈزلۈك پەرىزات دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقانىدى:

مەن ئانام دېسەم ئاقىدۇ ياشىم ،
مەن ئاتام دېسەم قايىدۇ باشىم .

دۇتارنىڭ قوش تارىدىن ياڭراۋاتقان ئاجايىپ لەرزان ، مۇڭلۇق ئاھاڭغا قوشۇلۇپ ، ئاشۇ گۈل يۈزلۈك پەرىزاتتەك قىزنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇپ كەتتى ، لېكىن ئۇ دۇتارنى چېلىۋەردى ، توختاپ قالمىدى ؛ ئاق سۈزۈك مەڭزلىرىدە يول - يول يالتىراق ئىزلار قالدى . يۈرىكىم ئۆرتىنىپ ، ھەيرەت ئىچىدە ئۇ قىزغا قاراپ قالدىم . ئاجايىپ بىر ئاچچىق داۋالغۇش ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى . شۇ ناخشا ، شۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلار ، شۇ كۈنلەرنىڭ ئەلەملىك خاتىرىسىنى يۈرەكلەرگە يازماقتا ئىدى .

شۇ تاپتا تۆمۈر ۋادەكلەر ئارىسىدىن يۇلتۇزلارغا كۆز تىكىپ ، گۈل يۈزلۈك پەرىزاتنىڭ شۇ ناخشىسىنى كۆڭلۈمدە تەكرارلىدىم :

مەن ئانام دېسەم ئاقىدۇ ياشىم ،
مەن ئاتام دېسەم قايىدۇ باشىم .

بۇ ناخشا خۇددى مەن ئۈچۈنلا ئېيتىلغاندەك بىلىنىدۇ . مېنىڭ ئاتا - ئانامنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇچۇرۇپ ، باشقا - باشقا تۆمۈر ۋادەكلەر ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى . ئىنى - سىڭىللىرىم ھەر جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتە . ئۇلار ئاتا - ئانىسىنى كۆرەلمەيدۇ ، ھەتتا مەندەك بىر ئاكىسىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس . قېنى ، مېنىڭ شۇ جانجىگەرلىرىم ؟ مەن قاراپ تۇرغان مۇشۇ يۇلتۇزلارغا بەلكىم ئۇلارمۇ ئۆز جايلىرىدا ماڭا ئوخشاش قاراپ تۇرىدىغاندۇ ، ياكى . . . ئاھ ، بۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان قورقۇنچلۇق گۇمانلارنى ، دەھشەتلىك پەرەزلەرنى ئويلاشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ .

ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ ، كامىر ئىچىنى كىچىك لامپۇچكا تۇتۇق يورۇتۇپ تۇرىدۇ . مەن سوغۇق سېمونت تامغا كۆكرىكىم بىلەن يۆلىنىپ ، خۇددى كەڭ دالىلارغا ، ئېگىز تاغلارغا ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۇسى كېلىپ ، قەپەس ئىچىدە مۆڭگۈلىنىپ ياتقان ئارسلاندەك تۆمۈر ۋادەكلەرنىڭ ئارىسىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تەلمۈرۈپ تۇرماقتىمەن .

بېشىم يېنىككىنە قايغاندەك بولدى ، چارچىدىممۇ ؟ ئۇيقۇم كەلدىمۇ ؟ مەن ئاستا كېلىپ ئورنۇمغا ياتتىم . كۆزلىرىم يۇمۇلدى . ئاھ ، يۇلتۇزلار ، يۇلتۇزلار . . . دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان گۈل يۈزلۈك پەرىزات . . . قارلىق دالىدا قېچىپ كېتىۋاتقان ئاق ئېتىم . . .ئاق دالا ، ئاق ئاسمان . . .

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، ئەجەب قىلدىڭ ، مېنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىڭ . . .»

## ئىككىنچى باب

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ . ئاق ئېتىم ئاق دالىدا چېپىپ كېتىۋاتىدۇ . قار باسقان ئاق دالا ، تۇتاش ئاق بۇلۇتلار قاپلىغان ئاق ئاسمان . . . ئاق ئېتىم ئاشۇ ئاق دالا بىلەن ئاق ئاسماننىڭ ئارىلىقىدا چېپىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئاق دالا بىلەن ئاق ئاسمان سۆيۈشكەن يەرنى كۆزلەپ ، شامالدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئاق توزانلار ئۆرلىمەكتە . ئاپئاق ۋە يۇمشاق قارنى كېچىپ ئاق ئېتىمنى قوغلاپ كېتىۋاتىمەن . ئاق ئېتىم تۇتۇق بەرمەي قاچماقتا .

«توختا !» دەپ ۋارقىرايمەن ، ئاۋازىم ئاق دالا ۋە ئاق ئاسمانغا سىڭىپ كەتمەكتە .

مەندىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەن ئاق ئېتىم بىر توختاپ كەينىگە ، ماڭا قاراپ قويدى ـ دە ، تۇياقلىرى ئاستىدىن ئاق توزانلار توزۇتۇپ يەنە قاچتى . ئۇ مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ

كېتىۋاتامدۇ؟ ئۇ مېنى ئازغاشتۇرۇپ ئويناۋاتامدۇ؟ ياكى ئۇ مېنى ئاق يولغا باشلاۋاتامدۇ؟ ۋە ياكى ئۇ ماڭا قايسىدۇ بىر سىرلىق تەقدىر ئىچىدىكى ھېكمەتلىك قەسىرلەرنى كۆرسەتمەكچىمۇ؟

مەن تۇرمىنىڭ قارا سىرلانغان يوغان تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا خۇددى راستتىنلا شۇ ئاق ئېتىمغا ئەگىشىپ ئاق يولدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. سوغۇق سېمونت تاملار ئىچىدە يورۇقلۇق ۋە ھارارەتتىن مەھرۇم بولغان بەدىنىمگە ئۇشتۇمتۇت ياز قۇياشىنىڭ يارقىن نۇرى قىزدۇرۇپ تۆكۈلگەندە، بېشىم يېنىككىنە ئايلىنىپ، ئۆزۈمنى سەزمەي قالدىم. ئېھتىمال، قەپەستىن بوشىتىلغان بۇلبۇل كەڭ ئاسماننىڭ قەرىگە پىرىلداپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى خۇددى شۇنداق تەسىرنى سېزىدىغان بولسا كېرەك. جىسمىمنى، ئېغىرلىقىمنى يوقاتقاندەك ئاجايىپ بىر چۈشىمان تەسىرات گويا مېنى چۈشىنىكسىز بىر سىرلىق مەنزىلگە باشلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆزۈمنى سەزمەس ھالەتتە خۇددى باشقا بىر دۇنياغا چۈشۈپ قالغاندەك چۈشەنگىلىمۇ ھەم چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان روھىي داۋالغۇش ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. يول بويى ئۆتكەن - كەچكەنلەر غەلىتە قاراشلىرى بىلەن بېشىمدىن ئايىغىمغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆتۈشەتتى. چىرايىمدا قاندىن ئەسەر يوق، ساقال - بۇرۇتلىرىم ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرىم نۇرسىز، تىنچىق تومۇز پەسلى بولۇشىغا قارىماي ئۇچامدا قېلىن يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كالتە چاپان، قولتۇقۇمدا پاختىلىق چاپانغا ئورالغان بوپا... ئادەملەر مېنىڭ بۇ سەرگەردانلارچە سىياقىمغا ئەجەبلىنىپ، گۇمانسىراپ، ياتسىراپ قاراشماقتا. لېكىن، مەن گويا ۋۇجۇدۇمنى يوقاتقان مەۋھۇم سايىدەك ئۆزۈمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ، دۇنيانىمۇ يۇتۇپ كېتىۋاتقان بوشلۇق ئىچىدە كېتىۋاتماقتىمەن. كۆرۈشنىمۇ، ئويلاشنىمۇ ئۇنتۇغاندەك قىلىمەن.

شۇ مېڭىشىمدا «خەلق تىياتىرخانىسى» نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدىم. ئەمدى قاياققا مېڭىش كېرەك؟ مەن تۈت

كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدا گاڭگىراپ تۇرماقتىمەن . ھېچكىم ھېچ يەردە كۈتۈپ تۇرمىغان ئىگىسىز ، پاناھسىز سەرگەردان ئۆزىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇشى بىلەن كىملەرنى خۇشال قىلىشى مۇمكىن؟ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ، تۆت كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدا ، زىننەتلەپ ئىشلەنگەن پاكار تۆمۈر ۋادەكلەرنىڭ ئىچىدە ياپيېشىل دەرەخلەر كۆكلەپ تۇرىدۇ . مەن شۇ يەردە ، شۇ ۋادەكلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، شۇ دەرەخلەرگە كۆرمەس كۆزلىرىم بىلەن قاراپ تۇرىمەن . ۋەيران بولغان ئائىلەم ئەسلىدىكىدەك مەۋجۇت بولسا ! شۇ تۇرقۇمدا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرسەم... ئۆز ئوغلىنىڭ دەردىدە كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ سەرسان بولغان ئاپام بەخت ـ سائادەتلىك ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا مېنى باغرىغا بېسىپ يۈز ـ كۆزلىرىمگە سۆيۈپ كېتەر ئىدى ! دادام ۋە قېرىنداشلىرىم قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى ! بىراق ، بۇنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولمايدىغان ، ئەمەلدە كۆرۈلمەيدىغان ئارزۇ . مېنىڭ ئائىلەم خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ، خۇددى مەن تۆمۈر ۋادەكلەر ئارىسىدىن كۆرگەن ئاشۇ سانسىز يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ كەتكەن . ھەربىرىمىز ھەر يەرلەردە . دادام بىلەن ئاپام ۋادەكلەر ئىچىدە ، قېرىنداشلىرىم غۇلجىدا . مەن شۇ تاپتا تۆت كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدا تۇرۇپ شۇنداق بىچارىلەرچە يېتىملىك ھېس قىلدىمكى ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بوشىشىپ ، روھىم چۈشۈپ ، يورۇق دۇنيا كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالدى . قاياققا مېڭىش كېرەك؟ نەگە بېرىش كېرەك؟ تۆت كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدا تۇرۇۋاتىمەن . بۇ كوچىلارنىڭ قايسىبىرىگە كىرىشىم كېرەك؟ ماڭا كىم كېرەك؟ مەن كىمگە كېرەك؟ مەن — ئەرزىمەس بىر ياپراق ، شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن سەرگەردان غازاڭ .

تەقدىرنىڭ قارارسىز ، ئۆزگىرىشچان شامىلى يېگانە ياپراقنى ئۇچۇرتۇپ ، پىرقىرىتىپ قارلىق دالىغا تاشلىدى . ئاپئاق ۋە مامۇقتەك يۇمشاق قار باسقان دالىنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدۇ . شۇنچە كەڭ ، شۇنچە تۈز ، شۇنچە ئاق . . . ئاق دالا ئاشۇ ئاق

بۇلۇتلار قاپلىغان ئاق ئاسمانغا تىكىرقىغان ھالدا قاراپ ياتماقتا. شۇ تىلسىم تىكىرقاشنىڭ سېھىرلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلىگەن ساداسى يىراقتىن، ئاق ئاسمان بىلەن ئاق دالا سۆيۈشكەن يەردىن تۇتۇق ئاڭلانماقتا. تىكىرقىغان، گاڭگىرىغان بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ شۇ تەرەپكە كۆز تىكتىم. ئاق مۇھىت ئىچىدىن ئاق ئېتىمنىڭ ياتلىشىپ كېتىۋاتقان قىياپىتى غۇۋا كۆرۈندى. ئاق ئېتىمنىڭ ئاق يىپەكتەك چىرايلىق ئۇزۇن يالىنى چۆل شامىلى ئۇچۇرۇپ ئەركىلەتمەكتە. ئاق دالا، ئاق ئاسمان ۋە ئاق شامال ئاق ئېتىمنى يۇتۇپ كەتمەكتە.

«ئاق ئېتىم، ئاق ئېتىم، بۇنداق قىلمىغىن، مەندىن قاچمىغىن!»

ئاۋازىم بوغۇلۇپ ۋارقىرايمەن، ھاسىراپ يۈگۈرىمەن. ئاق ئېتىمغا يېتىشىۋالماقچى، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى، ئۇنىڭغا مىنىۋالماقچى بولىمەن؛ مىنىۋېلىپ شۇ ئاق مۇھىتقا ئۇچۇپ كىرىپ كەتمەكچى بولىمەن؛ شۇ ئاق ئېتىمدەك ئاق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا باغرىمنى ياقماقچى بولىمەن.

ئاق ئېتىمنى قوغلاپ يېتەلمىدىم. ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق قار توزانلىرى ئاق بۇلۇتلارغا قوشۇلدى. ئاق ئېتىم شۇ ئاق توزانلار ئىچىدە غايىب بولدى. ئاق دالىنىڭ ئاق شاماللىرى تەنھا ياپراقنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئاسمان ئۆزىنىڭ كۆكلىكىنى يوقاتتى، دالا ئۆزىنىڭ گۈل ـ گىياھلىرىدىن مەھرۇم بولدى، ياپراقنىڭ يېشىللىقى خارابلاشتى، ھەممىسى ئاق، ھەتتا شامالمۇ ئاق رەڭگە ئۆزگەردى.

مەن — يېشىللىقتىن ئايرىلغان شۇ تەنھا ياپراق ئاق شامالنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن كىچىككىنە بىر غېرىبانە كۆلبىدە ماكانلاشتىم. ئاخىر شۇ كىچىككىنە بىر ئېغىز تەسكەي ئۆيدە قېرىنداشلىرىم بىلەن جەم بولدۇم. ئىككى سىڭلىم ۋە بىر ئىنىم بىلەن كونا نورى چۈشمەيدىغان شۇ بىر ئېغىز كاتەكسىمان ئۆيدە تۇرۇپ غېرىبلىق كۈنلىرىمىزنى باشلىدۇق. دادام بىلەن ئاپام يەنىلا شۇ ۋادەكلىك

پەرلەردە .
قۇلاقلىرىمغا غەزەپلىك شوئار سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ، گوياكى تۆمۈر مۇشتلار يۇلتۇزلارنى توسۇپ ، ئەلەملىك بېشىم ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىدۇ . سوغۇق شامال تەنلىرىمگە نەشتەردەك سانجىلماقتا . بىر ۋەيرانە مەنزىرە ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرمەكتىمەن . ئاسمانمۇ ، يەرمۇ مەندىن يۈز ئۆرۈمەكتە ، پۈتۈن تەبىئەت ماڭا تەتۈر قارىماقتا . بىر ئىللىق چىرايغا تەشنا بولۇپ چۆلدىكى يالغۇز تىكەندەك چاڭقاپ تۇرماقتىمەن . هومايغان سۆرۈن چىرايلار ماڭا دېۋەيلىمەكتە ، قورقۇپ ئالاقزادە بولغان چىرايلار مەندىن بەدەر قاچماقتا .
«جىن ـ شەيتانلارنى يوقىتايلى !»
كىملەر ئۇ ئۆزلىرىنى ئادەم چاغلاپ ، مۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىب شوئارلارنى توۋلاۋاتقان ؟
«مەن جىن ـ شەيتان ئەمەس ، مەن ئادەم !» دېگەن ھەققانىي خىتابنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغۇم كېلەتتى ، لېكىن ئاۋازىم چىقمايدۇ ، ئاۋازىم چىقسىمۇ كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتمەيدۇ .
بۇ مېنىڭ يەكلەنگەن ، چەكلەنگەن غېرىبلىق كۈنلىرىم ئىدى . بۇ مېنىڭ ئاشۇ غېرىبلىق كۈنلەردىكى بەختسىز ياشلىقىم ئىدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم بالىسى ئۆز ھاياتىدا ھەرقانچە شاد ـ خۇراملىق ، ھەرقانچە بەخت ـ سائادەتلەرنى كۆرسىمۇ ، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق دەۋرى شۇ كىشىنىڭ ئاداققى ئۆمرىگىچە ھاياتىنىڭ ئەڭ شېرىن ، ئەڭ نازۇك ئەسلىمىلىرى بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەر ئەسلىگەندە يۈرەكنى بىر كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ .
مۇقىم ئىش ئورنۇم بولمىغاچقا تاشچى بولۇپ ئىشلىمەكتىمەن . قەھرىتان قىش كۈنلىرى ھەم تىنچىق تومۇز كۈنلىرى ئۇلانباينىڭ قاقاس تاغلىرىنى كەسمەكتىمەن ، خۇددى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى پەرھادتەك .
— ئەسلىي پەرھات دېگەن ئىسمىنى قوپاسلىق كېرەك

ئىدى، — دېدى بىر كۈنى مېنىڭ تاشچى شېرىكىم، — پەرھات بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ، مۇرادىغا يەتمەي ئۆتۈپ كەتكەن.

مەن ئۈنچىقماستىن قولۇمدىكى يىگىرمە قاداقلىق چوڭ بازغان بىلەن قورام تاشلارنى ئۇرۇپ پارچىلاشقا كىرىشىپ كەتتىم.

بۇ بىر چوڭ تۇرمۇش مەكتىپى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلانبايغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسنىڭ باش بېكىتىگە بارىمەن. بەزى چاغلاردا ئاپتوبۇسنى سائەتلەپ كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بېكەتتە ئاپتوبۇس كۈتۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ھارۋىكەشلەر، تاشچى ئەركەكلەر ۋە قۇمچى ئاياللاردىن ئىبارەت. ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىشكەن، ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن چىرايلىرى قارىداپ قوپاللاشقان تاشچى ۋە ھارۋىكەشلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلىسىمۇ قوپال. ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ يولنىڭ چېتىدە ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گاھى ئادالەتسىز باشلىق ھەققىدىكى تۈرلۈك شىكايەتلەر، گاھى ھەر خىل كۈلكىلىك لەتىپىلەر ۋە گاھى سەت ئەپسانە چاقچاقلار باشلىنىپ كېتىدۇ. قىش كۈنلىرى باشلىرىغا ئەرەنچە قۇلاقچا كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شارپا تېڭىۋالغان، ئەرەنچە پاختىلىق چاپان ۋە پاختىلىق شىملارنى كىيىشكەن ۋە ياز كۈنلىرىمۇ ئوخشاشلا ئەرەنچە كىيىنگەن خەنزۇ قۇمچى ئاياللار يولنىڭ چېتىدە قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشۇپ، خۇددى قېرى قارىغاينىڭ قوۋزاقلىرىدەك يېرىلىپ قوپاللىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن يوغان قىلىپ تاماكىلارنى ئورايدۇ - دە، پۇرقىرىتىپ تۈتۈن چىقىرىشىپ، بىر - بىرىگە يول قويماي، بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بارچە ئاۋازى بىلەن بەس - بەستە سۆزلىشىپ كېتىدۇ. كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلاۋاتقىنىنى مۇتلەق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاپتوبۇس كېلىپ قالىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممە بىردەك ئاپتوبۇسنىڭ ھەر ئىككى ئىشىكىگە قاراپ ئېتىلىدۇ. ۋارقىراش - جارقىراش، تىللاش - تالىشىشلارنىڭ ئومۇمىي شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بىلەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى تىقما - تىقماق

بولۇپ ئادەمگە لىق تولىدۇ ۋە كۆپىنچە ھاللاردا ئاپتوبۇسقا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى «جەڭ» نىڭ داۋامى ئاپتوبۇس ئىچىدە داۋاملىشىدۇ . ئىتتىرىش ، قىستاش ، ئاۋازلىق ، كۈچىنىپ ، بوغۇلۇپ تىللىششلار باشلىنىپ كېتىدۇ .

ئاخىر ئىش مەيدانىمىزغا يېتىپ كېلىمىز . ئېغىر ئەمگەك كۈنىمىز باشلىنىدۇ . قىش ۋە ياز بىردەك تەرگە چۆمۈپ ئىشلەيمىز . پولات چەنزە ئۈستىگە بازغان بىلەن سائەتلەپ ۋە كۈنلەپ ئۇرۇپ ، ئۆيۈلتاشنى بىر مېتىر ، ئىككى مېتىر ، ھەتتا ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇققۇچە تېشىمىز ، ئاندىن تېشىلگەن تۆشۈك ئىچىگە پارتلاتقۇچى دورا ۋە پىستاننى قاچىلاپ پارتلىتىمىز . ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمانغا چاچراپ چىققان چوڭ - كىچىك تاش پارچىلىرىنى يوشۇرۇنغان جايىمىزدا ھۇزۇرلانغان ھالدا زوق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن پارتلاپ چىققان تاشلارنى يوغان بازغان بىلەن ئۇرۇپ پارچىلاپ ، بوشاپ قالغان تاشلارنى لوم بىلەن قايرىپ چۈشۈرۈپ ، قايتىدىن قىزغىن ئىشقا كىرىشىپ كېتىمىز .

— تاشچىلار يەيدىغان نان بوش يەردىن چىقمايدۇ . تاش چىقىرىش ئۈچۈن تاشتىن قاتتىق بولۇش كېرەك ، — دېيىشىدۇ تاشچىلار .

دېمىسىمۇ كۆرۈنگەنلا ئادەم تاشچىلىق ئىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . لېكىن ، مەن ئۇستىلار ۋە باشلىقلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە بۇيرۇقۋازلىقى ئاستىدا ئاسانراق ئىش قىلغاندىن كۆرە ، ئېغىر ھەم خەتەرلىك ، ئەمما ئەركىن ۋە مۇستەقىل ئىشلەيدىغان تاشچىلىق ھۈنىرىنى تاللىۋالدىم .

قار باسقان ئاق دالىدا قېچىپ كېتىۋاتقان ئاق ئېتىم مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلانباينىڭ مۇشۇ قاقاس تاشلىق تاغلىرىغا باشلاپ كەلدىمۇ ؟ ھالبۇكى ، ئاق ئېتىم قارلىق دالىدا توختىماستىن يەنە قېچىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ يەنە قانداق مەنزىللەرنى كۆرەرمەن ؟ ئاشۇ ئاق ئېتىمدەك يۈگەنسىز

تەقدىر مېنى يەنە قايسى مۇزلاردا توڭلىتىپ ، قايسى قازانلاردا قاينىتار ؟ دەرۋەقە ، ئاق ئېتىمنى قوغلاپ يۈرۈپ كۆرمىگەن كۈنلىرىم ئاز قالدى . ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، سېنى قوغلاپ ، سېنى دەپ كۆرگەنلىرىم ئازمۇ ، تارتقانلىرىم ئازمۇ ؟

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ،
كۆرمىگەننى كۆرۈرسەن ئۆلمىگىنىڭ .

شائىر ئەنۋەر ناسىرنىڭ تەپەككۇرىدا بۇ ئاجايىپ ئىككى مىسرانىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان قانداق تەسىرات ، قانداق ئىلھامدۇ ؟ بەندىلىك قىسمىتىدىن پانىي ئالەم تۇپراقلىرىغا پۇتۇلگەن جاھاندارچىلىق ئىلمىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىمۇ ؟ بەختسىز تەقدىرگە پىغان چېكىپ ، يالقۇنلۇق يۈرەكلەرگە ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىدىن ئۇنچە تىزغان چىدىغۇسىز ، كۆتۈرگۈسىز ، شۇنچە ئېغىر ئەلەممۇ ؟

قېرىنداشلىرىم «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن يېزىلارغا يۈرۈپ كەتتى . مەن يەنە شۇ غېرىبانە كۆلبەمدە يالغۇز قالدىم .

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشتى . قولۇمدا تاماكا ، ئالدىمدىكى ئۈستەل ئۈستىدە كۈلدان ۋە مېنىڭ بىردىنبىر غەمگۇزار دوستۇم بولۇپ قالغان بىر شىشە مەي ۋە مەي قۇيۇلغان بىر ئەينەك رومكا ، بىرنەچچە تال قىزغۇچ سېرىق سۇزۇككىنە تاشئالما . مەن ئادەتتە مەينى كۆپ ئىچمەيمەن ، ئەمما غېرىبلىقتا تەنھا ئولتۇرۇپ ، غەمكىن خىيال سۈرگەن بەزى چاغلاردا مەي مەندەك بىر چەتكە قېقىلغان گۇناھكار بەندىگە ياخشى سىرداش بولالايدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئىشسىزلىق ۋە مەدىكارچىلىق ھاياتىمنى باشلىدىم . تاشچىلىقتىن باشقا يەنە قۇيمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشچى بولدۇم ، ھەرىكەشلىك قىلىپ يوغان چاپما ھەرە بىلەن پەن تىلدىم ، مېتىن – گۈرجەك بىلەن تۇرۇبا يوللىرىنى كولىدىم ، ۋاگونلارغا

يۈك باستىم . . . ئىغىر جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئۈنىڭدىنمۇ ئىغىرراق روھىي زەربىلەر مېنى ئازابلىدىمۇ ياكى چېنىقتۇردىمۇ ؟ بەلكىم بۇنىڭ ھەر ئىككىسى كۆتۈرۈشلۈك ۋۇجۇدۇمدا مۇجەسسەملەشكەندۇ . يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلىق گۈلدەك چاغلىرىمدا جەمئىيەتتە يەكلەندىم ، سۆز ـ ھەرىكەتتە چەكلەندىم . ھەممىدىن ئايرىلغان بولسامىمۇ ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈلگەن ئۆچمەس چوغ كەبى بىر ئۈمىد ئۆزىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . پەقەت شۇ ئۈمىد ئازابلانغان يۈرەكنى ھاياتقا ، نۇرلۇق چوققىلارغا دالالەت قىلىپ تۇراتتى . ئۈمىدۋار كىشىلەر ئىرادىلىك بولىدۇ ۋە روھىي جەھەتتىن تەسلىم بولمايدۇ .

چۈشۈمدىكى ھېلىقى ئاق ئېتىمنى قوغلاپ تۇتۇۋالغۇم كېلىدۇ ، تۇتۇۋېلىپ چىلك باغاشلاپ مىنىۋالغۇم كېلىدۇ ، مىنىۋېلىپ بەخت قۇشىنى ئىزدەپ ئۇچقۇم كېلىدۇ ! لېكىن ، ئاق ئېتىمنى تۇتالمىدىم ، مىنەلمىدىم ، ئۇچالمىدىم ، قوغلاپ ، قوغلاپ يېتەلمىدىم .

نەدىندۇ يىراق بىر يەردىن دۇتارنىڭ يىغلىغاندەك مۇڭلۇق ساداسى ئاڭلىناتتى ، خۇددى مەندەكلا بىر ياش يىگىت دۇتارغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتاتتى :

ئاياغىمدا مادارىم يوق ،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن .
ئۆزۈمنىڭ تەلىيىم شۇنداق ،
مەن كىمدىن يامانلايمەن .

ناخشىنىڭ مۇڭىدىن ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ، بېشىم ساڭگىلاپ كەتتى . مەن شۇنداق ئەل بىلەن ماڭالمايدىغان ماغدۇرسىز بىچارە بولۇپ كەتتىمۇ ؟ ھاياتىمنىڭ باھارى ، راسا گۈللەپ چېچەكلەيدىغان ، ئۆگىنىدىغان ، ئىشلەيدىغان ، يۈكسىلىدىغان ئالتۇندەك دەۋرىم زايە بولۇپ بىكارغا ئۆتمەكتە . ئادەم بالىسى چوڭ

بولۇپ مېنىڭدەك بەختسىز بولغۇچە، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ تۇگەشكىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ. مەن ھاياتتىن نېمە كۇتىمەن؟ ھايات مەندىن نېمە كۇتىدۇ؟

ئاپئاق قارلىق دالىدا، ئاق بۇلۇتلۇق ئاسمان تېگىدە نۇرلۇق بىر گەۋدە ئاق ئېتىمغا مىنىپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ. كىم ئۇ؟ مەنمۇ؟ ياق، ئۇ مەن ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم. يۇرىكىمنىڭ ھارارىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان گۇزەل ئارزۇيۇم ئاق ئېتىمغا مىنىپ مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپئاق ۋە سوغۇق قارنى كېچىپ قوغلاپ كېتىۋاتىمەن، ئاشۇ ئارزۇيۇمنى تۇتۇۋالماقچى، باغرىمغا بېسىۋالماقچى بولۇپ قوغلاپ كېتىۋاتىمەن.

ئارمانلىرىم يىغلايدۇ مىسكىن قەلبىمدە. ئارزۇيۇم ۋە ئۇمىد يۇلتۇزۇم يىراقتا، بەك يىراقتا چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قولۇممۇ، ئاۋازىممۇ يەتمەيدۇ، پەقەت غەمكىن كۆزلىرىملا كۆرۈپ تۇرىدۇ.

بۇ شېئىرمۇ ياكى جۆيلۇشمۇ ۋە ياكى سەۋدايىلەرچە بىلجىرلاشمۇ؟ شېئىر دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ ھايات دېگەن شۇنداقمۇ؟ ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان پاك دىل ئادەملەر سۆيەي دەپمۇ سۆيەلمىسە، ھايات دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

روشەن كۆزلىرىمنى گويا نېپىز بىر قەۋەت پەردە توسۇدى. بۇ نېمە؟ كۆكلەم پەسلىدىكى ئاسماننى قاپلىغان ئاق بۇلۇتمۇ؟ سەھەر پەيتىدە دەريا بويىنى باسقان كۇل رەڭ تۇمانمۇ؟ پايانسىز چۆلدە غېرىبسىنىپ تۇرغان يالغۇز كەپىنىڭ تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان كۆكۇچ تۇتۇنمۇ؟ ياق، بۇ مېنىڭ سەرسان خىياللىرىم.

يەنە كىمدۇ بىرىنىڭ يىغلىغاندەك ئۇن سىلىپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلانماقتا:

ئىچىم قاينايدۇ، قاينايدۇ
قازاندىكى داغ سۇدەك.
ئۆمرۇم شۇنداق ئۆتەرمۇ
ئېرىقتىكى لاي سۇدەك.

قاتمۇقات خىياللار بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، خىيالىي دۇنيا ئىلكىدە يۇمۇلغان ھارغىن كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ ، يەنە ئالدىمدىكى بوشلۇققا نەزەر تاشلىدىم . يەنە شۇ قارلىق دالا ، ئاپئاق دالا ، چەكسىز تۈزلەڭ ، ئاسمانمۇ ئۇ چەكتىن بۇ چەككىچە ئاپئاق ، ئاپئاق سۈتتەك تەكشى ئاپئاق . ئاق قار ، ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا يەنە شۇ ئاق ئېتىم ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرىنى توزۇتۇپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ . ئاق قار ، ئاق بۇلۇتلار بىلەن تويۇنغان ئاپئاق خىياللىرىمدىن ھاياجانلىنىپ تىترىگەن ئاپئاق سۆزۈك شامال ئاق ئېتىمنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىماقتا . ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن مىسلىسىز گۈزەل ساماۋى ئاق تۇلپاردەك ئاپئاق ئارغىماق ، مېنىڭ ئاق ئېتىم !

ئىنسان ھاياتى ئۇلۇغۋار غايىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان . ئىرادىلىك ئادەملەر شۇ غايىلەر ئىچىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغانلىرىنى تاللىۋېلىشى كېرەك . غايىسىز ھايات نىشانسىز ھەرىكەتكە ، ئاخىرى چىقمايدىغان تۇيۇق يولغا ئوخشايدۇ . مېنىڭ غايەم بالىلىق چاغلىرىمدىن يېتىلگەن ھەۋەسلىرىمگە باغلانغان بولسا كېرەك . ئۆزۈمنى بىلگەندىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىم بار ئىدى . بۇ ھەۋەس مەندە قانداق پەيدا بولدى ؟ بۇ مەندىكى تۇغما ئالاھىدىلىكمۇ ؟ ياكى ھاياتتىن ، تۇرمۇشتىن ئۆزلەشتۈرگەن ئىككىلەمچى قىزىقىشمۇ ؟ بۇنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن . ئېھتىمال ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بالىلىقتىكى يۇمران قەلبىمدە جىپسىلىشىپ ، ھېسسىياتىمنى چېچەكلەتكەندۇ . خەت - ساۋاتىم چىققاندىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇش ئىشتىياقىم قوزغالدى . يېڭىدىن غۇنچىلاشقا باشلىغان ئۆسمۈرلەرچە سۆزۈك تەسەۋۋۇرۇمدا بالىلار چۆچەكلىرىدىكى ئاجايىپ دۇنيانىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى كۆزلىرىم ئالدىدا خۇددى كىنو ئېكرانىدا كۆرۈۋاتقاندەك سۈرەتلىنەتتى .

مانا مەن تۇنتقۇنلۇقتا كۇھىقاپقا بەند قىلىنغان گۈزەل

مەلىكىنى ئىزدەپ خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلانغان قەدىمكى زامان شاھزادىسى . يېڭى ياغقان قاردەك ئاپئاق تۇلپارغا مىنىپ يالماۋۇزلار ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىمەن ۋە سانسىزلىغان ئالۋاستىلار بىلەن دەھشەتلىك جەڭگە چۈشۈپ كېتىمەن . ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرغان ئۆتكۈر قىلىچىمنى ئوڭغىمۇ چاپىمەن ، سولغىمۇ چاپىمەن . ھەر چاپقاندا يالماۋۇز ـ ئالۋاستىلارنىڭ پارچىلانغان تەنلىرى ، كېسىلگەن باشلىرى يەرگە دومىلاپ چۈشىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا باھادىرلىق قەدەملىرىم بىلەن مۇدھىش كۆھقاپنى ئاختۇرۇپ :

— مەلىكەم ! مەلىكەم ! — دەپ ئۈنلۈك چاقىرىمەن .

شاھى لىباس ۋە ئېسىل بېزەكلەرگە پۈركەنگەن تۇتقۇن مەلىكە :

— پەرھاد ! پەرھاد ! — دەپ ئۈن سالغان بويىچە ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا ئېسىلىدۇ .

مەن گۈزەل مەلىكىنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ تۇلپارىمنى چاپتۇرىمەن . ئاق تۇلپار گاھ چېپىپ ، گاھ ئۇچۇپ بىزنى تاغلاردىن ، باغلاردىن ۋە دەريالارنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ ئۆتمەكتە . گۈزەل مەلىكىنىڭ خۇددى ئاق كۆڭۈل ۋە ئاق تىلەكتەك ئۈزۈن ئاق كۆڭلىكى ، باھاردىكى ئاق بۇلۇتتەك يېنىك ئاق رومىلى شوخ شامالدا ئۇچۇپ ، ئويناپ لەپىلدىمەكتە ، ماڭا لەززەت بېغىشلاپ بەدىنىمگە ئورالماقتا . . .

كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەلمەكتە ئىدى . دەسلەپتە بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر رەسىملىك كىتابلارنى ۋاراقلىغان بولسام ، كېيىنچە بارا ـ بارا ھەجمى چوڭراق ئەسەرلەرنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم . تەسەۋۋۇرلىرىم چۆچەكلەر دۇنياسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، رېئاللىقتىكى تىنىقلىرىمغا يېقىنلىششقا باشلىدى .

مانا مەن ياش گېئولوگىيە ئېنژېنېرى ، مۇھىم ئىلمىي قېدىرىش ئىشى بىلەن يىراق جايلارغا كېتىپ ، پايانسىز دەشتلەرنى

كەزمەكتىمەن ، تىك قىيالىق تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتمەكتىمەن . ھەشەمەتلىك ئېگىز تاغ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇزاقتىن بۇيان مېنىڭ سۆيگەن نىگارىمنى كۆزلەپ يۈرگەن رەقىبىم بېلىمگە باغلانغان ئارقاننى كېسىۋېتىدۇ ۋە مەن تېگى كۆرۈنمەس چوڭقۇر يارغا چۈشۈپ كېتىمەن . رەقىبىم قايتىپ بارغاندىن كېيىن «پەرھاد پاجىئەلىك ھادىسىگە ئۇچرىدى» دېگەن يالغان خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ . نىگارىم ئاھ ئۇرۇپ ، پەرياد چېكىدۇ . بىراق ، مەن نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى يېڭىپ ، نىگارىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىمەن ۋە ئىككىمىز خۇشال - خۇراملىق بىلەن بىر - بىرىمىزگە چىرمىشىپ كېتىمىز . . .

قىزىقارلىق چۆچەكلەر ۋە مەزمۇندار ھېكايە - رومانلاردىن تۆرەلگەن يۈگەنسىز خىياللار ماڭا قانات بېرەتتى . مەن ھېكمەتلىك فانتازىيىلەر دۇنياسىدا پەرۋاز قىلاتتىم . بەلكىم شۇ فانتازىيىلەر روھىيىتىمنىڭ خاسلىقىنى تىكلىگەندۇ . ھەۋەسلىرىم چوڭقۇرلاشتى ، تەپەككۇرۇم كۆپ قىرلاشتى . ئاخىرىغا بېرىپ فانتازىيىلەر تەشنالىقىمنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى . دۇنيانىڭ ، دۆلەتنىڭ ، مىللەتنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىغا بولغان قىزىقىش بىر يەرلىرىمنى غىدىقلاشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمنىڭ تۈرى كۆپەيگىلى تۇردى . ئوقۇغانسېرى ۋە ئويلىغانسېرى تارىخ ، پەلسەپە ، پسىخولوگىيە ، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرگە قىزىقىپ قالدىم . كىتابلار ، كىتابلار ، تۈرلۈك كىتابلار ئالدىمدىن ئۆتۈۋەردى .

ئەنە شۇ خىل يېتىلىۋاتقان روھىي ھالەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا كىرىپ كەلدىم - دە ، تېڭىرقاپ قالدىم . «ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلار» ئۆي - ئۆيلەردىن ، مەكتەپلەردىن ۋە جاي - جايلاردىن مۇسادىرە قىلىپ يىغىپ كەلگەن كىتابلارنى دۆۋە - دۆۋە قىلىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى . بىزنىڭ ئۆيدىنمۇ بىر كىتاب ، ھەتتا خەت يېزىلغان بىرەر پارچە قەغەزنىمۇ قويماي ئېلىپ كېتىشتى . يۇقىرىدىن ئالاھىدە كۆرسىتىلىپ بەلگىلەنگەن

ئەسەرلەردىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇشمۇ چوڭ گۇناھ بولۇپ قالدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مەدەنىيەت نامراتلىقى كېلىپ چىقتى . لېكىن ، جەمئىيەتتە يەنىلا نۇرغۇن يورۇق نۇقتىلار ساقلىنىپ تۇرىۋەردى . بىزنىڭ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇسادىرە قىلىنغان كىتابلارنى كۆيدۈرمەستىن ، بوش قالغان بىر سىنىپقا ئەكىرىۋېلىپ ساقلىدى ۋە كېيىنچە بۆلۈشۈپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى . شۇ قاتاردا بىرمۇنچە كىتابلارنى ئېلىۋالغانىدىم . بىز ساۋاقداشلار ۋە باشقا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر كىتابلىرىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيتتۇق . ئىشقىلىپ ، مېنىڭ ئالدىمدا كىتاب ئۆكسۈپ قالمىدى .

ھەۋسى ماڭا ئوخشمايدىغان بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ماڭا تاپا - تەنە ۋە نەسىھەت قىلغانمۇ بولدى :

— كىتاب ئوقۇغانلار نېمە پايدا كۆردى ؟ خۇدايا توۋا دەپ ئىشىڭنى قىلساڭچۇ ، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەنە بالاغا قالىسەنغۇ ئاخىر . ھېلىمۇ كۆرگەن كۈنۈڭ ئازمۇ سېنىڭ !

لېكىن ، كىتاب ئوقۇش مېنىڭ بېسىلماس ۋە ئۆزگەرمەس خۇمارىم ئىدى . بىر ئېغىزلىق سوغۇق ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ ، بىر ئاپقۇر قايناق سۇغا زاغرا ناننى چىلاپ يەۋالاتتىم - دە ، پىلىلداپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا يەنە ئىشتىياق بىلەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتىم . ھەربىر كىتابنى ئوقۇپ بولغاندا گوياكى دىلىم يورۇپ ، بىلىدىغانلىرىم كۆپىيىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى ۋە ئاجايىپ ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتىم . بۇ مېنىڭ غېرىبلىق كۈنلىرىمنىڭ شادلىقى ئىدى . بەلكى شۇ ھۇزۇر ۋە شۇ شادلىق ۋۇجۇدۇمغا خورىماس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ تۇراتتى . مەن ھامان ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىمغا ئىشىنەتتىم .

جەمئىيەتكە ۋە ياشاشقا قارىتا مېنىڭمۇ تەۋرەنمەس كۆزقاراشلىرىم شەكىللەنگەنىدى . ئاچچىق يۇتۇپ يۇرسەممۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلاتتىم : «ئادەمنىڭ بېشىغا ھەرقانچە بالا - قازا كەلسىمۇ جاھاندىن ئۈمىد ئۈزۈپ توختاپ

قىلىشقا، ئاھ ئۇرۇپ يىتىۋىلىشقا بولمايدۇ. بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. بۇ كۈنلەر ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئادەمگە بىلىم ئەسقاتىدۇ».

شۇنداق، مەن توختاپ قالمىدىم، ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمىدىم. جىنچىراغنىڭ تۈۋىدىكى ئۆگىنىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. ئادەتتىكىچە كىتاب ئوقۇشتىن باشقا ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى ۋە يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رۇسچە ماتېرىياللارنى تېپىپ ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

*　　　*

«ئاق ئېتىم، ئاق ئېتىم، توختاپ تۇرغىن، قاچمىغىن! ماڭا سەندەك دوست كېرەك، بىر ۋاپادار يار كېرەك. ئاق ئېتىم، ساڭا مەن بىر مىنىۋالاي، شۇ ۋاپادار گۈزەل يارىمنى ئالدىمغا ئېلىپ ئۇچۇپ كېتەي. ئاق ئېتىم، يارىم بىلەن ئىككىمىزنى شۇ چەكسىز قارلىق دالىغا ئېلىپ كەتكىن، ئاق دالا بىلەن ئاق ئاسمان تاتلىق سۆيۈشكەن يەرگە سىڭىپ كېتەيلى».

ياشلىقتا ئادەم پولاتتەك چىڭ بولىدۇ. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلىمنى پۈكەلمىدى، روھىمنى چۈشۈرەلمىدى. تاشلىقتىكى پىژغىرىم ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ۋە ئەمگەك بىلەن چېنىقىپ تاشتەك چىڭىپ كەتكەن مۇسكۇللۇق بەدىنىمگە ئۆزۈمنىڭ ھەۋىسىم كېلىپ مەغرۇرلىناتتىم. ھالبۇكى، شۇ ياشلىقىمغا، شۇ تېنىمگە، شۇ ئوتلۇق قەلبىمگە بىر نەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن ئۆرتەنمەكتە ئىدىم. ياشلىقنىڭ بۇ دەردىگە چۈشلىرىمدىن داۋا ئىزدەيتتىم. ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىستەك، باشقا بىر ھېسسىيات يۈرىكىمنى تاتىلايتتى. شۇ رەھىمسىز ئىستەكلىرىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم قالمىدى. ئىشەنگەن يارۇنىگارىمۇ مېنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس غازاڭلاشقان يوپۇرماقتەك كۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئەمدى شۇ ئىستەكلىرىمنى

پەقەت چۈشۈمدىلا كۆرىدىغان بولدۇم . لېكىن ، چۈش دېگەن هامان يالغان . هەر قېتىملىق شېرىن چۈشۈمدە بىر قېتىم ئالدىنىمەن .
چۈشلىرىمدىكى ئالدامچـــى شامالـلار زارىققان دىلىـــمغا كۆرۈنمەس ، چۈشىنىكسىز تەلەي ۋە بەختتىــــن خەۋەر بېرىپ شىۋىرلايدۇ . قايسىبىر گۈلىنگارنىڭ ئىللىق تىنىقلىرى بوينۇمنى غىدىقلايدۇ ، قايسىبىر شېرىن سۆزلۈك ئايجامالنىـــڭ يۇمران كۆكسىدە تىنچسىز يۈرىكىم تېپىرلايدۇ . سىلكىنىپ ئويغانسام بۇمۇ يالغان بولۇپ چىقتى . شۇنداقتىمۇ ، شېرىن چۈشلىرىمنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈم كېلىدۇ ، ئۇنىڭغا ئالدانغۇم كېلىدۇ .
ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قـارلىق دالىنـى بويلاپ . . . بىر گۈزەل جانانىنىڭ غەمـكىن سېيماسى ماڭا تەلـمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ . . . ئۇ پەرىشانلىق بىلەن ماڭا ئاستا قولىنى ئۇزارتتى . جىسمىم بىلەن ، جېنىم بىلەن ئۇنىڭغا تەلپۈندۈم . ئۇ خۇددى يېنىك ئاق تـۇمانـدەك يېيىلىپ ، تـارقىلىپ كـۆزدىن غـايىب بولدى . . . يىراقتا رەڭمۇرەڭ گۈللەر گـــرىمسەن كۆرۈندى ، يۈگۈرۈپ بارسام ئۇمۇ يوق بولدى .
مۇزدەك سوغۇق يۇلتۇزلار ئارىسىدا غايىب بولغان شېرىن چۈشلىرىمنى تاپالماي ئاۋارىمەن . دەرمانسىزلـــقتا تەلۋىلەنگەن سۆيگۈ قوينىدىن ئۆزۈمنـــى ئـــزدەپ يۈرىمەن . تەلەيســـز ئارمانلىرىمغا ئوخشاش بىر ئايجامالنىڭ پەرىشان چىرايى يىراق — يىراقتىن كۆزلىرىمگە ئايان بولۇپ تۇرىدۇ . ئۆرتەنگەن يۈرەكنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق بىر ئىلاھى بەدەن تەنلىرىمگە سۈركەلگەندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ . ئېزىتقۇنىڭ هۇۋلىشىدەك تۇن قاراڭغۇسىدا ئېرىپ كېتىۋاتقان سىرلىق بىر مۇزىكا قۇلاقلىرىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . لېكىن ، رەھىمسىز بەخت خۇددى ئاق ئېتىمدەك مەندىن قېچىپ تۇتقۇزمايدۇ . ئاشۇ غايىۋى ئايجامالنىڭ كۆرۈنمەس يوللىرىغا كۆزلىرىم تېشىلگۈدەك تىكىلىپ قاراپ قالىـــمەن . لېكىن ، مەن كۈتكەن چىرايىنى ، مەن تەلپۈنگەن بەدەننى زادى

كۆرەلمەي كېچىلەردە بىدار بولىمەن . سۆيگۈ گۈلىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدا غەمكىن خىياللىرىم تۈنەيدۇ . شۇ خىياللىرىمغا يۇلتۇزلاردىن تەخىرسىز سوئاللار ياغىدۇ :

ئۇ نېمە ؟ سۇزۇك دېڭىز ئۆركەشلىرىمۇ ؟

ئۇ نېمە ؟ ئوت كەبى كۆيدۈرگۈچى قۇم بارخانلىرىمۇ ؟

ئۇ نېمە ؟ مېنى تەنھالىقتا قالدۇرۇپ ، قول يەتمەس مەنزىلدە جۇپلىشىشكە ئىشارەت قىلغۇچى ؟

ئۇ نېمە ؟ غايىۋى لەززەت !

ئۇ نېمە ؟ تەنىسىز مۇھەببەت ، يالقۇنلۇق ئارمان !

دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر پەرى سۈپەت نازىنىنىنىڭ ئۇنسىز يىغىسى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى . دۇتارنىڭ قوش تارىدىن گوياكى ئۆزۈمنىڭ قەلبىمدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ، ئۇرغۇپ چىقالمايۋاتقان چوغلۇق ئاھاڭلار ياغماقتا ئىدى . نازىنىنىنىڭ شېرىن لەۋلىرىدە ئاچچىق مىسرالار ئوت بولۇپ چېچىلماقتا ئىدى . ئەي گۈزەل قىز ، كېچىلەر كۆمۈلدى ئاھلىرىڭ ئاستىغا ، كىرپىكلىرىڭگە بېسىلدى يالتىراق يۇلتۇزلار ، ۋادەرىخا ، ئالەمنى كۆرگۈچى ۋە يورۇتقۇچى ئاي ۋە قۇياشمۇ سېنىڭ بۇ ھالىڭغا يەتمىدى . پەقەت مەنلا شۇ بىر تەنھا يوپۇرماق تىنىقلىرىڭدىن تىترەپ ، كۆزلىرىڭگە سىڭىپ كېتىۋاتىمەن . . .

بەزىدە شۇنداق شېرىن ۋە بەزىدە شۇنداق ئاچچىق تۇيۇلىدىغان ئۇزۇلمەس خىياللار كېچىلەر قوينىدىن ئۇيقۇمنى قوغلايتتى . ئىچىم قايناپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتىم ۋە قايسىدۇر تۆت كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىغا كېلىپ قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالاتتىم ۋە بېشىم قايغان بىر كوچىغا كىرىپ كېتىپ تېنەپ يۈرەتتىم ، ماكانسىز تەلۋە سەرگەردانەدەك . شامال چىقسىمۇ ، يامغۇر ياغسىمۇ ئاشۇ تەنھالىقتىكى سوغۇق ئۆيۈمگە قايتقۇم كەلمەيتتى . شامالنىڭ سوقۇشى گويا تېنىمنى يېنىكلەتكەندەك بولاتتى ، يامغۇر تامچىلىرى كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . شۇ كوچىلاردا خىياللىرىم بىلەن سىردىشىپ

ماڭاتتىم، توختىماي ماڭاتتىم. شۇنداق چاغلاردا ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان قاتمۇقات خىياللىرىم قەلئەسىگە بىر گۈزەل جانان رەھىمسىزلىك بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، تۇمانلىق پىنھانلىقتا ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرەيتتى ــ دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە غايىب بولاتتى، خۇددى ئاق ئېتىمدەك تۇتۇق بەرمەيتتى. يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئىستەكلىرىمنى ئاختۇراتتىم، ئاشۇ غايىۋى جاناندىنمۇ گۈزەلرەك بىر ئەرمەكنى ئىزدەپ ئۆزۈمنى ئالدىماقچى بولاتتىم، لېكىن تاپالماستىن ۋە ئالدىيالماستىن ئازابلىناتتىم.

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ، قايسىدۇر بىر شېئىردا يېزىلغىنىدەك، قايسىدۇر بىر ناخشىدا ئېيتىلغىنىدەك.

ھىجران كۈيى ئاڭلانماقتا قەلبىم دەشتىدە. كىمدىن ئايرىلدىم، كىمنىڭ ھىجران ئازابىدا كۆيمەكتىمەن؟ غېرىبانە كارىۋات ئۈستىدە گويا كى چوغدا ياتقاندەك تولغىنىپ ئۆزۈمنى ھەر يانغا ئۇرغۇم كېلەتتى. ئاخىر، بەئەينى مەندەكلا تەنھا ئاينىڭ سوغۇق نۇرلىرى كۆزلىرىمنى تورلاشتۇراتتى. ئۆرتىنىپ ۋە نېمىگىدۇر زارىقىپ ئۇخلاپ قالاتتىم، ئارمانلىرىمنىڭ شىۋىرلاپ ئەللەيلىشىدىن... ئۇخلاپ قالاتتىم، ۋەيران بولغان گۈزەل ئارزۇيۇمنىڭ يۇمشاق كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ، مەڭزىمنى يېقىپ.

## ئۈچىنچى باب

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى ئاپئاق قار توزانلىرىنى توزۇتۇپ. قېچىپ كەتتى، قېچىپ كەتتى تۇتۇق بەرمەستىن. قېچىپ، قېچىپ، چەكسىز ئاپئاق قارلىق دالىدىكى ئۇپۇققا تاقاشقان ئاق بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. چەكسىز قارلىق ئاپئاق دالىدا يالغۇز قالدىم. ئاستىمدا ئاق قار، ئۈستۈمدە ئاق بۇلۇتلار، يىراقتا ئاق ئېتىم ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. مەن ماڭسام ئۇ يەنە قاچىدۇ. مەن

يەنە قوغلاپ كېتىۋاتىمەن . ئاق ئىتىم مېنى شۇ ئاق مۇھىتقا باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن قۇياشنىڭ ئاپئاق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . دېمەك ، ماڭىدىغان يولۇم ئاق ئىكەن . ئاقيوللۇق بولارمەنمۇ ؟

ھالبۇكى ، مەنزىلىم قارار تاپماي ، شۇ ئاق مۇھىت ئىچىدە تېنەپ ، تەمتىرەپ يۈرمەكتىمەن . كۆزلىرىم ئالدىدىن شەيتان جىلۋىسىدەك تىلسىم چۆچەكلەر ، خارابىلاشقان خۇشاللىقنىڭ سۇنغان قاناتلىرى ۋە يەنە قانداق ـ قانداق ئېزىتقۇلار ، قانچە ـ قانچە گۈل ـ چېچەكلەر ئالمىشىپ ئۆتۈپ تۇراتتى .

بىدارلىق بىلەن چۈشنىڭ ئارىلىقىدا كەيپىم ئۆرلىمەكتە . كۆزلىرىم چۆچەك ۋە ئەپسانىلەرنى تاماشا قىلسا ، قۇلاقلىرىم ئەرشتىن چۈشكەن نازۇك سادالارنى ئىلغىماقتا .

بۇ قانداق سادا ؟ ئىلى دەرياسىنىڭ دولقۇنلاپ قىرغاققا ئۇرۇلۇشلىرىمۇ ؟ تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىدا ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىمۇ ؟ ياكى بەخت بىلەن ھەسرەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن تېپىرلاپ تۇرغان يۈرەكنىڭ ئىنتىزارلىق بىلەن قاتتىق سوقۇشىمۇ ؟ ياكى بەخت بىلەن ھەسرەت بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىۋاتقاندىكى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ پىچىرلاشلىرىمۇ ؟ بۇ بىر سۆيۈملۈك جانان قىزنىڭ سىلىققىنا قەدەم سېلىپ كېلىشىمۇ ؟ ياكى يوشۇرۇن رەقىبلەرنىڭ كەينىمدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىمۇ ؟ قايسىبىر شەيتاننىڭ كۈلۈشلىرىمۇ ؟ قايسىبىر پەرىزاتنىڭ يىغلاشلىرىمۇ ؟

خىياللىرىمنى ئاختۇرۇپ بەختىمنى ئىزدەيمەن ، چۈشلىرىمنى قىدىرىپ ئالدىمدىكى يولۇمنى كۆرمەكچى بولىمەن .

ئەركىن ، ئىشسىز مەدىكارمەن . مەخسۇس ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا تەلىم ئېلىپ ئوقۇشنى ئۈمىد قىلمايمەن ، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . ئۆز كۈچۈم بىلەن توپلىغان ئازغىنە ساۋاتىمنى جەمئىيەتتە ئىشلىتىشنىمۇ ئۈمىد قىلمايمەن ، ئارزۇ قىلىمەن . ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە نېمە ئۈچۈن بىرەر ھۈنەرۋەنگە

شاگىرت بولۇپ ، تۇزۇكرەك بىر كەسىپنى ئۆگىنىۋالمىغىنىمنى ئويلىسام ئارمان قىلىمەن ، پۇشايمان قىلىمەن ، قانچە ئويلىسام ھاياتىمغا شۇنچە ئېچىنىمەن .

تەقدىر ! بۇ بىر سىرلىق تېپىشماق . تەقدىرنىڭ ئىنسانلار تېپىپ چىقالايدىغان راۋان يوللىرى بارمۇ ؟ بۇ مەسىلىگە مەن يېنىكلىك بىلەن جاۋاب بېرەلمەيمەن . بىر دۆلەت ، بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى دۇچار بولىدىغان تەقدىرنى مۆلچەرلەش — بۇ بىر گەپ ، مۇئەييەن شەخسنىڭ تەقدىرىنى مۆلچەرلەش — بۇ باشقا گەپ . لېكىن شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، ھايات دېگەن توختام سۇدەك تېپتىنچ بولمايدۇ ، بەلكى شىددەتلىك ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان دەرياغا ئوخشايدۇ . تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە يەككە يۈنىلىشلىك تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلەيدىغان تەكشى يول يوق . تەقدىرنىڭ شۇ مۇرەككەپ يوللىرىنى كۆرەلمەي تېگىرقىغان ھالەتتە ئاسمانغا قارايمەن . مېنىڭ ئاسمىنىمدا قايسى يۇلتۇز بار ، قايسى يۇلتۇز يوق ؟

بېشىم ئۈستىدە بىر يۇلتۇز ئۇشتۇمتۇت غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ ۋە شۇئان يەنە ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولىدۇ . شۇ يۇلتۇزنى تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولىمەن ، تۇتالمايمەن . مەندىن يۈز ئۆرۈگەن ئاسىي ئاسمان يۇلتۇزۇمنى كۆرسەتمەي تەتۈرلۈك قىلماقتا . تۈن پەرسى تولۇن ئايمۇ ھەم كېچىلەرنىڭ كۆركى بولغان يۇلتۇزلارمۇ ساداسىز قىروغا ، سوغۇق مۇزغا ئايلانغان ، خىياللىرىم سۆيگەن نەپىس گۈللەر ئاشۇ ئاسىي ئاسماننىڭ سىرتىدا قالغان . ئۇشتۇمتۇت ئالەم سىرتىدىكى غايىبلىقتىن بىر گۈل ئۇچۇپ چۈشۈپ قولۇمغا تۇتۇلدى . ئەمدى مەنمۇ بۇلبۇل بولۇپ ، قىزىلگۈل قەسىدىسىدىن ھۇزۇر سۈرىدىغان بولدۇم . دېمەك ، مەنمۇ جىن - شەيتان ئەمەس ، رېئاللىقتىكى بەندە ئىكەنمەن . ئاشۇ يۇلتۇز ، ئاشۇ گۈللەرنى كۆرگىنىمدە يۈرۈنقى ئاھائلار ، ئۇنتۇلغان تىنىقلار مۇزلىغان يۈرەككە ھارارەت بېرەتتى .

مۇرەككەپ تەسىراتلاردىن ئېغىرلاشقان بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا كۆز تاشلىدىم . ھالسىزلانغان ، تېگىرقىغان چۈشلىرىمنى نېرىغا سۈرۈۋېتىپ ، قالايمىقان شوئار سادالىرى ئىچىدە غايىۋى ئۈنسىز مۇزىكىلارنى سېغىنىپ تىڭشاۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ جېنىمغا جان قوشۇلغاندەك بولدى . قارا قۇيۇنلار ئىلكىدە قۇترىغان ۋەھشىي تەلەتلەر ئارىسىدىن ئۈنتۈلمىغان ، يوقالمىغان ئادىمىيلىكنىڭ ئۇلۇغۋار شولىسى ئۆزىنى نامايان قىلماقتا ئىدى . چۈشلىرىم مەن ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق ئەمەس بولۇپ چىقتى .

يول يۈرسەم بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، قاپقىمنى تۈرۈپ مېڭىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم . ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمگە قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتىم . مەندىن قۇسۇر تېپىپ چاپاندەك چېقىشۋېلىش كويىدا يۈرگەنلەر خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ھايات ـ ماماتلىق دۈشمەنلەردەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ قارىشىدۇ . ئۇنداق غەرەزلەردە بولمىغانلار مەن بىلەن سۆزلىشىپ بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ ، ماڭا يېقىن يولىماسلىققا تىرىشىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كۆرسەم غەزىپىم ئۆرلەيدۇ . مەندىن قورقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم يۈرىكىم ئاغرىيدۇ . شۇڭا ، ھېچكىم بىلەن سالاملاشماي ، مۇڭداشماي ، مۇناسىۋەت گۈلزارىنى تەرك ئېتىپ ياۋايىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالغانىدىم . ئەمدى قارىسام ، ھەممە ئادەم ئۇنداق كالىدەك ئۇسىدىغان ، ئىتتەك تالايدىغان بولۇپ كەتمەپتۇ . ئادەملەر يەنە ئادەملەردەك ياشاۋېتىپتۇ .

بىر كۈنى ئەنە شۇنداق بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋاتقانىدىم ، ئالدىمغا چىقىپ قالغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق خەنزۇ كىشى قولۇمنى چىڭ قىسىپ كۆرۈشتى . ئۇ دادام بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان كادىر ئىدى .

— قانداق تۇرۇۋاتىسىلەر ؟ ھەممىڭلار سالامەتمۇ ؟ — دەپ ھال سورىدى ئۇ ۋە ماڭا مەدەت بېرىپ سۆزلىدى ، — كېرەك يوق ، روھىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار ، بۇ ئىشلار ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ . بۇ

كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆنلەر يەنە كېلىدۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۇياق - بۇياققا ئىتتىك قاراپ قويدى - دە، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. دېمەك، ھەممە ئادەم شوئار توۋلاپ ۋەھشىيلىشىپ كەتمەپتۇ.

بىز: «بۇگۈن نېمە بولارمىز، ئەتە قانداق بولارمىز» دېگەن ۋەسۋەسە ئىچىدە پاراكەندە بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىنى - سىڭىللىرىم بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرغاندۇق، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك چېكىلىپ، جەمەتىمىزنىڭ غۇلجىدىكى كونا تونۇشلىرىدىن ئاتا دېمەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ھەربىرىمىزنى خۇددى ئۆز باللىرىدەك باغرىغا بېسىپ پېشانىمىزگە سۆيدى ۋە ھال - ئەھۋال سوراپ تەسەللى بېرىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ مېھرىبان ئادەم شۇنچە يىراق غۇلجىدىن كېلىپ، بالاغا قېلىشتىن قورقماي، سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ، غېرىبانە كۈلبىمىزنى تېپىپ كەپتۇ. يەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ياشانغان ئايال:

— بارمۇ سىلەر، باللىرىم!— دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كىردى. بۇ ئايال 50 - يىللاردا قەشقەردىن چىقىپ، بىزنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە يىل تۇرغان، كېيىن ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزدىن ھال سوراپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالماي كۆز يېشى قىلدى، ئاپامنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇزاق سۆزلىدى. بۇرۇن بىز بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئەمدى يۈز ئۆرۈگەن بىر قىسىم كىشىلەرنى «قايسى ئاپتاپ چىقسا دۇمبىسىنى شۇنىڭغا قاقلايدىغانلار» دەپ قارغىدى.

بۇ ئايال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىزنى داۋاملىق يوقلاپ تۇردى.

1971 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن مەھەللىدە

كۇرەشكە تارتىلدىم . ئىككى يۈزچە «ئىنقىلابىي ئامما» مېنى سەھنىگە چىقىرىپ قويۇپ ، ھەيۋە قىلىشىپ ، مۇشتلىرىنى تەڭلىشىپ ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكۈچە ۋارقىراپ ، «يوقىتايلى !» «باستۇرايلى !» دېگەن مەزمۇنلاردىكى شوئارلارنى توۋلاپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى . شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە شۇ قېتىمقى كۈرەش قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان بىرنەچچە ئايال ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا مەندىن ھال سوراپ ، ياخشى كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلدى . بولۇپمۇ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىچىنغان ۋە ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇز بىلەن قويۇق تۇرپان شېۋىسىدە سۆزلىدى :

— تۇنۇگۈنكى يىغىندا ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىپ كەتتۇق . ئالدىڭىزلاردا بىز بەك خىجىل ، ئۇكەم . ئاتا ـ ئانىڭىزلەردىن ئايرىلىپ مۇشۇنداق يۇرىسىزلەر ، ئىچىمىز ئاغرىيدۇ ، ئۆيلەردە گېپىڭىزلەرنى قىلىشىمىز . . . بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز بار . . . ئەمدى بىزگىمۇ نىمە ئامال ، ئۇكەم . بىزنى توغرا چۈشىنىڭىزلەر ، بەك ئىچىڭىزلەرگە ئېلىپ كەتمىڭىزلەر ، خۇدايىم بار ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتور . . .

شۇ كۈنلەردە مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرى بولغان كىشىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى ئاسان ئەمەس ئىدى . بۇ گەپلەر ئەگەر «سولچى باتۇرلار» نىڭ قولىغا يېتىپ قالسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس .

بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ . ئەنە شۇنداق مىساللارنىڭ ئىللىق تەپتىدىن كىشىلىك ھاياتتىكى يورۇق نۇقتىلارنى كۆرۈپ رىغبەتلىنەتتىم . ھاياتنى ۋە ئادەملەرنى بارغانسېرى يېقىندىن كۆزىتىپ چۈشەنمەكتە ئىدىم . قايسىدۇ بىر سېھىرلەنگەن تۇتەك پەردىلەر كەينىدە كۆمۈلۈپ قالغان ئاھاڭلار قايتا ئاڭلىنىپ ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى ؛ ئۇنتۇلغان تىنىقلار قان تومۇرلىرىمغا ئېقىپ كىرىپ ، ئاڭ ـ سېزىمىمگە يىراقتىكى

ئارزۇلۇق مەنزىرىلەرنى كۆرسىتەتتى .

ئادەم ئاتا ۋە هاۋا ئانىمىزنىڭ تۇرقى سىياقىدا يارالغان بەندىلەرنىڭ تەن جىسمى گەرچە ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پەرقلەر نەقەدەر چوڭ ! بەزىلەرنىڭ ئىچى گوياكى قاراڭغۇ جاڭگال بولۇپ ، شۇ جاڭگالدا توڭگۇز قاترايدۇ . يەنە بەزىلەرنىڭ قەلب روجەكلىرىدىن قاراپ باقساق ، تاغدەك ئېغىر قايغۇ تېڭىقلىرى ئاستىدىمۇ ئىنسانغا خاس ئۇلۇغۋار مېھرىبانلىقنىڭ ئۆچمەس چوغلىرى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز .

تۇرمۇش مەنتىقىسى بىلەن تويۇنۇپ ، ئۇلۇغۋار مەنىلەر بىلەن نۇرلانغان كۆزلىرىمنى ئالدىمدىكى چېكى كۆرۈنمەس تۇمانلىق مەنزىللەرگە تىكتىم . ماڭا تۇتۇق بەرمەستىن ئاق قار ئەپسانىلىرى ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئۆرلەۋاتقان ئاق توزانلارغا ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىدىم .

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، سېنى قوغلاپ تۇتىمەن . ساڭا مىنىپ ، قەدىمكى ئەپسانىلەر زېمىنىدىكى گۈل پەرىسىنى بۈگۈنكى چۈشۈمگە ئېلىپ كىرىمەن ! »

ئاق ئېتىم قېچىپ كېتىۋاتىدۇ ،مەن قوغلاپ كېتىۋاتىمەن... ئۇشتۇمتۇت بىر ئىنسان ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى . ئۇ شەھىرىمىزدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى ئىدى .

— بىزنىڭ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلماقچى بولۇۋاتىمىز ، ئىشلەمسىز ؟

شۇنىڭ بىلەن ، 1973 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم . ئەپسۇسكى ، بىر رەھبىرىي كادىر :

— بۇنداق ئادەمنى مەكتەپتە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ، — دەپتۇ ۋە مېنىڭ ئىسمىمنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ مەكتەپتە بىر مەۋسۇم خىزمەت قىلغاندىن

كېيىن يەنە سەرسانلىق كوچىسىغا شۇڭغۇپ ، ئۇيەر - بۇيەرلەردە ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرىۋەردىم . بۇ قېتىمقى روھىي زەربىنىمۇ ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمىدىم . نى - نى ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قازانلىرىدا قايناپ كۆنۈپ كەتكەنمەن . بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى !

كۈنلەر ، ئايلار ۋە يىللار قارلىق دالىدىكى ئاق ئېتىمنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى . مەنمۇ ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان سوغۇق قار توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋەردىم .

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، توختاپ تۇرغىن !»

1979 - يىلى 1 - ئايدا ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى مېنى يەنە چاقىردى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلىشىپ ، يېڭى سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشمەكتە ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپتە يەنە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ قالدىم .

بۇ چاغقا كەلگەندە مېنىڭ غېرىبلىق كۈنلىرىمدىكى ئەجىر - مېھنەتلىرىمنىڭ تۇنجى چېچەكلىرى ئېچىلىشقا باشلىغانىدى . 1969 - يىلى 11 - ئايدا يېزىلغان «پۇل» ناملىق ھېكايەم ۋە 1972 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلغان «باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە» ناملىق ھېكايەم ساۋاقداشلىرىم ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىلىپ ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ، خاتىرىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ ، جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىگە ئېلىنماقتا ئىدى . فرانسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى ئالېكساندىر ديۇمانىڭ «گراف مونتې - كرىستو» ناملىق داڭلىق رومانىنى رۇسچىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ بەش خاتىرە دەپتەرنى توشتۇرغانىدىم (بۇ رومانىنىڭ تولۇق تەرجىمىسى 1986 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ) . بۇ بەش خاتىرە دەپتەرمۇ قولدىن قولغا ئۆتۈپ ، بىر قىسىم ئەدىبلەر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىرنەچچە پارچە ھېكايە ئېلان

قىلىندى . شۇنىڭ نەتىجىسىدە ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئەدەبىيات ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم خادىملار ماڭا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىدى . 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ، «باھار شامىلى» (ھازىرقى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ) ژۇرنىلىدا ۋاقىتلىق مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم .

شۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ ھاۋالىسى بىلەن رۇسچىدىن تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر ماقالىنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم ھەمدە سوۋېت تۈركولوگى ن . ئا . باسكاكوۋنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم (بۇ كىتاب 1987 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ) . 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىغا رەسمىي قوبۇل قىلىندىم . دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان بولۇپ ، تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا ئائىت يەتتە كىتابنى ۋە «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم . بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ئاشكارا ئېلان قىلىنماي ، ئىچكى جەھەتتە پايدىلىنىشقا قالدۇرۇلدى . 1984 ـ يىلى تىل تەتقىقات ئورنى تەرجىمە ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى ، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ،1994 ـ يىلى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى ، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى بولۇپ قالدىم . تۈرلۈك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىندى .

جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكلەردىن كېيىن ئەمدى جاپالىق ئەقلىي ئەمگەكلىرىم باشلاندى . مەن ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس كەسىپ ئۆگىنىپ تەربىيىلەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن خىزمەتتە باشقا خادىملارغا نىسبەتەن يەنىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا

كېلەتتى . بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزىپەمنى ئوبدان ئورۇندىشىم كېرەك ئىدى . تىرىشچانلىقلىرىم بىكار كەتمىدى . خىزمەتتە بارغانسېرى لاياقەتلىك بولۇپ ، ئېتىراپ قىلىنىشقا باشلىدىم . ئالدىمدىكى يوللىرىم كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ راۋانلاشتى . بۇ جەرياندا يەنە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ، مۇدىرىيەت ئەزاسى بولدۇم .

ئىنسان هاياتى نەقەدەر مۈرەككەپ ، ئىنسان ئۆز هايات يولىدا نەقەدەر ئەگرى ـ توقاي ، ئېگىز ـ پەس يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ ! خارابىلىشىپ يېشىللىقنى يوقاتقان تاشلاندۇق ، سەرگەردان يوپۇرماق بۇگۈن يەنە يېشىللىقنى تاپتى . لېكىن ، كۆڭلۈم يەنىلا تىنىم تاپمايدۇ . بۇ دۇنياغا بەرگەنلىرىم بەكلا ئاز ، قەدىمكى كارۋان يوللىرىغا باسقان ئىزلىرىمدا ئالتۇن كولدۇرمىلارنى قالدۇرالماي كېتىۋاتىمەن . كەينىمدىكى تارىخ بىلەن ئالدىمدىكى تارىخنى تۇتاشتۇرىدىغان هېكمەتلىك كۆۋرۈكنى تاپالماي ئاۋارىمەن . يىللارنىڭ مەن تاپقان ۋە تاپالمايۋاتقان مەزمۇن ۋە مەنىلىرى قۇلاقلىرىمغا نېمىلەرنى پىچىرلايدۇ ؟ بۇ پىچىرلاشلارنى چۈشىنىپ ۋە چۈشەنمەي يۇقىرىغا قارايمەن . يۇلتۇزلار — ئاسماندىكى سانسىز چېچەكلەر ماڭا سىرلىق قارايدۇ . يۇلتۇزلارنىڭ كۆز قىسىشلىرى نېمىدىن بېشارەت بېرىدۇ ؟

تەسەۋۋۇرۇمدا بىر نادىر سۈرەتنى سىزىپ چىقىشقا ئۇرۇنىمەن . سۈرەتتە يول ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . كەڭ دالىدىكى ئەگرى ـ بۇگرى يول . بۇ يول چۆچەكلەردىكى ياخشىلىققا باشلىغۇچى ئالتۇن تاجلىق ئاق يىلاندەك تولغىنىپ يىراقلارغا سوزۇلغان . سۈرەتنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشىدە بىر ياشانغان ئادەم سەبىي نەۋرىسىنى قولىدىن يېتىلەپ ئاشۇ ئۇزۇن يولنى بويلاپ كېتىۋاتىدۇ . ياشانغان ئادەم نەۋرىسىگە يىراق يولنى قولى بىلەن كۆرسەتمەكتە . ئاق يىلاندەك سوزۇلغان يولنىڭ نېرىقى بېشى دالا

بىلەن ئاسماننىڭ لەۋلىرى جۇپلەشكەن يەردە غايىب بولىدۇ. ئاسمان، دالا ۋە يولنىڭ تۇتاشقان ئورنى غۇۋا رەڭ بىرىلگەن نامەلۇم مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ كۆرۈنمەي قالىدۇ. شۇ مەنزىرە ئىچىدە يەنە قانداق مەزمۇنلار بار؟ ئاسمان بىلەن دالا زادى قانداق سۆيۈشكەن؟ شۇ غايىۋى سۆيۈشۈشنى كۆزلەپ يىراققا سوزۇلغان يولنىڭ چېكى زادى نەگە بارىدۇ؟ ياشانغان كىشى نەۋرىسىنى يېتىلەپ نەگىچە بارالايدۇ؟ ئاندىن نەۋرىسى ئۆزى يالغۇز يەنە قايسى مەنزىللەرگە يېتەر؟ سۈرەتتىكى ياشانغان كىشىنىڭ شۇ تاپتىكى غېمى ئەنە شۇنىڭدا. ئۇنىڭ نەۋرىسى قانداق ماغدۇر؟ نەلەرگە بارار؟ ئۇ يىقىلىپ چۈشمىسىدى، ئېزىپ كەتمەي توغرا يولدا ماڭسىدى...

مەنمۇ شۇنداق بىر يولدا كېتىۋاتىمەن. كەينىمگە قارىسام يەكلەنگەن، چەكلەنگەن ياشلىقىم غىرىبسىنىپ، نېمىگىدۇ تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. كەينىمگە قارىسام يۈرىكىم قىسىلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ياشلىقىم باشتىن ـ ئاياغ بەختسىزلىك بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇ كۈنلەر شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىسۇن. ئالدىمغا قارىسام بازار ئىگىلىكىنىڭ رەڭگارەڭ ئۇچۇرلىرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە تۇرمۇش رىتىمى كۈندىن ـ كۈنگە تېزلىشىپ، بىز كۆرمىگەن يۇلتۇزلار ئۇچقاندەك ئالمىشىۋاتقان، ئاق ئېتىمدەك تېز چېپىپ كېتىۋاتقان مەنزىللەر ئۆزىگە چىللايدۇ. ئىقتىسادنىڭ خەلقئارالىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىمۇ خەلقئارالىششقا، دۇنياۋىلىششقا يۈزلەنمەكتە. دۇنيادا يوللار نۇرغۇن ۋە خىلمۇخىل. شۇ يوللاردىن قايسىبىرى ماڭا ۋە قايسىبىرى نەۋرەمگە نېسىپ بولار؟

بىز ئاتا ـ ئانىمىز ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىمىز مېڭىپ باقمىغان ئالاھىدە بىر يولنى تاللاپ مېڭىشىمىز كېرەك، يېڭىدىن يول ئېچىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ ئاشۇنداق

يول ئېچىشقا ئۆگىتىشىمىز كېرەك .
كۆرۈۋاتىمەن ، ھاياتلىقنىڭ ئەگرى ـ توقاي ، مۇرەككەپ يوللىرىدا زېرەكلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ ، پارلاق مەنزىللەرنى كېزىپ ، ئاجايىپ نۇرلۇق ، ئاجايىپ گۈزەل يۇلتۇزلارنى باغاشلاۋاتقان يالقۇنلۇق يۈرەكلەرنى كۆرۈۋاتىمەن . ئۇلارغا ھەربىر قارىغىنىمدا دىلىم يورۇپ ، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :
— كۆردۈڭلارمۇ ، بىزنىڭ يۈرەك پارلىرىمىزنى ! — دەپ ئېپتىخارلىق بىلەن خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ .
كۆرۈۋاتىمەن ، ئاشۇ ئەگرى ـ توقاي يوللاردا بىر قەدەمنى خاتا بېسىپ قويۇپ پۇتلىشىۋاتقان ، خارابلىشىۋاتقان غۇنچە ـ نوتىلىرىمىزنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن . ئۇلارغا ھەربىر قارىغىنىمدا يۈرىكىم ئېچىشىپ ، چايان چاققاندەك تولغىنىمەن .
— بالىلىرىم ، ئۇنداق قىلماڭلار ، سىلەر ماڭىدىغان يول ئۇ ئەمەس ! — دەپ ۋارقىرايمەن . ۋارقىرىشىم ئاغزىمدىن ئەمەس ، يۈرىكىمدىن چىقىدۇ . لېكىن ، ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ بۇنداق ۋارقىراشلىرىنى كەينىمىزدە كېلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاڭلايدۇ ، بەزىلىرى ئاڭلىيالمايدۇ ، بەزىلىرى ئاڭلىسىمۇ باش قاتۇرمايدۇ ھەمدە ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ .
يىغىپ ئېيتقاندا ، مەن تەسەۋۋۇرۇمدا سىزىپ چىققان ئاشۇ مۇرەككەپ ، ئايىغى كۆرۈنمەس يوللاردا خۇشاللىقلار ۋە غەم ـ قايغۇلار كۆمۈلۈپ ياتىدۇ . بىز ھەربىر قەدەم باسقاندا بەزىدە شادلىنىمىز ۋە بەزىدە غەمگە پاتىمىز . كىشىلىك ھاياتنىڭ سىمفونىيىسى ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل ئاھاڭلاردىن بىر پۈتۈن مېلودىيە ھاسىل قىلىدۇ .
بۇ ھاياتنىڭ سىرىنى تاپالماي ئاۋارىمەن . ئاق ئېتىم تېخىچە چېپىپ كېتىۋاتىدۇ ، مەن يەنىلا تىنىم تاپماي قوغلاپ كېتىۋاتىمەن .
«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، مەندىن بۇنداق قاچمىساڭچۇ ! »

# تۆتىنچى باب

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ . قېچىپ كەتتى ، قېچىپ كەتتى تۇتۇق بەرمەستىن . ئاق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاق توزانلار خىياللىرىمغا چېچىلدى . تۇتاش ئاق بۇلۇتقا پۈركەنگەن چەكسىز ئاسمان بىلەن ئاق قارنى يېپىنىپ ياتقان پايانسىز دالا تۇمان پەردىسىگە ئورالغان كۆرۈنمەس ئۇپۇقنىڭ كەينىدە تاتلىق سۆيۈشكەن ، شۇ سۆيۈشۈشنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولىمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاق ئېتىمنى مىنىپ ، ئۇپۇقنىڭ ئاق پەردىسىنى ئاچماقچى بولىمەن .

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، مەندىن قاچمىغىن !»

ئاق ئېتىمنى قوغلاپ كېتىۋاتىمەن . ئاپئاق ماھۇتەك قارنى كېچىپ ، ئاق مۇھىت ئىچىگە قوغلاپ كىرىپ كېتىۋاتىمەن . ئاق قار توزانلىرىغا پۈركىنىپ ، ئۆزۈممۇ ئاق مۇھىتقا قوشۇلۇپ كېتىۋاتىمەن . ئاق ئېتىمنى قوغلاپ يېتەلمەيۋاتىمەن . بۇ چۈشۈممۇ ياكى خىيالىممۇ ؟ بۇ ناخشىمۇ ياكى شېئىرمۇ ؟ ھايات دېگەن ناخشىمۇ ؟ تۇرمۇش دېگەن شېئىرمۇ ؟ ھاياتنىڭ مەنىسى مۇزىكىمۇ ؟ قاراپ باقسام پۈتۈن كائىنات شېئىر ، مۇزىكا ۋە ناخشىدىن تۈزۈلگەن . قۇياش ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار مىسلىسىز گۈزەل كۆك ئاسمان دەپتىرىگە يېزىلغان مىسرالار ئەمەسمۇ ؟ باغ ۋە ئورمانلارغا قۇشلارنىڭ ئىشقىي مۇزىكىلىرى چېچىلغان ئەمەسمۇ ! دەريا - دېڭىز شاۋقۇنلىرى مومام ئېيتقان چۆچەكلەردىكى ناخشا ئەمەسمۇ !

مەن ھاياتلىقتىكى ئۆزۈم مېڭىشقا تېگىشلىك يولنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئەدەبىياتنى تېپىۋالدىم ، ئەدەبىيات يولىدا ئىزدىنىپ كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم . ئەدەبىيات دېگەن نېمە ؟ ئەدەبىيات ئادەم ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىم . ئەدەبىيات ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ سىرلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەنئەت . ئەدەبىيات ئىنسانغا تەئەللۇق

ئىكەن، مۇقەررەركى، ئۇ بارلىق مەۋجۇدات ئىچىدە پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان ھېسسىياتتىن باشلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى ئىجادىيەت يولى بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئادىمىلىكنىڭ ئەڭ پارلاق نامايەندىسى بولغان ئاڭ ۋە ئىدراك بىلەن بىرلىشىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى ئەنە شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھازىر ئەسلىسەم، مېنىڭ ئەدەبىيات يولىغا قەدەم بېسىشىم شېئىرىيەت قەسىرىگە بۆسۈپ كىرىشكە ئىنتىلىشتىن باشلانغان. ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇنداق ئىنتىلىشنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى مەن قاچان سەزگەن؟ ئېسىمدە، غۇلجىدىكى رۇس مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ تۆتىنچى يىللىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۆزۈمدىكى ئاجايىپ بىر سېھرىي تۇيغۇنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدىم. ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچلىق بىر تاتار قىزچاق شۇ ۋاقىتقا قەدەر ماڭا ناتونۇش بولغان روھىي داۋالغۇشنى تونۇتتى. بەئەينى سۈپسۈزۈك ۋە تىنچ كۆل سۈيىگە تاش ئاتسا، سۇ يۈزىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلغاندەك ئىش بولدى. مەن ئۇنى «قىز» ئەمەس، «قىزچاق» دەپ ئاتىدىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولۇپ، تېخى كىچىككىنە قىزچاق ئىدى. شۇ قىزچاق بىر كۈنى ماڭا ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى بەردى.

— بۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ سۈرىتىڭنى چاپلاپ، خاتىرە ئۈچۈن يادنامە يېزىپ بەرگىنە، — دېدى ئۇ.

مەن دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم. ئىچىدىكى بىر بەتكە باشقا بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىمىزنىڭ سۈرىتى چاپلانغان بولۇپ، تۆۋەن تەرەپكە بىر كۇپلېت رۇسچە شېئىر يېزىلغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

گۈللەر ئىچىدە ئەتىرگۈلنى ياخشى كۆرىمەن،
قىزلار ئىچىدە سېنى.

مەن مۇشۇ سۈرەت ۋە مۇشۇ شېئىرنى كۆرگەندىن كېيىن

قەلبىمدە ھېلىقىدەك داۋالغۇشنى سەزدىم . مەن ئۇ قىزچاققا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ، بۇنىڭدىنمۇ مەزمۇنلۇق ۋە تەسىرلىك بىر شېئىر يېزىپ بېرەي دەپ ئويلىدىم . ئەپسۇسكى ، قىزچاقنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە باش قاتۇرۇپ ، قېرىشىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدىم ، بىر مىسرامۇ يازالمىدىم . كارغا كەلمىگەنلىكىمدىن ئىچىمدە ئازابلاندىم . ئاخىر ، دەپتەرنىڭ يېڭى بېتىگە بىر پارچە سۈرىتىمنى چاپلاپ ، ئاددىيلا قىلىپ «ساڭا يادىكار بولسۇن» دېگەننىلا يېزىپ قويدۇم .

قىزىق ئىش ! بۇ نېمە ئالامەت ؟ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىز ساۋاقدىشىم ماڭا باشقىچە ئىللىق ، باشقىچە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . سېرىق سېكىلەك چاچلىرىغا ئاق لېنتا باغلىغان ، ئاق يۈزىگە سەپكۈن چۈشكەن كىچىككىنە تاتار قىزى ! ھازىر گۆدەكلىكتىكى شۇ ھېسسىياتىمنى ئەسلەپ قالسام ئىختىيارسىز تۇردە مىيىقىمدا كۈلۈپ قويىمەن ھەمدە تاتار شائىرى ئەخمەت ئىركەينىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا ئۇنى كۆرگەندەك بولىمەن :

چىرايلىق دېمەيدۇ مېنى ،
سەپكۈنلۈك دەيدۇ مېنى .
سەپكۈنلۈك بولسامۇ ھەممە ،
ئوماق قىز دەيدۇ مېنى .

شۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈز ۋە كېچىلەر نۇرغۇن قېتىم ئالمىشىپ ، بىرنەچچە يىللارنى كەينى ـ كەينىدىن سۈرەپ ئۆتتى . مەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇيغۇرچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىدىم . بىزنىڭ سىنىپتا بىر قىز بار ئىدى . ئۇنىڭ ئوغۇللار چاقچاق قىلىپ ئوينىشىپ قويسا ، كۈلۈپ تۇرۇپ : «ئەجەب بىر بالىكەنغۇ» دەپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ «ئەجەب بىر بالىكەنغۇ» دېيىشى ماڭا باشقىچە قىزىقارلىق

تۈيۈلاتتى . شۇ كۈنلەردە يەنە باشقا سىنىپتىكى بىر قىزنىڭ ماڭا يىراقتىن قاراپ قويىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم . بىر كۈنى ئۇنىڭ ماڭا قاراپ قويۇپ ، يېنىدىكى دوستىغا :

— بىر چەتتە قاراپ تۇرىۋەرمەي ، باشقىلارغا ئوخشاش كېلىپ گەپ قىلسا بولىدۇ ، — دېگىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى داۋالغۇش يەنە تىنچلىقىمنى بۇزدى . يېقىملىق تۇيغۇلار قان تومۇرلىرىمدا مەۋج ئۇرۇپ ، مىسرالارنى قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىر مەنمۇ شېئىر يازدىم :

ئەجەب بىر بالىكەنغۇ
يەر ئاستىدىن قارايدۇ .
ئۆتۈپ قالسام ئالدىدىن
قىيا كۆزدە مارايدۇ .

مېنى كۆرسە قىزىرىپ
ئەپ قاچىدۇ كۆزىنى .
ئەمما بىلىپ بولدۇم مەن
ئېيتالمىغان سۆزىنى .

سىناپ بېقىش ئۈچۈن مەن
قاراپ قويسام قايرىلىپ .
بەك ھودۇقۇپ كېتىدۇ
قەدەملىرى ئالمىشىپ .

نېمە ئانچە قىينىلىپ
چەتكە ئېلىش ئۆزىنى ؟
قورقماي كەلسە بولمامدۇ
ئېيتىپ يۈرەك سۆزىنى .

كاشكى ئوتلۇق قەلبىمدىن
سىر بەرمىگەن بولسامچۇ ،
قانچە كۆيسەم ئىچىمدە
چاندۇرمىغان بولسامچۇ !

جىم - جىم يۇرۇپ قىينايدۇ
ئۆزىنىمۇ ، مېنىمۇ .
ئۇنىڭ قورقاق ئاغزىنى
ئاچالاركىن نېمىمۇ ؟

ئاھ ، بىچارە ئۆزۈڭ بىر
ئامال تاپقىن بۇنىڭغا ،
لېكىن ھەرگىز مەن ئاۋۋال
بارالمايمەن يېنىڭغا .

ئاسمان ، قۇياش ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ماڭا باشقىچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى . غەلىبە تەنتەنىسى قۇلاقلىرىم تۈۋىدە مەن شۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى كۈيلەرنى ياڭراتماقتا ئىدى . مەن بەختلىك ئىدىم ! مەنمۇ شېئىر يازالايدىغان بولدۇم !

بالدۇر ئويغانغان لىرىكىلار ئىچىمدىكى بىر يەرلىرىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيدىغان بولدى . تاتلىق ، تاتلىق مىسرالارنى تىزىدىغان قەلەمگە ئامراق بولۇپ قالدىم . ھازىر ئويلىسام ، مېنىڭ ئەدەبىيات يولىدىكى دەسلەپكى قەدەملىرىم ئەنە شۇنداق ئىنتىلىشلەردىن باشلانغانىكەن ، خاتىرە دەپتەرلىرىمگە يېڭى - يېڭى شېئىرلار تولۇشقا باشلىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مالىمانچىلىق كۈنلىرىدىمۇ پۇرسەت بولسىلا شېئىر يېزىپ تۇردۇم . ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن بوشىغان چاغلىرىمدا غېرىبانە كۆلبەمدە تەنھا ئولتۇرۇپ قولۇمغا قەلەم ئالاتتىم ۋە يازغانلىرىمدىن يەنە تەنھا ئۆزۈم ھۇزۇر سۈرەتتىم .

بارا - بارا شېئىر يېزىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم . داۋاملىق تۈردە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ تۇردۇم ، ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئۆزۈمنى سىناپ باقتىم ، تەرجىمە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مەشىق قىلدىم . ئەڭ ئاخىرىدا مانا ھازىرقىدەك تىنىم تاپمايدىغان ، ئاق ئېتىمنى قوغلاپ تۈتالمايۋاتقان پەرھات جىلان بولۇپ قالدىم . بەزىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم خىتاب قىلىمەن :

— ئەي پەرھات ، پەرھات ! بالىلىق چاغلىرىڭدىن تارتىپلا يازغۇچى بولۇشنى ۋە ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتىڭ . ئاخىر يازغۇچىمۇ بولدۇڭ ، ئىلمىي ئورۇندا ئىشلەيدىغان تەتقىقات خادىمىمۇ بولۇپ قالدىڭ ۋە شۇنىڭدىن نېمە ھالاۋەت كۆردۈڭ ؟

بۇ خىتابقا يەنە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن :

— بەزىلەر پۇلدىن ھۇزۇرلىنىدۇ ، بەزىلەر مەنسەپتىن ، لېكىن يەنە بەزىلەر جاپالىق ئەمگەكتىن ھۇزۇر تاپىدۇ . تەتقىقاتچى ۋە ئىجادىيەتچىلەر ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرنى قولىدىن چىقارغاندا تەڭداشسىز ھۇزۇر - ھالاۋەت قاينىمىغا چۆمۈلىدۇ .

ئەنە شۇنداق جاپالىق ھۇزۇر ئىچىدە گاھى شادلىنىپ ، گاھى تەشۋىش بىلەن ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، جىمجىتلىق ئىچىدىن ئۆزۈمگە تونۇش ئاھاڭلارنى تېپىشقا تىرىشىمەن . ئىزدىنىش يولىدا ئۆزۈمنى كۆزىتىپ ، كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى ئاخىرقى چېكىتنى ئىزدەيمەن . لېكىن ، ئادەم قانچە ماڭسىمۇ يول ئۈزۈلمەيدۇ . بۇ ھايات خۇددى ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىلاھىي ئەسەردىكى ئاياغلاشمىغان ھېكايىگە ئوخشايدۇ . شۇنداق ، بۇ دۇنيا ئاياغلاشمىغان ۋە ئاياغلاشمايدىغان ھېكايە ، تىرىكلىكتىكى ھەربىر ئادەم شۇ ھېكايىدىكى سانسىز پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولۇپ ياشايدۇ . مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانداق پېرسوناژ ؟ ھەربىر پېرسوناژنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوخشىمايدىغان مەزمۇن ۋە تۈرلەرنى

هاسىل قىلغان . قادىرجاننىڭ ھاياتى دراما بولسا ، سادىرجاننىڭ ھاياتى ئوپېرا ، نادىرجاننىڭ ھاياتى كومېدىيە ۋە كىمدۇ بىرىنىڭ ھاياتى تراگېدىيە . مېنىڭ ھاياتىمچۇ ؟

بۇ مۇرەككەپ ئەسەردىكى ئاددىي پېرسوناژلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ، بىر زامانىۋى سورۇنغا كىرىپ قالدىم . تۇرغۇن پېرسوناژلار ۋە ئوخشمايدىغان ئوبرازلار نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا ئىدى .

— بىز پەن - تېخنىكىدا بەك ئارقىدا قالدۇق ، — دېدى تۇرسۇنجان كىرىزىس تۇيغۇسىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن .

— توغرا ، ھازىر دۇنيا تەرەققىي قىلىپ نەگە كەتتى ، بىز تېخىچە نەدە يۈرىمىز ! — دېدى تۇرغۇنجان ئەلەملىك قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ .

— بىز شېئىرىي مىللەت . تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پەلسەپىۋى مىللەت بولۇش كېرەك ، — دېدى تۇيغۇنجان چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئويلانغاندىن كېيىن .

— شۇنداق ، بىز شېئىرىي مىللەت ، — دەپ خىتاب قىلدى يەنە كىمدۇ بىرى غەزەپلىك تەلەپپۇزدا ، — بىز خەق ئەقلىي دەرىجىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولغاچقا ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىن باشقىنى بىلمەيمىز . بۇنىڭدىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟ ھازىرقى تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كەتكەن دەۋردە خىيالىي گەپلەر ئەسقاتمايدۇ ، ھېكايىلەردىن زوقلىنىپ ئولتۇرساق زاماندىن كېيىن قالىمىز .

سورۇن ئىشتىراكچىلىرى سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى . بىرلىرى ئامېرىكا ، ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى زوق - ھەۋەس بىلەن چۈشەندۈرسە ، يەنە بىرلىرى بىزنىڭ «قالاقلىقىمىز» نى سۆكەتتى ھەمدە بۇنداق بىچارە ھالىتىمىزنى ئەدەبىيات - سەنئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى .

شۇ ئەسنادا ، مەن پېرسوناژ بولۇپ قاتنىشىپ قالغان بۇ

ئاياغلاشمىغان ئەسەردىكى يەنە بىر پېرسوناژ ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر ئوبرازنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ ، ئىشارەت بىلەن مېنى كۆرسەتتى .
— ئۇ يازغۇچى ، — دېدى ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزىدا .
ھەممەيلەن ياتسىرىغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى . مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم ۋە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن قوزغالدىم . بىرنەچچە پېرسوناژ ۋە ئوبرازلارمۇ مېنىڭ كىملىكىمنى ئۇقماي سۆزلەپ قويغىنىدىن سەل قورۇنغان قىياپەتتە ئالدىمغا كېلىپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى :
— رەنجىمەڭ ، ئىچىمىز پۇشۇپ مۇنداقلا سۆزلەپ قويدۇق . ئەمدى سىزنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىڭىزنى ئاڭلايلى .
— بولىدۇ ، — دېدىم مەن قايتا ئولتۇرۇپ ، — بىراق بەزى گەپلىرىڭلارنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن . پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قالغانلىق بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مەنتىقىي باغلىنىش بار ؟
ھېچكىم ئۈنچىقمىدى . ھەممەيلەن سۆزۈمنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى .
— ئەجەبا ، — دېدىم مەن يەنە ، — ئىنسانلار ئەقلىي دەرىجىگە كۆتۈرۈلسە ئەدەبىيات - سەنئەتنى كېرەك قىلماسلىقى كېرەكمۇ ؟ پەن - تېخنىكىسى راۋاجلانغان ئەللەر ئەدەبىيات - سەنئەتنى تاشلىۋەتكىنى يوق . ئەكسىچە ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ناھايىتى زور .
يەنە ھېچكىم ئۈنچىقمىدى . مەن سۆزلەپلا كەتتىم ، سۆزلىمىسەم بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغانىدى .
— ئۇزۇن يىللىق بېكىنمىچىلىك ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولغان خەلق ئەمدى بىراقلا بازارغا يۈزلەنگەندىن كېيىن بەزىلەر قىزىپ كېتىپ پۇلدىن باشقىنى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن ، بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە . كىشىلەر بۇ بىر مەزگىللىك ئېسەنگىرەشتىن ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئىنساننىڭ گۈزەل تەبىئىتىنى قايتا سېغىنىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار قايتىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى

قولىغا ئالىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە خاس بولغان قايناق ھېسسىياتنى مەڭگۈ تاشلىۋېتەلمەيدۇ.

سۆزۈمنى توختىتىپ، سورۇن ئەھلىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتىم. ھەرقايسى پېرسوناژ ۋە ھەر خىل ئوبرازلارنىڭ قايىل بولمىغانلىقى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئەدەپ يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلماقتا ئىدى.

— مەن يەنە سۆزلەپ باقاي، — دەپ خىتاب قىلدىم، — ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنى تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدىن ھاياتلىقنىڭ پەلسەپە چوڭقۇرلۇقىغا ئېلىپ كىرىدۇ. پەلسەپە كىشىلىك دۇنيادا ھامان تىك سىزىق ھالىتى بويىچە چوڭقۇرلۇقىمۇ ھەم يۈكسەكلىكىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى شەخسلەر بەزىدە پەلسەپە چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ ۋە بەزىدە پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇنداق پەلسەپىۋى پائالىيەت بەدىئىي تەپەككۇر شەكلىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا يۈزلەنگەن رەۋىشتە ئىپادىلىنىدۇ. پەلسەپە ئابستراكتسىيىسى بەدىئىي تەپەككۇردىكى ئوبرازلار ھەم ۋەقەلەر ئارقىلىق كونكرېتلىشىپ، ھادىسىلەر ئىچىدىن ماھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تىڭشىغۇچىلاردىن بىرەيلەن ئاخىر تاقەت قىلالماي قالدى.

— توختاپ تۇرۇڭا، — دەپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى ئۇ، — بىزمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ باققان. لېكىن، بىر قىسىم ئەسەرلەردە ھېچقاندىق پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرمىدۇق، ھەممىسى قۇرۇق ۋەقەلىكلەرغۇ؟

— توغرا، ئۇنداق ئەسەرلەرمۇ بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — لېكىن مەن ئەدەبىي ئەسەر دېگەندە، پەقەت ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرنىلا كۆزدە تۇتىمەن.

— شۇنداقتىمۇ، ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپىنىڭ قانداق

مۇناسىۋىتى بار؟ ئىنىقراق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى يەنە بىرەيلەن.

مەن يەنە سۆزلىدىم:

— تۇرمۇشنىڭ ئۆزى پەلسەپە. ئەنە شۇ پەلسەپە بىلەن تولۇپ تاشقان تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەرنى يېزىش ۋە شۇ ھەقتە مۇلاھىزە قىلىش ئەدەبىياتتىكى پەلسەپىۋى پىكىرنى شەكىللەندۈردى.

تىڭشىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەمدى سەل چۈشەنگەندەك قىلىپ باشلىرىنى لىڭشىتقىلى تۇردى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ماددىي پاراۋانلىقتىن سىرت يەنە ھەمىشە مەنىۋى ئوزۇقا، روھىي تەسەللىگە موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى. بىز ھەرقانچە زامانىۋىلىشىپ كەتسەكمۇ، تەبىئىي پەن بىلىملىرىمىز ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىمىز ھەرقانچە مۇكەممەللىشىپ كەتسىمۇ، يەنىلا داۋاملىق تۇردە گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ئىلھاملىنىش، تەسىرلىنىش، زوقلىنىش، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش قاتارلىق بىر يۈرۈش پسىخىك ھالەتلەردىكى روھىي تەشنالىقىمىز يوقلىپ كەتمەيدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى دەل بىزنىڭ ئەنە شۇ روھىي تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇنداق رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باغ بولىدۇكى، سىز ئۇلاردا تۈرلۈك پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر، پسىخىك تەھلىللەر، گۈزەل تەسۋىرلەر، بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك بىلىم ئۇچۇرلىرىنى كۆرىسىز. قىسقىسى، سىز ئەدەبىياتتىن ئادەمنى ۋە جەمئىيەتنى گوياكى سېھىرلىك ئەينەكتە كۆرگەندەك بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىن دۇنيانى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بولىسىز؛ نەزەر دائىرىڭىز كېڭىيىپ، بىلىملىرىڭىز ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنىڭ، بولۇپمۇ يېزىش، تەھلىل قىلىش ۋە مەنتىقىي پىكىر قىلىش قابىلىيىتىڭىزنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي قالىسىز.

مەن سۆزۈمنىڭ تىڭشىغۇچىلارغا قانداقراق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى سىناپ، ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ھېچقانداق ئالامەتنى پەرق ئېتەلمەي سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئۇرۇقلىرىنى كىشىلەر قەلبىگە چاچىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىنسانلار قىلىدىغان ئەڭ خاراكتېرلىك ئىشنى قىلىشقا، يەنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي كۈچىنى قوزغايدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك راۋاجلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

تىڭشىغۇچىلاردىن بىرى دىققىتىمنى تارتىش ئۈچۈن بىر قولىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا مۇراجىئەت قىلدى:

— سىز ئادەم، كومپيۇتېر ۋە ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— ياخشى سوئال بولدى، — دېدىم مەن، — بۇ مەسىلىنى مەن مۇنداق چۈشەندۈرەي. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجى بېسىقىپ قالمايدۇ. ئىنسانلار تەسىرلىنىدۇ، زوقلىنىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھايۋانلاردىن ھەم كومپيۇتېردىن پەرقلىنىدۇ. ئادەم تومۇرلىرىدا قان ئاقىدىغان تىرىك ئورگانىزم. ھەرقانداق كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت ھاسىلاتى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. بۇ دۇنيا ماشىنىلار دۇنياسى ياكى كومپيۇتېرلار جەمئىيىتىگە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشنى ھەرقانچە ئۆزگەرتىۋەتسىمۇ، ئىنسان يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي يارىلىشىدىكى ماھىيىتى بىلەن ياشايدۇ، ئادەم يەنىلا ئادىمىيلىك بىلەن

قېلىۋىردۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈكسىز تۇردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ.

تىڭشىغۇچىلاردىن يەنە بىر كىشى سوئال سورىدى:

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىز يازغۇچىلارنى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەر، ئەدەبىياتنى ئالاھىدە بىر خىل كۆپ قىرلىق بىلىم دەپ ھېسابلايدىكەنسىز ـ دە؟ ئۇنداق بولسا، تەتقىقاتچىلارنى قانداق ئادەملەر دەپ قارايسىز؟

مەن بۇ كىشىگە قاراپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

— يازغۇچىلار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى باشقىلار كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، باشقىلار ئويلىمىغان ئىشلارنى ئويلايدۇ، باشقىلار ئۇنتۇپ كەتكەن ئىزلارنى ئۇنتۇمايدۇ. تەتقىقاتچىلار دۇنيانى نەزەرىيىۋى بايان ئارقىلىق چۈشەندۈرسە، يازغۇچىلار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. تەتقىقاتچىلار رېئاللىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەكشۈرۈپ ئابستراكتلاشتۇرىدۇ، يازغۇچىلار رېئاللىقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، ئابستراكتلىقنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. ئەدەبىيات — تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ سەنئەتلىك بىرىكمىسى.

سۆزۈمنى تاماملاپ «يەنە سوئال بارمۇ؟» دېگەننى ئىپادىلەپ، سورۇن ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتىم. مەزكۇر سورۇندا جەم بولغان پېرسوناژ ۋە ئوبرازلار ئۈنچىقمىدى. ئۇلار مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا قايىل بولدىمۇ، بولمىدىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلار بەلكىم مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىغاندۇ، بۇ تېمىدا سۆزلىشىشتىن زېرىككەندۇ.

— خەير خوش، بۇرادەرلەر، مەن قايتاي، — دېدىم مەن ۋە تاشقىرىغا چىقتىم.

* *

بىر كوچىغا كىرسەم بىر توپ ئادەم يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قارىسام، ھەممىسى زىيالىي سۇپەت كىشىلەر. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ چالا - بۇلا ئۇزۇندىلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— تەرەققىيات ئۇچقاندەك تېزلىشىپ كېتىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە تارىخ يېزىشنىڭ نېمە پايدىسى؟

— شۇ ئەمەسمۇ!

— بەزى خەقلەر قىلىدىغان ئىش تاپالمىغاندەك كونا خامانىنى سورۇپ يېزىۋېرىدىكەن.

— باشقىلار تەرەققىي قىلىپ نەلەرگە كەتتى، بىز تېخىچە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ تۇرۇۋېرەمدۇق!

«ياﺋاللا! — دەپ ئويلىدىم مەن، — بايىقىلار ئەدەبىيات - سەنئەتنى سۆككەنىدى، ئەمدى بۇلار تارىخنى ھاقارەتلىگىلى تۇردىغۇ».

شۇ ئارىدا توپ ئىچىدىكى بىرەيلەن قولى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ، سۆھبەتداشلىرىنى خەۋەرلەندۇردى:

— ئاۋۇ ئادەم تارىخىي رومان يازىدۇ.

— شۇنداق، — دەپ سۆز قاتتى يەنە بىرەيلەن، — ئۇ «مەھمۇد كاشغەرىي»، «ئورخۇن شەجەرىسى» دېگەن رومانلارنى يازغان.

— بۇلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»نى ياستۇق قىلىپ ياتىدىغان مۇتەئەسسىپلەر، — دېدى يەنە كىمدۇ بىرى نەشتەردەك كىنايە بىلەن.

مېنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم. «شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن گەپنىڭ ھەقىقەتىگە ئىشىنىمەن. شۇڭا،

ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ كېلىپ سالام بەردىم . ئۇلارمۇ مېنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغىنىمدىن سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ كۈلۈمسىرىدى .

— سىلەر تارىخنى بەك يامان كۆرىدىغان ئوخشىماسىلەر ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— ھەي ئاكا ، ھازىر تارىخ تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بەك جىق بولۇپ كەتتى ، بىراق تېخنىكا ھەم ئىقتىساد پەنلىرى توغرىسىدا يېزىلغانلىرى بەك ئاز ، يوق دېيەرلىك ، — دېدى ئۆزىنى ئاسپىرانت دەپ تونۇشتۇرغان بىر يىگىت ، — بۇنداق بولىۋەرسە زاماندىن بەكلا ئارقىدا قالىمدۇق .

ئىچىم قايناپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب قايتۇردۇم :

— تېخنىكا ھەم ئىقتىساد پەنلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئاز دېگىنىڭىز توغرا ، لېكىن تارىخ تېمىسىدا يېزىلغانلىرى بەك جىق بولۇپ كەتتى دېگىنىڭىز خاتا . سىز تارىخ تېمىسىدا يېزىلغان خەنزۇچە ئەسەرلەرنىڭ سانىنى ئالالامسىز ؟ تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە يېزىلغان بۇنداق ئەسەرلەرنى ساناپ تۈگىتەلەمسىز ؟ ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ يازغانلىرىمىز نېمە ؟

ئاسپىرانت يىگىت ئويلىنىپ قالدى ، ئەمما ئۇنىڭ بىر دوستى سۆزگە ئارىلاشتى :

— بىزدە تارىخچىلار خېلى كۆپقۇ ، — دېدى ئۇ .

— بۇ گەپمۇ توغرا ئەمەس ، — دېدىم مەن ، — ياپونىيىلىك بىر تارىخشۇناس ئەجەبلەنگەن ھالدا ، مەندىن : «ئۇيغۇرلاردىن نېمە ئۇچۇن تارىخچى چىقمايدۇ ؟ » دەپ سورىغانىدى . ئويلاپ باقسام راست . بىزدە تارىخچى يوق ئىكەن .

ئوتتۇرا ياشلىق كادىر سۇپەت بىر كىشى تەئەججۇپ ئىچىدە ماڭا تىكىلىپ قارىدى .

— بۇ قانداق گەپ ؟ — دېدى ئۇ ، — باشقىلارنىمۇ دېمەيلى ، سىز ئۆزىڭىزچۇ ؟ سىز تارىخچى ئەمەسمۇ ؟ سىز مەھمۇد

كاشغەري ، ئورخۇن دەۋرىنى يازدىڭىزغۇ .

— تارىخنى بىلگەنلىكى ئادەم تارىخچى بولالمايدۇ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ، — تارىخنى بىلىش ۋە يېزىش بىر گەپ ، تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخچى بولۇش ئۇ باشقا گەپ .

يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بۇ سۆھبەتكە قىزىقىپ قالدى .

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىڭىزنى كېڭەيتىپرەك سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق ؟

يەنە بىرنەچچە ياش ۋە قېرىلارمۇ باشلىرىنى ئىرغىتتى :

— ھە ، سۆزلەپ بېقىڭا ، سۆزلەڭا . . .

— ماقۇل ئەمسە ، — دېدىم مەن ، — تارىخنى بىلگەندە ئادەمنىڭ ئالدىدىكى يول ۋە مەنزىل يورۇتۇلغاندەك بولۇپ قالىدۇ . لېكىن ، تارىخنى بىلىش ئاسان ئەمەس . تارىخنى ئۆگىنىش بىلەن تارىخنى بىلىش بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان باشقا - باشقا مەسىلە . بىز تارىخ تېمىسىدا يېزىلغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇساق ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ . شۇ ئۆگىنىلگەن مەزمۇنلار ئۈستىدە ئەقلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرگەندە تارىخنى بىلىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىمىز . شۇ تارىخ مەزمۇنلىرىنى گويا قورال - ئەسۋاب قىلىپ ، تارىخنىڭ كۆرۈنمەس ئىزلىرىنى بىر - بىرىگە مەنتىقىي باغلاپ ، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقالىساق ، ئىدراكنىڭ ئۇنچىلىرى نۇرلىنىپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ . شۇ چاغدا بىز تارىخنى تەتقىق قىلغان بولىمىز . بەزىلەر تارىخ يېزىشنى كىنايىلىك تەلەپپۇزدا «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» دەۋاتىدۇ . ئەجەبا ، ئەقلىي دەرىجىگە يەتكەن مىللەتلەر ئۆتمۈشنى ئەسلىمەسلىكى ، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ۋە باشقىلارنىڭ تارىخىنىمۇ بىلمەسلىكى كېرەكمۇ ؟

تارىختىن ھەرقانداق خەلق ئۆزىگە قاراتمىلىقى بولغان ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى تاپالايدۇ . مەسىلە — شۇ ساۋاقلارنى توغرا

تەھلىل قىلىش ، چۈشىنىش ۋە شۇنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھايات يولىدا قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىشنى بىلىشتە . دېمەك ، تارىختىن كىشىلەر ئەقىل تاپىدۇ . تارىخنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ . يىراقنى كۆرەر دانىشمەنلەر تارىختىن قانۇنىيەت ئىزدەيدۇ .

باشقىچە ئېيتقاندا ، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پەقەت ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلانماس خاتىرىلىرىنى يېزىپ قويۇشلا ئەمەس ، بەلكى كونكرېت تارىخىي پاكىتلارنى چوڭقۇر قېزىش ئارقىلىق تېخى مەلۇم بولمىغان پاكىتلارنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت .

سۆزۈمنى تىڭشىغۇچىلاردىن كىمدۇر بىرى تازا قايىل بولمىغان تەلەپپۇزدا سورىدى :

— ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلغاندىن كۆرە ، بۈگۈنكى ھاياتىمىزنى تەتقىق قىلساق ياخشى بولمامدۇ ؟

— بىزنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزمۇ تارىخ ، — دېدىم مەن ، — ئەگەر سىز بۈگۈنكى دەۋردە ئىنتايىن زور تۆھپە ياراتقان بولسىڭىز ، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار سىزنىمۇ ئەسلىمەسلىكى ، سىزنىمۇ «كېرەكسىز كونا نەرسە» دەپ تاشلىۋېتىشى كېرەكمۇ ؟ چەت ئەللەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەنلىك نومۇس دەپ قارىلىدۇ . بۇ مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تونۇشى . بۈگۈنكىسىنى بىلىش ئۈچۈن قەدىمكىنى بىلىش كېرەك ، كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن قەدىمكىسىنى ۋە بۈگۈنكىسىنى بىلىش كېرەك .

تارىخ بارلىق پەنلەرنىڭ ، ئىنسانىيەت توپلىغان بىلىملەرنىڭ ئانىسى . ھەرقايسى پەنلەر ئۆزۈن مۇساپىلىك تارىخىي تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى سەۋىيىگە يەتكەن .

مۇئەييەن پەننى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئالىم شۇ پەننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئىلمىي ئاساستا پەرەز قىلالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى تولۇق مەنىسى بىلەن جانلىق ئىگىلىگەن ئادەم كەلگۈسىدىكى تارىخىي تەرەققىياتنى، خەلقلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ. تارىخنى بىلمەسلىك خۇددى يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە ئوخشايدۇ.

سۆزلىسەم سۆزلەپلا كېتىدىغاندەك قىلىمەن، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ سۆزۈمنى توختاتتىم. توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولۇمغا ماڭدىم.

*　　　*

ئەدەبىيات ۋە تارىخ توغرىسىدا ئاڭلىغان بۇنداق نورمالسىز ئىنكاسلاردىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر قەدىناس ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. تۇۋا، بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟ نەگە بارسام‌لا چۈشىمگە كىرمىگەن ئادەملەرگە ئۇچرايمەنغۇ. ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بار ئىكەن، تۆت - بەش ئادەم، ھەممىسىلا ئوقۇمۇشلۇق زاتلار. سالاملىشىپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. سۆھبەتداشلار تەبىئىي پەنلەرنىڭ دۇنيادىكى تەرەققىياتى ئۈستىدە تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرماقتا ئىدى.

— تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم تەبىئىي پەنلەرنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى بىر سالاپەتلىك ئالىم سۈپەت ئادەم.

— ئىجتىمائىي پەن دېگەن قۇرۇق گەپ، — دېدى يەنە بىر سالاپەتلىك ئادەم.

— قۇرۇق گەپ بىلەن كومپيۇتېرنى ئىشقا سالغىلى، راكېتالارنى ئاسمانغا چىقارغىلى بولمايدۇ، — دەپ ئۇلارنى قوللىدى ئۈچىنچى بىر سالاپەتلىك شەخس.

ساھىبخانا ئاغىنەم ئوڭايسىزلىنىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— بۇ ئاغىنەم ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەيدۇ، — دېدى ئۇ قول ھەرىكىتى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، قانداق دەيسىلەر ؟

سالاپەتلىك ئادەملەر ياتسىرىغان قىياپەتتە ماڭا تىكىلىپ جىم بولۇشتى. مەن يەنە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم :

— بىز نېمە ئۈچۈن بىرىنى تەشەببۇس قىلغاندا يەنە بىرىنى چىشلەپ تارتىمىز ؟ نېمە ئۈچۈن بىرىنى تەكىتلىگەندە يەنە بىرىنى باسىمىز ؟ مېنىڭچە، ئاڭلىق كىشىلەر بۇنداق قىلمايدۇ. تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدا بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويۇلغاندا، ئاڭدىكى ئېغىش يۈز بېرىپ، ئەقلىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ ۋە ئاسانلا چېكىدىن ئاشقان كۆزقاراشلار باش كۆتۈرىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە سۇبيېكتىپزىملىق ئېغىشلار جەزمەن ئىدىيىۋى بوھراننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھال ئومۇمىي تەرەققىياتقا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلگىرىلەش يولىمىزدا زور توسۇق پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى نېمە ئۈچۈن بىزگە پايدىسىز بولىدۇ ؟ بۇ مەسىلىگە نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن جاۋاب بېرىلمىدى. مۇقەررەركى، بۇنداق مەنتىقىسىز سوئالغا ھېچكىممۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ ئەسلىدىنلا جاۋابى چىقمايدىغان خاتا كۆزقاراش. بۇ خىل كۆزقاراشلارنىڭ ئىلمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىلمىيلەشتۈرىدۇ، سىستېمىلاشتۇرىدۇ، نەزەرىيىۋىلەشتۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىدۇ.

بىزدە ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئىقتىدارمۇ، مەنىۋى بايلىق

يارىتىدىغان ئىقتىدارمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇشى كېرەك . بىرىنى تاشلاپ ، يالغۇز بىر تەرەپكە ئېغىش ئومۇمىي تەرەققىيات ئۈچۈن ، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيىتى ئۈچۈن پايدىسىز . تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە يەككە يۆنىلىشلىك تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلەيدىغان تەكشى يول يوق . توغرا نەزەرىيىدىن ئايرىلغان ئەمەلىيەت خۇددى دېڭىزدا نىشاندىن ئازغان كېمىگە ئوخشايدۇ . بۇنداق تەرەققىيات ئۇزاققىچە مۇقىم داۋاملىشالمايدۇ .

ھەرقايسى پەنلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ شاللاش ھوقۇقى تېخى دۇنيادا ھېچكىمگە بېرىلگىنى يوق . تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر گوياكى قۇشلارنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشايدۇ . ئەگەر بىر قانات قىرقىۋېتىلسە قۇش ئۇچالمايدۇ .

بىز جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمىز . شۇڭا ، بىزگە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرىدىغان ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەبىئىي پەنلەر كېرەك .

بىز جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمىز . شۇڭا ، بىزگە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرىدىغان ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر كېرەك .

بىز ھەرگىزمۇ ھېسسىياتسىز ماشىنا ئادەم بولالمايمىز . شۇڭا ، بىزگە قەلبلەرنى زوقلاندۇرىدىغان ، تەسىرلەندۈرىدىغان ، ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كېرەك .

ئىنسان ئاڭلىق ۋە ھېسسىياتلىق مەخلۇق بولغىنى ئۈچۈن ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان ماددىي بايلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي ، ھەمىشە مەنىۋى بايلىققىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت . ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ئېھتىياجلىرى گوياكى قوشكېزەكتەك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەشكىل قىلىدۇ . ھەممە ئادەم

بىرخىللا كەسىپ بىلەن، پەقەت تەبىئىي پەنلەر بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئاغىنەمنىڭ سالاپەتلىك مېھمانلىرى مېنىڭ سۆزلىرىمگە قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. بەلكىم ئۇلار مېنى: «راسا قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئىجتىمائىي پەنچى ئىكەن» دەپ قالغاندۇ. قىسقىغىنا سۈكۈتتىن كېيىن مەن ئاۋازىمنى پەسەيتىپ قوشۇپ قويدۇم:

— ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزنى ياخشى ئىشلەيلى. باشقىلارنى چىشلەپ تارتىپ نېمە قىلىمىز؟ بىزگە ھەممە ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كېرەك.

سورۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ باشلىرىنى ئىرغىتىپ قويدى، بەزىلەر سالاپەتلىك قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي جىم ئولتۇردى.

## بەشىنچى باب

ئاق ئېتىمنى سېغىنىمەن، خۇددى قۇياش يەرگە قاراپ قانمىغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ، قادىلىپ زېھنىم بىلەن قارايمەن. ئاق ئېتىمنى تۇتقۇم كېلىدۇ، ئۇنى تۇتۇپ باغاشلاپ، قەلبىمدىكى ئۆركەشلىگەن سوئاللارغا خۇددى ئۇيۇقتا تاقاشقان كەڭ قارلىق دالىدەك توسالغۇسىز جاۋابلارنى تاپقۇم كېلىدۇ. قوغلايمەن، قوغلايمەن، ئاق ئېتىمنى تۇتالمايمەن. ئاق ئېتىم قارلىق دالىدا قارلىق توزانلارنى توزۇتۇپ، تۇتۇق بەرمەي قاچماقتا. ئاسماننى قاپلىغان تۇتاش ئاق بۇلۇتلاردىن ئاق رەيھان ھىدى تارقىلىدۇ. قارلىق دالا خۇددى كۆكلۈكنى يوقىتىپ ئاققا ئۆزگەرگەن ئوكياندەك باغرىنى كەڭ يېيىپ، ئۇلۇغۋار سۆيگۈدەك ئۆزىگە چىللايدۇ. ئاق دالا بىلەن ئاق ئاسمان شېرىن قۇچاقلاشقان جايدا ئاق رومالغا ئورالغان ئۇيۇق گوياكى ئىلاھىي مۇزىكىلارنى تارقاتماقتا. بۇ شۇنداق بىر لەززەتلىك ئۇنسىز مۇزىكا! ئۇنىڭ

ساداسىنى ، ئۇنىڭ مەنىسىنى پەقەت پەرىشتىلەر بىلەن سىرداشقان تىنىمسىز يۈرەكلا تىڭشىيالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ . شۇ سېھىرلىك مۇزىكىلار ئىچىدىن ئارمانلىرىمنى ئىزدەيمەن . ئارمانلىرىمنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاق ئېتىمنى قوغلايمەن .

«ئاق ئېتىم ، ئاق ئېتىم ، نەگە بېرىپ ، نەدە توختايسەن ؟ »

قوغلايمەن ، قوغلايمەن ، ئاق ئېتىمغا يېتەلمەيمەن . ئاق ئېتىمدەك يۈگۈرۈپ ، يۈگۈرۈپ ، ئاق تەبىئەتكە سىڭىپ كەتسەم دەيمەن . سىڭىپ كېتىپ نۇرغۇن ، نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپسام ۋە ئارام تاپسام دەيمەن . لېكىن ، يۈرىكىم ئارام ئېلىشقا ئادەتلەنمىگەن . ھېچكىم ئاڭلىمىغان كۈيلەرنى ئاڭلاپ ئۈمىدلىنىمەن ، ھېچكىم كۆرمىگەن قىرلارنى كۆرۈپ ئويغا پاتىمەن . يۈرىكىمدە تېپىچەكلەپ تۇرغان ئارزۇلار گاھى ئۈنسىز ئاھ ئۇرىدۇ ، كۆز ئالدىمدا جىلۋىلەنگەن شەكىلسىز ۋە ئۆزگىرىشچان رېئاللىق گاھى ئارزۇلارنى ئالداپ ، ئاق ئېتىمدەك تۇتۇق بەرمەيدۇ . ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنى بىر - بىرىگە چېتىپ قوياي دەيمەن . بەزىدە ئىشلىرىم خېلى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ، بەزىدە بىھۇدە ئاۋارە بولىمەن . نېمە دېگۈلۈك ! ھايات دېگەن شۇنداق بولىدىكەن . ۋەھالەنكى ، ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ توقۇنۇشىدىن ئەقىل چاقمىقى چېقىلىدۇ . كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ توقۇنۇشىدىن ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى يارالغان . شۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ داۋامىدا قۇياش بىلەن ئاي - يۇلتۇزلار توقۇنۇشۇپ مەڭگۈلۈك ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ئۇقتۇرىدۇ .

كېچە بىلەن كۈندۈزگە ، قۇياش بىلەن يۇلتۇزلارغا ھەركىملەرنىڭ قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ . توختىماستىن مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان ھايات مېلودىيىسىدە شۇ قاراشلار ھامان توقۇنۇشۇپ تۇرىدۇ . شۇ توقۇنۇشلاردىن خالىي بولىدىغان دەخلىسىز خىلۋەتلىكنى تاپالمىدىم . تاپقان تەقدىردىمۇ نۇرسىز خىلۋەتلىكتە ئىزسىز غايىب بولۇشنى ئىستىمەيمەن . قايناملاردا ئۈزۈپ يۈرۈپ بىر ئىشلارنى قىلغۇم كېلىدۇ . شۇڭا ، قايناملاردا

قايناپ ـ قايناپ يۇرىكىمنىڭ ساداسىنى ھۇزۇرلىنىپ تىڭشايمەن .
ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىمەن ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇق سالىمەن . بەزىدە ئۇنىڭ ناخشىسى مېنىڭ مۇزىكامغا جور بولۇپ چۇشۇپ بېرىدۇ ۋە بەزىدە ئۇ تاغدىن چۇشسە ، مەن سايرامدىن چىقىمەن . ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە قاراپ تۇرلۇك كۆزقاراشلارنىڭ توقۇنۇشلىرىنى كۆرىمەن ۋە ئىختىيارسىز تۇردە مۇلاھىزىگە بېرىلىپ كېتىمەن .
بىر قىسىم ئادەملىرىمىزنىڭ تەنقىدچىلىك خاھىشلىرى خۇددى يۇگەنسىز توسۇن ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدۇ . ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەم ، ئەسەر ياكى خاھىشلارنى ئاچچىق ساتىرا تۇسىدە تەنقىد قىلىشىدۇ ياكى غەزەپلىنىپ ھاقارەتلەيدۇ . تەنقىد ، كەمچىلىكلىرىمىزنى تۇزىتىپ ، ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئوڭشايدىغان ئېسىل قورال . ھالبۇكى ، بىرمۇنچە كىشىلىرىمىز تەنقىدلەشكە ئامراق بولسىمۇ ، تەنقىدنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇلار بىزگە نېمە كېرەك ، نېمە كېرەك ئەمەس ، نېمە پايدىلىق ، نېمە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەيدۇ ، ئادەملەرگە ئازار بېرىدىغان ۋە ئەسەرلەرگە قارا چاپلايدىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ . قىسقىسى ، ئويلىماي سۆزلەپ ، قالايمىقان باھا بېرىدۇ . «مېنىڭ خاتا بولۇپ قالسا سەت بولمىسۇن» دەپ ئويلاپمۇ قويمايدۇ ، خىجىل بولۇشنى بىلمەيدۇ .
مەن دەيمەن ، بىزگە توي ـ تۆكۇنلەردە ، مېھماندارچىلىقلاردا قالايمىقان سۆزلىنىدىغان غەيۋەت ۋە پىتنە ـ پاساتلار كېرەك ئەمەس ، بۇ زىيانلىق ، بۇ تەنقىد ئەمەس . بىزگە ئىلمىي تەھلىل ۋە مۇھاكىمە ئاساسىدىكى ئاشكارا تەنقىد كېرەك ، بۇ پايدىلىق . بىز ئىلمىي تەنقىدنى قوللىشىمىز ، خالىس تەنقىدچىلەرنى رىغبەتلەندۇرۇشىمىز كېرەك . ھەقىقىي ئىلمىي تەنقىد ئاپتورلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۇرىدۇ ، ئىلمىي كەيپىياتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ .
يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئالدىمغا

دېۋەيلەپ كېلىپ تەنبىھ بەردى :
— سىز بىزنى قالايمىقان باھا بېرىدۇ دەپ ئەيىبلەپ كەتتىڭىز . تاشمۇھەممەتنى ئالىم دەپ ماختاپ كەتتىڭىز . لېكىن ، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسىز ؟ ئۇ دېگەن ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل ، يا ئۇلپىتىنىڭ ، يا داستىخىنىنىڭ تايىنى يوق ، كالىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپلا يۈرىدىغان بىر نېمە ! سىز يەنە يارمۇھەممەتنى يازغۇچى دەپ ماختاپ كەتتىڭىز ، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسىز ؟ ئۇ دېگەن بىر ھاراقكەش ، خوتۇن خەقنى كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان شاللاق بىرنېمە . . .
— بۇ گەپنى بەك ئاشۇرۇۋېتىڭىز ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ، — دۇنيادا كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ . ئۇلارمۇ ئادەم ، ئىلاھ ئەمەس . ئۇلارمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ، ماڭا ئوخشاش ۋە ھەرقانداق بىر بەندىگە ئوخشاش ئۆز ئۆمرىدە بەلكىم تۈرلۈك خاتالىق ، كەمچىلىك ، سەۋەنلىك ۋە ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولالمىغاندۇ . بىز ئالىملار ۋە ئىجادىيەتچىلەرگە باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۇنداق - مۇنداق سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ھېسابقا ئېلىشىمىز كېرەك .
مەن سۆزۈمنى توختىتىپ ، ئالدىمدىكى «تەنقىدچى»گە نېمە دەيدىكىن دەپ قارىدىم . ئۇ بىرئاز دۇدۇقلىغاندەك قىلدىيۇ ، يەنىلا بوي بەرمەستىن ، ئۆزىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە دەلىل كۆرسىتىشكە ئۆرۈندى :
— ئۇلارنى ئوبدان تونۇيدىغان ئادەملەردىن ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلىغانمەن . . .
— بەلكىم ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم ، — بەزىلەر باشقىلارغا باھا بەرگەندە ئەۋلىيالارغا قويۇلىدىغان شەرتلەرنى قويۇشىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئەۋلىيا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ ، خۇددى ئۆزلىرى ئەۋلىيا بولالايدىغاندەك . بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئۇلۇغ دانىشمەنمۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ھەم ئىنسانغا خاس

ئاجىزلىقلىرى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

«تەنقىدچى» ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغاندەك تۇراتتى.

— سىز ھېلىقى يازغۇچىنىڭ ھېلىقى ئەسىرىنى ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن، — شۇمۇ ئەسەر بولامدۇ! قاملاشمىغان يەرلىرى بەك تولا. مەسىلەن، بىر يېرىدە مۇنداق گەپلەر بار...

— نۇقسانسىز ئەدەبىي ئەسەرنى تېپىش تەس، — دېدىم مەن سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ، — ھەرقانداق مەشھۇر، ئۇتتۇقلۇق يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسەك بىرمۇنچە نۇقسانلىرى چىقىشى مۇمكىن. بىزدە ھېچكىم نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئەسەر يازالمايدۇ. بىزدىلا ئەمەس، جاھان مىقياسىدىمۇ ھېچقانداق ئادەم مۇكەممەل ئەسەر يارىتالمايدۇ. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىنلا مۇكەممەل ئەمەس. مۇكەممەل بولالمايدىغان بەندىلەرنىڭ ئەمگىكىمۇ ئەلۋەتتە، مۇكەممەل بولمايدۇ - دە. ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يازغۇچىمۇ، ئوقۇرمەنمۇ ۋە تەنقىدچىلەرمۇ ئوخشاشلا مۇكەممەل بولالمايدۇ، ھەممىسى دۇنيانى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە كۆزىتىدۇ، ئەسەرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى بويىچە باھالايدۇ.

بىز ھەممىمىز ياخشى ئەسەرلەرنى، مۇكەممەل ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئويلايمىز ھەم شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمىز. بۇنداق تىرىشچانلىق روھىمىز، شۈبھىسىزكى، ئالقىشلاشقا تېگىشلىك. لېكىن، بىز بەرىبىر مۇكەممەل ئەسەر يازالمايمىز.

— ئەگەر سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز تەنقىدكە ئۇچرىسا، سىز قانداق مۇئامىلىدە بولىسىز؟ — دەپ سورىدى «تەنقىدچى» ماڭا سىناق نەزىرىدە قاراپ.

— ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن تەنقىدنىڭ

تەشەببۇسچىسى ھەم قوللىغۇچىسى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەدەبىي تەنقىد ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن ياخشى دەرسلىك، ئاپتورلار ئۇچۇن ئۆزىنى كۆرىدىغان ئەينەك بولالايدۇ. تەنقىد دېگىنىمىز، ماھىيەتتە تەتقىقاتتىن ئىبارەت. تەتقىقاتتىن ئايرىلغان ئىجادىيەت ساغلام تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە بولالمايدۇ. ھەقىقىي ئىلمىي تەنقىدنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىمەن. تەنقىدنى كەسپداشلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشى دەپ قاراپ، ئەستايىدىل ئويلىنىمەن. لېكىن، ئۇيەر - بۇيەردە لەيلەپ يۈرىدىغان كوچا پاراڭلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيمەن، چۈنكى بۇنداق غەيۋەت ۋە ھەسەت تۇسىنى ئالغان ئۇششاق گەپلەرنى تەنقىد دەپ ھېسابلىمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ «تەنقىدچى»، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ قۇسۇرچى ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ھەر خىل سورۇنلارنى ئارىلاپ چىقىدىغان بولساق، ئاجايىپ - ئاجايىپ ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، غەلىتە - غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. بەزىلەر ئۆزلىرىنى دانىشمەن چاغلاپ تەڭرىتاغدەك، قاراقۇرۇمدەك چوڭ گەپلەرنى قىلىشىدۇ، دۇنيانىڭ نەرىدىن گەپ ئېچىلسا شۇ يەردىن چىقىدۇ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغا يول قويمايدۇ، سورۇندا بىر سائەت ئولتۇرسا بىر سائەت، ئون سائەت ئولتۇرسا ئون سائەت ئۈزۈلدۈرمەي گەپدانلىق قىلىدۇ. بەزىلەر بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق ئادەمنى بىر تىيىنگە ئالمايدۇ، زامانداشلىرىنىمۇ ۋە ھەتتا تارىخىي شەخسلەرنىمۇ يۈز پىرسەنت ئىنكار قىلىپ كەمسىتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇلاردىن سەل پەرقلىنىپ، ئۆزىمىزدە بارلىكى نەرسىنى ياراتمايدۇ، چەتتىن كىرگەنلىكى نەرسىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۆزىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى «كونىلىق»، چەتنىڭ ھەممە نېمىسىنى «يېڭىلىق» دەپ تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى يېڭىلىقنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن بولسا كېرەك، چاچلىرىنى غەلىتە ياسىتىپ، غەلىتە كىيىنىپ، غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ يۈرۈشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم ئادەملىرىمىز ھەممە ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش پىسخىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. بەزىلەر «ئىللەت يوقالمىغۇچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ» دېگەن شوئارنى توۋلاپ يۈرسىمۇ، ئىللەتنىڭ نېمىلىكىنى، يېڭىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. بىرەر قىزىق نۇقتىغا دۇچ كەلگەندە، يۈز پىرسەنت ئىنكار قىلىش ياكى يۈز پىرسەنت مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى بىلەن باھالايدۇ. بۇنداق يۈز پىرسەنتلىك ئۆلچەمدىن ھېچقانداق شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

مەن دانىشمەنلىك سەۋدالىقىدا قاتراپ يۈرۈپ ئۆزلۈك ئىدىيىسىنى يوقىتىپ قويغان ۋە كۈندىن - كۈنگە ياتلىشىپ كېتىۋاتقان بىر «يېڭى» ئادەمنى تونۇيمەن. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە «بىز خەق ئۇنداق يارىماس، بىز خەق مۇنداق ناچار» دەپ قاقشاپلا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل «دانىشمەنلەرچە» نۇتۇقلىرىغا قۇلاق سالىدىغان بولساق، دۇنيادىكى ئىللەتنىڭ ھەممىسى بىزدە، ئىلغارلىقنىڭ ھەممىسى باشقىلاردا دېگەن مەنە بەكمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىللەتنى مىللەت نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىللەت ئۇقۇمى مۇئەييەن مىللەتكە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە. شۇڭا، دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا «ئىللەت» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بار. مۇئەييەن مىللەتتىكى بەلگىلىك ئىللەتلەر مۇئەييەن شارائىتتا شەكىللىنىشى ۋە يەنە باشقا بىر شارائىتتا ئۆزگىرىشى ۋە يوقىلىشى مۇمكىن. قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق زىددىيەتلەر ھەرىكتى بەزىدە كەسكىنلىشىپ، بەزىدە پەسكويغا چۈشۈپ داۋاملىشىپ بارىدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر مىللەت پۈتۈنلەي ئىلغارلىقتا ۋە يەنە مەلۇم بىر مىللەت پۈتۈنلەي قالاقلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق ۋەزىيەت بۈگۈنكى دۇنيادا ئەسلا كۆرۈلمەيدۇ.

ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت دېگەندەك خىلمۇخىل قارىمۇقارشىلىقلاردىن قۇرۇلغان. ئىنساننىڭ يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھى بىزنى يورۇق مەنزىللەرگە باشلىسا، ئاجىزلىقلىرىمىز ۋە ئىللەتلىرىمىز بىزنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سۆرەيدۇ. ئىنساندا ئەقىل ـ پاراسەتمۇ كۆپ، ئاجىزلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلە — ئاجىزلىقلىرىمىزنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا. تەبىئىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلار تۇرمۇشىمىزدا تۈرلۈك پاجىئەلەرنى تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، خەلق ئىچىدىكى ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشتا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ داغدام يولى بىلەن؛ ئىككىنچىدىن، سەنئەتنىڭ ئەۋرىشىم يوللىرى بىلەن مېڭىشىمىز كېرەك.

مەن ئويلاۋاتاتتىم ۋە سۆزلەۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا يوچۇن بىر ئادەم ماڭا ئالىيىپ قويۇپ دوق قىلدى:

— بىز يېڭىلىق يارىتىمىز، — دېدى ئۇ، — كونىلىققا ئېسىلىۋالمايمىز. بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىمىز توغرىسىدىمۇ بىرنېمە دەپ باقمامسىز.

— مەن بۇ ھەقتە سۆزلەشنى خالايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ھازىر بىزگە ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى دەل شۇ يېڭىلىق يارىتىش روھى. يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز كەمچىل بولسا، بۈگۈنكى رىقابەت بىلەن تولغان دۇنيادا شاللىنىپ كېتىمىز. دۇنيادىكى رەڭمۇرەڭ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالىمىز.

— ھەببەللى! بەك توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دەپ خىتاب قىلدى ھېلىقى يېڭىلىق تەرەپدارى كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا، — ھە، قېنى، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

مەن بۇ جەھەتتىكى كۆزقارىشىمنى شەرھلىدىم :

— «يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن زادى نېمىنى بىلدۈرىدۇ ؟ ئەڭ ئالدى بىلەن بىز مۇشۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك . مېنىڭچە ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەنىسى ئىجادكارلىقنى بىلدۈرىدۇ . بەزىلەر يېڭىلىق يارىتىشنى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دەپ ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشىنىدۇ . باشقىلارنىڭكىنى ئۆگىنىشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭكىنى يارىتىش ئۈچۈن بولۇش كېرەك . پەقەت خاسلىق بولغاندىلا ئۇنى ھەقىقىي ئىجادىيەت دېگىلى بولىدۇ . بىز يېڭىلىق ياراتماقچى بولىدىكەنمىز ، شۇ يېڭىلىقمۇ بىزنىڭ خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك . يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىك باشقىلارنىڭكىنى قارىغۇلارچە دوراش دېگەنلىك ئەمەس . شۇنداقلا ، نوقۇل ئۆزىمىزنىڭ كونا نەرسىلىرىمىزنى تۈرلەندۈرۈش دېگەنلىكمۇ ئەمەس .

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى كونىلىق ھېسابلانمايدۇ . كونىلىقنى ئۆزىمىزنىڭ مېڭىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك . بۇ — زاماندىن كېيىن قالغان كونا ئىدىيە دېگەنلىكتۇر . كونا ئىدىيىلەر بىلەن يېڭىلىق ياراتقىلى بولمايدۇ .

— شۇنىڭ ئۈچۈن كونا ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك ، — دېدى ھېلىقى يېڭىلىق تەرەپدارى سۆزۈمنى بۆلۈپ .

— شۇنداق ، — دېدىم ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ، — تەرەققىيات يولىمىزدا تۈرلۈك توساقلارنى پەيدا قىلىۋاتقان قاتمۇقات نامۇۋاپىق كونا ئادەتلىرىمىزدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمىگەن ھالدا كەينىمىزگە تارتىشىپ ، 21 ـ ئەسىرگە ناھايىتىمۇ ئېغىر لاشقان قەدەملىرىمىز بىلەن سۆرىلىپ كىرىپ كېلىۋاتقان پەيتتە يېڭى جەڭگىۋار سادالار ياڭراشقا باشلىدى ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش شوئارلىرى روھىمىزنى ئۇرغۇتتى .

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى قوللىشىڭىز كېرەك ، — دېدى

سۆھبەتدىشىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ .

— سىلەرنى قوللايمەن ، — دېدىم مەن ، — لېكىن مېنىڭ دەيدىغانلىرىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ، ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار . تەرەققىيات ھامان ئۆزگىرىش مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ . ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىدۇ . شۇڭا ، بىزنىڭ ئىدىيىمىزمۇ پائالىيەتچان بولۇشى كېرەك . بىز شەيئىلەرنىڭ شەكلى بىلەن ماھىيىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك . بىز چەت ئەللەرنىڭ بەزىمخانىلاردىكى ئەيش - ئىشرەتلىرىنى ھەۋەس بىلەن دوراشقا تىرىشىمىزيۇ ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىشلەش روھىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگەنمەيمىز ؟

ماڭا ھەمسۆھبەت بولغان ھېلىقى يېگىلىق تەرەپدارى ئەمدى گەپ قىلماستىن ، چەكچىيىپ قاراپ قالدى . مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم :

— بەزى ئادەملىرىمىز يېگىلىق يارىتىش ھەققىدە ئېنىق كۆزقارىشى تىكلەنمىگىنى ئۈچۈن باشقىلارنى قارىغۇلارچە دورايدۇ . تەقلىدۋازلىق قىلىپ ، شەكىلگىلا ئېسىلىۋېلىپ ، ماھىيەتنى ئىزدەشكە مادارى يەتمەيدۇ ، يېگىلىق ، كونىلىق دېگەنلەرنى بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ .

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سۆھبەتدىشىم ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ خوشلاشقىلى تۇرغانىدى ، مەن ئۇنى قويۇۋەتمەي تۇتۇۋالدىم .

— سۆزۈمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ كېتىڭ ، — دېدىم ئۇنىڭغا ، — مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق : ھەرقانداق شەيئى ، ھادىسە ياكى خاھىشنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولمىسا ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش پىسخىكىسى شەكىللىنىدۇ .

شىنجاڭ تارىخىدا بېكىنمىچىلىك ۋەزىيىتى نىسبەتەن ئۇزاق داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزگە كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا سېلىشتۇرما بولغۇدەك ئۆرنەك تاپالمىغاندۇق . شۇڭا ، زامانغا ماسلاشمايدىغان بىر قىسىم

ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، خۇراپاتلىققا پېتىپ قالدۇق. مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىزمۇ ساغلام راۋاجلىنىش تەكشىلىكىدىن قېيىپ كېتىپ، بىر قىسىم پايدىسىز ۋە مەنىسىز ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدۇق، مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىمىز كۆپەيدى ۋە كۆپ خىللاشتى.

ئىسلاھات يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىشىك - دېرىزىلىرىمىزنى ئېچىۋېتىپ، سىرتقى دۇنياغا يۈزلەندۇق - دە، ئەتراپىمىزغا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ قالدۇق. توغرىسىنى ئېيتقاندا، دۇنيادىكى سېلىشتۇرمىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تېڭىرقاپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، بۇ سېلىشتۇرمىلارنىڭ ئۈرنەكلىرىنى قوبۇل قىلىشنىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتۇق. «كۈن كۆرمىگەن كۈن كۆرسە كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ» دېگەندەك ئىشلارنى قىلغىلى تۇردۇق. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى چىقىمىنىمۇ، ئىستېمالىنىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتۇق. شۇنچە كۆپ رەڭگارەڭ سېلىشتۇرمىلار ئىچىدىكى ئالتۇن، گۆھەرلەرنى تاللاپ ئالماستىن، چاكىنا شاكاللارنى تېرىۋالغىلى تۇردۇق. ئۈرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان دۇرۇس يولنى كۆرەلمەي، يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە نادانلىق كوچىلىرىغا كىرىپ قالدۇق ۋە شۇ كوچىلاردا مېڭىشىمىزنى «يېڭىلىق» دەپ ئاتىۋالدۇق.

— يېڭىچە نادانلىق دەيسىزغۇ ئەمدى، — دېدى سۆھبەتدىشىم نارازى بولۇپ.

— شۇنداق، بۇ يېڭىچە نادانلىق، يېڭىچە ئىللەت! — دېدىم مەن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بىز كونا ئىللەتلىرىمىزنى ساۋاش بىلەنلا چەكلەنمەي، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىللەتلەرنىمۇ تەنقىدلىشىمىز كېرەك. بۇنداق يېڭىياچە ئىللەتلەرمۇ ئوخشاشلا زامانىۋىلىشىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، بىز نېمىنى ئۆگىنىش، نېمىنى ئۆگەنمەسلىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى. مۇھىمى، ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئۆزىمىز ئىجاد قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرەيلى. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك

نەرسىلەر ئىچىدە بىزنىڭمۇ مەھسۇلاتىمىز بولسۇن .

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا ، — دېدى سۆھبەتدىشىم قانداقتۇر بىر خىل مۇجمەللىك بىلەن ، — ئىشقىلىپ ، قايسى مىللەت يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلسا ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تېز بولىدۇ .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئالدىراش خوشلىشىپ كېتىپ قالدى . مەن ئىنسان قەلبىنىڭ ئىنژېنېرى بولالمىساممۇ ، شۇنداق بولۇشقا بەك قىزىقىمەن . شۇڭا ، تۇرمۇش يولۇمدا ئالدىمغا ئۇچرىغان ھەر خىل تىپلارنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ، گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تەبىئىتىنى بايقاشقا تىرىشىپ باقىمەن . بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ سان ـ ساناقسىز ، خىلمۇخىل خاراكتېرلار بىلەن تولۇپ تاشقان .

بەزىلەر ئارتۇقچە ئىشلار ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ ، ۋاقىتنى ۋە زېھنىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىدۇ . مەسىلەن ، كىمنىڭ بالىسى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ كىمنىڭ خوتۇنى نەدە يۈرىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش پاراڭلارغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ ، بەلكى بۇنداق ئىشلارنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ زور خەۋەر دەپ ھېسابلايدۇ ، باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك بۇنىڭدىن باشقا ئىش يوقتەك .

بەزىلەر ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدۇ . قىممەتلىك ۋاقىتنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ، داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشنى خالىمايدۇ . بىلىم ئېلىپ ، ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن جەمئىيەتتىكى ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى تېپىشنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىش ئارقىلىق ياخشىچاق بولۇپ يول تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ .

يەنە بەزىلەر بار ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوڭۇشلۇققا يۈزلەنسە باشلىقلارنى ، نۆۋەتتىكى سىياسەت ـ قانۇنلارنى ھەۋەسلىنىپ ماختايدۇ ، لېكىن ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىللايدۇ .

شۇنداق ، بىزنىڭ ئارىمىزدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئادەملەر بار .

ۋەھالەنكى ، دەۋرىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ياشلارغا قارىسام يۈرىكىم خۇشال سوقۇپ ، ياشلىقىمغا يېنىۋالغۇم كېلىدۇ . دەۋرىمىز ياشلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ ، دەۋرىمىزنىڭ مېلودىيىسىنى ياڭراتسام دەيمەن ! پۈرسەت ۋە رىقابەت مۇسابىقىسىدە مارافونچە يۈگۈرۈشكە چۈشكەن ياشلارنىڭ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ كەينىمدىن كېلىۋاتقىنىغا ، ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا ، مېنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ شادلىنىمەن ، سۆيۈنىمەن . مەن ئۇلاردەك چاغلىرىمدا بۇنداق تېز يۈگۈرەلمىگەنىدىم . دېمەك ، بىزنىڭ ئېچىمىزدىنمۇ چېمپىيونلارنىڭ ، كارامەت كۆرسىتىدىغان ئاقىللارنىڭ چىقىشىدىن ئۈمىد بار ! مېنىڭ خۇشال بولۇشۇمنىڭ ، سۆيۈنۈپ ھاياجانلىنىشىمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدا .

پارتلاپ چىقالمايۋاتقان بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك تەپتىدىن تىترىگەن ئارمان ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلماقتا . يازغۇچىنىڭ تىنچسىز قەلبىدە يېڭى ئۇيۇقلار ، يورۇق نۇقتىلار سوزۇلۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئاشۇ سېھىرلىك سۆيگۈ ، ئاشۇ دائىملىق ئارمان قەلىمىمنى تاشلاشقا يول قويمايدۇ . تۇرۇپلا بۇلبۇلدەك سايرىغۇم كېلىدۇ ، تۇرۇپلا ياش يىگىتتەك يۈگۈرگۈم كېلىدۇ . شۇ ھەۋەسلىرىمنىڭ تۈرتكىسىدە قەلەمنى قايتا - قايتا قولغا ئالىمەن . پىنھانلىقتىكى تىنىمسىز خىياللىرىم ئېلىپ كەلگەن ئۇزۇندە سادالار ئەگەركى ئوقۇرمەنلەرگە تۇيۇقسىز غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدىغان باھاردىكى ئىزغىرىن شامالدەك ئۆزىدىن دېرەك بېرەلىسە ، بۇ ئەرزىمەس قۇرلارنى يازغان قەلىمىم مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ .

چۈشلىرىمدىكى غايىۋى مەنزىللەرنى كۆرۈشكە ئىنتىلىپ ، يىراقلارغا كۆز تاشلايمەن . ئەپسانىلەر ئىچىدىن ئارمانلىرىمنى ئىزدەپ ، ھۆر - پەرىلەرنىڭ غايىبانە كۈيلىرىنى ئاڭلاشقا تىرىشىمەن . ئۇپۇقنى پاسىل قىلغان كۆرۈنمەس مەنزىللەردىن ئۈزۈلمەس سادالار كېلىپ كېچىلەرگە ئوت قويماقتا . ئاق بۇلۇت

پەردىلىرى كەينىدىكى ھۆر - پەرىلەر بەزمىسى تىلسىمات رىۋايەتلىرىنى چۈشلىرىمگە باشلاپ كىرمەكتە . ئۆزۈم ئىشەنگەن ۋە ئۆزۈم چۈشەنگەن شۇ رىۋايەتلەرنى ئارىلاپ ، ئۆزۈم سۆيگەن ، ئۆزۈم كۆيگەن شۇ سېھرىي سادانى چىللاپ يۈرمەكتىمەن .

ئاياغلىرىم ئاستىدا ئىنس - جىننىڭ ئىزى چۈشمىگەن يۇمشاق ۋە ئاپئاق پاكىز قار ، تۆت ئەتراپتىكى ئۇپۇق سىزىقلىرىغا تەكشى تۇتاشقان چەكسىز قارلىق دالا . . . ئۈستۈمدىكى ئۇ چەكتىن بۇ چەككىچە تەكشى يېيىلغان تۇتاش ئاق بۇلۇتلار . . سېھىرلەنگەن يىراقلىقتىن چۆچەكلەردىكى ئاق تۇلپارنىڭ تۇياق تاۋۇشلىرى تۇتۇق دۈپۈرلەپ قۇلاقلىرىمغا يېتىپ كەلمەكتە . ئاق دالا ، ئاق ئاسمان ، ئاق تىلەكتەك ئاق مۇھىت ئىچىدە ئاق تۇلپار ئاپئاق قار توزانلىرىنى توزۇتۇپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ . شوخ شاماللار ئاق تىلەكلەرنىڭ خەۋەرچىسىدەك ئاق تۇلپارنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقىنى يەلپۈندۈرۈپ ئۇچۇرماقتا . نەقەدەر گۈزەل كۆرۈنۈش ! نەقەدەر جۇشقۇنلۇق تىلەك !

ئىلاھىي سۈرەت كەبى ئاق مۇھىت ئىچىدىن گەۋدىلىنىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ ئاق تۇلپار ، مېنىڭ ئاق ئېتىم . . . شۇ ئاق ئېتىمنى قوغلاپ يۈگۈرمەكتىمەن ، ئۇچماقتىمەن .

ئاق ئېتىم قېچىپ كەتتى قارلىق دالىنى بويلاپ ، قايسىدۇر بىر شېئىردا يېزىلغىنىدەك ، قايسىدۇر بىر ناخشىدا ئېيتىلغىنىدەك . . .

# ئاق ئېتىم

(پەرھات جىلان ئەسەرلىرى )


**ئاپتورى :** پەرھات جىلان

**مەسئۇل مۇھەررىرى :** پاتىگۈل مىجىت

**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئايگۈل ھاشىم

**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ئابلىز ئابباس

**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون :** 0991—2827472

**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى :** 830001

**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى :** 880×1230 ملليمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى :** 12.375

**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى :** 1—5000

**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11673—7

**باھاسى :** 34.00 يۈەن